ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە
دەرسلىكى ئۈچۈن ئۆگىنىش يېتەكچىسى

# تىل ـ ئەدەبىيات

(زۆرۈر دەرسلىك ئۈچۈن كۆنۈكمىلەر مۇلاھىزىسى)


باش تۈزگۈچى: تىلىۋالدى ياقۇپ

تۈزگۈچىلەر: گۈلبوستان تۇردى
دىلمۇرات تۇرسۇن
ساجىدەم ئابدۇغوپۇر
تۇرسۇنئاي ياقۇپ



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

高中语文学习指导/铁力瓦力迪·亚合甫等编.
—乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2003.4 (2010年修订)
ISBN 978 — 7 — 5372 — 3655 — 3

Ⅰ.高… Ⅱ.铁… Ⅲ.少数民族语文课—高中—
教学参考资料—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. G634.393

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第028567号

责任编辑: 亚力坤·阿不都萨拉木
阿不力米提·卡德尔
责任校对: 阿达来提·亚合甫

# 语文

## (必修课)

铁力瓦力迪·亚合甫 主编

古丽波斯旦·吐尔地
迪力木拉提·吐尔逊
沙吉代木·阿布都吾甫尔
吐尔逊娜依·亚合甫
编写

新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街196号, 邮编 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐光大印刷有限公司印刷
787×1092毫米 1/16开 21.25印张
2010年11月修订版 2010年11月第1次印刷

总定价(上、中、下册): 112.00元

# كىرىش سۆز

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2008 ـ يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» زۆرۈر دەرسلىك ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2009 ـ يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، 2009 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» تاللىما دەرسلىك ئاساسىدا تۈزۈلدى. بۇ كىتابتا تەجرىبە دەرسلىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» زۆرۈر دەرسلىكنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ قىسىم ۋە تاللىما دەرسلىك 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ قىسىم دەرسلىك كىتابىدىكى ھەرقايسى تېكىستلەر ئۈچۈن بېرىلگەن «مۇھاكىمە ۋە مەشىق» سوئاللىرى ئۈستىدە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» نىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلدى. نۇقتىلىق مەزمۇنلار ئەتراپلىق شەرھلەندى ۋە تەھلىل قىلىندى. ھەر بىر قىسىم كىتاب، ھەر بىر بۆلەك مەزمۇندىكى مۇھىم نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلدى. قىيىن نۇقتىلار ئىنچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەندى. بولۇپمۇ دەرس ئىسلاھاتى ئوقۇتۇش تەلىپى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى. جەمئىي 11 قىسىم كىتابتىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، يېزىقچىلىق، ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى ئۈز نۆۋىتىدە بېرىلگەندىن باشقا، دەرسلىكتىكى ھەر بىر تېكىستنىڭ ئاپتورى، ئۇ ياشىغان يىللار، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ژانىرى، شەكلى، خاراكتېرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلدى.

بۇ كىتابنى تۈزۈشتە دەرسلىك تەرتىپى بويىچە مەزمۇنلار تولۇق بولۇش، ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك بولۇش، پايدىلىنىشقا ئەپلىك بولۇش پرىنسىپى چىڭ تۇتۇلدى. «مۇھاكىمە ۋە مەشىق» تىكى ئىزدىنىش خاراكتېرلىك سوئاللارغا

ئىزدىنىش پىكىر يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش، مۇھاكىمە ۋە مەشىق سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىش، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئوقۇغۇچىلار ئىگەللىۋېلىشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى قالدۇرماسلىق، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغان نۇقتىلارنى كىرگۈزمەسلىك، تېكىستنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ ماتېرىيال تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسخانىدىكى ئەڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئىزدىنىپ ئۆگەنگۇچى تىرىشچان، ئەقىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش جەريانىدىكى، شۇنداقلا ھەر خىل ئىمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىشىدىكى سىستېمىلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا باشقا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك كىتاب ۋە ماتېرىياللاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ماتېرىيال ئىگىلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. دەرسلىكتىكى مەزمۇنلار تولىمۇ كەڭ دائىرىدىكى بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، بۇ ماتېرىيالنى تۈزۈش جەريانىدا بەزى سەۋەنلىكلەر سادىر بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇستازلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۈزگۈچىلەردىن

# مۇندەرىجە

1 - قىسىم : زۆرۈر دەرسلىك ..... 1
بىرىنچى بۆلەك : شېئىر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ..... 1
1 . «غەزەپ ۋە زار» ھەققىدە ..... 7
2 . «تۈرمە ناخشىسى» ھەققىدە ..... 10
3 . «يىللارغا جاۋاب» ھەققىدە ..... 13
4 . «شېئىرلاردىن ئۈچ پارچە» ھەققىدە ..... 17
ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ..... 18
ئىككىنچى بۆلەك : ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى توغرىسىدا ..... 22
5 . «رۇبائىيلار» ھەققىدە ..... 26
6 . «بۈگۈن ۋە ئەتە» ھەققىدە ..... 28
7 . «يۇلتۇزلار يۇرتى» ھەققىدە ..... 29
8 . «شېئىرلاردىن ئۈچ پارچە» ھەققىدە ..... 31
ئۈچىنچى بۆلەك : نەسر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ..... 33
9 . «ئانا تىلىم» ھەققىدە ..... 34
10 . «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» ھەققىدە ..... 37
11 . «گۈل ناخشىسى» ھەققىدە ..... 39
12 . «ئانا تۇپراق — گۆھەر زېمىن» ھەققىدە ..... 41
تۆتىنچى بۆلەك : ئېپىك ئەسەرلەر توغرىسىدا ..... 44
13 . «بىر ئادەمگە نۇرغۇن زېمىن لازىممۇ» ھەققىدە ..... 46
14 . «ئاقچۆق سېيىدا» ھەققىدە ..... 48
15 . «بوۋاي ۋە دېڭىز» ھەققىدە ..... 50
فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ..... 54
لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ..... 61
2 - قىسىم ..... 70
بىرىنچى بۆلەك : 1 . «كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكى» ھەققىدە ..... 70
2 . «دېڭىز سەپىرى» ھەققىدە ..... 72

3 . «پىستە بوۋدى» ھەققىدە …… 74

4 . «مېنىڭ بىر كۆنۈم» ھەققىدە …… 77

ئىككىنچى بۆلەك : قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ھەققىدە …… 80

5 . «ئاتىلار سۆزى» ھەققىدە …… 83

6 . «مۇھەببەتنامە» ھەققىدە …… 86

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە چۈشەنچە …… 87

7 . «ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا» ھەققىدە …… 89

8 . «پارچىلار» ھەققىدە …… 92

ئۈچىنچى بۆلەك : 9 . «ئات بىلەن ئات مىنگەن كىشى» ھەققىدە …… 95

10 . «ھاياتقا مۇھەببەت» ھەققىدە …… 98

11 . «يېڭى ئىدىيە» ھەققىدە …… 100

12 . «ئىنساب سودىگىرى» ھەققىدە …… 102

تۆتىنچى بۆلەك : نۇتۇق ھەققىدە چۈشەنچە …… 104

13 . «مېنىڭ ئارزۇيۇم» ھەققىدە …… 104

14 . «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» ھەققىدە …… 108

15 . «يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر» …… 113

ئۇيغۇر تىلى …… 116

3 ـ قىسىم …… 137

بىرىنچى بۆلەك : 1 . «دولان ياشلىرى» ھەققىدە …… 137

2 . «شىراق» ھەققىدە …… 142

3 . «مۇھەممەد بېشىر چىۋاڭ» ھەققىدە …… 146

ئىككىنچى بۆلەك : 13 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە …… 150

4 . «غەزەل» ھەققىدە …… 151

5 . «غەزەل» ھەققىدە …… 153

6 . «ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا» ھەققىدە …… 154

ئۈچىنچى بۆلەك : ساياھەت ئەدەبىياتى ھەققىدە …… 157

7 . «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ھەققىدە …… 157

8 . «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر» ھەققىدە …… 159

9 . «پارىژغا ساياھەت» ھەققىدە …… 161

تۆتىنچى بۆلەك : پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى ........ 164

10 . «هايۋانلارنىڭ ئوينىشىدىكى سىرلار» ھەققىدە ........ 164

11 . «بىر فىزىكىنىڭ تەربىيەلىنىش جەريانى» ھەققىدە ........ 166

12 . «قۇشلار نېمىشقا ئۇچالايدۇ» ھەققىدە ........ 167

13 . «ساقچى ھەسەل ھەرىلىرى كۆزەتتە» ھەققىدە ........ 169

ئۇيغۇر تىلى ........ 171

مىقدار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 171

4 ـ قىسىم ........ 196

بىرىنچى بۆلەك : تىياتىر ھەققىدە چۈشەنچە ........ 196

1 . «مۇقام ئۇستازى» ھەققىدە ........ 199

2 . «گۆلدۇرماما» ھەققىدە ........ 201

3 . «خاملېت» ھەققىدە ........ 204

ئىككىنچى بۆلەك : 18 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ........ 206

4 . «كاشغەر» ھەققىدە ........ 209

5 . «كۆللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ھەققىدە ........ 211

6 . «رابىئە ـ سەئىدىن» ھەققىدە ........ 213

7 . «ئاتا» ھەققىدە ........ 216

ئۈچىنچى بۆلەك : 8 . «كىيىم ـ كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى» ھەققىدە ........ 218

9 . «ئەكىلىنىشپەرۋەرلىك» ھەققىدە ........ 222

10 . «تىل ـ ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا» ھەققىدە ........ 225

11 . قىسقا ئەسەرلەر ........ 226

تۆتىنچى بۆلەك : ئەدەبىي تەرجىمىھال (تەرجىمىھال ئەدەبىياتى) ھەققىدە چۈشەنچە ........ 229

12 . «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ھەققىدە ........ 229

13 . «يۈرىكىم يىغلايدۇ» ھەققىدە ........ 232

14 . «ليەن پو ۋە لىن شياڭرۇ قىسسىسى» ھەققىدە ........ 237

15 . «ئوغلانغا تۇتۇلغان گۇلدەستە» ھەققىدە ........ 239

ئۇيغۇر تىلى ........ 241

ئىزدىنىشلىك ئۆگىنىش ........ 265

5 ـ قىسىم …………………………………… 267
بىرىنچى بۆلەك : 1 . «ھۆجۇم» ھەققىدە …………………… 267
2 . «ئوۋچى ئەسلىمىلىرى» ھەققىدە …………………… 269
3 . «ئالائىت قىياسى» ھەققىدە …………………… 271
ئىككىنچى بۆلەك : ئەدەبىي ئوبزور توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە …………… 275
4 . «زۇلمەتلىك يىللاردىكى ئوت يۈرەك شائىر» ھەققىدە …………… 276
5 . «ھەۋزىخان خاراكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى» ھەققىدە …………………………………… 277
6 . «مۇھەممەت باغراش ئىزدەنمە ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى» ھەققىدە …………………………………… 279
ئۈچىنچى بۆلەك : ئەدەبىي ئاخبارات ھەققىدە …………………… 281
7 . «ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى ‹دۇنيا مۇزىكا قامۇسى› غا كىرگۈزۈلدى» ھەققىدە …………………… 282
8 . «كېلەچەككە تۇتاشقان رىشتە» ھەققىدە …………………… 283
9 . «ئوسۇنتىسىدا خەۋەر قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق» ھەققىدە …………… 284
10 . «بېقىندى ئىشچىلار» ھەققىدە …………………… 285
تۆتىنچى بۆلەك : 11 . «جانلىقلار جەمئىيىتى» ھەققىدە …………… 288
12 . «ئادەم بەدىنىنىڭ قورغىنى — تېرە» ھەققىدە …………… 289
13 . «يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى» ھەققىدە …………………………………… 291
14 . «ئالەمنىڭ كەلگۈسى» ھەققىدە …………………… 294
ئۇيغۇر تىلى …………………………………… 297
فولىكلور ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى …………………… 320
ئېتىمولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە …………………… 322
«سېلىشتۇرۇشتىن سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقىچە» ھەققىدە …………………… 324

# 1 - قىسىم: زۆرۈر دەرسلىك

## بىرىنچى بۆلەك

### شېئىر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

1. «شېئىر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ شېئىر دېگەن نېمە؟

«شېئىر» دېگەن سۆز «گۈزەل سېزىم» ، «گۈزەل تۇيغۇ» دېگەن مەنىگە ئىگە.

شېئىر — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۈچلۈك ھېسسىيات ، مول تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن ئەڭ ئىخچام ، ئەڭ جانلىق ۋە ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ، چوڭقۇر شېئىرىي پىكىر ، ئوبرازلىق تىل ، يېقىملىق ئاھاڭ ۋە مۇئەييەن رىتىمغا ئىگە ئەدەبىي شەكىلدىن ئىبارەت.

شېئىر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ تۈپكى شەكلى.

2. شېئىر قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟

شېئىرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:

1) شېئىر بىر خىل ئۆزگىچە ئەدەبىي شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس شەكىل تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

2) شېئىر ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئىخچام شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

3) شېئىرلار كۈچلۈك ھېسسىياتقا ۋە باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە. ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى، تەسەۋۋۇر بولسا شېئىرنىڭ قانىتىدۇر.

4) شېئىر تىل جەھەتتە ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

3. شېئىرنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق شەكلىي ئامىللار قايسىلار؟

شېئىرىي نۇتۇقتىكى كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق ۋە ياكى رىتىمدارلىقنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللار مىسرا، كۇپلېت، تۇراق، ۋەزىن، قاپىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار شېئىرلاردا شېئىرىي رىتىم ھاسىل قىلىپ، شائىرنىڭ قايناق، ھاياجانلىق شېئىرىي ھېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار-دۇر.

4. مىسرا دېگەن نېمە؟

شېئىرلاردا شائىرنىڭ شېئىرىي ھېسسىياتى ياكى شېئىرىي پىكرىنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان شەكىل بىرلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بىر قۇرغا يېزىلغان بىر شېئىرىي سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ۋە ياكى شېئىرىي جۈملە مىسرا دەپ ئاتىلىدۇ.

5. كۇپلېت دېگەن نېمە؟

شېئىرلاردىكى شېئىرىي رىتىم ئېھتىياجى بىلەن تەشكىللەنگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىسرالار گۇرۇپپىسى كۇپلېت دەپ ئاتىلىدۇ.

**6. رىتىم دېگەن نېمە؟**

بىر خىل مىقداردىكى بوغۇملارنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە قاتار تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن شېئىرىي ئاھاڭدارلىق رىتىم دېيىلىدۇ.

**7. تۇراق دېگەن نېمە؟**

شېئىر مىسرالىرىدىكى بىر تىنىق بىلەن ئوقۇلىدىغان مۇئەييەن ساندىكى بوغۇملار گۇرۇپپىسى تۇراق دەپ ئاتىلىدۇ. تۇراق شېئىر مىسرالىرىدىكى رىتىمنى كۈچەيتىپ، شېئىرىي ئۇتۇقنى راۋانلاشتۇرۇپ، شېئىرغا تولۇق ئاھاڭدارلىق كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. تۇراق بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلاردا ئوخشاش ساندىكى بوغۇملار گۇرۇپپىسى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئارۇز ۋەزنىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر خىل ۋەزنىلىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ھەر بىر ۋەزىن بىر تۇراقنى ھاسىل قىلىدۇ.

**8. ۋەزىن دېگەن نېمە؟**

ۋەزىن دېگىنىمىز، شېئىرىي سۆزلەرنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشى ۋە بوغۇم مىقدارىغا ئاساسەن شېئىرىي رىتىمدارلىقنى ھاسىل قىلغۇچى مۇنتىزىم ئۆلچەم، قېلىپ دېمەكلىكتۇر. تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بىر سۆز بەلگىلىك بىر ۋەزىنگە ئىگە بولىدۇ. ۋەزنىلەردىن مىسرالار ھاسىل بولىدۇ.

**9. قاپىيە دېگەن نېمە؟ رولى قانداق بولىدۇ؟ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى قاپىيە دېيىلىدۇ.

قاپىيەنىڭ رولى:

1) قاپىيە سۆزلەردە مۇناسىپ ئاھاڭدارلىق پەيدا قىلىپ، شېئىرىي تىلنى تەسىرلىك، جاراڭلىق ۋە مۇزىكىلىق گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ، شېئىرىي رىتىمنى، ھېسسىياتنى كۈچەيتىدۇ.

2) كۇيلەشكە، دېكلاماتسىيە قىلىشقا، يادلاشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ.

3) شېئىردىكى ھېس - تۇيغۇنى تەسىرلىك ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ.

شېئىرىي قاپىيە بوغۇملار تەركىبىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىش خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە توق قاپىيە ۋە ئاچ قاپىيە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

توق قاپىيە — ئاھاڭداشلىقى تولۇق بولغان سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ، يەنى بىر خىل سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان ۋە ئاخىرى بىر خىل ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن كەلگەن سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ قاپىيەلىنىشى توق قاپىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بۇلاقلارغا، قۇلاقلارغا

ئاچ قاپىيە — ئاھاڭداشلىقى تولۇق بولمىغان سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ، يەنى تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاش بولمىغان سۆزلەرنىڭ قاپىيەلىنىشى ئاچ قاپىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن: سەزگۈ، سۆيگۈ.

**10. رادىف دېگەن نېمە؟**

رادىف (قوش قاپىيە) — شېئىر مىسرالىرىدىكى قاپىيەدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كەلگەن سۆزدۇر. رادىف مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە پىكىرنى كۈچەيتىش

رولىنى ئوينايدۇ .

**11 . قاپىيە شەكىللىرى قانچە خىل؟ قايسىلار؟**

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە قاپىيە شەكىللىرى كۆپ خىل بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆپرەك ئۇچراي-دىغانلىرى جۈپ قاپىيە ، ئەركىن قاپىيە ، ئالماش قاپىيە ، يانداش قاپىيە ، ئۇدا قاپىيە ، ئارا قاپىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

جۈپ قاپىيە — شېئىردىكى مىسرالار سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر ، ھەربىر جۈپ مىسرالارنىڭ ئاخىرىدىكى سۆز ياكى بوغۇملار بىر - بىرى بىلەن مۇستەقىل ھەم ئەركىن ھالدا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن قاپىيەدۇر .

ئەركىن قاپىيە — تۆت مىسرالىق شېئىرلارنىڭ 2 - ، 4 - مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدى-كى سۆزلەر ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن قاپىيە شەكلىدۇر . بۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قاپىيە شەكلى .

ئالماش قاپىيە — تۆت مىسرالىق شېئىرلارنىڭ 1 ، 3 - مىسرالىرىنىڭ ۋە 2 ، 4 - مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن قاپىيە شەكلىدۇر .

يانداش قاپىيە — تۆت مىسرالىق شېئىرلاردا 1 - مىسرا بىلەن 4 - مىسرا ، 2 - مىسرا بىلەن 3 - مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن قاپىيە شەكلىدۇر .

ئۇدا قاپىيە — كۆپ مىسرالىق كۇپلېتلارنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق مىسرالىرىنىڭ ئىزچىل قاپىيەداش بولۇپ كېلىشىدىن ئىبارەت .

ئارا قاپىيە — جۈپ مىسرالىق شېئىرلارنىڭ 1 - كۇپلېتىدىكى مىسرالارنىڭ ئاخىرى-دىكى سۆزلەر ئۆزئارا قاپىيەداش ، قالغان كۇپلېتلىرىنىڭ ھەر 2 - مىسراسى 1 - كۇپلېت بىلەن قاپىيەداش كەلگەن شەكىلدۇر . ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى غەزەللەرنىڭ شەكلى ئارا قاپىيەدۇر .

**12 . شېئىرنى شەكىللەندۈرگۈچى ئاساسلىق مەزمۇن ئامىللىرى قايسىلار؟**

شېئىردا مىسرا ، كۇپلېت ، تۇراق ، ۋەزىن ، قاپىيە قاتارلىقلارنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ . بۇلار بولسىلا شېئىر بولۇۋەرمەيدۇ . ئەڭ مۇھىمى شېئىردا يەنە ئاساسلىق مەزمۇن ئامىللىرىدىن شېئىري ئوبرازنى شەكىللەندۈرگۈچى شېئىري پىكىر ، شېئىري ھېسسىيات ، ئىماگ ، شېئىري مۇھىت ، شېئىري تۇيغۇ ، شېئىري پۇراق قاتارلىقلارمۇ بولۇشى كېرەك . شۇندىلا شېئىر جانلىق تەنگە ئىگە بولىدۇ .

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان شېئىري پىكىر — قاتتىق ھاياجانلانغان شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرى-دە كىتابخانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان ، ھېسسىياتقا تويۇنغان ئىدىيەۋى مەزمۇننى كۆرسى-تىدۇ .

شېئىري ھېسسىيات — كۈچلۈك ھاياجاننىڭ پارتلىشىدىن ھاسىل بولغان مۇئەييەن رىتىمدارلىققا ئىگە بولغان شائىر ھېسسىياتىنى كۆرسىتىدۇ .

مەزمۇن جەھەتتىن شېئىرنىڭ ئاساسىي تەركىبى شائىرنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى تەرىپى-دىن پەيدا قىلىنغان سىمۋولدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ ئاۋۋال شائىرنىڭ خىيالىدا ئەكس ئېتىدۇ . شائىرنىڭ خىيالىدا ئەكس ئەتكەن سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئاشۇ سۈرەت ياكى

مەنىۋى مۇھىتلىرى شېئىرىيەتتە ئىماگ دېيىلىدۇ .

شېئىرىي مۇھىت ـ شېئىرىي تەپەككۇرنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان ، شائىرنىڭ ھاياجانلىـ نىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مەنىۋى مۇھىتتىن ئىبارەت .

13 . شېئىرلار قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

شېئىرلار مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ لىرىك شېئىر ۋە ئېپىك شېئىر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . قۇرۇلمىسى ۋە شەكلىگە قاراپ ۋەزىنلىك شېئىر ، ئەركىن شېئىر ۋە نەسرىي شېئىر دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

14 . لىرىك شېئىر دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟

لىرىك شېئىر — شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ئالغان تەسىراتىنىڭ قەلبنى ھاياـ جانغا سېلىشى نەتىجىسىدە ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىياتىنىڭ تىل ۋاستىسى ئارقىلىق توغرىـ دىن توغرا ئىپادىلىنىشىدۇر .

لىرىك شېئىرلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى :

1 ) لىرىك شېئىرلاردا تۇرمۇش ۋەقەلىرى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى ئوبيېكتىپ ھالدا ، تەپسىلىي تەسۋىرلەنمەستىن ، بەلكى شائىرنىڭ تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ئاساسىدا ئۇرغۇغان ھاياجانلىق ھېسسىياتى بىۋاستە ئىزھار قىلىنىدۇ . سۇبيېكتىپ تەسرات ، چۈشەنچىنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى بىۋاستە ، ئېنىق ئىپادىلەش لىرىك شېئىرلارنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىـ يىتىدۇر .

2 ) لىرىك شېئىرلارنىڭ قەھرىمانى ئاساسەن شائىرنىڭ ئۆزىدۇر . شېئىردا ئۇ بەزىدە روشەن كۆرۈنسىمۇ ، بەزىدە روشەن كۆرۈنمەيدۇ .

3 ) مۇتلەق كۆپ ساندىكى لىرىك شېئىرلارنىڭ سەھىپىسى قىسقا ، دائىرىسى تارراق بولىدۇ .

4 ) لىرىك شېئىرلاردا شائىر ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇھنىڭ ئىدىيە ـ ھېسسىياـ تىنى ئىپادىلەيدۇ .

15 . لىرىك شېئىرلار قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

لىرىك شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى : لىرىك شېئىرلار شائىرنىڭ ئىپادىلىگەن ھېسسىياتى ، ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ ، سىياسىي لىرىكا ، ئىنتىم لىرىكىسى ، تەبىئەت لىرىكىسى ، مۇھەببەت لىرىكىسى ، قەسىدە ، مەرسىيە ، قوشاق ۋە ھەجۋىي شېئىر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

16 . سىياسىي لىرىكا دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟

سىياسىي لىرىكا — ئادەتتە ، شائىرلار جەمئىيەتنىڭ جىددىي تەلەپ ـ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ ، چوڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي مەسىلىلەرنى تېما قىلغان ، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان سىنىپ ياكى گۇرۇھنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى ، ئىدىيەسىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك شېئىرلاردۇر .

سىياسىي لىرىكىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى :

1 ) سىياسىي لىرىكا كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولىدۇ .

2 ) سىياسىي لىرىكا روشەن سىياسىي خاھىشقا ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن : «يىللارغا

جاۋاب » ، «غەزەپ ۋە زار » .

17 . تەبىئەت لىرىكىسى دېگەن نېمە؟

تەبىئەت لىرىكىسى — شائىرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئالغان ھاياجانلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك شېئىرلاردۇر .

تەبىئەت لىرىكىسىدا شائىر گۈزەل مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەپ ، مەدھىيەلەپ ، ئۆزىنىڭ ئىدىيە ـ ھېسسىياتى ، ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ، پوزىتسىيەسى ، كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : «مەن سېنى سېغىندىم ئانا سەھرايىم » .

18 . ئىنتىم لىرىكىسى دېگەن نېمە؟

ئىنتىم لىرىكىسى — شائىرنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىگە باغلىق بولغان تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان لىرىك شېئىرلاردۇر .

19 . مۇھەببەت لىرىكىسى دېگەن نېمە؟

مۇھەببەت لىرىكىسى — مۇھەببەت ئاساسىي تېما قىلىنىپ ، كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى قارىشى ، ھېس ـ تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن لىرىك شېئىرلاردۇر .

20 . قەسىدە دېگەن نېمە؟

قەسىدە — مۇھىم ۋەقە ھەم ھادىسىلەرنى ، شەخسلەرنى مەدھىيەلەش خاراكتېرىدە يېزىلغان لىرىك شېئىرلاردۇر .

21 . مەرسىيە دېگەن نېمە؟

مەرسىيە (ئېلىېگىيە ) — كۆڭلۈك قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە چوڭقۇر ماتەم ـ مۇسىبەتنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك شېئىرلاردۇر .

22 . ھەجۋىي شېئىر دېگەن نېمە؟

ھەجۋىي شېئىر — تۇرمۇشتىكى سەلبىي تەرەپلەرنى پاش قىلىش ، ھەجۋىي قىلىش ئارقىلىق شائىرنىڭ تەنقىدىي كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك شېئىرلاردۇر .

تىلىنىڭ ئۆتكۈر ، ئاچچىق بولۇشى ، سەلبىي ئوبرازلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بېرەلىشى ھەجۋىي شېئىرلارنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى .

23 . ئېپىك شېئىر دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟

ئېپىك شېئىرلار — ھەر خىل كونكرېت ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىرقەدەر كەڭ ۋە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان شېئىرىي ئەسەرلەردۇر .

ئېپىك شېئىرلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى :

1 ) ئېپىك شېئىرىي ئەسەرلەردە مەلۇم ۋەقەلىك ۋە جانلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ .

2 ) ئېپىك شېئىرلاردا مۇھىت تەسۋىرى بولىدۇ . چۈنكى ، مۇھىت تەسۋىرى ۋەقەنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى ئالغا سۈرۈشتە ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ .

3 ) ئېپىك شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئىدىيەسى ۋە غايىسى تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبراز ياكى ۋەقەگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ .

4 ) ئېپىك شېئىرلاردا ئادەتتە ۋاستىلىك لىرىكا كۆپ قوللىنىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بىۋاستە لىرىكىمۇ قوللىنىلىدۇ .

5 ) ئېپىك شېئىرلارنىڭ ھەجمى لىرىك شېئىرلارغا قارىغاندا چوڭ بولىدۇ .

**24 . ئېپىك شېئىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

ئېپىك شېئىرلارنىڭ سۇژىتلىق شېئىر ، داستان ، باللادا ، شېئىرىي دىراما ، شېئىرىي مەسەل ، ئېپىتېشىش ، قەھرىمانلىق قىسسىسى (ئېپوس ) قاتارلىق تۈرلىرى بار .

**25 . سۇژىتلىق شېئىر دېگەن نېمە؟ باللادا دېگەن نېمە؟**

سۇژىتلىق شېئىر — ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە بىرەر كىچىك ۋەقەلىك بايان قىلىپ يېزىلغان شېئىرلاردۇر .

سۇژىتلىق شېئىرلاردا كونكرېت ئادەم ، ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ئوبراز داستان ۋە باللادالاردىكىدەك مۇكەممەل بولمايدۇ . كۆپ ھاللاردا ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار تەسۋىرى ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەسىلەن : «قۇچاقلا ، ئۇ سېنىڭ داداڭ»

باللادا — بىرەر تارىخىي ياكى رېئال ۋەقەلىكنىڭ جەريانىنى بەلگىلىك تىپىك پېرسوناژلار سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ ، شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىپ ، مەلۇم ئىدىيەنى ئىپادىلەيدىغان فانتازىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە شېئىرىي ئەسەرلەردۇر .

فانتازىيەلىك تۈسنىڭ قويۇق بولۇشى باللادانىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىدۇر .

**26 . داستان دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

داستان — ئوبيېكتىپ ۋەقە ھەم پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوڭراق ھەجىمدىكى شېئىرىي ئەسەرلەردۇر .

27 . شېئىرلار ئىپادىلەش شەكلى ھەم تۈزۈلۈشىگە قاراپ قانچىگە بۆلۈنىدۇ ؟ قايسىلار ؟

شېئىرلار ئىپادىلەش شەكلى ھەم تۈزۈلۈشىگە قاراپ ۋەزىنلىك شېئىر ، چاچما شېئىر ، نەسرىي شېئىر دېگەندەك ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ .

**28. ۋەزىنلىك شېئىر دېگەن نېمە؟**

بەلگىلىك تەرتىپ ـ قائىدىلەر ئاساسىدا يېزىلىدىغان شېئىرلار ۋەزىنلىك شېئىرلار دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ كۆپلىرى ، مىسرالىرى مەلۇم ئۆلچەمگە مۇۋاپىق ، سۆز تۈراقلىرى رەتلىك ، قاپىيەسى كۈچلۈك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ .

**29 . شېئىرلار ۋەزىن ئېتىبارى بويىچە قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

شېئىرلار ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن بارماق ۋەزىن ھەم ئارۇز ۋەزىن دېگەن ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ .

**30 . بارماق ۋەزىنلىك شېئىرلار دېگەن نېمە؟**

بىر خىل مىقداردىكى بوغۇملارنىڭ بىر قاتار تەكرارى نەتىجىسىدە رىتىم ھاسىل قىلىدىغان ، يەنى بوغۇملارنىڭ مىقدارىغا ئاساسلانغان شېئىرىي سىستېما — بارماق ۋەزىن دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇ نامىنىڭ ئۆزىمۇ مىسرالاردىكى بوغۇملار سانىنىڭ بارماق بىلەن سانىلىشىدىن كېلىپ چىققان.

داستانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى :

1) داستاندا مۇكەممەل ھېكايە سۇژىتى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازى بولىدۇ .

2 ) داستاندا ئاپتور پېرسوناژلارنى يېزىش بىللە يەنە ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

3 ) ئۇزۇن يېزىلغان ئېپىك داستانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بىر قەدەر كەڭ سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ.

## 1. «غەزەپ ۋە زار» ھەققىدە

بۇ شېئىر 1926 ـ يىلى يېزىلغان . شېئىرىي شەكلى : غەزەل . خاراكتېرى : سىياسىي لىرىكا . ئىجادىيەت ئۇسۇلى : تەنقىدىي رېئالىزم

ئاپتور ھەققىدە : شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان شەھىرىدە ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى ئىسىملىك ئابرۇيلۇق سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن ئۇچراشقان . 1916 ـ يىلى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن بىللە رۇسىيەگە چىقىپ شەمەي شەھىرىدە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەن . 1923 ـ يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئاستانىلىك مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات ، داڭلىق كارخانىچى ، تەرەققىيپەرۋەر ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئۈچ يىل تۇرۇپ مول بىلىم ئالغان ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن . 1926 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپلا يېڭى مائارىپنى ۋە ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلغان .

1927 ـ يىلىغا كەلگەندە مەخسۇت مۇھىتى ، پىچانلىق ئىسكەندەر خوجا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بىر مەرىپەت ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىپ ، جەمئىيەتتىن ئىئانە توپلاپ پەننىي مەكتەپلەرنى ئاچقان .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ يىللاردا بالدۇر ئويغانغان ئادەمگە خاس جاسارەت ، مەرىپەتپەرۋەرگە خاس پاراسەت ۋە ئوت يۈرەك شائىرلارغا خاس مەسئۇلىيەت بىلەن نادانلىق ۋە زۇلۇم بىلەن تولغان ئىجتىمائىي قاباھەتكە قارشى كۈرەشنى باشلىغان . بۇ مەزگىل ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ مول ھوسۇل پەسلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى ۋە جەمئىيەت رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرلارنى يېزىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان ، نادان خەلقنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىنى قاتتىق قامچىلىغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇن ، كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھ ، يىراقنى كۆرەر نەزەر ۋە چاقىرىق كۈچىگە باي

پكىرلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا باشلىغان . 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۇرپاندا قوزغىلاڭ پارتلىغان . ئۈچ ـ ئۈچىدىن ھاياجانلانغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قولىغا قورال ئېلىپ قوزغىلاڭغا قاتنىشىش بىلەن بىللە قايناق ئىلھامى بىلەن «ئاچىل» ناخشىسىنى ئىجاد قىلغان . بۇ ناخشا ناھايىتى تېزلىكتە قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەڭ ناخشىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن .

بۇ ئوت يۈرەك شائىر 1933 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن سەپداشلىرى بىلەن بىللە 32 يېشىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە چاقنىرىق كۈچكە باي ئېسىل شېئىرلىرى بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس مەنىۋى بايلىق . ئەۋلادلار 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتى . شېئىر توپلىمى قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى . ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى ھازىرغىچە 60 پارچىغا يېقىن .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . سىز بۇ شېئىرنى ئوقۇغىنىڭىزدا ، شائىرنىڭ شېئىردا ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر ، قايناق ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ، ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى بەدىئىي ماھارىتى سىزنى تەبىئىيلا جەلپ قىلىدۇ . ئۇنداقتا قايسى مىسرالار سىزگە ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى ھەم نېمە ئۈچۈن تەسىر قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : شائىر شېئىرنىڭ بىر قىسىم مىسرالىرىدا ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان . بىز بۇ مىسرالاردىن يەن ـ مەدەنىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ ، قالاقلىقتا قېلىۋاتقان مىللەت بىلەن تەرەققىي قىلغان مەدەنىي مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئېچىنىشلىق سېلىشتۇرمىدىن تۇغۇلغان ئەلەملىك پىغانىنى ، مىللەت ئالدىدا ئۆزلىرى ئەڭ چوڭ گۇناھكار بولۇپ تۇرۇقلۇق ، مىللەتكە نىجاتلىق بەخش ئەتكۈچى قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، ئىلىم ـ پەنگە ئىنتىلگۈچىلەرنى چوڭ گۇناھكار ساناپ جازالايدىغان مۇتتەھەم جاھالەتپەرەسلەر دەستىدىن ئۆرتىنىپ ئاتەشكە ئايلانغان قەلبىنىڭ ئىسيانكار ساداسىنى ئاڭلايمىز . شۇڭا شېئىردىكى مىسرالار ئوقۇرمەننى تەبىئىيلا جەلپ قىلىۋالىدۇ ، خىلمۇخىل تەسەۋۋۇرلارنى قوزغايدۇ . ئوقۇرمەن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا شائىرنىڭ قايناق ئىدىيەۋى ھېسسىياتىغا ئەسىر بولۇپ قالىدۇ . شائىر ئېچىنغان نەرسىلەرگە تەڭ ئېچىنىدۇ ، نەپرەتلەنگەن نەرسىلەرگە تەڭ نەپرەتلىنىدۇ ، ئۇ ئۈكۈنگەنگە ئۈكۈنىدۇ ، ئارزۇ قىلغاننى تەڭ ئارزۇ قىلىدۇ .

2 . شېئىردىكى «دورا ، كونا كېسەل ، باھار گۈلى ، بۇلبۇل ، زۇلۇم ئوكيانى ، پاراغەت ئارىلى . . .» قاتارلىق ئوبرازلىق سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر مەزمۇننى نوقتىلىق تەھلىل قىلىڭ ۋە شېئىردا شائىرنىڭ قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەنلىكىنى خۇلاسىلەپ چىقىڭ .

جاۋاب :

ئەي پەلەك بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن ،

ئىزدىدىم كۆپ ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن .

بۇ كۇپلېتتىكى «دورا» دېگەن سۆزدە تەتۈر پەلەكنىڭ دەستىدىن خەلقنىڭ تولىمۇ ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقى ، شۇنداقلا شائىرنىڭ خەلقنى بۇنداق ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك تەقدىر ـ قىسمەتتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىدە كۆپ ئويلىنىپ ھېچبىر ئۈنۈملۈك چىقىش يولى تاپالمىغانلىقى ، خەلقنى قارا قىسمەتتىن ئازاد قىلىشنىڭ تولىمۇ مۈشكۈل ئىش بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، دېمەك «دورا» دۇچ كەلگەن كرىزىسقا ، كۈلپەتلىك قىسمەتكە ئۈنۈملۈك چارە ـ ئامال تاپالمىغان ئەھۋالنى ئوبرازلاشتۇرغان سۆز .

ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە ،

گاھ ئۆلۈپ ، گاھ تىرىلىپ كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن .

بۇ مىسرالاردىكى «كونا كېسەل» خەلقنى گاھ ئۆلتۈرۈپ ، گاھ تىرىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان مىللىي زۇلۇم ، سىنىپىي زۇلۇم ۋە دىنىي خۇراپاتلىق ، جۈملىدىن خەلقىمىزنىڭ روھىنى چىرمىۋالغان نادانلىق ، قاششاقلىق ، خۇراپاتلىق ، ھۇرۇنلۇق ، قۇلچىلىق ، ئىتتىپاقسىزلىق ، غايىسىزلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .

بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان ، بىغىم باھارى گۈلىنى ،

ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن .

بۇ كۇپلېتتىكى «باھار گۈلى» ، «بۇلبۇل» دېگەن سۆزلەر سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ، يەنى ۋەتەننىڭ ئازادلىقى بىلەن خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى باھارغا ، ئۆزىنى باھارغا ، ئىشقىۋاز بۇلبۇلغا ئوخشىتىپ ، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن . يەنى ، «باھار گۈلى» ئەل ـ ۋەتەننىڭ گۈللەنگەن ، زامانىۋى ، روھى ئازاد جاھان مىللەتلىرى قاتارىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قەدىر ـ قىممىتى ۋە ھەق ھوقۇقى بىلەن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن مەزگىللىرىگە سىمۋول قىلىنغان ، «بۇلبۇل» ھۆرلۈككە ، ئادالەتكە ، باراۋەرلىككە ، بەختىيار تۇرمۇشقا سىمۋول قىلىنغان .

زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى ،

تاغ كەبى دولقۇندا ئۆرلەپ ، ھەققە ئاھ ئۇرارىمەن .

بۇ كۇپلېتتا تىلغا ئېلىنغان «زۇلۇم ئوكيانى» ، «پاراغەت ئارىلى» دېگەن ئوبرازلىق سۆزلەرنىڭ مەنىسى يەنى «زۇلۇم ئوكيانى» — ئەل ـ ۋەتەننىڭ بېشىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تولغان قۇللۇق قىسمەتكە سىمۋول قىلىنغان بولسا ، «پاراغەت ئارىلى» ھۆرلۈككە ، ئەركىنلىككە ، يېڭى بەختىيار پاراۋان تۇرمۇشقا سىمۋول قىلىنغان . قىسقىسى شائىر بۇ شېئىردا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سىياسىي جەھەتتە رەھىمسىز باستۇرۇلغانلىقى ، ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان ـ تاراج قىلىنغانلىقى ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە ئاسارەتتە قالدۇرۇلغانلىقى ۋە يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر ، دىنىي روھانىيلاردىن پايدىلىنىپ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قەبىھ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى كەسكىن ۋە ئۆتكۈر پاش قىلىنغان ، شائىرنىڭ ياڭ زېڭشىن ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن كۈچلۈك غەزەپ ـ نەپرىتى ، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە بولغان زارى

ئىپادە قىلىنغان، خەلقنى قاراڭغۇ زۇلمەتلىك فېئودال ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان.

## 2. «تۈرمە ناخشىسى» ھەققىدە

بۇ ئەسەر 1937 ـ يىلى يېزىلغان. خاراكتېرى: رۇبائىي، مۇرەببە، مەسنەۋى. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: رېئالىزىم.

ئاپتور ھەققىدە: مەمتىلى ئەپەندى (تەخەللۇسى «تەۋپىق» مەشھۇر مائارىپچى، تالانتلىق تەشكىلاتچى، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىسقا، ئەمما، قىسمەتكە باي شانلىق ھاياتى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر تارىخ، ئۇيغۇر مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسى بىر ئۆلۈغ نامايەندە. مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) 1901 ـ يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە توختاجى ئىسىملىك تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1914 ـ يىلى تۈركىيەلىك مائارىپچى ئەھمەد كامال ئۇستۇنئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئاچقان «ھەبىبزاد دارىلمۇئەللىمىنى» مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1920 ـ يىلى تۇغقان يوقلاش بىلەن شىمالىي شىنجاڭغا چىقىپ كەتكەن.

مەمتىلى ئەپەندى دادىسى بىلەن بورتالادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، چۆچەككە بېرىپ ماكانلىشىپ قالغان، 1924 ـ يىلى كۇزدە قەشقەردە جەدىتىزمچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇ خەۋەر چۆچەككە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشقان مەمتىلى ئەپەندى «ئوقۇدى، ئاشتى» دېگەن غەزىلنى يازغان.

مەمتىلى ئەپەندى تەخمىنەن 1926 ـ يىلى مەلۇم بىر كۈنى ئاتلىق كېچىلەپ چېگرادىن ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ ئايلىنىپ تاشكەنتكە بارغان. 1929 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تۈركىيەگە چىقىش مەقسىتىدە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ، قارادېڭىز بويىدىكى قىرىم يېرىم ئارىلىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بىر مەزگىل قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى سېۋاستوپول پورتىدا بويىنغا تەنزە ئېسىپ تىرىكچىلىك قىلغاچ تۈركىيەگە چىقىشنىڭ ئامالىنى ئىزدىگەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇ تۈركىيەلىك بىر پاراخوت خىزمەتچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان، ئۇ كىشى مەمتىلى ئەپەندىنى پاراخوتقا سېلىپ، مەخپىي ھالدا ئىستانبۇلغا يەتكۈزۈپ قويغان.

مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيەدە ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ شۇ كۈنلەردە تۈركىيە گېزىتلىرىدىن، شىنجاڭدىن ھەج سەپىرىگە چىققانلاردىن، سودىگەرلەردىن خوجىنىياز ھاجى، شېڭ شىسەي ۋە ماجۇڭيىڭلارغا ئائىت خەۋەرلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ، 1933 ـ يىلى كۈزدە سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچلەر جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. 1934 ـ يىلى باھاردا قەشقەر ۋەزىيىتى تىنچىغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى

ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى قوزغاشنىڭ تارىخىي پۇرسىتى تۇغۇلغانلىقىنى ھېس قىلغان .

مەمتىلى ئەپەندى ئاستىن ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە ئالتە ئاي ئىچىدە 24 مەكتەپ ئېچىشقا بەل باغلىغان . ئىلغارلىققا تەلپۈنىدىغان ياشلاردىن 60 تىن ئارتۇقىنى تىزىملاپ ، ئالتە ئايلىق مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ ، دەرس ئۆتۈشكە باشلىغان . 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇشى تاماملانغان . كەنتلەردىكى يېڭى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئاخىرلاشقان ، شۇنداق قىلىپ ، 1935 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاتۇشتا ، ئۇيغۇر تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى باشلانغان ، 24 كەنتتىكى يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپلەردە مىڭلىغان ئوقۇغۇچى ئوقۇشقا باشلىغان ، نەتىجىدە ، 1935 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشتىكى ساۋات چىقىرىشقا تېگىشلىك ئاھالىنىڭ 70% تىن ئارتۇقراقى ساۋاتلىق بولۇپ بولغان .

1937 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەمتىلى ئەپەندى قولغا ئېلىنغان . ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنى قەشقەرنىڭ ياۋاغ تۈرمىسىنىڭ 14 - كامېرىغا ئەڭ خەتەرلىك سىياسىي مەھبۇس سۈپىتىدە يالغۇز قامىغان . 1937 - يىلى 29 - مايدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن مەھمۇد شىجاڭنىڭ قالدۇق قىسملىرى يەكەندىكى ئابدۇنىياز كامالنىڭ باشچىلىقىدا ماخۇسەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قەشقەر شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان . شۇ چاغدا قەشقەر ياۋاغ تۈرمىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىز ئاتلىق پولكىنىڭ پولكوۋنىكى مەۋلانوف ساقلاۋاتقان بولۇپ ، ئۇ ئىسيانچى قوشۇن بىلەن كىچىچە ئېتىشىپ ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ، 30 - ماي كۈنى تاڭ سەھەردە تۈرمىدىكى مەمتىلى ئەپەندى باشلىق 300 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسنى تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ ، پىلىمۇتقا تۇتۇپ بولۇپ ، كىرىسىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ، بۇ مىسلىسىز پاجىئەدە ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇللىرىدىن ، جۈملىدىن 20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر مائارىپچىلارنىڭ بىرى ، تالانتلىق تەشكىلاتچى ، ئوت يۈرەك كومپوزىتور ۋە شائىر مەمتىلى ئەپەندىدىن ئايرىلىپ قالغان ، ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 36 ياشقا كىرگەن نەۋقىران يىگىت ئىدى .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . بۇ شېئىرلاردا پىكىر ئايرىم - ئايرىم ئىپادىلەنگەندەك قىلىسىمۇ ، ئەمما ، مەزمۇنى ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ، سىز بۇ پارچە - پارچە شېئىرلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى چۈشەندۈرۈڭ .

جاۋاب : بۇ شېئىرلاردا پىكىر ئايرىم - ئايرىم ئىپادىلەنگەندەك قىلىسىمۇ ، ئەمما مەزمۇنى ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە . يەنى شائىر بۇ پارچە - پارچە شېئىرلاردا تۈرمىگە قامالغان مەزگىلدە تۈرمىدىكى باشتىن كەچۈرگەن ھېس - تۇيغۇلىرىنى ، پىكىرلىرىنى ، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ، تەسىراتلىرىنى بايان قىلغان . بۇ شېئىرلاردا ئاساسەن ، زۇلۇم ، ھەق - ناھەق ، ئادالەت ، مەھكۇملۇق ، قۇللۇق ، ئەركىنلىك ، شۇنداقلا تۈرمىدىكى جازالاش

ۋە قارشىلىق قاتارلىقلار ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان.
2. ئاخىرقى ئىككى بېيىتنىڭ باشتىكى كۇپلېتلار بىلەن قانداق پەرقى بار؟ 2-، 3-، 4- كۇپلېتلارنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەھلىل قىلىڭ.
جاۋاب: بۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدىكى ئاخىرقى كۇپلېتى:
ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۇندە مۇشتۇمدەك كېسەك، خەت يېزىپ تۇگەپ كېتەر.
دېگەن ئىككى مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات شائىرنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەم قانداق ئۇسۇلدا باشقا تۈرمە شېئىرلىرىنى يازغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
شائىر شېئىرنىڭ 2- كۇپلېتىدا، ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭ رايونىنى جاھالەت قاپلاپ، خەلقنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىنقىلابچىلار، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قول- ئاياغلىرىغا كويزا- كىشەن سېلىنىپ، زۇلۇم زىندانلىرىدا پاجىئەلىك قىينىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى، ھەممىلا يەرنى تېررورلۇق قاپلىغانلىقىنى تولىمۇ ئوبرازلىق، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن.
3- كۇپلېتىدا، شائىر تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ كامېرىدا يەككە- يېگانە ھالدا ئۆتۈۋاتقان زېرىكىشلىك ھەم ئازابلىق كۈنلىرىدىن، ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ قانخورلۇق بىلەن قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىدىن شىكايەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان غەزەپ- نەپرىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.
4- كۇپلېتىدا شائىر مەۋجۇت رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى، يەنى ئادالەتسىز جەمئىيەتتە ئىلىم- مەرىپەت ئىستىگەن، بىلىمگە ئىنتىلگەن، خەلقنى ئويغاتماقچى بولغان، ئىلغارلىققا، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا، ئېرىشتۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.
ئىنىقكى، شائىر زوراۋان، ئادالەتسىز كۈچلەر بىلەن باتۇرلارچە قارشىلىشىش، ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە ئىنتىلىشتەك ئىسيانكار روھقا ئىگە. بۇ خىل ئىسيانكارلىق روھ شائىر ۋۇجۇدىنى پات- پات لەرزىگە سېلىپ تۇرغان، ئۆزىنى باسالمىغان شائىر غەزەپلىك، ئىسيانكارلىق كەيپىياتىنى كېسەك بىلەن تاملارغا شېئىر قىلىپ يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. بۇ شېئىرلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ماھىيەتلىك پەرق يوق. پەرق بار دېيىلسە، پەقەت ئاخىرقى ئىككى مىسرا شائىرنىڭ باشتىكى شېئىرلارنى نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق يازغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن.
3. ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۇندە مۇشتۇمدەك كېسەك، خەت يېزىپ تۇگەپ كېتەر.
بۇ كۇپلېتنى ئوقۇغىنىڭىزدا كۆز ئالدىڭىزدا ئۆلۈم ئالدىدىكى شائىرنىڭ قانداق ئوبرازى نامايان بولدى؟
بۇ مىسرالاردىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى، تۈرمىنىڭ ئىچىنىمۇ كۈرەش مەيدانىغا ئايلاندۇرالايدىغان تىز پۈكمەس، قەيسەر ئىسيانكار ئوبرازى نامايان بولىدۇ.

## 3 . «يىللارغا جاۋاب» ھەققىدە

بۇ شېئىر 1944 ـ يىلى يېزىلغان . شېئىرىي شەكلى : مۇرەببە . خاراكتېرى : سىياسىي لىرىكا . ئىجادىيەت ئۇسۇلى : تەنقىدىي رېئالىزم.

ئاپتور ھەققىدە :لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922 — 1945 ) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئورنى يۇقىرى ئىنقىلابچى ، شائىر . ئۇنىڭ قىسقارتىلغان ئىسمى ل .مۇتەللىپ ، ئەركىلەتمە ئىسمى لۇتۇن ، تەخەللۇسى «قاينام ئۇركىشى» .

ل .مۇتەللىپ 1922 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بۇگۈنكى قازاقىستاننىڭ يەتتىسۇ رايونىدىكى چۇنجا ناھىيەسىنىڭ سايبويى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . 1931 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە دەسلەپتە ئىلى چاپچال ناھىيەسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا ، ئاندىن نىلقا ناھىيەسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان .

ل .مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپنى غۇلجىدا «تاتار مەكتەپ»تە ئوقۇغان . ئوتتۇرا مەكتەپنى «رۇس گىمنازىيەسى »دە ئوقۇغان . ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ھېسسىياتچان ، سەنئەتخۇمار، ئىجادىيەت ھەۋىسى كۈچلۈك بالا ئىدى .

1930 ـ يىللاردا ئىلى رايونىدا مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى كۈچىيىپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن . يېڭى مەكتەپلەر كۆپلەپ ئېچىلغان ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى راۋاجلانغان . دراما ـ تىياتىرلار سەھنىلەردە كۆپلەپ ئورۇنلانغان . ساپ ئانا تىلدا شېئىر يازىدىغان ، خەلقنى ئويغىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ، مىللىي ئاڭنى كۈچەيتىشنى ئىستەيدىغان شائىرلار بارلىققا كەلگەن . بۇنداق پايدىلىق شارائىت قايناق ھاياتقا ئوتتەك ئىنتىلىۋاتقان ، تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ھەۋەسكار ل .مۇتەللىپنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق بولغان .

ل .مۇتەللىپ «رۇس گىمنازىيەسى »دە ئوقۇۋاتقان يىللاردىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ نامى چىقىشقا باشلىغان . «ئىلى گېزىتى »نىڭ تەھرىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان شائىر ئەنۋەر ناسىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىغا كۆپ ياردەملەرنى قىلىپ ، ئۇنتۇلغۇسىز ئىلھام بەرگەن .

1939 ـ يىلى ل .مۇتەللىپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ ، ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەن . ئۇ بۇ يەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇستىدە مۇنتىزىم ئىزدەنگەن . شېئىر ـ فېلىيەتونلىرى گېزىتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ ، «تالانتلىق ياش شائىر » دەپ نام ئالغان .

ل .مۇتەللىپ دارىلمۇئەللىمىندىكى ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن «جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى »گە رۇس تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى تەرجىمانى بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلغان . ئۇ شۇ ئۆمەك بىلەن بىللە 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە قەشقەر ، خوتەن ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنى كېزىپ چىققان . بۇ سەپەردە نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى كۆرۈپ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول خام ماتېرىياللارنى توپلىغان .

ل .مۇتەللىپ جەنۇب سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرال-مىغان ھەمدە ئېھتىياج بويىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىن-غان. بۇ يىللاردا ل .مۇتەللىپنىڭ ماقالە، شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرى كۆپلەپ ئېلان قىلىنىپ ۋە سەھنىلەردە ئورۇندىلىپ زور شۆھرەت قازانغان. ئىدىيەسىنىڭ ئىلغارلىقى، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئىنقىلابىي روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى-نىڭ كۆزىگە قادالغان مىخقا ئايلىنىپ قالغان. ل .مۇتەللىپنى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۈرگۈن قاتارىدا ئاقسۇغا يۆتكىگەن. ئۇ ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، «ئاقسۇ گېزىتى»دە تەھرىرلىك قىلغان، «جەنۇب شامىلى» ناملىق ئەدەبىيات بېتىنى تەسىس قىلىپ، ئىنقىلابىي ئىدىيەگە ئىگە شائىر ـ قەلەمكەشلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان.

ئاقسۇدىكى يىللاردا ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى يېڭى بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. مەيلى ئىدىيەۋىلىك، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، يۇقىرى سەۋىيەلىك شېئىر ـ غەزەللەرنى يېزىپ چىققان، ئىدىيەسىمۇ، دۇنيا قارىشىمۇ پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغان. «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ»، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش»، «خىيالچان تىلەك»، «يىل-لارغا جاۋاب» قاتارلىق نادىر شېئىرلىرى شۇ يىللاردا يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان.

ل .مۇتەللىپ ئىنقىلابىي ئىدىيەگە ئىگە شائىر بولغاچقا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بىلال ئەزىزى، ئابدۇللا روزى قاتارلىق ياش زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» ناملىق تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىققان.

1945 ـ يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەنۇبقا يۈرۈش ئارمىيەسىنى تەشكىللەپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، گومىنداڭ جاللاتلىرى چوڭ تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ ل .مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي ئىدىيەگە ئىگە كىشىلەرنى قولغا ئالغان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىنى شىددەتلىك ئېلىپ بېرىۋاتقان-دا، جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان گومىنداڭچىلار 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ل .مۇتەللىپ قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق ئىنقىلابىي ئىدىيەگە ئىگە زىيالىينى ئۆلتۈرۈپ چوشقا قوتىنىغا كۆمۈۋەتكەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك شائىرى، سۆيۈملۈك ئوغلانى لۇتپۇللا مۇتەللىپ 23 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. ئۇ تۈرمە تاملىرىغا قان بىلەن يېزىپ قالدۇرغان مۇنۇ مىسرالار مەڭگۈلۈك يادنامە بولۇپ قالغان:

بۇ كەڭ زېمىن مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ،
ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قانخور ئەبلەخ.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . بۇ بىر جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكا بولۇپ، شېئىردىكى «يىللار» ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر شېئىردىكى «يىللار»نى نوقۇل ۋاقىتنى قەدىرلەشنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ئەينى دەۋردىكى زۇلمەتلىك يىللارنى كۆرسىتىدۇ دەپ

قارايدۇ ؛ يەنە بەزىلەر ھەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ . سىز قايسى قاراشقا قوشۇلىسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

جاۋاب : ھەر ئىككىسىنى كۆرسىتىدۇ . ئەگەر زۇلمەتلىك يىللارنى كۆرسىتىدۇ دې- سەك ، شائىرنىڭ «بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ ، مەيلى ئۆتتۇەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى» دەپ يېزىشىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ . نېمە ئۈچۈن دېگەندە ، ل . مۇتەللىپتەك ئوت يۈرەك شائىر ھەرگىزمۇ زۇلمەتلىك يىللارنى «تىللاش توغرا كەلمەيدۇ» دەپ يازمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى ، ئەمما بۇ شېئىر باشتىن ـ ئاخىر نوقۇل ۋاقىت ئۇقۇمىدىكى يىللارنى تېما قىلىش بىلەنلا چەكلەنمىگەن . مەسىلەن :

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە ،

ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرمەن ئۆلۈمنى .

قېرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە ،

ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئۆغلۈمنى .

دېگەن كۇپلېتتا چوڭقۇر سىياسىي كەيپىيات ، روشەن كۈرەش پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ . بۇ كۇپلېتتىكى «يىللار» قاباھەتلىك سىياسىي قىسمەتنى كۆرسىتىدۇ . ئادەتتە ، شېئىرلار- دا پىكىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ، ھالقىلىق نۇقتىسىنى شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىغا سىڭدۈ- رۈپ ، خۇلاسىلەيمىز . شائىر گەپنى ۋاقىت ئۇقۇمىدىكى يىللاردىن باشلاپ ، ئاخىرىنى قاباھەتلىك يىللارنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرىگە قارشى جەڭ قىلىش ، كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بىلەن تاماملىغان .

2 . بۇ شېئىرنى ئوقۇغاندا ، شائىرنىڭ يىللارغا جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى ، يىللارنىڭمۇ شائىرنىڭ ئالدىغا سوئال قويۇۋاتقانلىقىنى تەبىئىيلا ئويلاپ قالىسىز ، ئۇنداقتا «يىللار» شائىرنىڭ ئالدىغا قانداق سوئاللارنى قويغان ؟ شائىر بۇ سوئاللارغا قانداق جاۋاب قايتۇر- غان ؟

جاۋاب : شېئىردىكى «يىللار» ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ، قاراڭغۇ زۇلمەتلىك يىللار قوينىدا تۇرۇپ كىشىلەرگە ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ، ئادەم زادى كىم ئۈچۈن ياشىشى ، نېمە ئۈچۈن ياشىشى كېرەك ؟ قانداق ياشىغاندا ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ ؟ دېگەن سوئالنى تاشلىغان . شائىر بۇ سوئاللارغا ئادەم ئۆز ھاياتىنى كۈرەش بىلەن ، ئىجاد بىلەن ، تىنىمسىز ئىزدىنىش ۋە گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەك بىلەن ئۆتكەزسە ، مەڭگۈ قېرىماي- دۇ دەپ جاۋاب بەرگەن .

3 . «ئىجاد يىللارنى قېرىتسىمۇ» دېگەن مىسرانى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

جاۋاب : ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاشۇرىدىغان ئەڭ توغرا يول ئىجادچانلىق دەپ چۈشى- نىش كېرەك .

ئادەم ئۆز ھاياتىنى ئىزدىنىش ، تىرىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەندىلا ، يەنى ھەربىر كىشى يىللارغا ئۆز قابىلىيىتى ، ئىقتىدارى ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن جاۋاب بەرسە ، يىللار كىشىلەرنى ئەمەس ، بەلكى كىشىلەر يىللارنى قېرىتىپ تاشلاپ ، ئۆز ھاياتىنى

مەنىلىك ئۆتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ دەپ قارىغان، چۈنكى مەنىلىك ھايات قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاققىچە چاقناپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ل.مۇتەللىپ 23 يېشىدا ھاياتتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلىرى بىلەن تا ھازىرغىچە بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

4. شائىر شېئىردا ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلانغان، سىز شېئىردا قوللىنىلغان ئاساسلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىگە بىردىن ئىككىگىچە مىسال كەلتۈرۈڭ ۋە ئۇنىڭ شائىرنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىشتىكى رولىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب: شېئىردا ئوخشىتىش، سىمۋول، رىتورىك خىتاب، جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

1) ئوخشىتىش: «يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى»، «يورغا يىللار»نى «ئوغرى»غا ئوخشاتقان. «شېئىرىم يۇلتۇز بولۇپ يانار ئالدىمدا» (سىمۋوللۇق ئوخشىتىش)، «يىللار سېخىي قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكېلىپ بېرىدۇ» يىللارنى «سېخىي ئادەم» گە ئوخشاتقان (جانلاندۇرۇش بىلەن بىرىكىپ كەلگەن).

2) سىمۋول: «يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ، ئۈپقۈنلىرىڭنى يارىدۇ بىزنىڭ كاراب»دىكى «يىللار دېڭىزى» كەڭ رېئاللىقنى، «كاراب» شائىرنىڭ ئىرادىسىگە سىمۋول قىلىنغان.

3) جانلاندۇرۇش: «ئوغرىلاپلا قاچىدۇ ئارقىغا باقماي»، «ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ»، «يىللار مەيدەڭنى تۈتۈپ قاقاقلاپ كۈلمە»... بۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر مەۋھۇم چۈشەنچىلەرنى كونكرېت، جانلىق ۋە ئوبرازلىقلىققا ئىگە قىلىپ، «يىل» بىلەن جاسارەتلىك لىرىك قەھرىمان ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، لىرىك قەھرىماننىڭ قايتماس ئىرادىسىنى تولۇق ھەم جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان.

5. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىنى ئارۇز ۋەزىن ۋە بارماق ۋەزىن ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزگە ئاساسەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پەرقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىڭ.

جاۋاب: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرى ئارۇز ۋەزنىنىڭ فائىلاتۇن ۋەزنى تۈرىدە، رەمەل بەھرىدە يېزىلغان. مەسىلەن:

بىر پۇراپ ئۆل|سەم نە ئارمان| بىغىم باھارى| گۈلىنى
ھەر سەھەر گۈل| ئىشقىدا بۇل| بۇلغا ئوخشاش| زارىمەن
— V — — | — V — — | — V — — | — V —
فائىلاتۇن| فائىلاتۇن| فائىلاتۇن| فائىلۇن

غەزەللەر ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل ۋە ھەزەج بەھرلىرىدە يېزىلىدۇ.

ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرى بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان مۇرەببە بولۇپ، قاپىيە شەكلى ئالماش قاپىيەدە كەلگەن. مەسىلەن:

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ ، ساقلاپ تۇرمايدۇ ،

يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى .

ئاققان سۇلار ، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ ،

يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى .

بۇ كۇپلېتنىڭ قاپىيە شەكلى ABAB شەكلىدە كەلگەن بولۇپ ، يەنى 1 ـ مىسرا بىلەن 3 ـ مىسرا، 2 ـ مىسرا بىلەن 4 ـ مىسرا ئۆزئارا قاپىيەداش كەلگەن بۇنداق قاپىيە شەكلىنى ئالماش قاپىيە دەيمىز .

دېمەك ، ئارۇز ۋەزنىدە بىر پۈتۈن شېئىر چوقۇم ئوخشاش قاپىيە ۋە ئوخشاش ۋەزىن ، ئوخشاش بەھىردە كېلىشى كېرەك . لېكىن بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلارغا بۇنداق ئۆلچەم قويۇشقا بولمايدۇ . بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ قاپىيە شەكلى ، بوغۇم سانى ، ئاھاڭدارلىقى بىرقەدەر ئەركىنرەك بولىدۇ . ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلاردەك قاتتىق ئۆلچەم قويۇلمايدۇ .

دېمەك ، يۇقىرىقى جەھەتلەردىن «يىللارغا جاۋاب» بىلەن «غەزەپ ۋە زار» تۈپتىن پەرقلىنىدۇ .

## 4 . «شېئىرلاردىن ئۈچ پارچە» ھەققىدە

### مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . «سىبىر تۇتقۇنلىرىغا مەكتۇپ» دېگەن شېئىردا نېمە ئۈچۈن «ئۈمىد»نى «ئاپەتنىڭ ۋاپادار سىڭلىسى» دەپ يازغان ؟ شېئىردىكى «كىشەن» ۋە «قىلىچ» نېمىگە سىمۋول قىلىنغان ؟

جاۋاب : بۇ شېئىردا ئاپتور (ئالېكساندىر سېرگىيېۋىچ پۇشكىن 1799 — 1837 ، ئۇلۇغ رۇس شائىرى )نىڭ سىبىر كانلىرىنىڭ تېگىدە ئازابلىق تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان دېكابىرىست ئىنقىلابچىلىرىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ، مۇھەببىتى ۋە ئۇلارغا بولغان ئالىي تىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۆزىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بەختلىك كۈنلەرگە ئېرىشىش ھەققىدىكى ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەن . شېئىردا شائىرنىڭ «ئۈمىد» نى «ئاپەتنىڭ ۋاپادار سىڭلىسى» دەپ يېزىشى ئۈمىدنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئىنتايىن مۇھىم مەنىۋى ئامىل ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئادەم ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن قىسمەتلەرگە ، بالايىئاپەتلەرگە ، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، قان ـ قېرىنداشلىرى ۋە مال ـ دۇنيالىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇزسىراپ قالغان تەقدىردىمۇ ئىشەنچىسىنى يوقاتمىغان ، كىشىلىك ھاياتقا كۆلۈپ قارايدىغان كىشىلەرنى «ئۈمىد» يەنىلا كەلگۈسىگە ئىنتىلدۈرىدۇ . ئومۇمەن ئۈمىد ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغۇچى نۇرلۇق چىراغ ، شائىر سىبىرىيەدىكى كانلاردا ئېغىر ئەمگەك ، خورلۇق ۋە ھايۋانلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ۋە ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىدى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان ئىنقىلابچىلارغا ئۈمىدۋارلىق روھى بەخش ئېتىش ئۈچۈن ، «ئۈمىد»نى «ئاپەتنىڭ ۋاپادار سىڭلىسى» دەپ يازغان .

شېئىردىكى «كىشەن» ۋە «قىلىچ» سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە . يەنى شائىر تولۇپ

تاشقان ئىشەنچ بىلەن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم زەنجىرلىرىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلۈپ،
زۇلمەتلىك زىندانلار گۇمران بولىدىغان، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەشكەن ئېسىل
ئوغلانلارنى ئالقىشلاپ كۈتۈۋالىدىغان كۈننىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان
ئېتىقادىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىنى «كىشەن»گە ئوخشاتقان.
شېئىردىكى «قىلىچ» ئارقىلىق شائىر ئاشۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە ھەقىقىي ئەركىن-
لىك سىلەرگە قۇچاق ئاچىدۇ، سىلەر بىلەن ئوخشاش غايىدىكى دوستلىرىڭلار سىلەرگە
ئىنقىلاب قىلىچىنى قايتا سۇنۇپ، سىلەرنىڭ تارىخىي بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىپ، ئارزۇيىڭ-
لاردىكىدەك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشىڭلارغا يار - يۆلەك بولىدۇ دېمەكچى.

2. «ئۆمەر ئۆلدى...» دېگەن شېئىردا قانداق ئۆمەر «ئۆلۈپ»، قانداق ئۆمەر
«تۇغۇلدى»؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن قارىشىڭىزنى ئورتاقلىشىڭ.

جاۋاب: بۇ ئىنتىم لىرىكىسىدا شائىر ئۆمەر مۇھەممىدى (1906 — 1931، قازاقىس-
تان جۇمھۇرىيىتىدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر شائىرى ۋە يازغۇچىسى) بەڭباش ياشلىقىنىڭ ئويۇن،
كۈلكىلىرىگە بېرىلگەن، مۇقىم بىر ئارزۇ - غايىسى تىكلەنمىگەن، ھاياتىنىڭ، ياشاشنىڭ
ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئىرادىسىز ئۆمەر «ئۆلۈپ»، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت
سوتسىيالىستىك جەمئىيىتى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈچ چىقىرىدىغان، غايىلىك، ئىرادىلىك،
مەسئۇلىيەتچان، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئارزۇ - ئىستەككە تولغان، ئۈمىدلىك قىزىل ئۆمەر
«تۇغۇلدى» دەپ يازىدۇ.

3. «ئالدىدا» دېگەن شېئىردا نېمە ئۈچۈن شائىر «ئالدىدا» دېگەن سۆزنى رادىف
قىلىپ تاللىۋالغان؟ بۇ سۆزنىڭ شائىرنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە ئوينىغان
رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ.

جاۋاب: شېئىردا شائىرنىڭ ۋەتەننىڭ ئومۇميۈزلۈك ئازاد بولغان ھالىتىنى كۆرۈش
ئارزۇسى كۈچلۈك ئەكس ئەتكەچكە، شائىر بۇ سۆزنى گويا قەسەم بېرىۋاتقان ھالەتتە
تەكرارلىغان، ھەر بىر قېتىم تەكرارلىغاندا شېئىردىكى قەتئىيلىك بىر قېتىم كۈچەيگەن،
شۇنداقلا شېئىردىكى ھېسسىياتمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. «ئالدىدا» دېگەن
سۆزنى «رادىف» قىلىپ تاللىۋېلىشى شېئىردىكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى، پىكىرنى،
شائىرنىڭ مەيدانىنى، ئىچكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

1. قانداق شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ؟ ئارۇز دېگەن نېمە؟

جاۋاب: شېئىر مىسرالىرىدىكى سوزۇق (ئۇزۇن) ۋە ئۈزۈك (قىسقا) تاۋۇشلار مەلۇم
تەرتىپ بىلەن ئالمىشىپ كېلىپ، شېئىردىكى رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقنى بارلىققا كەلتۈرىدى-
غان شېئىرىي سىستېما ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئارۇز ۋەزىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەن-
ۋى مىللىي شېئىر شەكلى، شۇنداقلا ۋەزىن قائىدىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ ۋە بىرقەدەر

مۇكەممەل بولغان شېئىرىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ .

«ئارۇز» ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ ، لۇغەت مەنىسى «ئەن» (بىر نەرسىنىڭ ئېنى) ، «كەڭلىك» دېگەنلىك بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئىستېمال مەنىسى «ئۆلچەم» ياكى «قېلىپ» دېمەكتۇر .

تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بىر سۆز بەلگىلىك بىر ۋەزىنگە ئىگە بولىدۇ . ئارۇز ۋەزنىدە ۋەزىنلەردىن مىسرالار ھاسىل بولىدۇ . ۋەزىنلەرنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتلىك تەرتىپتە تەكرارلىنىشىدىن بەھرلەر ھاسىل بولىدۇ . ۋەزىن مىسرا ۋە بەھرلەرنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىكتۇر .

**2 . ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىن تۈرلىرى قايسىلار؟ ئۇزۇن بوغۇم دېگەن نېمە؟ قىسقا بوغۇم دېگەنچۇ؟ ئۇزۇن بوغۇم ۋە قىسقا بوغۇم قانداق بەلگە ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ؟**

**جاۋاب :** ئارۇز ۋەزنىدە 30 دىن ئارتۇق ۋەزىن تۈرى بار ، تۈرلەرنىڭ ھەر بىرى مەخسۇس ئەرەبچە ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ئاساسلىق ۋەزىن تۈرلىرى : فەئۇل (V—) ۋەزنى ؛ فەئۇلۇن (V — —) ۋەزنى ؛ مەفائىيلۇن (V — — —) ۋەزنى ؛ مەفائىلۇن (V— V —V—) ۋەزنى ؛ مەفئۇل (— —) ۋەزنى ؛ مەفئۇلۇن (— — —) ۋەزنى ؛ فائىلۇن (— V —) ۋەزنى ؛ فائىلاتۇن (— V — —) ۋەزنى ؛ مۇستەفئىلۇن (— — V—) ۋەزنى قاتارلىقلار .

ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇزىكىلىقلىقىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدىكى بوغۇملار قائىدىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ، يەنى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىدىكى ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار (ۋەتىنى ، بەختى ، تېخىمۇ . . .) ئوچۇق بوغۇم بولۇپ ، ئۇ ئارۇز ۋەزنىدە قىسقا بوغۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . گىراماتىكىدا ئاخىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇملار (ئاي ، ساي ، كۈن ، يۇلتۇز ، مىللەت ، ژۇرنال ، ئەمگەك . . .) يېپىق بوغۇم بولۇپ ، ئۇ ئارۇز ۋەزنىدە ئۇزۇن بوغۇم ھېسابلىنىدۇ .

ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلاردا قىسقا بوغۇم (ئوچۇق بوغۇم) قىسقا ، ئېتىلىك ئوقۇلىدۇ . ئۇزۇن بوغۇم (يېپىق بوغۇم) بىرئاز سوزۇلۇپ ئوقۇلىدۇ ، ھەتتا ۋەزنىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئۇزۇن بوغۇم ئەتەي ئۇزارتىلىپ ، ئەسلىدىكى بوغۇم سانىغا بىر بوغۇم قوشۇپمۇ ئوقۇلىدۇ .

ئادەتتە ۋەزىنلەرنىڭ ئۇزۇن بوغۇمى تۈز سىزىق (—) ياكى A بىلەن ، قىسقا بوغۇملىرى ئاچا سىزىق (V) ياكى B بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .

**3 . بەھر دېگەن نېمە؟ سىز قايسى بەھرلەرنى بىلىسىز؟**

**جاۋاب :** ۋەزىنلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەربىر تۈرى «بەھر» دېيىلىدۇ . «بەھر» ئەرەبچە «دەريا ، غول» دېگەن مەنىدە ، ئارۇزنى دېڭىزغا تەمسىل قىلساق ، ئۇنىڭ تۈرلىرىنى «بەھر» (غول ، دەريا) دەپ تەرىپلەشكە بولىدۇ . بىر خىل ۋەزىندىن تۈزۈلگەن ياكى ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن بىر

نەچچە ۋەزىندىن تۈزۈلگەن مىسرالار گۇرۇپپىسى بىر بەھرنى تەشكىل قىلىدۇ. ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرلىرى كۆپ خىل بولۇپ، ئۇلار رەمەل بەھرى، تەۋىل بەھرى، مەدىد بەھرى، بەسىت بەھرى، ۋافىر بەھرى، كامىل بەھرى، رەجەز بەھرى، ھەزەج بەھرى، سەرىئى بەھرى، مۇنسەرىھ بەھرى، مۇقتەزەپ بەھرى، مۇشاكىل بەھرى، قەرىب بەھرى، خەفىف بەھرى، مۇتەقارىب بەھرى، مۇزائىل بەھرى، مۇتەدارىك بەھرىدىن ئىبارەت. كىلاسسىك شېئىرلاردا ھەربىر بەھردىن ئۆزىگە خاس يېڭى تۈرلەر يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بەھرلەر بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بەھرلەر ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. بىر تۈركۈمى، «بەھرى تەۋىل»، يەنى ئۇزۇن بەھرلەر (13 بوغۇمدىن 17 بوغۇمغىچە)؛ يەنە بىر تۈركۈمى «بەھر قەسىر»، يەنى قىسقا بەھرلەر (7 بوغۇمدىن 12 بوغۇمغىچە) بولىدۇ.

**4. قانداق شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار رەمەل بەھرىگە كىرىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.**

**جاۋاب:** «رەمەل»نىڭ لۇغەت مەنىسى «كۆپ، تولا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بەھر «فائىلاتۇن»نىڭ ھەرخىل تەكرارلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ۋە كىلاسسىك يازما شېئىرىيەتتە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاھ ئۇرارمەن | ئاھ ئۇرارمەن | ئاھلىرىم تۇت | قاي سىنى |
| كۆز يېشىم دەر | يا بولۇپ بىر | لىقلىرىم يۇت | قاي سىنى |
| فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلاتۇن | فائىلۇن |
| — —V— | — —V— | — —V— | —V — |

**5. قانداق شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار رەجەز بەھرىگە كىرىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.**

**جاۋاب:** «رەجەز»نىڭ لۇغەت مەنىسى «شېئىر ئېيتىش، كۈيلەش» دېگەنلىك بولىدۇ، بۇ قىسقا ـ قىسقا، ئۇلاپ تېز ئوقۇلىدىغان ئۇزۇن بەھر. رەجەز بەھرى ئومۇمەن مۇستەفئىلۇن ۋەزنىنىڭ تەكرارلىنىشى ياكى مۇستەفئىلۇن ۋەزنى ئاساس قىلىنىپ، باشقا ۋەزىنلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاتقاندا تاڭ | چىقتى قۇياش | كەلدى باھار | كۆكلەم مانا، |
| نۇر ئىلكىدە | كۈلدى زېمىن، | نۇر ئىلكىدە | كۈلدى ساما. |
| ئاچتى قىزىل | گۈللەر پورەك، | قىلدى تەبەس | سۇم لالىلەر، |
| گۈل نەۋباھار | چاچتى ئىپار، | ئالساڭ نەپەس | تەنگە داۋا. |
| مۇستەفئىلۇن | مۇستەفئىلۇن | مۇستەفئىلۇن | مۇستەفئىلۇن |
| —V — — | —V — — | —V — — | —V — — |

**6. قانداق شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار ھەزەج بەھرىگە كىرىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭلار.**

**جاۋاب:** «ھەزەج»نىڭ لۇغەت مەنىسى «نەغمە، كۈي» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەزەج بەھرى مەفائىيلۇن ۋەزنىنىڭ ھەرخىل تەكرارلىنىشى ياكى مەفائىيلۇن ۋەزنى ئاساس قىلىنىپ، باشقا ۋەزىنلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ.

1 ـ خىل شەكلى — سالىم ھەزەج (تولۇق ھەزەج)، مەفائىيلۇننىڭ بىر بېيىتتا تولۇق سەككىز قېتىم تەكرارلىنىشى. مىسال:

| | | | |
|---|---|---|---|
| زىمىستان كۆر | مىگەن بۇلبۇل | باھارنىڭ قەد | رىنى بىلمەس |
| جاپانى چەك | مىگەن ئاشىق | ۋاپانىڭ قەد | رىنى بىلمەس |
| مەفائىيلۇن | مەفائىيلۇن | مەفائىيلۇن | مەفائىيلۇن |
| — — —V | — — —V | — — —V | — — —V |

2 ـ خىل شەكلى — بىر مىسرادا ئىككى كەمتۈك مەفائىيلۇننىڭ ئىككى قېتىم تەكرارلىنىشى. مىسال:

| | | | |
|---|---|---|---|
| باي يەيدۇ | پولۇ ـ بەتتە | بىزلەر ئاچ | شۇ ھالەتتە |
| مەفئۇلۇن | مەفائىيلۇن | مەفئۇلۇن | مەفائىيلۇن |
| — — — | — — —V | — — — | — — —V |

# ئىككىنچى بۆلەك
# ئۇيغۇر شېئىرىيتىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى توغرىسىدا

**1 . ئۇيغۇر شېئىرىيتىدە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان شېئىرىي شەكىللەر قايسى؟**

ئۇيغۇر شېئىرىيتىدىكى ۋەزنىلىك شېئىرلار مىسرا تۇزۇلۇشى ، قاپىيەلىنىش تەرتىپى ، بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقى تۇپەيلىدىن مەسنەۋى ، غەزەل ، مۇسەللەس ، مۇرەببە ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، مۇسەممەن ، مۇتەسسە ، تەرجىبەند ، مۇستەھزاد ، مۇۋەششەھ ، مۇساۋىيات تەرەپەين ، مۇھتەمىلات ، رۇبائىي ، مۇئەممە ، قىتئە . . . قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللەرگە ئىگە بولغان . بىز تۆۋەندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيتىدە كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ۋەزنىلىك شېئىرىي شەكىللەرنىڭ مۇقىملاشقانناملىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز .

**2 . مەسنەۋى دېگەن نېمە؟ شەكلى قانداق بولىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .**

ئىككى مىسرالىق شېئىرلار مەسنەۋى (ئىككىلىك ) دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى زېمىنىدا ئۆسۈپ راۋاجلانغان شېئىرىي شەكىللەردىن بىرى بولۇپ ، ئادەتتە «بېيىت » دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

مەسنەۋىنىڭ قاپىيە تۈزۈلۈش شەكلى aa ، bb ، cc . . . دېمەك ، ئۇنىڭدا ھەربىر كۇپلېتى ئىككى مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇلار ئۆزئارا جۈپ - جۈپ بولۇپ قاپىيەلىشىدۇ . ئەمما بىر خىل قاپىيەلەنگۈچى جۈپ مىسرا (بېيىت )نىڭ كېيىنكى مىسرالار بىلەن قاپىيەلىك باغلىنىشى بولمايدۇ .

شېئىرىيتىمىزنىڭ مەسنەۋى شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيتىدە كەڭ جارى قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ نەمۇنىلىرىنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى »دىكى شېئىرىي پارچىلار ئارىسىدا كۆپ ئۇچرىتىمىز ، شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك » (بەخت - سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم ) ناملىق ئەسىرى ، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق » داستانى ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە »سى ئەنە شۇ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان . ئۇ ھازىرقى شېئىرىيتىمىزدىمۇ كۆپ قوللىنىلىدىغان شەكىللەرنىڭ بىرى .

مىسال ئۈچۈن ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «ئەقىدە » ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز :

بۈيۈك ۋەتەن ، سۆيگۈنۈم سەن ، ساڭا جانىمدا ،  
بوۋام ، قېنى تۆكۈلگەندۇر ئېسىل باغرىڭدا .  
تۇغۇلغاچقا مەنمۇ ھەم بوۋام نەسلىدىن ،  
سېنى كۈتۈپ ساقلايمەن دۈشمەن قەستىدىن .

شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنىم دەپ باغرىڭنى بويلاپ ،  
مېھرىڭ بىلەن يانىمەن ئەركىڭنى ئويلاپ .

**3 . غەزەل دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ . مەسنەۋى بىلەن غەزەل قانداق پەرقلىنىدۇ؟**

تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن ئىككى مىسرا بولۇپ ، مەسنەۋىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ، ئەمما قاپىيە شەكلى aa ، ab ، ac ، ad . . . بولۇپ تۈزۈلگەن شېئىرىي شەكىل غەزەل ياكى تەكرار ئىككىلىك دەپ ئاتىلىدۇ . غەزەل مەسنەۋىدىن ئىككى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ :

بىرىنچىدىن ، غەزەل ئاساسەن لىرىكىلىق بولۇپ ، قىزغىن ھېسسىيات ۋە ھاياجان بىلەن يېزىلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، شەكىل جەھەتتە ئۇنىڭ دەسلەپكى بېيىتى (ئىككى مىسراسى ) ئۆزئارا قاپىيەداش بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسى ئوچۇق (قاپىيەسىز ) قالدۇرۇلۇپ ، ئىككىنچى مىسراسى دەسلەپكى بېيىت بىلەن قاپىيە-داش بولۇپ كېلىدۇ . بېيىت سانى تاق بولۇپ ، ئادەتتە بەش بېيىتتىن 13 بېيىتقىچە يېزىلىدۇ (ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدە بېيىتلار سانى بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ ) .

غەزەللەر ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل ، ھەزەج بەھرلىرىدە يېزىلىدۇ . ئۇ مىللىي شېئىرىيىتىمىزدە ئالاھىدە سالماقلا ۋە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە شېئىرىي شەكىل بولۇپ ، بۇ شەكىل بىلەن يېزىلغان شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن توپلام «غەزەلىيات» دەپ ئاتىلىدۇ .

مىسال ئۈچۈن شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ياخشى» ناملىق غەزىلىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى :

تىرىكتاپ قاغا - قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى ،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى .

كېرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار ،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشىنا ياخشى .

تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋار تونغا ،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۆلا ياخشى .

**4 . مۇرەببە دېگەن نېمە؟ قانچە خىل شەكىلدە بولىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .**

تۆت مىسرالىق كۇپلېتلاردىن تۈزۈلگەن شېئىر مۇرەببە دېيىلىدۇ . مۇرەببە (تۆتلۈك ) شەكلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ ، ئۇ ئارۇز ۋەزنىدىمۇ ، بارماق ۋەزنىدىمۇ يېزىلىدۇ . ئۇنىڭ قاپىيەلىنىش شەكلى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل بولىدۇ :

1 ) كۇپلېتلار سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەربىر كۇپلېتنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى مىسرالىرى قاپىيەداش بولۇپ ، تۆتىنچى مىسراسى پۈتۈن كۇپلېتلار-نىڭ تۆتىنچى مىسراسى بىلەن ئوخشاش قاپىيەلىنىپ كېلىدىغان شەكلى . يەنى (ئۇدا قاپىيە )

aaab, cccb, dddb...

ئەي ۋەتەن ، جانلارغا ئاسايىش شارائىت سەندە بار ،
ئادەم - ئىنسان ئېتىبارى ، قەدرى - ھۆرمەت سەندە بار ،
شۇڭا ساڭا پاسىبانمەن تاكى جانىم تەندە بار ،
كىمكى قەدرىڭ بىلمىسە ، تۇپراق ئارا دەسسەپ كۆمەي .

(نىمشېھىت )

2 ) ھەربىر كۇپلېتنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى ، تۆتىنچى مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيە-داش بولۇپ ، ئۈچىنچى مىسراسى قاپىيەسىز (تاق ) كەلگەن شەكلى . يەنى

aaba, bbcb, ccdc, ddgd...

ئازاد تارىم ئۆركەشلىگىن قاينام ياساپ ،

بوغالمايدۇ ئىقىمىڭنى ھېچكىم توساپ .
مەرۋايىتتەك سۆزۈك ئاققان سۇلىرىڭدىن ،
بېزەكلەيمىز گۈل ۋەتەننى بىز بىھېساب .
(ئەرشىدىن تاتلىق )

3 ) ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئىككىنچى ، تۆتىنچى مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەداش ، بىرىنچى ، ئۈچىنچى مىسرالىرى قاپىيەسىز كەلگەن شەكلى . يەنى

abcb, bdgd, kptp...

ھەر باھاردا باغ تولۇپ چېچەك ،
گۈل ئېچىلار كەلگىنىدە ياز .
نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە ئۈچۈن ،
بىلمەيمەنكى گۈلنىڭ ئۆمرى ئاز .
(تۇردى سامساق )

4 ) ھەربىر كۇپلېتنىڭ تۆت مىسراسى ئۆزئارا توق قاپىيەلىشىپ كەلگەن شەكلى . يەنى

aaaa, bbbb, cccc, dddd...

گۈل ئۈزارىم تاغ ئىچىدە مەن سېنى دائىم كۆرەي ،
تۇرلى - تۇرلى نازۇ نېمەتلەر ئارا دەۋران سۈرەي .
دىلغا ئارام بەخش ئېتۈچى ساپ ھاۋادىن ئۆرگىلەي ،
مەن بۈيۈك ئازاد ۋەتەن پەرزەنتى دەپ مەغرۇر كۈلەي .
(نىمشېھىتنىڭ «يۈرەك سۆزى» دېگەن شېئىرىدىن )

5 ) ھەربىر كۇپلېتنىڭ بىرىنچى مىسراسى بىلەن ئۈچىنچى مىسراسى ھەمدە ئىككىنچى مىسراسى بىلەن تۆتىنچى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن شەكلى . مەسىلەن :

abab, bcbc, dtdt...

بىلمىدىم ، ئېسىمنى تاپتىم قايسى كۈن ،
ئاھ يۇرتۇم ، تۇرقۇڭغا يۈزلىنىپ باقتىم .
بولدۇم تىك تاغلىرىڭ ئىشقىدا مەجنۇن ،
ساي - سالالىرىڭغا يۈزۈمنى ياقتىم .

6 ) شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنىڭ بارلىق مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەداش بولۇپ ، باشقا كۇپلېتلارنىڭ بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى مىسرالىرى ئۆزئارا قاپىيەداش ، تۆتىنچى مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتتىكى مىسرالارغا قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن شەكلى . يەنى

aaaa, bbba, ccca...

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە مۇرەببەنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا شەكىللىرى

بولۇشىمۇ مۇمكىن.

5. مۇخەممەس دېگەن نېمە؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.

ھەربىر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر شەكلى مۇخەممەس دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە مۇخەممەس قانچە كۇپلېت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىكى بارلىق مىسرالار بىر خىل قاپىيەلىشىپ كېلىدۇ. كېيىنكى كۇپلېتلاردا بولسا ئالدىنقى تۆت مىسراسى ئۆزئارا ئوخشاش قاپىيەلىشىپ، ئاخىرقى بەشىنچى مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتتىكى مىسرالارغا قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ، يەنى قاپىيە شەكلى مۇقىم ھالدا مۇنداق بولىدۇ:

aaaaa, bbbba, dddda...

مەسىلەن:

بىباھا دەستۇر قىلىپ يەنئەندىكى سۆھبەتنى مەن،
قەلبىمگە سىڭدۈرۈپ دەۋرىمگە خاس خىسلەتنى مەن،
يۈرىكىمگە تولدۇرۇپ لىق ئىشتىياق، رىغبەتنى مەن،
پارتىيە، خەلقىمگە ئاۋۋال بىلدۈرۈپ ھۆرمەتنى مەن،
قەلب سۆزۈمنى يازغىلى ئالدىم يەنە نۆۋەتنى مەن.

ئەسلىسەم ئۆتمۇشنى مەن، يەر خۇددى تەتۈر چۆرگىلەر،
ۋەھشىي ئادەمخور زامانىنىڭ تەكتى روشەن كۆرۈنەر،
«زۇۋۇلىسى يوغان ئۇزۇلگەن» باي، بېگىملەر، تۆرىلەر،
نېمىلەر كۆرسەتمىگەن ئۇ ئىككى پۇتلۇق بۆرىلەر،
كەلتۈرەي شاھىت قىلىپ مۇدھىش، قارا قىسمەتنى مەن.

مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغاي ئۆتمۇشتىكى كەچمىشلىرىم،
يازلىرىممۇ قىش بولۇپ ئۆتكەن جاپالىق قىشلىرىم،
تەر تۆكۈپ، جان كۆيدۈرۈپ قىلغان ئېتىز پەرۋىشلىرىم،
ئەمگىكىمنىڭ قەدرىنى چاقمايلا سۇنغان چىشلىرىم،
كۆزلۈكى ئۇسقان ئىدىم ئاش ئورنىغا ھەسرەتنى مەن.

6. رۇبائىي دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

رۇبائىي تۆتلۈك شەكىلدۇر. تۆتلا مىسرادىن تۈزۈلۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر پەلسەپىۋى ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەپ بەرگەن شېئىر شەكلى رۇبائىي دەپ ئاتىلىدۇ.

رۇبائىي ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان شېئىر شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. رۇبائىيدا شائىر ئۆز پىكىر ۋە تەسىراتلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى ياكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىرەر يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرنى بايان قىلىدۇ. قاپىيە تۈزۈلۈشى جەھەتتە رۇبائىيلاردا كۆپرەك بىرىنچى، ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسرالار ئۆزئالدىغا بىر خىل قاپىيە بولۇپ،

ئۈچىنچى مىسرا ئوچۇق (قاپىيەسىز) قالدۇرۇلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇبائىينىڭ AAAA قاپىيە شەكلىمۇ بار .

رۇبائىيچىلىقتا دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئۇتۇققا ئېرىشكەن كىشى پارس شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئۆمەر ھەييام ھېسابلىنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن 11 ــ ئەسىردە ئۆتكەن بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ رۇبائىيلار توپلىمى 1000 يىللاردىن بۇيان ئىنسانلار ئارىسىدا يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە . مەسىلەن :

كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە ،
بولىدۇ موھتاج ئۇ خۇشامەتكە .
ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار ،
ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە .

(ت . ئېلىيېۋ «تاللانما شېئىرلار» توپلىمىدىن)

**7 . مۇئەممما دېگەن نېمە؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ .**

مۇئەمما شېئىرىي تېپىشماق بولۇپ ، بۇ شەكىل قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە يازما ئەدەبىياتتا داۋاملىشىپ كەلمەكتە . مۇئەممانىڭ مىسرا تۈزۈلۈشى ۋە قاپىيە شەكلىدە مۇقىم ئۆلچەم بولمايدۇ . ئۇ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشنى ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش ۋە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۆز تارىخىدا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر خىل شېئىرىي شەكىل . جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ شەكىلمۇ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن تېخىمۇ بېيىدى ۋە تەرەققىي قىلدى . ئۇ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى ، تۈرلۈك شەيئىلەرنى مەزمۇن قىلغان ھالدا ، باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم شەكىللىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ ، ياش ــ ئۆسمۈرلەرنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەسەۋۋۇر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا . مەسىلەن :

يەر ئاستىدا تورۇق ئات ،
تېرىسىدۇر يەتتە قات .
سويماق بولساڭ سەن ئۇنى ،
يىغلايسەن كۈنى ــ تۈنى .

جاۋابى : (پىياز)

## 5 . «رۇبائىيلار» ھەققىدە

بۇ رۇبائىيلار 1988 ــ يىلى نەشر قىلىنغان «يېڭى رۇبائىيلار» دېگەن توپلامدىن ئېلىندى . قاپىيە شەكلى : ئۇدا قاپىيە . ئىجادىيەت ئۇسۇلى : رېئالىزم

ئاپتور ھەققىدە : ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ 1930 ــ يىلى قورغاس ناھىيەسىدە دىنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان . دەسلەپكى ساۋاتىنى ئائىلىدە چىقىرىپ ، 1938 ــ يىلىدىن 1948

يىلىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان، 1948 ـ يىلى غۇلجىغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، ئارمىيە ئورگىنىدا «ئالغا» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى بولغان، ئۇ 1980 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان. تېيىپجان ئېلىيېۋ 1989 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «كۈت مېنى»، «تاڭمۇ يېقىن»، «ۋالاقتەگكۈرۈپنىڭ ئۆلۈمى»، «تۇگىمەس ناخشا»، «يوللۇق ئالما»، «ۋەتەن هەققىدە غەزەل»، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باهار»، «مۇقام»، «يىغلىما»، «مەيلىمۇ» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇهىم تۆهپە بولۇپ قالغان.

شائىرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇهەممەت رەهىم ئەپەندى ئۇنىڭ شېئىر ـ داستانلىرىنى «تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى» دېگەن نامدا ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

**مۇهاكىمە ۋە مەشىق**

رۇبائىي تۆتلا مىسرادىن تۈزۈلۈپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شېئىرىي شەكىل. سىز يۇقىرىقى رۇبائىيلارنىڭ هەر بىرىدە قانداق هايات هەقىقىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى هەققىدە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ ۋە رۇبائىي هەققىدىكى چۈشەنچىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇڭ.

جاۋاب: رۇبائىي ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، هازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىمۇ خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. رۇبائىيدا شائىر ئۆز پىكىر ۋە تەسىراتلىرىنىڭ خۇلاسىسىنى ياكى كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان بىرەر يېڭى پەلسەپىۋى پىكىرنى بايان قىلىدۇ. تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ بۇ تۆت پارچە رۇبائىيسىدا كىشىلىك هاياتتىكى ناهايىتى ئەهمىيەتلىك پەلسەپىۋى هەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بىرىنچى رۇبائىيدا: شائىر نامەرد كىشىلەرنىڭ قورقۇنچاق كېلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ هېچقانداق شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان هەقىقەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قورقمايدىغىنى بار دېيىلسە، پەقەت نومۇستىنلا قورقمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى نامەرد، ئەخلاقسىز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشقا تەۋسىيە قىلغان.

ئىككىنچى رۇبائىيدا: قۇۋ، هىيلىگەر، نەيرەڭۋاز، پايدىنى كۆزلەپ، باشقىلارنىڭ زىيىنى بىلەن كارى بولمايدىغان ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەرنى قاتتىق قامچىلاپ، بۇنداق كىشىلەردىن يىراق تۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلغان.

ئۈچىنچى رۇبائىيدا: كىشىلەرنى كەمتەر، بىلىملىك بولۇشقا، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشكە چاقىرغان، يەنى شائىر ئوي ـ پىكرىنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويماي،

ئالدىنقى ئىككى مىسرادا مېۋىلىك دەرەخ بىلەن مېۋىسىز دەرەخنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز كۆز قارىشىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆتىنچى رۇبائىيدا: ئاشكارا دۈشمەن بىلەن يوشۇرۇن دۈشمەننىڭ كەلتۈرىدىغان خەۋپى سېلىشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنى قايسى خىل دۈشمەندىن بەكرەك ھەزەر قىلىش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

## 6. «بۇگۈن ۋە ئەتە» ھەققىدە

بۇ شېئىر شائىرنىڭ 2004 - يىلى نەشر قىلىنغان «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىنغان. تۆۋۈلۈشىدىن چاچما شېئىر. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: رېئالىزم

**ئاپتور ھەققىدە:** شائىر بۇغدا ئابدۇللا 1941 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لەنجۇدا بىر تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1960 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان.

شائىر بۇغدا ئابدۇللانىڭ «ئانا»، «تاغلارنى قۇچاقلاپ»، «تاش ئابىدىلەر»، «چۇغلۇق باللادىسى»، «سالغا تېشى» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بار. شائىرنىڭ «ئانا»، «چۇغلۇق باللادىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىزچىل تۈردە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. «بۇگۈن ۋە ئەتە» ناملىق شېئىردا شائىر بۇگۈن ۋە ئەتە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاخىرىدا ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ھالقىپ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا قايتىپ كېلىدۇ - دە:

يالغۇزلۇقتا كۆڭۈل شۇنداق ساپ،

ئۆزۈڭنىڭ دۇنياسى گۈزەل نەقەدەر» دەپ يازىدۇ. ئۇنداقتا، سىزنىڭچە شائىرنىڭ نەزەرىدىكى يالغۇزلۇقتىكى ساپ گۈزەل دۇنيا قانداق دۇنيادۇر.

**جاۋاب:** شائىر ئوبيېكتىپ دۇنيانى كۆزىتىدۇ، ئۇنىڭدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلاردىن، ئاۋارىچىلىكلەردىن بىزار بولىدۇ. ھەتتا رېئال دۇنيادىن ھالقىپ بىردەملىك ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىغا قايتىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ گۈزەل، غايىۋى دۇنياسىدا ياشاشنى ئىستەيدۇ، شېئىردىكى ئاشۇ ساپ گۈزەل دۇنيا بىزگە ئىختىيارسىز شائىرنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان ئۆزلۈك دۇنياسىنىڭ تولىمۇ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ گۈزەل دۇنيا، تەمەننادىن، جېدەل - ماجىرادىن، غوۋغالاردىن خالىي بولغان، ئۆز خاھىشى بويىچە ياشىيالايدىغان تىنچ، خاتىرجەم، شەخسنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولغان دۇنيانى كۆرسىتىدۇ.

2 . «بۇگۈن ۋە ئەتە» ناملىق شېئىرنى ئوقۇغاندا، شائىرنىڭ شېئىرىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى جەھەتتە، شېئىردا مەلۇم بوشلۇق قالدۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىڭىز. ئۇنداقتا بۇنى بىر خىل ئەۋزەللىك دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

**جاۋاب:** بۇ شېئىر «گۇڭگا شېئىر»لارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، پىكىردە سەكرەتمىلىك بار. بۇ خىل سەكرەتمىلىك تەبىئىي ھالدا مەلۇم بىر بوشلۇقنى بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇنى بىر خىل ئەۋزەللىك دەپ قاراشقا بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇرمەن جەزمەن ئىزدىنىپ، ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ پىكىر يۈرگۈزمىسە، شېئىر-دىكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ۋە دېمەكچى بولغان پىكىرنى بىلمەسلىكى، ھەتتا خاتا ئىنكاس قايتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. «گۇڭگا» شېئىرلاردىكى بۇ خىل سەكرەتمىلىك كىتابخانلارنى يېڭى - يېڭى شېئىرىي مەنىلەر ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## 7 . «يۇلتۇزلار يۇرتى» ھەققىدە

بۇ ئەسەر 1983 - يىلى يېزىلغان. خاراكتېرى: داستان. شېئىرىي شەكلى: مۇرەببە

**ئاپتور ھەققىدە:** شائىر ۋە ژۇرنالىست ئارسلان 1946 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيەسىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىك چېغىدىلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئانا يۇرتى ئاتۇشقا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاتۇشتا تاماملاپ، 1962 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغان. 1968 - يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «خوتەن گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. 1976 - يىلى 6 - ئايدىن تارتىپ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 50 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئارسلاننىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «ياشلىق يۇلتۇزلىرى» (1984 - يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى)، «ئۆلمەس تۇيغۇلار» (1988 - يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى) ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى، «يۇلتۇزلار يۇرتى» (1984 - يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى) ناملىق داستانى، «سېھىرلىك ھەيكەل» (1993 - يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى) ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمى بار. ئۇنىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. بەزى ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىش-كەن.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. تۆۋەندىكى مىسرا ۋە كۇپلېتلاردا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قايسى تەرىپى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن؟

يالقۇنتاغ يالقۇنلار بەرگەن قەلبىگە،
ۋە ئاچقان بورانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن يول.

كۆڭۈلگە يۈكسەك بىر تۇيغۇ ھۆكۈمران ،
تۇرۇپتۇ ئىلھامغا - ئويغا كۆمۈلۈپ .

مەن قۇملۇق ئىبدرنى ئاتلاپ يۈگۈردۇم ،
يېقىنلاپ باردىم ۋە شائىر يوقالدى .

مەن چىقتىم گۈزەللىك تاجى چوققىغا ،
يۇلتۇزلار كۆكسىگە بېشىم تاقالدى . .

جاۋاب : بۇ مىسرا ۋە كۇپلېتلاردا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەن ، خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى ، ئەركىنلىكى ، بەختى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان ۋە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان خاس ئالاھىدىلىكى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

2 . بۇ پارچىنى ئوقۇغىنىڭىزدا ، شائىرنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى مول تەسەۋۋۇرى ، شېئىرىي تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىزنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ . ئۇنداقتا سىز تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭ .

1 ) پارچىدىكى قايسى تەسەۋۋۇرلار سىزنى بەكرەك ھەيران قالدۇردى ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

جاۋاب : بۇ شېئىردا تەسەۋۋۇر ناھايىتى مول بولۇپ ، ھەربىر كۇپلېت ئاجايىپ شېئىرىي تەسەۋۋۇرغا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ . «مەن خالىق ئۇيغۇرنى ئىزدىدىم مىڭىپ» دېگەن مىسرادىن باشلاپ «ئەجدادلار چۆشىنى كۆرسەتتى ماڭا» دېگەن مىسراغىچە تەسەۋۋۇر ئىزچىللىققا ئىگە .

ئاسماندىن قاچتى ئاي ، قايغۇلىرىمغا
چىدالماي بۇ يەردىن قاچقاندەك گويا .
ھۆ تارتتى بوستانلار ، ئۆكسۈدى ۋادا ،
يىغلىدى بۇلۇت سۇ چاچقاندەك گويا .

دېگەن كۇپلېتتىكى شائىرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ «ئاي»نىڭ ئاسماندىن قېچىشى ، «بوستان»لار ، «ۋادا»لارنىڭ بۇلۇت سۇ چاچقاندەك يىغلىشى تولىمۇ ئەركىن ھەم دادىل تەسەۋۋۇرلاردۇر . بۇ خىل تەسەۋۋۇرلار ئوقۇرمەنگە نىسبەتەن چەكتىن ئاشقاندەك تۇيغۇ ئاتا قىلماستىن ، ئەكسىچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازىنى يارقىنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان .

2 ) پارچىنىڭ تىلى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ؟ بۇ ئالاھىدىلىكنى قايسى مىسرالار ئارقىلىق ھېس قىلدىڭىز ؟

جاۋاب : شائىر شېئىردا رىتورىك خىتاب ، رىتورىك سوئال ، ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ شېئىرنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرغان .

3 . داستانغا نېمە ئۈچۈن «يۇلتۇزلار يۇرتى»دەپ ماۋزۇ قويۇلغانلىقىنى چۈشىنىۋې-

لىك .

جاۋاب : مەزكۇر داستانغا «يۇلتۇزلار يۇرتى» دەپ ماۋزۇ قويۇشتىكى سەۋەب شۇكى ، ئەگرىتاغ باغرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئىچىدە تارىخى ئۇزۇن ، مەدەنىيەتلىك ، تارىختىن بۇيان باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەرلەر ، شائىر ، يازغۇچى ، ئالىملار ، شۇنداقلا ھەر ساھەلەر بويىچە مەشھۇر شەخسلەر كۆپ چىققان مىللەت ھېسابلانغاچقا ، داستانغا «يۇلتۇزلار يۇرتى» دەپ ماۋزۇ قويغان .

## 8 . «شېئىرلاردىن ئۈچ پارچە» ھەققىدە

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ «ياشىسۇن» ناملىق شېئىرىدىكى ئالقىش ـ مەدھىيەگە مۇيەسسەر بولغانلار قانداق ئادەملەر ؟ بۇنىڭدىن ئادىمىيلىكنىڭ قانداق ئۆلچەملىرىنى بىلەلىدىڭىز ؟

جاۋاب : ئالقىش ـ مەدھىيەگە مۇيەسسەر بولغانلار : ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ، يولەكسىزنى يۆلىگەنلەر ، ئاتىسىنىڭ ئەجرىنى تولىگەنلەر ، ئادالەتنى كۆيلىگەنلەر ، ۋەتەن ئۈچۈن ياشىغانلار ، غېرىبلارنىڭ بېشىنى سىلىغانلار ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئازمىغانلار ، مال ـ دۇنياغا ئادىمىيلىكنى تېگىشمىگەنلەر ، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلغانلار ، ئادىمىيلىك پەزىلەتنى يوقاتمىغانلار .

بۇنىڭدىن ئادەم ياشاش جەريانىدا پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىماستىن ، باشقىلارنىمۇ ئويلايدىغان ، باشقىلار ئۈچۈن ياشاشنى ئۆزىگە ئالىيجاناب روھ قىلىپ يېتىلدۈرگەن كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بىر خىل ئۈلگىلىك ئاتا قىلىپ ، كىشىلىك تۇرمۇشنى بىر خىل گۈزەللىككە چۆمدۈرۈپ باشقىلارغا ئىشەنچ ، ئۈمىد ، غۇرۇر ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز .

2 . ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئايدىڭ كېچە لىرىكىسى»دىكى :

«مۆجىزىدۇر تەبىئەت پۈتۈن ،
مۆجىزىدۇر ئايغا تەڭ جايلار .»

«ئاي سۆزلىدى ھۆسنىدىن داستان» دېگەن مىسرالاردا قانداق پىكىر ئالغا سۈرۈلگەن ؟

جاۋاب : دەسلەپكى ئىككى مىسرادا تەبىئەتتىكى گۈزەللىك كىشى ئەقلىنى لال قىلىدىغانلىقى ، ئايدىڭ كېچىدىكى گۈزەللىكنى بولسا ئاسماندىكى تولۇن ئاي شەكىللەندۈرگەنلىكى ئىپادىلەنگەن .

«ئاي سۆزلىدى ھۆسنىدىن داستان» دېگەن مىسرادا تولۇن ئاينىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ئارقىلىق گۈزەللىك داستانى ياراتقانلىقى ، بۇ گۈزەللىك داستانىنى ئادەمنىڭ ئوقۇغاسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدىغانلىقى ، بۇ گۈزەللىك داستانىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇن ئاينىڭ نۇرىغا چۆمگەن پۈتكۈل تەبىئەت تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

3 . شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىننىڭ «سەھەردىكى سەھرا» ناملىق شېئىرلىرىدا يېزا

بىلەن شەھەر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟

جاۋاب: سەھەر پەيتىدىكى سەھرا تۇرمۇشىنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان گۈزەل كارتىنىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىكى، يېقىملىقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە بىر تەرەپتىن، تىرىشچانلىق ۋە مېھنەت بىلەن تولغان، تەبىئەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ھاياتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

4. ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتتا سەھرا كىشىلىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىكى سەۋەب پەرەز شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ يەردە شائىرە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئاساسىنى نېمىدىن تاپقان؟

جاۋاب: ئەمگەك قىلىش، سەھەر تۇرۇش، خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئاپتور سەھرا كىشىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى، تېنىنىڭ ساق، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىكى سىرنى پەرەز قىلىپ يەتكەن.

# ئۈچىنچى بۆلەك
## نەسر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

**1. نەسر دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

«نەسر» دېگەن ئاتالغۇ كەڭ ۋە تار مەنىگە ئىگە. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىرىي يول بىلەن يېزىلمىغان، يەنى قاپىيەسىز، كۆپلىيت، مىسرالارغا ئايرىلماي يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەئەللۇق بولمىغان ھەرقانداق ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى نەسر بولسا شېئىرىي ئەسەرلەر، ئېپىك ئەسەرلەر، سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان، ھەم لىرىك، ھەم ئېپىك، ھەم دراماتىك ئەسەرلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ئۇيۇشتۇرغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىرنى كۆرسىتىدۇ.

نەسرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:

نەسر — ئەدەبىي ژانىرلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەركىن، ئەڭ جانلىق، ئەڭ ئىخچام بىر تۈر بولۇپ، ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى مول ھەم كەڭ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى خىلمۇخىل. نەسرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى «شەكلى تارقاق، ئەمما مەزمۇنى يىغىنچاق» دېگەن سۆزگە ئۇيۇشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) نەسرنىڭ ماتېرىيال تاللاش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ.

2) نەسر قويۇق لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ۋە كۈچلۈك ئوبرازچانلىققا ئىگە.

3) نەسرنىڭ كومپوزىتسىيەسى ئەركىن ۋە جانلىق بولىدۇ.

4) نەسرنىڭ ھەجمى ئىخچام، سەھىپىسى كىچىك بولىدۇ.

5) نەسرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ.

**2. نەسر قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

نەسرنىڭ تۈرلىرى: نەسر مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا قاراپ ئېپىك نەسر، لىرىك نەسر ۋە مۇھاكىمىلىق نەسر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**3. لىرىك نەسر دېگەن نېمە؟**

لىرىك نەسر — ئاپتورنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى لىرىك ھېسسىيات بىلەن بىۋاسىتە ئىپادە قىلىدىغان نەسر لىرىك نەسردۇر.

لىرىك نەسردە ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى مەلۇم بىر ۋەقەلىك، مەلۇم بىر مەنزىرە كۆرۈنۈشى ياكى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش جەريانىدا بىۋاسىتە ئىزھار قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ھېسسىيات مەنزىرە ئىچىگە سىڭدۈرۈلۈپ، مەنزىرە ئارقىلىق كۈچلۈك لىرىكا ئىپادىلىنىدۇ، كۆركەم مەزمۇن مۇھىتى يارىتىلىدۇ. بىراق، لىرىك نەسر ئېپىكلىق (ۋەقەلەر بايانى) نى چەتكە قاقمايدۇ، ئەمما ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدۇ.

**4. ئېپىك نەسر دېگەن نېمە؟**

ئېپىك نەسر — ئېپىك ۋەقەلەرنى (ئادەم ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى) تەسۋىرلەش ئاساس قىلىنغان نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىش، راۋاجلىنىش جەريانىنى ئۇقتىلىق ھالدا پېرسوناژلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي شەكىلدۇر. بۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ مۇكەممەل ھېكايە سۇژىتى بولۇشى تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، ئەمما مۇئەييەن پېرسوناژ ئوبرازى ئارقىلىق بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئېپىك نەسرلەردە ئىش ۋە ئادەملەرنى تەسۋىرلەش جەريانىدا لىرىكا بىلەن مۇھاكىمە ئۇسۇلى زىچ بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىكى لىرىكا ئاساسەن كونكرېت ۋەقەلەرنى سۈرەتلەش جەريانىغا تەبىئىي ھالدا سىڭىشىدۇ.

**5. مۇھاكىمىلىق نەسر دېگەن نېمە؟**

مۇھاكىمە بىلەن بايانىنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى قىلغان، ھەم سىياسىي خاراكتېرلىك، ھەم ئەدەبىي خاراكتېرلىك نەسرلەر مۇھاكىمىلىق نەسر دەپ ئاتىلىدۇ.

**6. مۇھاكىمىلىق نەسرلەر قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟**

1) مۇھاكىمىلىق نەسرلەردە جانلىق، ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى مەلۇم بىر تىپىك شەخس، ۋەقە ياكى مەلۇم كۆز قاراش ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېنىق كۆرسىتىلىپ، ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ ۋە مەلۇم ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ.

2) مۇھاكىمىلىق نەسرلەردە ئوخشىتىش، كىنايە، سۈپەتلەش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلىش ئارقىلىق، ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ئۈستىدە، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىپ، مۇئەييەن سىياسىي پوزىتسىيە ۋە مۇھاكىمە، نۇقتىئىنەزەرلەر ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

3) مۇھاكىمىلىق نەسردە ئېپىك نەسرنىڭ ئامىللىرىمۇ بولىدۇ. بەزىدە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن لىرىك نەسردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەردىنمۇ پايدىلىنىدۇ.

## 9. «ئانا تىلىم» ھەققىدە

بۇ ئەخمەت ئىمىنىنىڭ نەسرى بولۇپ، ئاپتورنىڭ 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ساداسى»ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى. خاراكېرى: لىرىك نەسر. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: رېئالىزم. ئاپتور ھەققىدە «مېنىڭ بىر كۈنۈم» ناملىق تېكىستكە قارالسۇن.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىڭ. تېكىستنى ئوقۇش جەريانىدا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى قانداق ئىپادىلىگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك

ۋە چوڭقۇر مەنىلىك، ئوبرازلىق سۆز ـ جۈملىلەرنى تاللاپ چىقىڭ.

جاۋاب: ① ئانا تىلىم، سېنىڭ ھەربىر تاۋۇشۇڭدا ئانامنىڭ يېقىملىق تىنىقلىرى بار؛ سېنىڭ ھەربىر ئۇرغۇڭدا ئانامنىڭ نەپەس ھېسسىياتىنىڭ ئۇرغۇشلىرى بار. سېنىڭ ھەربىر ياڭرىشىڭدا ئانامنىڭ غۇرۇرى بار، ئىپتىخارى بار.

② سەن ئارقىلىق ئورخۇن ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ سىرىنى ئوقتۇم. ئەجدادلىرىمنىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش تارىخى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ئۇنىڭدىكى غالىبلىقتا بولغان مەدھىيە كۈچلۈمنى يايراتتى، مەغلۇبىيەتكە ئوقۇلغان مەرسىيە يۈرىكىمنى قاقشاتتى.

③ شۇنداق! ئانا تىلىم — پاراسەتلىك، باتۇر، ئەمگەكچان مىللىتىمىزنىڭ تىلى! سەن ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈردۈڭ، سەن ماڭا نۇرغۇن ھېكمەتنى سىڭدۈردۈڭ، سەنسىز مەن مەۋجۇدىيىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، سەنسىز مەدەنىيىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

2. بۇ نەسردە ئاپتورنىڭ ئانا تىلغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى گۈزەل تىل، قايناق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەنگەن. سىز تېكىستتىن شۇ خىل ئىدىيەۋى ھېسسىيات ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بىرنەچچە جۈملىنى تېپىپ، ئاپتورنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى قانداق ئىپادىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ باقالامسىز؟

جاۋاب: ① مەن سەن ئارقىلىق ئانامنىڭ كەچمىشلىرىنى ئوقۇغان؛ سەن ئارقىلىقلا ئەجدادلارنىڭ كىملىكىنى ئوقۇغان؛ سەن ئارقىلىقلا ئانا ۋەتىنىمنىڭ نېمىلىكىنى ئوقۇغان.

② سەن ئارقىلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئوقۇدۇم، «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇدۇم، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»نى ئوقۇدۇم، قەدىمكى شېئىر ـ داستانلارنى ئوقۇدۇم، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن بىباھا ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئوقۇدۇم.

③ ھەر جۈملەڭدە بىر ھېكمەت، ھەر جۈملەڭدە زور قىممەت.

ھەر جۈملەڭدە بىر سەنئەت، ھەر جۈملەڭدە زور رىغبەت.

شۇنداق، سەن مەن ئۈچۈن قۇۋۋەت، سەن مەن ئۈچۈن قۇدرەت.

سەن مەن ئۈچۈن سۆلەت، سەن مەن ئۈچۈن دۆلەت!

ئۇيغۇرۇمنىڭ ئۆزگىچىلىكى دۇنيادا سەن بىلەن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. سەن گويا ئىنسانىيەت تىل دېڭىزىغا قۇيۇلۇپ تۇرغان بىر دەريا، ئىنسانىيەت دېڭىزىنىڭ شاۋقۇنلىرىدا سېنىڭ پىچىرلاشلىرىڭ بار. ئانا تىلىم!

يازغۇچى ئەخمەت ئىمىن يۇقىرىقى پارچىلار ئارقىلىق ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىققان قايناق ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىلەن ھەممىمىزنىڭ ئانا تىلى بولغان سۆيۈملۈك ئۇيغۇر تىلىنى چوڭقۇر تەرىپلىگەن، شۇنداقلا مىللىتىمىزنىڭ يىراق كەچمىشلىرى، شانلىق تارىخىنى، پارلاق مەدەنىيىتىنى ئاشۇ تەۋەررۈك تىل بىلەن بىلگەنلىكىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ بايان قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، خىسلىتىنى، ئىززىتىنى، غۇرۇرىنى، ئىپتىخارىنى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىغا باغلاپ چۈشىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3 . تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىرلىشىڭ .

1 ) «ئەي ئانا تىلىم ـ ئانىلىرىم سۆزلىگەن تىل ، ئاتىلىرىم سۆزلىگەن تىل ؛ سەن ئاكىلىرىم سۆزلىگەن تىل ، ئاچىلىرىم سۆزلىگەن تىل ؛ سەن ئىنىلىرىم سۆزلىگەن تىل ، سىڭىللىرىم سۆزلىگەن تىل ، سەن بالىلىرىمنىڭ تىلى ؛ سەن ھەممىمىزنىڭ تىلى ! ھەممىمىزنىڭ تىلى سەن بىلەن ؛ پەقەت سەن بىلەن چىققان . »

يۇقىرىقى لىرىكىلىق جۈملىلەردىكى «ئانا ، ئاتا ، ئاكا ، ئاچا . . . » قاتارلىقلار سۆزلىگەن تىل پەقەت شۇلارنىڭلا تىلىنى كۆرسىتەمدۇ ياكى باشقىچە مەنىسىمۇ بارمۇ ؟

جاۋاب : بۇ پارچىدا ئاپتورنىڭ «ئانا ، ئاتا ، ئاكا ، ئاچا» قاتارلىقلار سۆزلىگەن تىل دەپ تەرىپلىشىدە ئۇقۇم شۇلارنىلا كۆرسەتمەستىن ، بەلكى ئاشۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قېرىنداشلارنى كۆرسىتىدۇ . چۈنكى تارىخقا نەزەر تاشلايدىغان بولساق ، ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلگەن تىلدۇر .

مەسىلەن : قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن 10 ـ ئەسىرگىچە ھەممە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر چۈشىنىدىغان ئورتاق تىلغا ئايلانغان ؛ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى 10 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر چۈشىنىدىغان ئورتاق تىلغا ئايلانغان . چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى 14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە «چاغاتاي تىلى» ، «قەشقەر تىلى» دېگەن ناملاردا شەرقىي تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېھتىياجى ، ئالاقە ۋە ئىلىم ـ پەن ، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىۋاتىدۇ .

2 ) «ئاتامنىڭ ‹قارا ، بالام › دېگەنلىرىدىن مەن خۇددى تەرەپنى پەرق قىلىدىغان كومپاسقا ئېرىشىمەن .

ئانامنىڭ ‹ئويلا ، بالام › دېگەنلىرىدىن مەن خۇددى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتىدىغان مەشئەلگە ئېرىشىمەن .

جانانىمنىڭ ‹بېقىڭ جېنىم › دېيىشلىرىدىن مەن گويا چاڭقىغان يۈرەكنى سۇغىرىدىغان بۇلاققا ئېرىشىمەن .

بالامنىڭ ‹مانا دادا › دېيىشلىرىدىن مەن گويا مېنى كۆككە ئۆرلىتىدىغان قاناتقا ئېرىشىمەن . » يۇقىرىقى پارچىدا ئاپتورنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي ، ئادەتتىكى سۆزلەرنى تاللىشىدىكى سەۋەب ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭ .

جاۋاب : بۇ پارچىدا ئاپتورنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي ، ئادەتتىكى سۆزلەرنى تاللىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، ئادەمگە ھاياتنىڭ ھەقىقىي ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان سۆزلەر تۇرمۇشتىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاددىي سۆزلىرىدۇر ، تۇرمۇشتىكى ئاددىي سۆزلەر تۇرمۇشنى مول مەنىگە ئىگە قىلىدۇ ، ئاپتور شۇ سەۋەبتىن ئانا تىلىمىزدىكى دائىم دېگۈدەك ئىستېمال قىلىنىدىغان مانا مۇشۇنداق ئاددىي سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئانا تىلىمىزنىڭ قەلب تارىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سېھرىي قۇدرىتىنى نامايان قىلغان .

4 . سىز بۇ نەسرنى ئوقۇغاندىن كېيىن لىرىك نەسرنىڭ قانداق ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالدىڭىز ؟

جاۋاب : ئادەتتە ئاپتورنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتىنى لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئىپادە قىلغان نەسر لىرىك نەسر دەپ ئاتىلىدۇ . لىرىك نەسرنىڭ تىلى ئوبرازلىق بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ۋە مۇزىكىلىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇنى ئىخچام قىلىش ، تەپسىلىي ، نەپىس قىلىش ، شۇنداقلا كۆپ قاتلاملىق يوشۇرۇن مەنىلىك قىلىشمۇ مۇمكىن . لىرىك نەسرنىڭ تىلى جانلىق ، ئوبرازلىق بولغانلىقى ئۈستىگە شېئىرىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ ، يەنى لىرىك نەسرنىڭ تىلى شېئىرىي تىلدەك تاۋلانغان ، تاللانغان ، ئاھاڭدار بولىدۇ .

مۇشۇ قائىدە بويىچە «ئانا تىلىم» دېگەن بۇ لىرىك نەسرگە قارايدىغان بولساق ، ئاپتورنىڭ ئانا تىلىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز ، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي ھېسسىياتىمىزدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى كۆز قاراش ، پىكىر - چۈشەنچىلىرىنى جانلىق ، ئوبرازلىق ، ھېسسىياتلىق ، شۇنداقلا شائىرانە تىل بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

## 10. «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» ھەققىدە

بۇ ئەسەر 1927 - يىلى يېزىلغان . خاراكتېرى : لىرىك نەسر . ئىجادىيەت ئۇسۇلى : رېئالىزم .

**ئاپتور ھەققىدە :** جۇزىچىڭ (1898 — 1948)نىڭ ئەسلىي ئىسمى زىخۇا ، يەنە بىر ئىسمى زى پېيشۈەن ، لەقىمى چيۇشى . جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيەسىدىن . 1898 - يىلى جېجياڭنىڭ دۇڭخەي دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . 1903 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ياڭجۇغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . شۇڭا ، ئۇ ئۆزىنى «ياڭجۇلۇق» دەپ ئاتايدۇ . 1916 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىغا ئۆتكەن . شۇ يىللاردا ئىسمىنى زىچىڭغا ئۆزگەرتكەن . ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ، جېجياڭ ، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان ، 1948 - يىلى 8 - ئايدا بېيجىڭدا ۋاپات بولغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئاپتور نىلۇپەر كۆلىنىڭ قانداق مەنزىرىلىرىنى يازغان ؟ بۇ مەنزىرىلەر قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ؟ تېكىستتىن پىسخىك ھالەت تەسۋىرلەنگەن جۈملىلەرنى تېپىپ ، ئاپتورنىڭ كەيپىياتىنىڭ مەنزىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قانداق ئۆزگەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : ئاپتور نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسىنى يازغاندا ئۆزىنىڭ زىيارەت يۈنىلىشىنى يىپ ئۇچى قىلىپ ، ئىلگىرى - كېيىن نىلۇپەر كۆلىگە بارىدىغان خىلۋەت يول ، نىلۇپەر كۆلى ، ئاي شولىسى ، نىلۇپەر يوپۇرماقلىرى ، نىلۇپەر گۈللىرى ، گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ، كۆل سۈيى ۋە كۆل ئەتراپىدىكى دەرەخ قاتارلىق مەنزىرىلەرنى

يازغان ھەم بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى بىرمۇبىر يازغان . كۈندۈزدىمۇ «ئادەملەر ناھايىتى ئاز » ماڭىدىغان ، ئايدىڭ بولمىغان كېچىلىرى «ئادەمنىڭ سەل قورققۇسى كېلىدىغان »لىقى ئارقىلىق يولنىڭ خىلۋەتلىكلىكى يېزىلىپ ، كېيىنكى مەنزىرىلەر ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت كەيپىياتى يارىتقان . نىلۇپەر كۆلىنى يازغاندا ئاي شولىسىنىمۇ يېزىپ ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان . كۆل يۈزىنى يازغاندا بىر گۈل ، بىر يوپۇرماقنىلا يازماستىن ، بارلىق نىلۇپەر يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللىرىگىچە يازغان . ئاي شولىسى چۈشۈپ تۇرغان نىلۇپەرنىڭ يوپۇرماق ۋە گۈللىرى مەيىن شامالدا ئاستا تەۋرىنىپ ، «خۇددى چاقماق چاققاندەك بىر دەمدىلا كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتەتتى » ، شۇنداقلا يوپۇرماقلار «ئىنتايىن كۆركەم » كۆرۈنەتتى دەپ يازغان . ئاي شولىسىنى يازغاندىمۇ يوپۇرماق ۋە گۈللەرنىڭ ئاي نۇرىدىكى رەڭدارلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاي شولىسىنىڭ تولۇق چېچىلمىغانلىقى يېزىلغان . دەرەخ سايىلىرىنىڭ جىمىرلاشلىرى چىڭ تۇتۇلۇپ ، ئاي كۆلەڭگىسىنىڭ گۈزەللىكى يېزىلغان ؛ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى يازغاندا «يىراق ـ يېقىن » ، «ئوي ـ دۆڭلەرنىڭ ھەممىسى » ، «نىلۇپەر كۆلىنى قاتمۇ قات ئورىۋالغان دەرەخلەر ئىس ـ تۈتەكتەك كۆرۈنەتتى » ، «دەرەخلەر ئۈستىدىن يىراقتىكى تاغ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى » دەپ يازغان . سىرلىق رەڭدارلىق نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسىگە جىمجىتلىق ئىچىدە بىر گۈزەل شېئىرىي تۇيغۇ قوشقان بولۇپ ، يېقىندىكى مەنزىرىدىن يىراقتىكى مەنزىرىگىچە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

جۇزىچىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە زىيالىي . كۆز ئالدىدا جياڭ جيېشى «12 ـ ئاپرېل » سىياسىي ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . جۇڭگو ئىنقىلابى يەر ئاستى شەكلىگە بۇرالدى . ئۇ ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىشنى قوللىمايتتى ياكى قارشى تۇرمايتتى . بىراق يەنە ئىشچى ، دېھقانلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە بۇرۇلۇش پوزىتسىيەسى ۋە قىزىقىشىدىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى . رېئاللىققا رازى ئەمەس ھەم ئامالسىزلىق ھېس قىلاتتى . كۈندۈزدە ئۇنىڭ «چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ، چوقۇم سۆزلەشكە تېگىشلىك سۆزلەر »ى بار ئىدى . تېنى ئۆزىنىڭ ئەمەس ، تىلى ئەركىن ئەمەس ئىدى . پەقەت ئاي يورۇقىدا نىلۇپەر كۆلى بويىدا ئايلىنىش جەريانىدا ئۆزىنى «ئەركىن »لىككە ئېرىشكەندەك ، خۇددى «باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قالغاندەك » ھېس قىلىدۇ . بۇ خىل پىسخىك ھالەت ئاپتورنىڭ ئىدىيەۋى ئازابى ۋە يورۇقلۇققا بولغان تەلپۈنۈشىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . بىراق ئەينى دەۋردىكى تېررورلۇق قاپلاپ كەتكەن كونا جەمئىيەتتە ئاپتور ئۆز قەلب ئىزھارىنى بىۋاسىتە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمىغاچقا ، مەنزىرىلەر ئىچىدە يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشقا ئىمكان يوق ئىدى .

2 . ئەسەردىكى نىلۇپەر يوپۇرماقلىرى ، نىلۇپەر گۈللىرى ، گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ، ئاي شولىسى ، كۆل سۈيى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەشتە قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى تېپىپ چىقىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەردە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ .

جاۋاب : ئاپتور مەنزىرىلەرنى تەشكىل قىلىۋاتقان ھەربىر شەيئىگە نىسبەتەن تۇرلۇك

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنى كىتابخانلار ئالدىدا جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن، بەزى شەيئىلەرنى ئۆز سۆپىتى بىلەن روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولسا، بەزىلىرىنى كونكرېت شەيئىلەرگە ئوخشاتقان، بەزىلىرىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق ئوبرازلا۔شتۇرۇپ كۆرسەتكەن.

مەسىلەن: نىلۇپەرنىڭ يوپۇرمىقى «تاۋاق»قا ئوخشىتىلىپ، ئۇنىڭ قارامتۇل يېشىل رەڭگى بىلەن دۈگىلەكلىكى روشەن گەۋدىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ مەلۇم گىرادۇستا يانتۇ تۇرۇشى ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ كۆڭلىكىگە ئوخشىتىلغان.

نىلۇپەرنىڭ ئىچىلغان گۈلتاجىسىنىڭ نۇرلۇقلىقى مەرۋايىتلارغا ئوخشىتىلغان بولسا، زىچلىقى يۇلتۇزلارغا ئوخشىتىلغان.

يوپۇرماقلارنىڭ دالدىسىدا يېرىم ـ يارتا كۆرۈنگەن بەزى گۈللەر «ئۇياتچانلىق بىلەن مارىغاندەك» دەپ جانلاندۇرۇلغان.

سېخىيلىق بىلەن گۈل ـ گىياھلارغا چۈشۈۋاتقان ئاي شولىسى «خۇددى قويۇلۇۋاتقان سۇ»غا ئوخشىتىلغان بولسا، گۈل ئۈستىدىكى سۇس تۇمان نېپىز شايىغا ئوخشىتىلىپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا روشەن كەلتۈرۈپ بېرىلگەن.

ئاي شولىسىدا ئاقىرىپ كۆرۈنگەن يوپۇرماقلار «سۈتتە يۇيۇلغاندەك» دەپ ئوخشىتىلىپ روشەن قىياپەت ئالغان. كېچىدىكى قويۇق ئورمانلار ئىس ـ تۈتەككە، ئورمان ئارىلىقىدىن كۆرۈنگەن يول چىراغلىرى ئۇيقۇسىرىغان كۆزلەرگە ئوخشىتىلغان.

ئومۇمەن يۇقىرىقىدەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كۆل مەنزىرىسىنى خۇددى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغاندەك جانلىق، كونكرېت ھەم ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىش رولىنى ئوينىغان.

3. «ئانا تىلىم» بىلەن «نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» دېگەن ئىككى نەسرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ، قايسىسىدا ئاپتورنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىپادە۔لەپ، قايسىسىدا ۋاستىلىك ئىپادىلىگەنلىكى ھەققىدە ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ.

جاۋاب: «ئانا تىلىم» دېگەن نەسردە ئاپتور ھېسسىياتى بىۋاستە ئىپادىلەنگەن، «نىلۇ۔پەر كۆلىنىڭ ئايدىڭدىكى مەنزىرىسى» دېگەن نەسردە بولسا ئاپتور ھېسسىياتى ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن.

## 11. «گۈل ناخشىسى» ھەققىدە

بۇ ئەسەر 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ياش ۋە كۆلكە» ناملىق نەسرلەر توپلىمىدىن ئېلىنغان. خاراكتېرى: لىرىك نەسر.

**ئاپتور ھەققىدە:** جىبران 1883 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى لىۋاننىڭ شىمالىدىكى ئاقباش تاغلار ئوراپ تۇرغان بۇئىل يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1931 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «ياش ۋە كۆلكە»، «بوران»، «ساراڭ»، «مۇزىكا»

«ئاسىي روھ» ، «سۇنغان قانات» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان .

جىبران تاگورغا ئوخشاش قوش تىللىق يازغۇچى ، ئۇ ئەرەب تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى . ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى تۈپەيلىدىن غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنى يۇغۇرۇۋەتتى ، ئىجادىيەت جەھەتتە ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتتى ، ئۇنى «ياش ۋە كۆلكە» ، «بوران» ، «دۇردانىلەر» ، «ساراڭ» ، «قۇم ۋە بۇژغۇن» ، «دانىشمەن» ، «ئادەم بالىسى ئىسا» ، «سەرگەردان» ، «دانىشمەن بېغى» قاتارلىق نەسرىي شېئىر توپلاملىرىدا نامايان قىلدى . ئۇنىڭ ھېكايىلەر توپلاملىرى «مۇزىكا» ، «ئاسىي روھ» ، پوۋېستى «سۇنغان قانات» قاتارلىقلارمۇ شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەردۇر .

جىبران 20 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ ۋە ئەينى چاغدىكى دۇنيادىكى ئىنگلىز تىلىدا ئەسەر يازىدىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىنىڭ بىرى ، ھازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى ، ئەرەب نەسرچىلىكىنىڭ جۇملىدىن دۇنيا نەسرچىلىكىنىڭ پىرى ، ھازىرقى زامان ئەرەب ئەدەبىياتىدا نەسرىي شېئىر ژانىرىنى ياراتقان يازغۇچى ، ئۇ دۇنيادا يۇكسەك ئورۇنغا ئىگە شۆھرەتلىك ئۈچ شەرق يازغۇچىسىنىڭ بىرى (قالغان ئىككىسى ئۆمەر ھەييام ، رابىندرانات تاگور ) . 1981 ـ يىلى جىبران تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى ، ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ، مەدەنىيەت ، مائارىپ تەشكىلاتى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا جىبراننى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى مۇراجىئەت قىلدى . ئامېرىكا پارلامېنتى مەخسۇس جىبراننى خاتىرىلەش باغچىسى ياسىدى ، زۇڭتۇڭ بۇش ئۆز قولى بىلەن لېنتا كەستى ، ئەدەبىيات بىلەن رەسساملىق جىبراننىڭ سەنئەت ھاياتىدىكى قوش قانات ، جىبراننىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىدە پىروزا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ، كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىجادىيەتلىرىدە نەسرىي شېئىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ، بۇلاردىن باشقا يەنە شېئىر ، شېئىرىي دراما ، ئەدەبىي تەنقىد ، خەت ـ چەك قاتارلىقلار بار . «پەيغەمبەر» جىبراننىڭ دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە قەدەم قويغاندىكى كامالەتكە يەتكەن ئەسىرى بولۇپ ، 20 نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان . ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە 700 پارچە نادىر رەسىم ئىجاد قىلىدۇ ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئامېرىكا سەنئەت مۇزېيى ۋە لىۋاندىكى جىبران خاتىرە سارىيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئاپتور نەسرىي شېئىردا باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق گۈلنىڭ «كەچۈرمىشلىرى» نى تولىمۇ جانلىق تەسۋىرلىگەن . سىز تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ، ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىڭ .

1 ) بۇ نەسرىي شېئىردا ئاپتور گۈلنى نېمىلەرگە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان ؟

2 ) ئاپتور نەسرىي شېئىردا باغلانما تەسەۋۋۇر قىلغاندا قايسى خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىدىن ئەڭ ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ؟

جاۋاب : 1 ) ئۇقۇملارنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش قابىلىيىتى باغلانما ياكى ئۇلانما

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىككى ئۇقۇمنىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقىنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى باغلاش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاپتور بۇ نەسرىي شېئىردا گۈلنى تەبىئەتكە، يۇلتۇزغا، ئېلېمېنتلارغا، شامالغا، قۇياشقا، شەبنەمگە، قۇشقا باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغان.

2) «مەن ئاسماندىن يېشىل پايانداز ئۈستىگە ئېقىپ چۈشكەن يۇلتۇزمەن؛ مەن ئېلېمېنتلارنىڭ قىزىمەن؛ تۇپىنىڭ گۈلتاجىمەن؛ باھار ئېچىلدۇرىدۇ. مەن ھايات قالغۇچىنىڭ ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن قىلغان ئەڭ ئاخىرقى نەزىرلىكىمەن؛ مەن ئەتىگەندە سابا بىلەن بىللە نۇرنى قارشى ئالىمەن. كەچتە قۇشلار بىلەن بىللە ئۇزىتىپ قويىمەن؛ مەن تاڭ شەبنەملىرىدىن ھاسىل بولغان ئېسىل شارابنى ئىچىمەن...» كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور نەسردە باغلانما تەسەۋۋۇر قىلغاندا سىمۋول بىلەن ئوخشىتىشتىن ئەڭ كۆپ پايدىلانغان.

2. ئاپتور نەسرىنىڭ ئاخىرىدا «ھالبۇكى، بۇ پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى تېخى ئىنسانلار تولۇق چۈشىنىپ كەتكىنى يوق» دەپ يازغان. بۇ جۈملىدە ئاپتور قانداق پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى؟

پەلسەپىۋىلىك — شېئىر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەم ئۇنىڭ سەنئەت ئىچىدىكى يۈكسەك ئورنىنىڭ كاپالەتلەندۈرگۈچىسى، شېئىرلاردا پەلسەپىۋى مەزمۇن قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ كىتابخاننى تەسىرلەندۈرۈشى شۇنچە تېرەن ۋە ئۇزاققىچە سوزۇلىدۇ. بۇ نەسرىي شېئىرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا گۈلنىڭ ئوبرازى تەبىئەتنىڭ ئەركىسى سۈپىتىدە يارىتىلغان، ئاز بىر قىسىم جايلىرىدا ئەلچى ۋە بېغىشلىغۇچى ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلغان، ئاپتور گۈلنىڭ بايانى ئارقىلىق تەبىئەتتىكى بىر ـ بىرىگە قانۇنىيەتلىك ھالدا باغلىنىپ تۇرىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت رىشتىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. گۈل بەھرىلەنگۈچى ھەم تەقدىم قىلغۇچى! ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتلىق ئالىمىدىكى رولىنى ۋە ئورنىنى بەك روشەن بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بەھرىمەن بولۇپ ياشاش بىلەن تەقدىم قىلىپ ياشاشتىن ئىبارەت «پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى تېخى ئىنسانلار تولۇق چۈشىنىپ كەتكىنى يوق» دەپ خۇرسىنىدۇ. دېمەك ئاپتور بۇنداق دېيىش ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئۆزگىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى كىتابخانلارغا يورۇتۇپ بەرمەكچى.

## 12. «ئانا تۇپراق — گۆھەر زېمىن» ھەققىدە

بۇ نەسر ئەنەيتۇللا قۇربانىنىڭ «ئويغانغان چۈش» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى. خاراكتېرى: لىرىك نەسر. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: رېئالىزم.

**ئاپتور ھەققىدە:** ئەنەيتۇللا قۇربان 1958 ـ يىلى 1 ـ ئايدا توقسۇن ناھىيەسىنىڭ يىلانلىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى توقسۇندا ئوقۇغان. 1978 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1983 ـ

يىلى 2 ـ ئايدا ئوقۇشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان . ئۇ ھازىرغا قەدەر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ ، دوتسېنت .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ لىرىك نەسردە قىزغىن ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە جۈملىلەر ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، «پۈرىقىدا شۇ ناخشىنىڭ ھىدى ، ئۇستۇڭدە شۇ ناخشىنىڭ گۈللەردەك ئىزى . . .» ، «پۈرسام دادامنىڭ پۇشۇلداشلىرى ، ئانامنىڭ مۇڭ-لىنىشلىرى ئاڭلىنار سەندىن . . .» دېگەندەك . سىزمۇ ئەسەردىن يەنە ئاشۇنداق شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۆز ـ جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭ ۋە لىرىك نەسرنىڭ قانداق بولىدىغان-لىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

جاۋاب : «پۈرسام ، مومامنىڭ پۈرىقى ، بوۋامنىڭ تىنىقى گۈپۈلدەر سەندىن . . .» ، «تىڭشىسام ، تۇياق تىۋىشلىرى ، ئاياغ ئاۋازلىرى ئاڭلىنار سەندىن...» ، «پۈرسام مىليون يۈرەكلەرنىڭ ساڭا سىڭگەن سېغىنىشى گۈپۈلدەيدۇ . . .» ، «ئېھ ، ئانا يەر ! مۇقەددەس زېمىن ، شامال بولۇپ سېنى سۆيگۈم كېلىدۇ . . .» ، «تىڭشىسام ، سېنىڭ باغرىڭدىكى ماگمىغا قاراپ سىرغىۋاتقان قان تامچىلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايمەن . . .» يۇقىرىقى جۈملىلەردە ئانا تۇپراقنىڭ گۈزەل ۋادىلىرىغا ، مۇقەددەس تاغ ـ دەريالىرىغا ، ئانا تۇپراقنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى شانلىق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان ئىزنالىرىغا ، ئۇلۇغ بوۋىلىرى ، مومىلىرىغا بولغان ئوتلۇق سېغىنىشى ، پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئانا تۇپراقنىڭ مۇقەددەسلىكى ، بۈيۈكلۈكى ، ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ، ئانا تۇپراقتا بولغان مۇھەببەت ، مەدھىيەلەرنى ئېيتىپ تۈگەتكى-لى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئانا تۇپراقتا بولغان چەكسىز پەخىرلىنىش ھېسسى-ياتىنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇنىڭدىن لىرىك نەسردە قىسقا ، ئىخچام ، ئوبرازلىق سۆز ـ جۈملىلەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ، لىرىك نەسردە ئاپتورنىڭ مەلۇم بىر ۋەقەلىك ، مەنزىرە ، پېرسوناژلارغا بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى-نىڭ بىۋاستە ئىزھار قىلىنىپ ، ھېسسىيات مەنزىرە ئىچىگە سىڭدۈرۈلۈپ ، مەنزىرە ئارقىلىق لىرىك ھېسسىيات ئىپادە قىلىنىدىغانلىقىنى ، لىرىك نەسرنىڭ تىلى كۆركەم ، جانلىق ، تاللانغان ، يىقىملىق ، تەسۋىرگە باي ، شېئىرىي ھېسسىيات كۈچلۈك ، تىلى ئوبرازلىق بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ۋە مۇزىكىلىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ، لىرىك نەسردە سىم-ۋول ، ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ۋە لىرىك تەسەۋۋۇرلارنىڭ كەڭ قوللىنىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردە ئاپتورنىڭ قانداق ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى سۆز-لەپ بېرىڭ .

1 ) «ئېھ ئانا يەر ! مۇقەددەس زېمىن ، شامال بولۇپ سېنى سۆيگۈم كېلىدۇ ، بوراندەك سېنى ۋاراقلاپ ، قات ـ قېتىڭنى كۆرگۈم كېلىدۇ .»

2 ) «ئەي ئانا يەر . . . تەشنالىقىم قېنىۋالسۇن ، يۈرىكىم ئىگىرىغان سادالارنى ، تەر

بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ياڭرىغان ئەمگەك ئاھاڭلىرىنى ئاڭلىۋالسۇن ، چۈنكى ئۇ كۆلكىگە كۆنۈپ قېلىۋاتىدۇ . »

**جاۋاب :** بىرىنچى مىسالدا : ئاپتورنىڭ ئانا تۇپراقنىڭ تاغ ـ دەريالىرى ، چۆل ـ جەزىلىرى ، بوستانلىق ، يايلاقلىرى ، سەھرالىرىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

ئىككىنچى مىسالدا : نازۇك بىر چۈشەنچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، ئۇ بولسىمۇ راھەتپەرەسلىككە بېرىلىپ ، ياتلىشىپ كېتىۋاتقان مەنىۋى دۇنياسىنى ئويغىتىدىغان ، پاكلايدىغان ، تاۋلايدىغان كۈچنىڭ ئانا تۇپراقتىن كېلىدىغانلىقى ، يەنى ئانا تۇپراقنى ئەزىزلەش ، تۇپراقتا قان ـ تەر سىڭدۈرۈش ، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىنى توسۇش ، زىيانغا ئۇچرىشىنى ئازايتىش ھەققىدىكى ھەرىكەت ۋە تەشەببۇسلار تۇپراقنىڭ پەرزەنتى بولغان ئىنساندا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن .

## تۆتىنچى بۆلەك
## ئېپىك ئەسەرلەر توغرىسىدا

**1 . ئېپىك ئەسەر (پىروزا) دېگەن نېمە؟**

مۇكەممەل ، سىستېمىلىق ۋەقەلىك سۇژىتىنى بايان قىلىش ، كونكرېت مۇھىتنى تەسۋىرلەش ۋە تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر ئېپىك ئەسەر دېيىلىدۇ .

**2 . ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟**

1 ) ئېپىك ئەسەرلەر خىلمۇخىل پېرسوناژلارنى ھەر تەرەپتىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ .

2 ) ئېپىك ئەسەرلەر تېخىمۇ مۇكەممەل ، تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان سۇژىتنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ . ئۇنىڭ ھەجمى بىرقەدەر چوڭ ، سەھىپىسى ئۇزۇن ، ۋاقىت ، ئورۇن ، مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . پېرسوناژلار خاراكتېرىنى كەڭ ئېچىپ بېرەلەيدۇ .

3 ) ھەر خىل مۇرەككەپ مۇھىتنى كونكرېت تەسۋىرلىيەلەيدۇ . مۇھىت تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا بۆلۈنىدۇ .

**3 . ئېپىك ئەسەرلەر قانداق شەكىلدە يېزىلىدۇ؟**

كۆپىنچە نەسرىي شەكىلدە يېزىلىدۇ ، شېئىرىي شەكىلدە يېزىلىدىغان ئېپىك شېئىرلارمۇ ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ ئاممىللىرى بولىدۇ .

**4 . ئېپىك ئەسەرنىڭ قانداق ئامىللىرى بار؟**

ئۈچ ئامىلى بار : جانلىق پېرسوناژ ئوبرازى ، مۇكەممەل ۋەقە ـ سۇژىت ، پېرسوناژلار ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كونكرېت مۇھىت ، بۇنىڭ ئىچىدىكى پېرسوناژ ئوبرازى ئەڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر .

**5 . ئېپىك ئەسەرلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

ئېپىك ئەسەرلەر تېمىسىنىڭ دەۋرى بويىچە تارىخىي ئېپىك ئەسەرلەر ، ھازىرقى زامان ئېپىك ئەسەرلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . سەھىپىسىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ، ھەجمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ، پېرسوناژلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ھېكايە ، پوۋېست ، رومان دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**6 . ھېكايە دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى بىرەر مەسىلە ياكى ئۆز ھەجمىگە قارىغاندا كەڭ ۋە مۇرەككەپ مەزمۇننى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئېپىك ئەسەر ھېكايە دەپ ئاتىلىدۇ .

1 ) ھېكايىنىڭ ھەجمى كىچىك ، سەھىپىسى ئانچە ئۇزۇن بولمايدۇ .

2 ) مەزمۇنى جەھەتتە ھېكايىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى تەسۋىرلەنمەستىن ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى ، جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل كارتىنىسى

ئەمەس ، بىرەر مەركەزلىك ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ .

3 ) ھېكايىنىڭ سۇژىتى ئىخچام ، باش تېمىسى ئاددىي بولىدۇ .

4 ) ھېكايىنىڭ پېرسوناژلىرى ئانچە كۆپ بولمايدۇ ، كۆپرەك ۋەقەلىك بىر ئاساسىي باش پېرسوناژغا مەركەزلىشىدۇ .

**7 . ھېكايە قانچىگە بۆلۈنىدۇ ؟**

ئىككىگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) كىچىك ھېكايە . بۇنىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ ، بەزىلىرىدە ھەتتا ۋەقە بولماستىن ، پېرسوناژنىڭ مەلۇم بىر سورۇندىكى ھەرىكىتى سۆزلىنىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇنداق كۆرۈنۈش پېرسوناژنىڭ ناھايىتى جانلىق مەنىۋى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ .

2 ) كىچىك مىكرو ھېكايە . مەيلى ھېسسىيات ياكى ۋەقە ، پېرسوناژ ، مۇھىت بولسۇن ، ئۇنىڭ باش - ئاخىرى ، ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە يېزىش تەلەپ قىلىنمايدۇ ، مەلۇم يوشۇرۇنلۇق بولىدۇ .

**8 . پوۋېست دېگەن نېمە ؟**

سەھىپىسى ھېكايىدىن چوڭ ، روماندىن كىچىك بولغان ، رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان ئوتتۇرىچە ئېپىك ئەسەر پوۋېست دەپ ئاتىلىدۇ .

پوۋېستتا خېلى زور ھەجىم ۋە مۇرەككەپ سۇژىت بولىدۇ . ھېكايىگە سېلىشتۇرغاندا ، تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش يەنىلا بىرقەدەر كەڭ ، پېرسوناژلىرى بىرقەدەر كۆپ ، ۋەقەلەرمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ . پوۋېست ئاساسەن يەككە سۇژىت لىنىيەسى بويىچە راۋاجلىنىدۇ .

**9 . رومان دېگەن نېمە ؟**

ھەجىم جەھەتتىن چوڭراق بولغان ، كەڭ ۋەقەلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، بەلگىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ بىر پۈتۈن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلىگەن ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەڭ كارتىنىسىنى سىزىپ ، تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتالىغان چوڭ تىپتىكى ئېپىك ئەسەر رومان دەپ ئاتىلىدۇ .

**10 . رومان قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ؟**

1 ) روماننىڭ سەھىپىسى ئۇزۇن ، ھەجمى چوڭ بولغانلىقتىن ، يازغۇچى ۋەقەلىكنى ئېپادىلەشتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . نۇرغۇن پېرسوناژلارنى سىغدۇرالايدۇ . ئاساسىي پېرسوناژ بىلەن قوشۇمچە پېرسوناژلار ، ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلار بولىدۇ .

2 ) رومان ئەكس ئەتتۇرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش باي ، كەڭ بولغانلىقتىن ، روماننىڭ باش تېمىسى بىرلا بولماستىن ، ئۇنىڭدا ئاساسىي باش تېما ۋە قوشۇمچە باش تېما بولىدۇ . سۇژىتمۇ بىر لىنىيە بويىچە راۋاجلانماستىن ، بىر نەچچە لىنىيە چىرمىشىپ كەتكەن ھالدا راۋاجلىنىدۇ .

**11 . تارىخىي رومان قايسى شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولىدۇ ؟**

ئاپتوردىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ، تارىخ ئىچىدىن قاڭقىپ چىقىش ماھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ھەممىدىن ئاۋۋال چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت

قىلىدۇ .

تارىخىي رومانلار ھەم ھەقىقىي تارىخ ، ھەم بەدىئىي ئەسەر ، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسىدۇر .

## 13 . «بىر ئادەمگە نۇرغۇن زېمىن لازىممۇ» ھەققىدە

بۇ ئەسەر 1886 ـ يىلى يېزىلغان . خاراكتېرى : ھېكايە . ئىجادىيەت ئۇسۇلى : تەنقىدىي رېئالىزم .

ئاپتور ھەققىدە :لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي (1828 — 1910) رۇسىيەنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر يازغۇچىسى . ئۇ 1828 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى رۇسىيەنىڭ تۇلا ئۆلكىسىدىكى ياسنايا پولىيانا يېزىسىدا تۇغۇلغان . 1910 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋاپات بولغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

ھېكايىدە باخۇمنىڭ «يەرلا كۆپ بولغان بولسا ئالۋاستىدىنمۇ قورقۇپ قالمايتتۇق» دېگەن سۆزى ئالۋاستىنى خۇشال قىلىۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى باخۇمنى ئازدۇرۇشقا تۇتۇنىدۇ . ئاپتور مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئالۋاستىنىڭ ۋەسۋەسىسىنى ئارقىلىق باخۇمنىڭ ئىچىنى توختىماي چۇخچىلايدۇ . باخۇم گەرچە نۇرغۇن يەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئاقىۋەتتە ئىككى مېتىر يەرگىلا كۆمۈلىدۇ . تۆۋەندىكىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى .

1 . باخۇم قانداق ئادەملەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ كەچۈرمىشىدىن قانداق ھەقىقەتنى چۈشەندىڭىز؟

جاۋاب : ئەسەردىكى باخۇم ئەسلى زېمىندارلارغا يالىنىپ ، بەزىدە ناھەق جەرىمانە تۆلەپ ، ئۆز تۇرمۇشىدىن بىزار بولغان شەخس ئىدى . كېيىن بىر ئايال خوجايىنىڭ يەر سېتىۋاتقانلىقىنى قوشنىسى ئارقىلىق ئۇقۇپ ، 20 مو يەرنى يېرىمىنى نەق ، يېرىمىنى بىر يىللىق سۇرۇك بىلەن سېتىۋالىدۇ . ئۇنىڭ يەرگە بولغان تويماس نەپسى ، ھېرىسمەنلىكى ، قارا نىيەتلىكى ، نىشانسىز ئارزۇ ـ ئىستىكىنىڭ تۇرتكىسىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ تويماس ئارزۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن باشقىرتىن 1000 رۇبلىغا بىر كۈن يەر سېتىۋېلىپ ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن جىق يەرلەرنى ئارىلاپ ، قايتىپ كەلگۈچە ھالسىراپ قان قۇسۇپ ئۆلىدۇ . بۇنىڭدىن قارىغاندا ، باخۇم ، ئاچ كۆز ، نەپسانىيەتچى ، ئۆزى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىغان ، يانچىلىق تۇرمۇشنىڭ ھىمايىسىدە يەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتكەن ، نەزەر دائىرىسى تار ، مۇتەئەسسىپ ، جاھىل ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا مۆلچەرلىمەيدىغان ، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇغان ، «شەيتان»نىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالمايدىغان ، شەخسىيەتچى كىشىلەرنىڭ ۋەكىلى .

بۇنىڭدىن ئادەمنىڭ تويماس نەپسىنىڭ بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بالا ئىكەنلىكى ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكى ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىك

بىر ئادەمنىڭ خەتەرلىك دەۋرگە قەدەم باسقانلىقىنى ، بۇنىڭ ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ، ھەرقانداق كىشىدە ئىنساب ، دىيانەت ، ئىنسانغا خاس بولغان چەكلىك ئارزۇ - ئىستەك يېتىلىدىكەن ، ئۇ مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن ، ئۇ چوقۇم خۇشال - خۇرام ، بەختلىك ياشايدۇ ، ئەكسىچە بولسا ئادەمگە غايەت زور بالايىئاپەتلەرنى ، پاجىئەلەرنى ، تىراگېدىيەلەرنى ئەكېلىدۇ دېگەن كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقىتىنى چۈشىنىۋالدىم .

2 . ھېكايىدىكى ئالۋاستى ۋەسۋەسىسى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئالۋاستىنىڭ ۋەسۋەسىسگە ئارزۇ - ئارمان ۋە رىقابەتكە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلمايدۇ ؟

جاۋاب : ھېكايىدىكى ئالۋاستىنىڭ ۋەسۋەسىسى باخۇمنىڭ تويماس نەپسىنى ، قانائەتسىز روھىي دۇنياسىنى كۆرستىپ بەرگەن بولۇپ ، بىر ئادەم چەكسىز مۇلۈكنىڭ ئىگىسى بولۇپ بولالمايدۇ ، پەقەت ۋۇجۇدىدىكى چەكلىك قابىلىيەت ۋە كۈچنى مۇئەييەن مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغاندىلا ئاندىن بەختلىك بولالايدۇ ، ئادەمدە يېتەرلىك بايلىق بولۇش بىلەن بىرگە قېرىنداشلار ئارا مۇھەببەت بولمىسا بولمايدۇ ، كىشىلىك تۇرمۇشتا «شەيتان» نىڭ ئازدۇرۇشىغا كەسكىن تاقابىل تۇرمايدىكەن ، ھامان پاجىئەلىك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ دېگەننى چۈشەندۈرمەكچى . ئالۋاستىنىڭ ۋەسۋەسىسگە ئارزۇ - ئارمان ۋە رىقابەتكە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلماسلىقتىكى سەۋەب ، ئالۋاستىنىڭ ۋەسۋەسىسى بولسا ، ئادەمنى ھالاكەتكە ، تۇيۇق يولغا باشلاپ ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى تەلتۆكۈس يىمىرىپ تاشلاپ ، شەخسىيەتچى ، ئاچ كۆز ، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ، قانائەتسىز ، نەپسانىيەتچى ، روھىي دۇنياسى پۇل ، مال - دۇنيانى دەپ ئۆتكەن ھالەتكە ئەكەلگەچكە ، رىقابەتكە ، ئارزۇ - ئارمانغا مۇئامىلە قىلىنغاندەك مۇئامىلە قىلىنمايدۇ .

3 . ئاپتور ھېكايىدە يەنە باخۇمنىڭ باشقىرتلارنىڭ كىگىز ئۆيىدە كۆرگەن چۈشىنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ . بۇ ئىپادىلەشتىكى بىر ئۆزگىچىلىك ، ئاپتور ھېكايە راۋاجىنىڭ ئالدىغا نېمە ئۈچۈن بۇ چۈشنى قىستۇرىدۇ ؟ بۇ ئارقىلىق باخۇمنى نېمىگە دەۋەت قىلماقچى ؟

جاۋاب : باخۇمنىڭ باشقىرتلارنىڭ كىگىز ئۆيىدە كۆرگەن چۈشى يامانلىقنىڭ بېشارىتى ، چۈنكى چۈشىدە كۆرگەن دېھقاننىڭ ئۆلۈكى دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى ، سودىگەر باشقىرتلارنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ھالىتىدە چۈشىدە كۆرۈنۈشى ئەسلى باخۇمغا بېرىلگەن ئالدىن بىر سىگنال ئىدى . باخۇم ئەسلى ، ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان خېيىم - خەتەرنى ئازراق بولسىمۇ سېزىشى ۋە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىشى كېرەك ئىدى . لېكىن باخۇم يەرگە بولغان قۇللارچە ھېرىسمەنلىك ، ئاچ كۆزلۈك ، نەپسىنىڭ غەپلەتتە قالدۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ چۈشكە سەل قارايدۇ . بۇ چۈش باخۇمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى زىددىيەتنىڭ بىر ئىپادىسى ھەم ئەسەر كۇلمىناتسىيەسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى . بۇ ئارقىلىق باخۇمنى تويماس نەپسىدىن ، ئاچ كۆزلۈكتىن ، يەرگە بولغان قۇللارچە ھېرىسمەنلىكتىن ۋاز كېچىپ ، «شەيتان»نىڭ كەينىگە كىرمەسلىككە دەۋەت قىلماقچى .

## 14 . «ئاقچۇق سېيدا» ھەققىدە

ئاپتور ھەققىدە: شائىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم تىلەشوۋ ئۆتكۈر («ئۆتكۈر» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى) 1923 - يىلى 7 - ئايدا قۇمۇل شەھىرىدە بىر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىيات ساھەسىگە 1940 - يىللىرى شېئىرىيەت ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغىچە ئىزچىل شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇنىڭ «تاڭ شامالللىرى»، «ياخشى»، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» قاتارلىق شېئىرلىرى، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «قەشقەر كېچىسى» قاتارلىق داستانلىرى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ يەنە نەسر ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «دېڭىزدىن سادا»، «باش ئەگىم»، «شېئىر ۋە شائىر»، «قاشتېشىغا مەدھىيە» قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلەرنى يازغان. 80 - يىللاردىن تارتىپ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يۈكسەك تالانتىنى تارىخىي رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 20 - ، 30 - ، 40 - يىللاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنى يازدى. ئۇ يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق مۇھىم كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . تۆۋەندىكى دىيالوگلاردا قايسى پېرسوناژلارنىڭ قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۇرۇلگەن؟

1) «— ئۇ ياۋايىلار تاغ ئۆچكىلىرىنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا ماھىر بولغان بىلەن مېنىڭ زەمبىرەكلىرىم گۈمبۈرلىگەندە، بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن، مەن ئۇزۇمنى ئۇلارغا شۇنداق تونۇتۇپ قويايكى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە كىرىپىك كۆتۈرۈپ قارىيالمايدىغان بولسۇن، شىيەنتەي يامۇل بىلەن ئامبال ياموڵ ئاتخانىلىرىدىكى بېدە توغرايدىغان جادۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بارىدىغان ئاقچۇق سېيغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۇقتا ئۆلمەي قالغانلىرىنى شۇ يەردە توغراپ سايىنىڭ تېشىغا قوشۇۋېتەي!»

جاۋاب: يۇقىرىقى دىيالوگدىن ئەكسىيەتچى زالىم كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان سەلبىي پېرسوناژ چيەن دارىننىڭ ئىنتايىن پوچى، زالىم، قانخور، رەھىمسىز، مەغرۇر، مەنمەنچى، كۆرەڭ، قابىلىيەتسىز، مەمەدان خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن.

2) «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆزۈڭ تۇزۇڭ ئاتمايسەن، ئەمدى مېنىمۇ ئاتقىلى قويمايسەن؟ — دېدى تۆمۈر خەلپە ئاچچىقى بىلەن.

— ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن بىر كۆزى بىلەن تىرىك بېرىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى شامەخسۇت بىلەن جاڭجۇڭلارغا سۆزلەپ بەرگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپ كۈلدى خوجىنىياز پالگان.

— ئوھوي ، مەرگەنلىكنىڭ بىلەن دانىشمەنلىكنىڭمۇ جايىدا ئىكەن ، — دېدى تۆمۈر خەلىپىمۇ كۈلۈپ كېتىپ . »

جاۋاب : يۇقىرىقى دىيالوگلاردا بىر تەرەپتىن تۆمۈر خەلىپىنىڭ خەلق دۈشمەنلىرىدىن بىرنىمۇ تىرىك قويماسلىقتەك ئىدىيەۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرسە ، ئەڭ مۇھىمى خوجىنياز پالۋاننىڭ قورقۇمسىز ، قەيسەر ، تۈز كۆڭۈل ، باتۇر بولۇپلا قالماي ، ئىنتايىن ئەقىللىق ، زېرەك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن .

3 ) «— قېرىنداشلار ! كۆرۈۋاتىسىلەر ، ئىش يوغىناپ كەتتى ، ئەمدى ئۇرۇمچى چېرىكلىرىمۇ بىزنى يوقىتىشقا كەلدى . ئاق ئىت - كۆك ئىت ھەممىسى بىر ئىت . مەيلىگە قويۇپ بەرسە ، ھەممىسىلا ئادەم چىشلەيدۇ ؛ ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ چيەن دارىن دېگەن چوقۇر ئىككى ھارۋىغا جادۇ بېسىپ كېلىۋاتقۇدەك . بىزنى ئاقچۇق سېيىدا بېدە توغرىغاندەك توغراپ تاشلىغۇدەكمىش . »

يۇقىرىقى دىيالوگدىن تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئەلنىڭ خۇشلۇقىغا كۈلۈپ ، قايغۇسىغا يىغلايدىغان ، تەڭسىزلىككە ، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئىسيانكار روھقا يۇقىرى تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ، قوماندانلىق تالانتىغا ئىگە ، باتۇر ، قەيسەر ، قورقۇمسىز خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن .

4 ) ئەسەرنىڭ بېشىدا ئىنتايىن ئىنچىكە ، تەپسىلىي مۇھىت تەسۋىرى بېرىلگەن . ئاپتورنىڭ مۇنداق يېزىشتىكى مۇددىئاسى نېمە ؟

جاۋاب : شامەخسۇت چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تارىخىدىن بۇيانقى شەكىللەندۇرۇلگەن قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادى . ئاپتور ئۇنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كىتابخانلارنى ئېنىق تەبئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ . بىر قىسىم تارىخىي جەريانلار ئۇوردا تەسۋىرىگە ۋە باشقا مۇھىت تەسۋىرىگە يوشۇرۇن رەۋىشتە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن .

پىروزىدا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئۇنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىت بىلەن گىرەلەشكەن ھالدا قانات يايىدۇ . مەزكۇر تېكىستتىكى پېرسوناژلار بولسا ، تارىخىي شەخسلەر بولۇپ ، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش يازغۇچىدىن مۇئەييەن تەسەۋۋۇر كۈچىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىللە ، تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىچكە چۆكۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئاپتور ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى تىپىك تارىخىي شارائىتقا قويۇپ رېئال سۈرەتلەش ئۈچۈن كونكرېت مۇھىت تەسۋىرىنى بەرگەن .

5 ) ئەسەرنىڭ بېشىدا ئىككى پارچە ئېپىگراف بېرىلگەن ، ئۇنىڭ ئەسەر مەزمۇنى بىلەن قانداق باغلىنىشى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ .

جاۋاب : تېكىستنىڭ بېشىدا ئىككى پارچە ئېپىگراف بېرىلگەن . ئۇنىڭ باشتىكىسى يەنى ،

كۆر ئىتقا بولۇۋەرسە باش ئارسلان ،
بولۇر ھەممە ئىتلار ئارسلانسىمان .

گەر بولسا ئىت ئارسلانغا باش،

بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

بۇ ئاساسەن تۆمۈر خەلپىگە ئوخشاش ئەزىمەتكە ئەگەشكەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باتۇرانە ئىش - ئىزلىرىغا قارىتىلغان. ھەرقانداق بىر ئاجىز كۈچكە دانا، ئەقىللىق، باتۇر، يىراقنى كۆرەرلەر رەھبەرلىك قىلسا چوقۇم نۇسرەت قازىنىدۇ. كۈچلۈك، جاسارەتلىك كۈچكە قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز، يىراققا نەزەر تاشلىمايدىغانلار رەھبەرلىك قىلسا ھامان مەغلۇپ بولىدۇ دېگەننى بىلدۈرمەكچى. كېيىنكى ئېپىگرافتا يەنى: «مەغرۇر قوماندان چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ». بۇنىڭدا چيەن دارىن، يۈەن داخۇادەك خەلقنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە سەل قارايدىغان، كۆرەڭ، نادان ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئاخىر خەلقنىڭ قۇدرىتى تەرىپىدىن مات بولۇشىدەك ئاقىۋەتكە ئىشارە قىلىنغان.

2. بۇ تېكىست تارىخىي روماندىن ئېلىنغان پارچە بولۇپ، تارىخىي رومان تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت. ئۇنداقتا سىز ئەسەرگە ئاساسەن، تارىخىي روماننىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

**جاۋاب:** تارىخىي رومان تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومان بولۇپ، چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا ھەم ھەقىقىي تارىخ، ھەم ئەدەبىي ئەسەر، يەنى تارىخشۇناسلىق بىلەن رومانچىلىق سەنئىتىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى، شۇڭا تارىخىي رومانلار ھەممىدىن ئاۋۋال تارىخىي چىنلىقنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئاپتوردىن تارىخ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ۋە تارىخ ئىچىدىن ھالقىپ چىقىش ماھارىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 15. «بوۋاي ۋە دېڭىز» ھەققىدە

بۇ ئەسەر 1952 - يىلى يېزىلغان. خاراكتېرى: پوۋېست. ئىجادىيەت ئۇسۇلى: رېئالىزم.

**ئاپتور ھەققىدە:** ئېرنېست ھېمىڭۋاي (1899 — 1961) ئامېرىكا ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ چىكاگو شەھىرىدە بىر دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى بېلىق تۇتۇشقا ۋە ھەر خىل تەنھەرىكەتلەرگە ھېرىسمەن ئىدى، ئانىسى مۇزىكا ئاڭلاش ۋە رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدى. ھېمىڭۋاينىڭ مىجەز - خاراكتېرى، قىزىقىشى ئاتا - ئانىسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. 1917 - يىلى ئوتتۇرا مەكەپنى پۈتكۈزگەندە، ئامېرىكا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى ياخشى بولمىغاچقا ئەسكەرلىككە كىرەلمەي، كانزاس شەھىرىدىكى «يۇلتۇز گېزىتى»دە پىراكتىكانت مۇخبىر بولىدۇ. گېزىتخانا خەۋەر يازغاندا «قىسقا جۈملىلەرنى ئىشلىتىش»، «تىلنى جانلىق ئىشلىتىش» تەلىپىنى قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولىدۇ.

ياندۇرقى يىلى، ھېمىڭۋاي ياشلارغا خاس ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان ئادالەت تۇيغۇسى ۋە قىزىقىش تۈرتكىسىدە قەلەمنى تاشلاپ جەڭگە كىرىدۇ. قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ

ئاپتوموبىل ئەترىتىگە ئەگىشىپ ئىتالىيەنىڭ گېرمانىيەگە قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە باردۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رىۋايەت تۈسىدىكى ھاياتىنىڭ تۇنجى پەردىسى ئېچىلدۇ. ئۇ جەڭگاھلاردا تولىمۇ باتۇر، قورقۇمسىزلىقىنى نامايان قىلدۇ، بەدىنىنىڭ كۆپ يېرى يارىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىتالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى يارا ئىزى بېسىپ كەتكەن ھالەتتە ۋەتىنىگە تولىمۇ گاڭگىرىغان ھالەتتە قايتىپ كېلىپ، كونا كەسپىنى باشلاپ، يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن پارىژغا بارىدۇ ۋە فىرانسىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى ستېين، پاند ۋە پىتسجىرالد قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، ئىجادىيەتتە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. 1926 ـ يىلى، ئۇنىڭ «قۇياش ئاۋۋالقىدەكلا كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن رومانى يورۇقلۇققا چىقىپ، ھېمىڭۋاينى ياۋروپا ـ ئامېرىكا سەھنىسىدىكى كاتتا يازغۇچىغا ئايلاندۇردۇ. بۇ روماندا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد غەرب ياشلىرىدىكى گاڭگىراش، ئېسەنگىرەشتەك روھىي ھالەت ئىپادىلەنگەن. رەھىمسىز ئۇرۇش ئۇلارنىڭ كىشىلىك غايىسىنى بەربات قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەرتىپسىز تۇرمۇش ئىچىگە غەرق بولۇپ، ھاياتى ۋە ياشلىق باھارىنى خورىتىۋېتىدۇ. ئايال يازغۇچى ستېين بۇ رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھېمىڭۋاينى «گاڭگىرىغان بىر ئەۋلاد» دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ «گاڭگىرىغان بىر ئەۋلاد»نىڭ ۋەكىللىك يازغۇچىسىغا ئايلىنىدۇ. 1929 ـ يىلى، ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا، قورال» ناملىق رومانى نەشر قىلىنىدۇ. بۇ، ئۇرۇشقا كۈچلۈك قارشى تۇرۇش ئىدىيەسى بىلەن تولغان ئەسەر ئىدى. ئەسەردە ئامېرىكىلىق ياش ھېنرى بىلەن ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى سېستىرا كاتېرىنىنىڭ مۇھەببەت تىراگېدىيەسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدامچىلىقى ۋە ئېچىنىشلىقلىقى ئىپادىلىنىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ ياش بىر ئەۋلادنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزىنى گۇمران قىلغانلىقى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. ھېنرى «گاڭگىرىغان بىر ئەۋلاد»نىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ، ئەسەردە ئۇنىڭ ئۇرۇشتا پىدائىي بولغانلىقى، ئۇرۇشتىن بەزگەنلىكى، ئاخىرىدا ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدەك جەريان تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەر ۋەقەلىكى تولىمۇ چىن ۋە تەسىرلىك، ئەمما مۇشۇ بالايىئاپەتتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماسلىقتەك ئۈمىدسىز كەيپىياتمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەسەردىكى تېلېگرامما شەكلىدىكى دىيالوگلار، چىگىش ۋەقەلىكلەر ھېمىڭۋاينىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ھېمىڭۋاي يەنە بىر قاتار ھېكايىلەرنى يازىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە «فرانسىس ماكامىنىڭ قىسقىغىنە كۆڭۈللۈك ھاياتى» بىلەن «كىلىمانجارودىكى قار» ناملىق ھېكايىلىرى داڭلىق. ئالدىنقىسى يېزىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ تولىمۇ جايىدا جىپسىلاشقانلىقى بىلەن مەشھۇر. كېيىنكىسى تىپىك ئاڭ ئېقىمىدىكى ھېكايە بولۇپ، يازغۇچى خارسىنىڭ ئويغاق ۋاقتى بىلەن ھوشىدىن كەتكەن چاغدىكى ئىككى خىل ئېڭىنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ، كۆز يۇمۇشتىن ئىلگىرى ئۆز ھاياتى ھەققىدە ئويلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ھېمىنگۋاي ئۆزىنىڭ قىزغىن تۇتقان «گاڭگىراش» ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، فاشىستلارغا قارشى تۇرۇش جېڭىدە باشتىن - ئاخىر ناھايىتى تېتىك، جانلىق ھالەتتە تۇردى، جەڭدە ھەم ئۆزىنىڭ ئادالەت تۇيغۇسىغا ئىگە مۇخبىر ئىكەنلىكىنى، ھەم فاشىستلارغا قارشى جەڭچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. ئىسپانىيە خەلقى فرانكو فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان دەۋردە، ئۇ كۆپ قېتىم ئىسپانىيەگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشىنى قىزغىن قوللايدۇ. 1941 - يىلى باھاردا، جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدە ئالتە پارچە ئەدەبىي ئاخبارات يازىدۇ. 1944 - يىلى ياۋروپاغا زىيارەتكە بارغاندا، «جەڭگاھ مۇخبىرلىرى ئۇرۇشقا قاتناشسا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، پارىژنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە ئىسپانىيە خەلقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشىنى مەدھىيىلىگەن «ماتەم قوڭغۇرىقى كىم ئۈچۈن چېلىندى» ناملىق رومانىنى ئېلان قىلدى. روماندىكى باش پېرسوناژ روبېرت جوردان ئامېرىكىلىق ياش ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇ ئىسپانىيەنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشىغا پىدائىي بولۇپ قاتنىشىدۇ. ئەسەردە ئۇ دۈشمەن ئارقا سېپىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، پارتىزانلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۆۋرۈكنى پارتلىتىشىغا ھەمدەم بولۇپ، ئۆلۈمگە پەسەنت قىلماستىن فاشىستلارغا قارشى كۈرەش قىلىش روھىنى ئىپادىلەيدۇ. ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالسىمۇ يەنىلا: «دۇنيا تولىمۇ گۈزەل، دۇنيا ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تولىمۇ ئەرزىيدۇ» دەپ قارايدۇ. جوردان ھېمىنگۋاينىڭ قەلىمىدە «قەيسەرلىك»تە تولىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن بىر ئوبراز. ئەسەردە جورداننىڭ پەقەت ئۈچ كۈن ئىچىدىكى پائالىيىتى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاڭ ئېقىمى ئۇسلۇبى قوللىنىلىپ، باش پېرسوناژنىڭ ئىچكى مونولوگى ئارقىلىق رېئاللىق بىلەن ئۆتمۈش چەمبەرچاس باغلىنىدۇ، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئەسلىنىپ، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇشقا بولغان قارىشى ۋە پوزىتسىيەسى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، ئەسەرنىڭ بايان ئۇسلۇبىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرىدۇ ۋە جىپسىلاشتۇرىدۇ.

1945 - يىلى، ھېمىنگۋاي دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، كۇبانىڭ ھاۋانا شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئۇزاق مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ 30 - يىللاردىكى خەتەرلىك تۇرمۇشىنى يەنە ئەسلەپ، دائىم دېڭىزلارغا بېلىق تۇتقىلى، ئافرىقىغا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلىغىلى بارىدۇ. ساياھەت داۋامىدا، ئۇ ئىككى قېتىم ئايروپىلان ھادىسىسىگە يولۇقىدۇ. ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىدە نۇرغۇن جاراھەت ئىزى قالىدۇ. ئىجادىيىتىدە بىر مەزگىل چېكىنىش يۈز بېرىدۇ. لېكىن، 1952 - يىلى ئېلان قىلىنغان «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق پوۋېستىدا ئىلگىرىكى شۆھرىتىنى يەنە تېپىۋالىدۇ ۋە 1954 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ تېنىنى كۆپ خىل كېسەللىك چىرمىۋالىدۇ، كونا يارىسى قايتا قوزغىلىدۇ، سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ناچارلىشىپ، يېزىقچىلىق قىلىشقا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە ئاخىر 1961 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئېۋادا ئىشتاتىدىكى داچىسىدا ئۆزىنى

ئۆلتۈرۈۋالىدۇ .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . سانتىياگو قانداق بوۋاي ؟ سىزنىڭچە ئۇ غەلىبە قىلدىمۇ ياكى مەغلۇپ بولدىمۇ ؟ كىشىلىك ھاياتتىكى غالىبلىق ياكى مەغلۇبىيەتنى زادى قانداق ئۆلچەش كېرەك ؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ بېقىڭ .

جاۋاب : سانتىياگو — تەقدىرگە باش ئەگمەيدىغان ، مەيلى قانداق جاپالىق مۇھىتتا بولسۇن ، باتۇرلۇقىغا ، غەيرەت - جاسارىتىگە ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ كۈرەش قىلىغان ، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىمۇ ئۆز نىشانى ، ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمەيدىغان باتۇر ، قەيسەر كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى . سانتىياگو ئۆزى يالغۇز دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى چىقىدۇ ، لېكىن تەلىيى كەلمەي ، ئۇدا 84 كۈن بىرەر تالمۇ بېلىق تۇتالمايدۇ . ئەمما ئۇ قىلچە بوشاشماي دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئۈچ كۈندۈز ، ئىككى كېچە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىر چوڭ سەقەنقۇر بېلىقىدىن بىرنى تۇتۇۋالىدۇ ، ئەمما دېڭىزدىن قايتىش سەپىرىدە سەقەنقۇر بېلىقىنى لەھەڭ يەپ كېتىدۇ . ئاددىي نەزەر بىلەن قارىغاندا ، ئۇ بەلكىم مەغلۇبىيەتچى بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ئەسەرگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ ، كىشىلىك تۇرمۇشقا تەتبىقلىساق ، ئۇ ھەقىقەتەن بىر غەلىبە قىلغۇچى ، چۈنكى ئۇ ئۆز غۇرۇرىنى ، ۋىجدانىنى قوغدىدى ، ھەرقانداق جاپالىق مۇھىتتا بولسۇن ئۆز تەقدىرىدىن قىلچە ۋايسىمىدى . يازغۇچىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرمەكچى بولغىنىمۇ دەل سانتىياگونىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېگىلمەس - سۇنماس ، تەقدىرگە باش ئەگمەيدىغان قەھرىمانلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇش .

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن مەغلۇبىيەت قانداق ئۆلچىنىشى كېرەك دېگەندە ، كىشىلىك ھايات يولى تولىمۇ مۇشەققەتلىك ، ئەگرى - توقايلىقلار بىلەن تولغان بولىدۇ . كىشى تۇغۇلۇش بىلەنلا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي خىرىسلارغا دۇچ كېلىپ ئاشۇ رەھىمسىز كۈرەشتە ئۆز جىسمىنى ھالاك قىلسىمۇ ، لېكىن يۈكسەك كۈرەش ئىرادىسى ۋە ھەرقانداق خەتەرلىك توسالغۇلار ئالدىدىمۇ تىز پۈكمەيدىغان روھلا بولىدىكەن ، ئۇ كىشى مەڭگۈ غالىبىيەتچىدۇر . شۇڭا قىيىنچىلىق ۋە شۇم تەقدىرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلۇق ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش لازىم .

2 . ھېمىڭۋاينىڭ ھېكايىلىرىدە تۈز ھەم مۇۋاپىق بايانلار ۋە جانلىق ، روشەن دىيالوگلار كۆپ قوللىنىلغان بولۇپ ، تىلى راۋان ، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ، تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاستىن ئاپتورنىڭ تىل جەھەتتىكى بۇ ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىپ بېقىڭ .

1 ) «لەھەڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس . بىرمۇنچە قارامتۇل قان بىر ئىنگلىز مىلى چوڭقۇرلۇقتىكى سۇغا چۆكۈپ تارىلىشى بىلەن چوڭقۇر سۇدىكى لەھەڭ ئوقتەك ئۈزۈپ زۇمرەتتەك سۇ يۈزىگە چىقتى ، كۈننىڭ نۇرىنى كۆرۈپلا يەنە سۇغا يوشۇرۇنۇپ پۇراپ ئىز قوغلاپ كېمە كېتىۋاتقان يۆنىلىشكە قاراپ ئېتىلدى .»

2 ) «لەھەڭلەر تەڭلا كېلىپ ، بىرى ئاۋۋال ئۆلۈك بېلىقنىڭ كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان قورسىقىغا ئېتىلدى . بوۋاي كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ لەھەڭنىڭ يوغان بېشىغا جېنىنىڭ بارىچە ئۇردى . كالتەك خۇددى قاتتىق رېزىنكە ياكى تۆمۈردەك قاتتىق ئۇستىخانغا

ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلدى، لەھەڭ بېلىقنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقاندا بوۋاي ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا يەنە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى.»

جاۋاب: 1) بۇ ئابزاستا لەھەڭنىڭ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىشى ئەھۋالىنىڭ تولىمۇ جەددىيلىكىنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ ھامان نامايان قىلىدۇ. پىشقان بايانلار ۋە تاۋلانغان تۇرمۇش سۆزلىرى بۇنى ئوقۇغان كىشىدە ئۆزىنى گويا شۇ مەيداندا تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. ئەسەردە دەبدەبىلىك سۆز - جۈملىلەر ئىشلىتىلمىگەن. ئەسەرنىڭ جۈملىلىرى ئىخچام، سۆزلىرى دەل ۋە جانلىق بولۇپ، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

2) بوۋاينىڭ لەھەڭ بىلەن ئېلىشقاندىكى ۋەقەلىكى تولىمۇ جانلىق تەسۋىرلەنگەن، بۇ ئوبراز بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگەن. بۇ تەسۋىرلەرنى بوۋاي ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، لېكىن ئوقۇرمەن مۇشۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇغاندا، ئىختىيارسىز بوۋايغا ئوخشاش ھېسسىياتقا كېلىدۇ، ئوخشاش ۋەھىمىگە چۈشىدۇ، ئوخشاش جەددىيلىشىدۇ، ئوخشاش ھۇزۇرلىنىدۇ، بۇ خىل ھېسسىياتنى ئاپتور بىۋاسىتە ئاشكارىلىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنى ئاددىي، تېز ھەرىكەتلەر ئىچىگە، تەبىئىي بايانلار ئىچىگە يۇغۇرۇۋېتىپ، ئوقۇرمەننىڭ ئۆزىگە ھېس قىلدۇرىدۇ.

3. بۇ ئەسەردە ۋەقەلىك بايان قىلىنىش بىلەن بىللە يەنە پېرسوناژنىڭ ئىچكى مونولوگىمۇ كۆپلەپ بېرىلگەن، ئاشۇنداق جايلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ۋە ئەسەرنىڭ باش تېمىسىنى يورۇتۇشتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ.

«نېمىلا بولسۇن بېلىقىمغا چاڭ سالغان لەھەڭنىڭ جېنىنى ئالدىم. ئەزەلدىن بۇنداق چوڭ دېنتوسونى كۆرمىگەن ئىكەنمەن. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ لەھەڭلەر بارمۇ تېخى»، «تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، سەن ئۇنى يوقاتمىساڭ، ئۇ سېنى يوقىتىدۇ، بېلىقلار بىر تەرەپتىن مېنى باقسا، يەنە بىر تەرەپتىن مېنى ھالاك قىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى زىيادە ئالدىماسلىقىم كېرەك»، «كېيىنكى لەھەڭنىڭ بېلىقىمنى قانچىلىك يەپ كەتكەنلىكىنى خۇدا بىلىدۇ، ئىشقىلىپ كېمە ھازىر يەڭگىللەپ قالدى»... بۇ مونولوگلار يالغۇز باش پېرسوناژنىڭ قەلبىدىكى ئىپتىخارلىق، غەيرەت - جاسارەت ۋە ياردەمگە ئىنتىلىشتەك تەنھالىق تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى تۈسنى پارلىتىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى بېيىتىپ، پوۋېستىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

## فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

**1. فونېتىكا دېگەن نېمە؟ قانداق مەنىدە قوللىنىلىدۇ؟**

فونېتىكا — گرېكچە «Phone» (تاۋۇش، ئۈن) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئۇ تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى، رۇس تىلى ئارقىلىق تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. ھازىر بۇ ئاتالغۇ «تىل تاۋۇشلىرى» ۋە «تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن» دېگەن مەنىلەردە

قوللىنىلىدۇ.

**2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېگەن نېمە؟ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىلدا پەيدا بولۇش ئورنى ۋە شۇ تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىش ۋاقتىدىكى لەۋنىڭ ھالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېيىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

**3. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى دېگەن نېمە؟ مىسال.**

تۈپ سۆزلەردىكى، شۇنىڭدەك تۈپ سۆزلەر بىلەن تۈپ سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئانار، ئارغامچا، بايراق، تاختاي باھاسى، ھاياجانلاندۇرۇش، ئۆيگە، مەكتەپكە

**4. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشى دېگەن نېمە؟ مىسال.**

سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ئاساسىدا يەنە لەۋ ھالىتى جەھەتتىنمۇ ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش پەقەت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك.

تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۆز — كۆزۈم، كۆزۈڭ، كۆزلۈك

ئۆرۈك — ئۆرۈكۈم، ئۆرۈكۈڭ، ئۆرۈكلۈك

ئۈزۈك — ئۈزۈكۈم، ئۈزۈكۈڭ، ئۈزۈكلۈك

تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە شۇنداقلا ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بوي — بويۇم، بويۇڭ

ئوغۇل — ئوغلۇم، ئوغۇللۇق

ئويۇنچۇق — ئويۇنچۇقۇم، ئويۇنچۇقۇڭ

ئارا سوزۇق تاۋۇش «ى، ې»لارنىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىدە ئىككى خىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىدۇ:

ئارا سوزۇق تاۋۇش «ى، ې»لار بىلەنلا تۈزۈلگەن بىر ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ؛ «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولمىسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئېگىز + دە = ئېگىزدە، تېرەك + تە = تېرەكتە، ئېرىق + تا = ئېرىقتا، ئېغىز +

دا = ئېغىزدا

لېكىن، تەقلىد سۆزلەر بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدۇ. مەسىلەن:

چىك + بلدا = چىكىلدا

گىژ + بلدا = گىژىلدا

ئاخىرقى بوغۇمى «چە» بولغان سۆزلەر ياكى «چە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلاشتا، «چە» بوغۇمىنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولسا، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

باغچە + باغچىلار، باغچىغا، باغچىدا

قەلەمچە — قەلەمچىلەر، قەلەمچىگە

ئۈنچە — ئۈنچىلەر، ئۈنچىگە

لېكىن، «چە» بىلەن ئاياغلاشقان بارلىق ئالماشلارغا يەنىلا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇنچە — بۇنچىلىك، بۇنچىگە

سەنچە — سەنچىلىك، سەندەك

شۇنچە — شۇنچىلىك، شۇنچىگە

«ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرى «ئى» ياكى «ئې»غا ئۆزگەرگەندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە ئۇلاشقا توغرا كەلسە، شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى بويىچە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بار — بېرىش، بېرىشقا، بېرىشتا، بېرىشقان

بەر — بېرىش، بېرىشكە، بېرىشتە، بېرىشكەن

**5. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى دېگەن نېمە؟ مىسال.**

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز بولۇشىغا قاراپ، قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس شەكلىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىششى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

قول — قولغا، قولدىن

ئاش — ئاشقا، ئاشتىن

بازار — بازارغا، بازاردىن

ياتاق — ياتاققا، ياتاقتىن

سۆزلەرگە قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە ئۇلىنىدۇ:

«د، ب» تاۋۇشلىرىدىن باشقا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان شەكلى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

باغ — باغدىن، باغدا

نان — ناندىن، نانغا، ناندا

قورال — قورالدىن ، قورالغا ، قورالدا
كەپتەر — كەپتەردىن ، كەپتەرگە
«د ، ب» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ . مەسىلەن :
كىتاب — كىتابقا ، كىتابتا ، كىتابتىن
ئەۋلاد — ئەۋلادقا ، ئەۋلادتا ، ئەۋلادتىن
ئاخىرى «غ ، گ» ئۈزۈك تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە «غ ، گ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ، «ق ، ك» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ . مەسىلەن :
تاغ + قا = تاغقا (تاققا ئەمەس)
تۇغ + قان = تۇغقان (تۇققان ئەمەس)
ئەگ + كەن = ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)
چىگ + كەن = چىگكەن (چىككەن ئەمەس)
تۈگ + كەن = تۈگكەن (تۈككەن ئەمەس)

**6 . بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى قانداق بولىدۇ؟ مىسال .**
بىر قىسىم سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىشىدۇ ۋە ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :
باش + ىم = بېشىم
ياتاق + ىم = ياتىقىم
خەت + ى = خېتى
ئال + ىپ = ئېلىپ ،
كەل + ىڭ = كېلىڭ
«ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ . مەسىلەن :
ئات + ى = ئېتى
مال + ىڭ = مېلىڭ
قان + ىم = قېنىم
كەل + ەر = كېلەر
«ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ ھەم شۇنداق يېزىلىدۇ . مەسىلەن :
ياسا + غان = ياسىغان
بالا + لار = بالىلار
ئاسان + ئى = ئاسىنى

ئاتاق + ئى = ئاتىقى
سۆزلە + مەك = سۆزلىمەك
ئائىلە + دە = ئائىلىدە
دەپتەر + ىم = دەپتىرىم

بەزى سۆزلەر تۇراقلىق ئۇرغۇغا ئىگە بولغاچقا، قوشۇمچە ئۇلانغاندا «ئا، ئە» تاۋۇش-لىرى ئاجىزلاشمايدۇ ھەم ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

سان — سانى، تەم — تەمى، ئەخلاق — ئەخلاقى، گۇناھ — گۇناھى

**7. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى دېگەن نېمە؟ مىسال.**

تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، قانداق تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولىدىغانلى-قىغا دىققەت قىلىڭ.

سىڭىل + ىم = سىڭلىم (سىڭلىسى)
ئىملا + ىم = ئىملايىم (ئىملايىڭ)
ۋاقىت + ىڭلار = ۋاقتىڭلار (ۋاقتى، ۋاقتىمىز)
ئوغۇل + ۇڭ = ئوغلۇڭ (ئوغلى، ئوغلىمىز)
نەسىل + ى = نەسلى (نەسلىڭلار، نەسلىمىز)
قىسىم + ى = قىسمى
ھۆكۈم + ى = ھۆكمى

يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى-دىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

كۆڭۈل + ى = كۆڭلى
ئورۇن + ۇم = ئورنۇم
جىسىم + ى = جىسمى
ئۆمۈر + ى = ئۆمرى
ئىلىم + ى = ئىلمى
زېھىن + ى = زېھنى

**8. تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى قانداق ھادىسە؟ مىسال.**

ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان بەزى سۆزلەرگە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇم-چىلىرى ئۇلانغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىغا بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۈچۈن ئوخشاشلا «سى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىملا + ىم = ئىملايىم، ئىملايىڭ، ئىملاسى
پولو + ۇم = پولۇيۇم، پولۇيۇڭ، پولۇسى
توخۇ + ۇم = توخۇيۇم، توخۇيۇڭ، توخۇسى
بىنا + ىم = بىنايىم، بىنايىمىز، بىنايىڭ، بىنايىڭلار، بىناسى
سۇ + ۇم = سۇيۇم، سۇيۇڭ

پەقەت ئوچۇق بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، قوشۇمچىلار ئالدىغا «ي» تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

دە + مىش = دېيىش

يە + مىش = يېيىش

يە + مىلدى = يېيىلدى

يۇ + ۇش = يۇيۇش

سۇ + ى = سۇيى

يۇ + ۇلدى = يۇيۇلدى

ئارزۇ + ۇم = ئارزۇيۇم

9 . ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئىملا قائىدىسى قانداق؟ مىسال .

ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ، سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشتا پەيدا بولىدىغان تەلەپپۇزدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ . مەسىلەن :

ئاتاق + لىق = ئاتاقلىق (ئاتاغلىق ئەمەس)

كېرەك + لىك = كېرەكلىك (كېرەگلىك ئەمەس)

چىرايلىق + راق = چىرايلىقراق (چىرايلىغراق ئەمەس)

ساق + لا = ساقلا (ساخلا ئەمەس)

ئاچ + قان = ئاچقان (ئاشقان ئەمەس)

ئاخىرى «ق ، ك ، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا ، سۆز ئاخىرىدىكى «ق ، ك ، پ» تاۋۇشلىرى ئېغىزدا «غ ، گ ، ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ ، ئەمما يېزىقتا «غ ، گ ، ۋ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرتىلمەي ، «ق ، ك ، پ» بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

قوشاق — قوشىقى (قوشىغى ئەمەس)

تىلەك — تىلىكى (تىلىگى ئەمەس)

تەكلىپ — تەكلىپى (تەكلىۋى ئەمەس)

ئېرىق — ئېرىقى (ئېرىغى ئەمەس)

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ، ئاخىرى «غ» ۋە «گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە يەنە «غ» ۋە «گ» تاۋۇشلىرى بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئەپسىز بولغاچقا ، «ق» ۋە «ك» بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ ، بۇ چاغدا سۆز ئاخىرىدىكى «غ ، گ» تاۋۇشلىرى «ق ، ك» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ ، ئەمما يېزىقتا يەنىلا «غ ، گ» بويىچە ئۆزگەرتىلمەي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

باغ — باغقا (باققا ئەمەس)

چوغ — چوغقا (چوققا ئەمەس)

ئەگ — ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)

تۆگ — تۆگكەن (تۆككەن ئەمەس)

بوغ — بوغقان (بوققان ئەمەس)

چىگ — چىگكەن (چىككەن ئەمەس)

بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزدا «ت، پ» ئېيتىلىسمۇ، ئەمما شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا، يەنىلا «د، ب» بولۇپ ئېيتىلسا، يېزىقتا «د، ب» قىلىپ يېزىلىدۇ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ تەسىرى بىلەن سۆز ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى «ت، ۋ» بولۇپ ئېيتىلىسمۇ، يېزىقتا يەنىلا «د، ب» بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مۇراد — مۇرادقا

ئىقتىساد — ئىقتىسادقا

ھېساب — ھېسابقا، ھېسابتا، ھېسابى

بەزى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ت» تاۋۇشى قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا پەيدا بولسا، چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ، پەيدا بولمىسا، چۈشۈرۈپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دوست — دوستى (دوس ئەمەس)

راست — راستىڭنى (راس ئەمەس)

گۆش — گۆشى (گۆشت ئەمەس)

1 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇپ، سۆزلەر تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ قايسى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

بىلىم بەرگەن ئۇستازىڭنى ئاتاڭدىنمۇ ئارتۇق بىل،

ئۇنىڭغا دىلىڭدىن ئىززەت، ئىكرام قىل.

جاۋاب: بۇ مىسرالاردىكى سۆزلەر تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن. مەسىلەن، «بەرگەن» تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچە ئۇلانغان؛ «ئۇستازىڭنى، ئاتاڭدىنمۇ، ئارتۇق، ئۇنىڭغا» دېگەن سۆزلەر تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار بولۇپ ئۇلىنىپ كەلگەن. باشقىلىرى ئارا سوزۇق تاۋۇش جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.

2 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى توغرىمۇ؟ توغرا بولغانلىرىغا «√» بەلگىسىنى، خاتا بولغانلىرىغا «×» بەلگىسىنى قويۇڭ.

ئائىلىلەرگە ( )، ئائىلىمىزدە ( )، ساپاگە ( )، يوقسۇللارغا ( )، سەنئەتكە ( )، ئۇمىدلىق ( )، ئارزۇلەرگە ( )، دۆلەتلارغا ( )

جاۋاب: ئائىلىلەرگە (√)، ئائىلىمىزدە (√)، ساپاگە (×)، يوقسۇللارغا (√)، سەنئەتكە (√)، ئۇمىدلىق (×)، ئارزۇلەرگە (×)، دۆلەتلارغا (×)

3 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى قائىدىگە ئۇيغۇنمۇ؟ ئۇيغۇن بولمىسا، توغرىلاپ كۆچۈرۈڭ.

ئۆگىنىشكە، ئۆگۈتۈش، پۈتلۇرۇم، كۆرسۈتىمەن، سائەت بەشدە، ئەۋلاددىن، كىتابغا، ئەگگەن، تۇزۇتۇڭ، قۇلۇقۇم، ئونلەر، مىڭلەر، سانسىزلىگەن، تاپشۇرمەيمەن، قوزغۇلۇش

جاۋاب : «ئۆگىنىشكە — ئۆگەن + ىشكە»

ئۆگىتىش — ئۆگەت + ىش

پۇتلىرىم — پۇتلار + ىم

كۆرسىتىمەن — كۆرسەت + ىمەن

سائەت بەشتە ، ئەۋلادتىن ، كىتابقا ، ئەگكەن

تۇزىنىڭ — تۇزەت + ىڭ

قۇلىقىم — قۇلاق + ىم

ئونلار ، مىڭلار ، سانسىزلىغان ، تاپشۇرمايمەن

قوزغىلىش — قوزغال + ىش

4 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ ، «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشقان تاۋۇشلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭ .

ئائىلىمىزنىڭ ، مەملىكىتىمىزگە ، ساۋاقداشلىرىڭ ، بېشىمغا ، كېلىۋاتىدۇ ، ئىشلە-مىدى ، ئېيتىڭىز ، كۆڭلىكى ، قائىدىسى ، كۆزلىرىم ، يېزىۋاتىمەن ، كېتەمسىز ، كۆز يېشى ، ئۆگىنىش ، سېلىنمىدى ، يوقىلىپتۇ

جاۋاب : ئائىلىمىزنىڭ ، مەملىكىتىمىزنىڭ ، ساۋاقداشلىرىڭ ، بېشىمغا ، كېلىۋاتىدۇ ، ئىشلىمىدى ، ئېيتىڭىز ، كۆڭلىكى ، قائىدىسى ، كۆزلىرىم ، يېزىۋاتىمەن ، كېتەمسىز ، كۆز يېشى ، ئۆگىنىش ، سېلىنمىدى ،يوقىلىپتۇ

5 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بېرىلگەن قوشۇمچىلارنى ئۇلاپ يېزىڭ ، ئۇلاردا قانداق تاۋۇش ئۆزگىرىشى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

ئوغۇل + ۇم = ئوغلۇم («ئۇ» چۈشۈپ قالغان )

ئەزا + ىم = ئەزايىم («ي» قوشۇلۇپ قالغان )

ئورۇن + ۇڭ = ئورنۇڭ («ئۇ» چۈشۈپ قالغان )

## لېكسىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

1 . لېكسىكا قانداق مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ؟ ئۇ قانداق پەن؟

لېكسىكا تېخىمۇ توغرىسى لېكسىكولوگىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇ گىرېك تىلىدىكى « lexikos » (سۆز ) ۋە « logos » (تەلىمات ، ئىلىم ـ پەن ) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ ، «سۆز ھەققىدىكى تەلىمات » ، «لۇغەت تەركىبى ھەققىدىكى پەن » دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ . دېمەك ، لېكسىكا تىلنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سۆز ۋە لۇغەت تەركىبىي سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن .

2 . لۇغەت تەركىبى دېگەن نېمە؟ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

بىرەر تىلغا مەنسۇپ بولغان بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ .

لۇغەت تەركىبى بىر مىللەتنىڭ تىل بايلىقى ھېسابلىنىدۇ . ھەرقانداق تىلدىكى لۇغەت تەركىبىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ . جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

ئۇزۇن يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن .

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر قوللىنىلىش دائىرىسىگە قاراپ ئاساسىي لۇغەت تەركىبى ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

3 . ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

لۇغەت تەركىبى ئىچىدىكى ئەڭ تۇراقلىق ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان ۋە يېڭى سۆزلەرنى ياساشتا ئاساس بولىدىغان سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبى دېيىلىدۇ .

ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە :

1 ) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان ، كەڭ قوللىنىلىدىغان سۆزلەردۇر . شۇڭا ئۇ لۇغەت تەركىبىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ .

2 ) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر شۇ تىلدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆزگەرمەي قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئاممىباب سۆزلەردىن ئىبارەت .

3 ) ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەر تىلىمىزدا يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ . تىلىمىزدىكى نۇرغۇن سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنى قوشۇش ياكى باشقا سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان .

4 . ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دېگەن نېمە؟ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

تىلىمىزدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە تەۋە بولغان سۆزلەردىن باشقا بارلىق سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ، ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ، ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخشاشمايدۇ ، يەنى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئومۇمىي كىشىلەرگە بىردەك چۈشىنىشلىك بولمايدۇ . ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم كەسىپلەردە ، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر زىيالىيلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدۇ .

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبى تۇراقسىز بولىدۇ ، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى ، مەدەنىيىتى ، پەن ـ تېخنىكىسى ، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ، بېيىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ ، بۇنداق ئۆزگىرىش ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدىغان سۆزلەرگە قارىغاندا تېز ھەم زور بولىدۇ .

5 . چۈشەنچە دېگەن نېمە؟ سۆز دېگەنچۇ؟ بۇلارنىڭ قانداق پەرقى بار؟

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشى چۈشەنچە (ئۇقۇم) دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن : «قەلەم» دېسەك ، بۇ سۆز يېزىقچىلىقتا قوللىنىلىدىغان بىر خىل قورال نامى (تىل بەلگىسى)نى بىلدۈرىدۇ ، بىز ئۇنىڭدىن خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتال ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان يېزىقچىلىق ئەسۋابى دېگەن مەنىنى بىلەلەي-

مىز .

بەلگىلىك بىر مەنىگە ئىگە ، ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدىغان تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ .

مەسىلەن : كۈن ، كۆمۈر ، سۇ ، باغ ، ئادەم ، ئوقۇغۇچى ، كىيىم ، گۈزەل ، بەش ۋە باشقىلار .

جۈملە سۆزلەرنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن تۈزۈلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزنى جۈملىنىڭ ئەڭ زۆرۈر قۇرۇلۇش ماتېرىيالى دەيمىز . سۆز بولمىسا ، جۈملە تۈزگىلى بولمايدۇ .

چۈشەنچە بىلەن سۆز بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ، لېكىن ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس . ئىككىسىنىڭ پەرقىنى مۇنۇ بىرقانچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ :

1 ) ھەرقانداق چۈشەنچە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ، لېكىن ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ئىملىق سۆزلەر گەرچە سۆز ھېسابلانسىمۇ ، ئەمما نەرسىلەر توغرىسىدا بىرەر چۈشەنچە ، ئۇقۇمنى بىلدۈرەلمەيدۇ .

2 ) چۈشەنچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ، بەزى چۈشەنچىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : «ئاقبۇلاق» مەلۇم جاينىڭ نامى بولسىمۇ ، لېكىن بۇ چۈشەنچە «ئاق» ۋە «بۇلاق» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن .

بەزى چۈشەنچىلەر بىرقانچە سۆز ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : «يۈز — چىراي ، جامال ، رۇخسار ، ھۆسن» دېگەن سۆزلەر بىر خىل مەنىگە ئىگە .

3 ) بەزىدە بىر سۆز ئارقىلىق بىرلا چۈشەنچىنى ئەمەس ، بەلكى بىرقانچە چۈشەنچە ۋە مەنىنى ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ . «ئاق رەخت» ، «ئاق يول» ، «ئاق كۆڭۈل» دېسەك ، «ئاق» سۆزى رەڭنى ، ئوڭۇشلۇقنى ، سەممىيلىكنى بىلدۈرۈپ كەلدى . «ئىشىك ئوچۇق» ، «ھاۋا ئوچۇق» ، «كۆڭلى ئوچۇق» دېسەك ، «ئوچۇق» سۆزى ئۈچ خىل مەنىدىكى چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ .

6 . سۆز شەكلى ۋە سۆز مەنىسى دېگەن نېمە؟

سۆز تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ ، سۆزلەردىكى تاۋۇشلارنىڭ سانى ۋە بىرىكىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ .

سۆزلەر تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ . سۆزنىڭ تاۋۇشلۇق تۈزۈلۈشى ئۇنىڭ شەكلى بولىدۇ .

تاۋۇش سۆزنىڭ تاشقى پوستى ، شەكىل سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلى ، مەنە سۆزنىڭ مەزمۇنىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزدىكى تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشى مۇقەررەر بىر مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر مەنە مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . دېمەك ، ھەرقانداق سۆز تاۋۇش ، شەكىل ، مەنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ .

بىر تىلغا نىسبەتەن ، سۆز شەكلى بىلەن سۆز مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تۇراقلىق بولىدۇ . سۆز شەكلى ئۆزگەرسە ، سۆز مەنىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ .

سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن سۆز مەنىسى دېيىلىدۇ.

7. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى دېگەن نېمە؟ مىسال.

مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق مەنىسى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئېگىز تاغ، گۈزەل يېزا

«سال» سۆزىنى ئەسلىدە «ساندۇققا سال»، «قازانغا سال» دەپ ئىشلىتىمىز. ھازىر ئۇنى يەنە «يولغا سال»، «قۇلاق سال»، «بەس سال»، «نەزەر سال»، «تەرتىپكە سال»، «ئاھاڭغا سال»، «مەبلەغ سال» دېگەندەك نۇرغۇن مەنىلەردە قوللىنىمىز.

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنە ياكى كۆچمە مەنىدە كەلگەنلىكى يەككە سۆزدە ئىپادىلەنمەيدۇ، پەقەت جۈملە ئىچىدە كەلگەندىلا بىلىنىدۇ، سۆز بىرىكمىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«قۇشنىڭ قانىتى» دېسەك، بۇ يەردىكى «قانات» سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە كەلگەن. «ئىشىكنىڭ قانىتى»، «ئايروپىلان قانىتى»، «ئات — ئوغۇل بالىنىڭ قانىتى»، «قانىتىمدىن ئايرىلدىم»، «قانات يايدۇرۇلدى»، «قانات ئاستىغا ئالدى» قاتارلىق سۆزلەر ئەسلىي مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسىدە كەلگەن.

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا كېڭەيگەن مەنىلىرى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇلاقنىڭ بېشى، تاغنىڭ بېشى، ياشلىق باھارى، ئۇستەلنىڭ پۇتى، ئىشنىڭ يولى، تاغ ئېغىزى، خام خىيال، بەختلىك كۈنلەر، ئۆمۈر يولى، تۇرمۇش ئېگىز ـ پەس بولىدۇ، ناخشا چولپىنى، ئەقىل بوسۇغىسى، ئىلىم نۇرى

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى شەيئىلەرنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرىنى جانلىق ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغاچقا، شېئىرلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

8. بىر مەنىلىك سۆزلەر دېگەن نېمە؟ مىسال.

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ھەققىدە بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

قەشقەر، پېرسوناژ، سىنئالغۇ...

ئۇيغۇر تىلىدا بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. ئۇلارغا خاس ئىسىملار، پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر كىرىدۇ.

9. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دېگەن نېمە؟ مىسال.

بىر ئاساسىي مەنە ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق بىرقانچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن:

«ئاچ، سال، تاش، ئىسسىق، سوغۇق، ئاچچىق، تاتلىق، ئوچۇق» دېگەنگە ئوخشاش.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئەسلىي مەنىدە ۋە كۆچمە مەنىدە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئوچۇق — ئىشىك ئوچۇق (ئەسلىي مەنىسى) . ھاۋا ئوچۇق ، كۆزى ئوچۇق ، قولى ئوچۇق ، ئاغزى ئوچۇق (كۆچمە مەنىلىرى)

10 . مەنىداش سۆزلەر دېگەن نېمە؟ مىسال .

شەكلى ھەر خىل ، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاش ياكى بىر - بىرىگە يېقىن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

«ئۇلۇغ ، بۈيۈك ، يۈكسەك ؛ يۈز ، ھۆسن ، چىراي ، جامال ، رۇخسار ، بەت ؛ تېتىك ، جانلىق ، جۇشقۇن» قاتارلىقلار .

مەنىداش سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ ، جۈملە ئىچىدە قوللىنىلغاندا بەزى پەرقلەر بولىدۇ . يەنى بەزى مەنىداش سۆزلەرنى جۈملىدە ئالماشتۇرۇپ قوللانسىمۇ بولىدۇ ، بەزى جۈملىلەردە ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدۇ .

11 . شەكىلداش سۆزلەر دېگەن نېمە؟

تىلىمىزدىكى يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن يېزىلىشى تامامەن ئوخشاش ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەنىلىرى تامامەن ئوخشاشمايدۇ . مەسىلەن :

ياش — (ئىسىم) كۆزنىڭ يېشى ، ياش — (سۈپەت) ياش بالا ، يۈز — (ئىسىم) ئادەمنىڭ يۈزى ، يۈز — (سان) يۈز يىل

تەلەپپۇزى ، يېزىلىشى ئوخشاش ، ئەمما مەنىلىرى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

شەكىلداش سۆزلەرنى بىرنەچچە خىل مەنە بىلدۈرىدىغان ئوخشاش بىر سۆز دەپ قاراشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، شەكىلداش سۆزلەر شەكلى ئوخشاش ، مەنىلىرى باشقا - باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت .

12 . قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر دېگەن نېمە؟ مىسال .

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەر مەنە جەھەتتىن قارىمۇقارشى ، بىر - بىرىگە زىت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ياخشى - يامان ، قىش - ياز ، پايدا - زىيان ، ھەق - ناھەق ، ئاق - قارا ، كېچە - كۈندۈز ، قىز - ئوغۇل ، شەرق - غەرب ، ئاز - كۆپ . . .

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز بولۇش ئۈچۈن بىر سۆزگە قارشى ياكى زىت مەنىلىك يەنە بىر سۆز بولۇشى كېرەك .

مەنىلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەر قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

تىلىمىزدىكى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر - بىرىگە زىت سانسىز شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ، شەكىللىرى ، ھەرىكەتلىرى ، ھالەتلىرى ، ۋاقتى ۋە ئورنى قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈپ ، روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ .

13 . تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئىدىيوم ، ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

14 . ئىدىيوم دېگەن نېمە؟ مىسال .

ئىدىيوم ئوخشىتىش، مۇبالىغىلەشتۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، مۇنداق ئىدىئوملار شۇ سۆزلەرنىڭ يەككە تۇرغان چاغدىكى مەنىسىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرگەن تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى ئىدىيوم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك» دېگەن ئىدىيوم ھەرگىز ئاغزى يوغىناپ قۇلىقىغا يەتكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى بەكمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

15. ماقال ـ تەمسىل دېگەن نېمە؟ مىسال.

تىلىمىزدىكى تۈزۈلۈشى پۇختا، چوڭقۇر مەنىلىك، ئۈلگە، نەسىھەت، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق جۈملىلەر ماقال ـ تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ.

ماقال ـ تەمسىل ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن، ئۈلگە، نەسىھەت، تەنبىھ، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى جۈملىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى چوڭ، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ. ئۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىم جەۋھەرلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ماقال بىلەن تەمسىل بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئادەتتە بىرىنىڭ ئورنىدا يەنە بىرى ئاجرىتىلماي قوللىنىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پەرقى بار.

ماقالدا خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى توغرىسىدا يەكۈنلەنگەن ئوي ـ پىكىرلىرى ئۇدۇللا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يىقار، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى يىقار»، «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى روينىڭ سامان بولماس»، «ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا» ۋە باشقىلار.

تەمسىلدە بولسا ئوي ـ پىكىرلەر ئۇدۇل ئەمەس، بەلكى باشقا شەيئىلەرنىڭ خىلمۇخىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋاستە قىلىنىپ، ئەگىتمە يول بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن». بۇ تەمسىلدە گۆش، ياغ بىلەن پىياز ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇسىيەت ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەمسىل قىلىنغان.

16. ھېكمەتلىك سۆز دېگەن نېمە؟ مىسال.

ھېكمەتلىك سۆز «ئەقلىيە سۆزلەر»، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى»، «تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل ھېكمەت، چوڭقۇر پىكىر ـ چۈشەنچە جىلۋە قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇ سۆزلەرنى ئېغىزدىن ئېغىزغا، كىتابتىن كىتابقا ئېنىەن كۆچۈرۈپ، تۇراقلىق شەكىل بىلەن ئىشلىتىدۇ.

مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۆزىدە چوڭقۇر ھېكمەت ۋە پەلسەپىۋى پىكىر ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان تۇراقلىق جۈملىلەر ھېكمەتلىك سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مىلىتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ.

— ماۋزېدۇڭ

قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

— مەھمۇد كاشغەرى

ئۆز تارىخىدىن شۆھرەت نامايەندىلىرى بىلەن نەپرەت ئوبيېكتلىرىنى بايقاپ تۇرمىغان مىللەت خامۇش مىللەتتۇر.

— ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۈشمەندۇر.

— يۈكنەكى

بىز ئۆمۈر بويى قەرزدار بولغان ئەڭ ئۇلۇغ بىر زات بار، ئۇ بولسىمۇ ئانا.

— ن. ئا. ئوستروۋېسكى

6 ـ كۆنۈكمە: ئەدەبىي كىتابلاردىن قىسقا بىر ئابزاسنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ئادەتتىكى لۇغەت تەركىبىگە تەۋە بولغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ. (جاۋابى ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرۇلدى.)

7 ـ كۆنۈكمە: ئۆز يۇرتىڭىزدىكى يەرلىك شېۋە سۆزلىرىدىن 10 نى يېزىپ كېلىڭ. (جاۋابى ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرۇلدى.)

8 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەردە چۈشەنچىلەرنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

قەلب، سەلتەنەت، دەريا، گۈلدەستە، سوۋغا، تاپشۇرۇق، پائالىيەت، ساپ، ئويلاش، سالام، ساغلام

جاۋاب: «گۈلدەستە» دېگەن سۆزدە چۈشەنچە ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، قالغانلىرىدا بىر سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

9 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئەسلىي مەنە ۋە كۆچمە مەنە بويىچە تۈزۈلگەن ئىككى خىل جۈملە تۈزۈڭ.

كۆن، قىل، سىر، ئىللىق

جاۋاب: 1) كۆن: كۆن تۈتۈلۈپ، ھاۋا بۇزۇلدى. (ئەسلىي مەنە)

كۆن: مېنىڭ ئوچۇق كۆنلىرىم تۈگىدى. (كۆچمە مەنە)

2) قىل: ئاشقا قىل چۈشۈپ كەتتى. (ئەسلىي مەنە)

قىل: يوق يەردىن قىل ئىزدەپ نېمە قىلىسەن؟ (كۆچمە مەنە)

3) سىر: مەن بازاردىن كۆك سىر سېتىۋالدىم. (ئەسلىي مەنە)

سىر: بۇ ئىشنى ھەر خىل سىر بىلەن سىرلاپ، قانداق كۆرسەتمەكچىسەن؟ (كۆچمە مەنە)

4) ئىللىق: ئىللىق باھار ئادەمنىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى (ئەسلىي مەنە)

ئىللىق: ئۇنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ئادەمنى تەسىرلەندۇرمەي قويمايتتى. (كۆچمە مەنە)

10 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنىداش سۆزلەرنى تېپىپ يېزىڭ.

مەززىلىك، ئاتاقلىق، كۆپ، سەزگۈر، يۈرەك

جاۋاب: مەززىلىك: تاتلىق، لەززەتلىك، تەملىك، شېرىن

ئاتاقلىق: داڭلىق، مەشھۇر، شۆھرەتلىك، نامدار

كۆپ : جىق ، مول ، نۇرغۇن ، ئاۋۇن ، سانسىز ، ئاز بولمىغان
سەزگۈر : ھوشيار ، ئەقىللىق ، زېرەك ، تاپقۇر
يۈرەك : قەلب ، كۆڭۈل ، دىل

11 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى شېئىرلاردىكى ئاستى سىزىلغان شەكىلداش سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

1 ) دەۋىرىش بەك ئۇيات «بىلمەيمەن ، ۋاي ـ تاڭ » ،
بىلىمنى ھەرقاچان دىلىڭغا چىڭ تاڭ .
تىرىشقىن ئىجتىھات بىلەن ، بىزنى كۈتىدۇ ،
ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن ئاشۇ گۈزەل تاڭ .

2 ) ئايرىماي يۇرۇپسەن «ئا»نى «ئە» دەپ ،
غەپلەتتە ھەددىڭدىن ئېشىپ ، بەك ئەدەپ .
ئالىمەن دېسەڭ ئەل قەلبىدىن ئورۇن ،
نومۇس قىل ، ئۆزلەشتۈر ئەخلاق ۋە ئەدەپ .

جاۋاب : 1 ) بىرىنچى مىسرادىكى «تاڭ » — «بىلمەيمەن ، قانداقكىن» دېگەن مەنىدە . ئىككىنچى مىسرادىكى «تاڭ » — «باغلا ، چىگ ، ئورا» دېگەن مەنىدە . تۆتىنچى مىسرادىكى «تاڭ » — ئەسلىي مەنىدە «سەھەر ، يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كېلىشى» بولۇپ ، كۆچمە مەنىدە «كەلگۈسى ، كېلەچەك» دېگەن مەنىدە كەلگەن .

2 ) بىرىنچى مىسرادىكى « «ئە ، دەپ» ـ <ئە> تاۋۇشى دەپ» دېگەن مەنىدە . ئىككىنچى مىسرادىكى «ئەدەپ» — «كۆچەپ» دېگەن مەنىدە . تۆتىنچى مىسرادىكى «ئە-دەپ» — «پەزىلەت» دېگەن مەنىدە كەلگەن .

12 ـ كۆنۈكمە : قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ماقالدىن بەشتىن يېزىپ كېلىڭ .

جاۋاب : (ئۈلگە ) : يىراق بولسا كىشنىشەر ، يېقىن تۇرسا چىشلىشەر . تىلى يۇمشاق ئاش يەر ، تىلى قاتتىق مۇشت يەر .

13 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى ئىدىيوملارنىڭ ئاستىغا سىزىپ ، ئۇلارنىڭ قانداق مەنە بىلدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

جاۋاب : 1 ) بېشىنى تاشقا ئۇرماق . ھەرقانچە قىلىپمۇ ، ئامال قىلالماسلىق .

2 ) خورىكى ئۆسۈپ قالماق . يوغانچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قېلىش ، چوڭچىلىق قىلىش ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش .

3 ) مېغىزىنى چاقماق . مۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى كۆرمەك ، پايدىسىنى كۆرمەك ، پايدىلان-ماق دېگەن مەنىدە .

4 ) قولى ئۇزۇن . ھوقۇقلۇق ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى تولۇقلۇقتا ، باي ، ئىقتىسادى كۆپلۈككە ئىشارە .

5 ) كۆڭلى تۈز . كۆڭلى ياخشى ، باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدىغان .

14 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى تولۇقلاپ يېزىڭ . (بېرىلىشى بىلەن

جاۋابى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى . )

1 ) مەرد بىر قېتىم ئۆلەر ، نامەرد مىڭ قېتىم .

2 ) قاغا بالام ئاپئاق ، كىرپە بالام يۇمشاق .

3 ) ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ ، يامان كۆپۈپ .

4 ) بىلىم — بىلگۈچىدە ، ماھارەت ـ ئۆگەنگۈچىدە .

5 ) يېمەيدىغان ھەسەل بار ، يەيدىغان زەھەر .

6 ) پالتا چۈشكىچە ، كۆتەك ئارام ئاپتۇ .

7 ) قول قولنى يۇسا ، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيۇپتۇ .

8 ) ئېغىزدا بار ، ئەمەلدە بار .

9 ) كۆزۈڭ ئاغرىسا ، قولۇڭنى تارت ، چىشىڭ ئاغرىسا تىلىڭنى .

**15 ـ كۆنۈكمە : ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئالتىنى توپلاڭ .**

ئۈلگە : ئىلھام — ھورۇننى يوقلاشنى ياقتۇرمايدىغان مېھمان .

— چايكوۋسكى

# 2 ـ قىسىم

## بىرىنچى بۆلەك

### 1 . «كۈچ ئۇلاپ يۇگۇرۇش كالتىكى» ھەققىدە

ئاپتور ھەققىدە :نۇرمۇھەممەت توختى 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1984 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «بويتاق ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان . ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا «شەھلا كۆز» ، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ، «چۆل ئوغلى» قاتارلىق پوۋېستلارنى ، «بەش توپ سەگۇ تېرەك» ، «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە» ، «ئىككى بوتۇلكا ماۋتەي» ، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ، «شاھ مەشرەپ خوتەندە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازغان . نەسر ئىجادىيىتىدىمۇ مۇستەقىل قارىشى ، ئۆزگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن نۇرغۇن نەسرلەرنى روياپقا چىقىرىپ ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك تۇيغۇ ئاتا قىلغان بولۇپ ، «كۈلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۈلگەنلەر» ناملىق نەسرلەر توپلىمى 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» ، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ، «چۆل ئوغلى» ، «شەھلا كۆز» قاتارلىق ھېكايە ، پوۋېستلار توپلاملىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . نەسردىكى «ئالدىنقى پەللىدىن كەلگۈچى كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى قوللىرىمغا تۇتقۇزغاندا ، مەن ئۇنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىرىنى غۇۋا كۆرۈپ قالدىم .» دېگەن جۈملىدە ئاپتور نېمە ئۈچۈن كۆرۈشنى «ئېنىق كۆردۈم» ياكى «كۆردۈم» دېمەستىن ، «غۇۋا كۆردۈم» دەپ يازىدۇ ؟

جاۋاب : نەسرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدىكى يىپ ئۇچلىرى ۋە بايانلارغا ئاساسەن ، يەنى « . . . قولۇمدا چىرايلىق كەشتىلەنگەن چىمەن دوپپا تۇراتتى ، ئالدىنقى پەللىدىن يۈگۈرۈپ كەلگۈچى ماڭا چىمەن دوپپا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ .» دېگەن بايانلىرىغا ئاساسەن ، بوۋاي بىلەن «مەن» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەجداد بىلەن ئەۋلاد مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ . «مەن» گەرچە ئالدىنقى پەللىدىن كەلگۈچى بوۋاينىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ ، بىراق «مەن» ئۆز ئەجدادىدىن ياتلىشىپ كەتكەن . ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئەجدادى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزى بوۋاينى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ ، يۈرىكى بوۋاينى تونۇيالمايدۇ . مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ، مىللىي مەدەنىيەتتىن ياتلىشىش نەتىجىسىدە «مەن» بوۋاينىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ . پەقەت يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىرىنىلا غۇۋا كۆرىدۇ . دېمەك ، ئاپتور نەسردە ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى ياتلىشىش

مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈشنى «غۇۋا كۆردۇم» دەپ يازغان .

2 . «مەن»نىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە يۈگۈرۈۋاتقان مۇسابىقىداشلىرىنىڭ قولىدىكى ھەربىر يۈگۈرۈش كالتىكى نېمىلەرگە سىمۋول قىلىنغان ؟

جاۋاب : «مەن»نىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى مۇسابىقىدىشىنىڭ قولىدىكى «ئالتۇن كالتەك» بايلىققا ، مال ـ دۇنياغا سىمۋول قىلىنغان . «مەن»نىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىككىنچى مۇسابىقىدىشىنىڭ قولىدىكى «مېخانىزاتور مودىلى» يېڭى ، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكىلىق كەشپىياتقا سىمۋول قىلىنغان . «مەن»نىڭ سول تەرىپىدىكى بىرىنچى مۇسابىقىدىشى كۆچ ئۇلاش كالتىكى قىلىنغان «كىتاب» ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان . «مەن»نىڭ سول تەرىپىدىكى ئىككىنچى مۇسابىقىدىشى كۆتۈرۈۋالغان «ساز» سەنئەتكە سىمۋول قىلىنغان .

3 . بوۋاي «مەن»گە ، «مەن» ئوغلىغا يەتكۈزگەن چىمەن دوپپا نېمىگە قارىتىلغان ؟

جاۋاب : نەسىردىكى بوۋاي «مەن»گە ، «مەن» ئوغلىغا يەتكۈزگەن چىمەن دوپپا ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلار ۋارىسلىق قىلىشى ھەمدە قەدىرلىشى زۆرۈر بولغان مىللىي ئەنئەنىنىڭ سىمۋولى ، مىللىي كىملىكنىڭ شاھىتى دېيىشكە بولىدۇ . «چىمەن دوپپا» مىللىي ئەنئەنىدىن ياتلىشىش ، ئۆز يىلتىزىنى ئۇنتۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن «مەن»گە ئۆز ئەسلىنى ، ئۆز ئەجدادىنى تونۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى «كۆۋرۈكلۈك» رولىنى ھېس قىلدۇرۇپ ، بۇرچ تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ .

4 . نەسىردىكى «مەن بىر مۇقەددەس بۇرچ تۇيغۇسىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم» دېگەن جۈملىدىكى «مەن» ھېس قىلغان «بۇرچ تۇيغۇسى» نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ ؟ قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ .

جاۋاب : يۇقىرىقى جۈملىدىكى «مەن» ھېس قىلغان «بۇرچ تۇيغۇسى» ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ، ھەرقاداق بىر ئادەمنىڭ ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان رىشتە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى مەڭگۈلۈك دەستەك قىلىۋالماي ، ئىلگىرىكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ ، ئەتراپىمىزدىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ ، ئۆزىمىزنى ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ۋە يېڭى پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇپ ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مول مەزمۇنلۇق مىراسلارنى قالدۇرۇش يولىدا تىرىشىپ مېھنەت سىڭدۈرۈش لازىملىقى . . . قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ .

5 . ئادەتتە كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە مۇسابىقىداشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەللىگە تەڭلا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس . لېكىن بۇ نەسىردە ھەممەيلەن تەڭلا يېتىپ كەلگەن . بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز ؟

جاۋاب : بۇ نەسىردە يېزىلغان كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇ ھايات مۇساپىسىدىكى كەسكىن رىقابەتنىڭ سىمۋولى . كىشىلىك ھاياتتىكى

رىقابەتتە ئەزەلدىن چېمپىيون بولمايدۇ ، لېكىن غالىبلار بىلەن مەغلۇبىيەتچىلەر بولىدۇ . ئاپتور نەسردە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ، ئىختىساسلىقلار تالىنىپ ، ئىختىساس ئىگىسى بولمىغانلار شاللىنىپ قېلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە ، ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەت ، بۇرچ تۇيغۇسىنى مۇقەددەس بىلىپ ، ئۇلۇغۋار غايىنى نىشانلاپ ، تىنىمسىز ئەجىر - مېھنەت سىڭدۇرۇپ ، ئۆزىنى ، خەلقىنى ، ۋەتىنىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز نىشانى - پەللىسىگە يېتىپ بارالايدۇ دېگەن ھايات ھەقىقىتىنى تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغان .

## 2 . «دېڭىز سەپىرى» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە :** تۇرگېنېف (1818 — 1883) رۇسىيە يازغۇچىسى ، دراماتورگى ۋە شائىرى . «ئوۋچى خاتىرىلىرى» ، «رودىن» ، «ئاتىلار ۋە بالىلار» ، «ئاقسۆڭەك ئائىلىسى» ، «ھارپا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . تۇرگېنېفنىڭ يەنە بىر قىسىم دراملىرى ۋە 82 پارچە نەسرىي شېئىرى بار . تۇرگېنېف فىرانسىيەدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە شۇ يەردە ئەۋج ئالغان سىمۋولىزم ئېقىمى ئۇنىڭغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ، شۇڭا ئۇ «مۇھەببەت يولى»دىكى نۇرغۇن نەسرىي شېئىرلاردا سىمۋولىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . تېكىستتىكى «مەن» بىرىنچى قېتىم مايمۇن قول بەرگەندە ، ئۇنىڭغا قانداق ھېسسىياتتا بولدى ؟

**جاۋاب :** تېكىستنىڭ بېشىدىلا مايمۇن بىلەن «مەن»نىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بايانلار بېرىلگەن . ئۇزۇن زەنجىر بىلەن پاراخوتنىڭ پالۇبىسىدىكى بىر ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇلغان ، تىنىم تاپماي ئۇيان - بۇيان قاتراپ خۇددى قۇشلارنىڭ سايرىشىدەك ئېچىنىشلىق چىرقىراۋاتقان مايمۇن «مەن» ئۇنىڭ يېنىدىن ھەربىر ئۆتكەندە ھەم قارا ، ھەم سوغۇق كىچىك قوللىرىنى ئۇنىڭغا سوزىدۇ ، غەمكىنلىك چېقىپ تۇرىدىغان كىچىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىدۇ ، «مەن» مايمۇننىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە جاۋابەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مايمۇن چىرقىراشتىن ۋە قاتراشتىن توختايدۇ ، بىرىنچى قېتىم مايمۇن قول بەرگەندە «مەن» مايمۇنغا ئىچ ئاغرىتىش ، ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمىتىگە ھېسداشلىق قىلىش ، ئۇنىڭ بىچارىلارچە ھالىتىگە ئېچىنىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ . گەرچە «مەن» مايمۇنغا ئىچ ئاغرىتقان ، ھېسداشلىق قىلغان ، ئېچىنغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنى ئانچە نەزەرگە ئالمايدۇ .

2 . ئىككىنچى قېتىم مايمۇن قول بەرگەندە ، «مەن» باشقىچە ھېسسىياتتا بولىدۇ . بۇ يەردىكى «باشقىچە ھېسسىيات»نىڭ قانداقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ باقالامسىز ؟

**جاۋاب :** «مەن»نىڭ بۇ قېتىمقى ھېسسىياتى بىرىنچى قېتىم مايمۇن ئۆزىگە قول بەرگەن چاغدىكى ھېسسىياتىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ ، بۇ قېتىم ئۇ مايمۇننىڭ قېشىغا

ئۆزى كېلىپ ئۆلتۈرىدۇ . مايمۇن بىلەن ئۆزىنى بىر قورساق قېرىنداشلاردەك ھېس قىلىدۇ . مايمۇننىڭ خۇددى يېقىن تۇغقىنىغا ئوخشاش ئۆزىگە يېپىشقانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ . ئىككىنچى قېتىم مايمۇن قول بەرگەندە «مەن»دە پەيدا بولغان ھېسسىيات مايمۇن بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتتىن تۇغۇلغان مەمنۇنلۇق ھېسسىياتى ، «ھەر ئىككىمىزلا بىر ئانىنىڭ باللىرى ئىدۇق .» دېيىش ئارقىلىق ھامبۇرگدىن لوندونغا بارغۇچە سەپەرداش بولغان بىرى تىللىق ، بىرى تىلسىز جانلىقنىڭ ۋەتەنداشلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، شۇ ئارقىلىق مايمۇننىڭ سەۋەبىدىن «مەن» دىكى غېرىبسىنىش ، مىسكىنلىك ۋە تەنھالىق تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلۇشتىن ھاسىل بولغان خۇشاللىق ھېسسىياتى ئىپادىلىگەن .

3 . تېكىستتىكى «مەن» بىلەن مايمۇننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار قايسىلار ؟

جاۋاب : «مەن» بىلەن مايمۇننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 ) «مەن»نى چىرمىۋالغان غېرىب ، مىسكىنلىك ۋە تەنھالىق تۇيغۇسى . «مەن» بۇ خىل غېرىبلىق تۇيغۇلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېمە باشلىقىنىڭ يېنىغا پاراڭلىشىشقا بارغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرى يوققا چىقىدۇ . شۇڭا «مەن» ئاخىرى مايمۇننىڭ قېشىغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ .

2 ) مايمۇننىڭ تەشەببۇسكارلىقى . ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتماي ، يالغۇز قالغان مايمۇن «مەن» ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە «مەن»گە قولىنى سوزىدۇ . «مەن» ئۇنىڭ قولىنى تۇتسا ، چىرقىراشتىن ، قاتراشتىن توختايدۇ . مايمۇننىڭ بۇ خىلدىكى ئىلتىجالىق ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە ئادەمخۇمارلىقى «مەن»نى مايمۇنغا يېقىنلاشتۇرىدۇ .

3 ) كېمە باشلىقىنىڭ بىپەرۋالىقى . «مەن» ئۇزۇن سەپەردىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن كېمە باشلىقى بىلەن پاراڭلىشىش مەقسىتىدە بولغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ بىپەرۋا مۇئامىلىسى ۋە «مەن»نىڭ سوئالىغا ۋايساش بىلەن جاۋاب بېرىشى «مەن» نى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن «مەن» ئۈمىدىنى مايمۇنغا باغلايدۇ . ئادەمنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى بىلەن مايمۇننىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى «مەن»نىڭ ئېڭىدا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ . نەتىجىدە ئۇنىڭ مايمۇنغا بولغان پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

4 . سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئادەم بىلەن ئادەم ، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز ؟

جاۋاب : ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن «ئادەم ، ئادەم بىلەن ئادەم» دەيدىغان ھېكمەت قالغان . دۇنيادا ئادەملەر ياشىغان ئىكەن ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى چۈشىنىشكە ، بىر - بىرىگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىشقا ، بىر - بىرىگە ياردەم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . كىشىلىك تۇرمۇشتا بۇ خىل مۇئامىلىدىن يىراقلاپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى مەنىسىزدۇر . چۈنكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇئامىلە ، پەرۋاسىزلىق كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ، تەنھالىق تۇيغۇلىرىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ . كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

ياتلىشىشنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدۇ . بۇ خىل ھالەت كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرىدۇ . بۇنداق ھالەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياشلار - ئۆسمۈر- لەرگە كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزئارا مېھرىبانلىقنى (ساۋاقداشلىق مېھرى ، ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مېھرى ، دوست - بۇرادەرچىلىك مېھرى ، يۇرتداشلىق مېھرى ، ۋەتەنداشلىق مېھرىنى ) ئۆگىتىش ، قەلبىدە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىش كېرەك .

ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئالغاندا ، تەبىئەت — ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى . تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتى تەبىئەت ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئەت ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى . شۇڭا ئادەملەر بىلەن بارلىق مەۋجۇداتلار قېرىنداشتۇر . ئادەملەر تەبىئەت دۇنياسىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ، تەبىئەت بىلەن قارشىلاشماسلىقى ، ئەكسىچە تەبىئەتكە دوستانە مۇناسىۋەتتە مۇئامىلە قىلىشى زۆرۈردۇر .

## 3 . «پىستە بوۋدى» ھەققىدە

بۇ ئېپىك نەسر رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ، بىرىنچى شەخس تىلىدا ، تەرتىپ- لىك بايانىدا يېزىلغان .

**ئاپتور ھەققىدە :** باجىن — 1904 - يىلى تۇغۇلغان ، ئەسلىي ئىسمى لى ياۋتاڭ ، سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدىن . مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «ھالاكەت» ، «مۇھەببەت تىرىلوگىيەسى» ( «تۇمان» ، «يامغۇر» ، «چاقماق» ) ، «تېز ئېقىن تىرىلوگىيەسى» ( «ئائىلە» ، «باھار» ، «كۈز» ) ، «ياپونغا قارشى ئۇرۇش تىرىلوگىيەسى» قاتارلىق روماذ- لىرى ، «قەھرىتان كېچە» ، «باھاردىكى كۈز» قاتارلىق پوۋېستلىرى ، «يېڭى سادا توپلى- مى» ، «قەسىدە توپلىمى» ، «تەسىراتلىرىم» (بەش توپلام ) قاتارلىق نەسر توپلاملىرى ، «ئاتىلار ۋە بالىلار» ، «بوز يەر» قاتارلىق تەرجىمە رومانلىرى بار .

بىر پۈتۈن 20 - ئەسىردە ھايات كەچۈرگەن باجىن نەچچە ئەۋلاد ياشلارنىڭ يولباشچى- سى ۋە مەدەتكارى بولدى . مۇھەببەت ۋە نەپرەت ، ياش ۋە قان ، ئىنسان تەبىئىتى ، ۋىجدان ، سەمىمىيەت باجىننىڭ ئابىدىسىمان ئەسەرلىرىدە ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەڭ يارقىن نامايان بولغان ئاساسىي روھ بولدى . «مۇھەببەت تىرىلوگىيەسى» ، «تېز ئېقىن تىرىلوگىيەسى» ، «قەھرىتان كېچە» ، «تەسىراتلىرىم» . . . قاتارلىق 20 - ئەسىر جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە گۇمانىتار روھىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرى ئەبەدىي ھەرىكەتتىن توختىماس سەييارىلەردەك مەڭگۈگە پارلاپ تۇرىدۇ .

باجىن گەرچە 20 - ئەسىردىكى بىر نەچچە ئەدەبىيات پىرىنىڭ بىرى دەپ قارالغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇ ئۆزىگە ئەدىب ، يازغۇچى دەپ تەمەننا قويۇپ باققان ئەمەس . ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشىنى پۈتۈنلەي كۆڭۈل سۆزلىرىنى دەۋېلىش ، قەلب چۇقانلىرى- نى ئاشكارىلاش ئۈچۈن دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭ تۇنجى رومانى «ھالاكەت» ئاكىسى ئۈچۈن

يېزىلغان . ئەينى چاغدا ئاكىسى فېئودال ئۇرۇقداشلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن بولۇپ ، ياشلىق باھارىنى ۋە ھاياتىنى ئەھمىيەتسىزلا قۇربان قىلىۋېتىپ باراتتى . باجىن ئاكىسىنىڭ «ئائىلە»دىن دادىللىق بىلەن چىقىپ كېتىپ ، فېئودال ئۇرۇقداشلىقنىڭ ئاسىيسىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . ئۇ ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئەدەبىي شەكىلدە ئىپادىلەپ ، ئەدەبىياتنىڭ ھېسسىيات ئارقىلىق ئادەم تەسىرلەندۈرۈش رولىدىن پايدىلىنىپ ئاكىسىنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولىدۇ . نەتىجىدە ، بۇ ئەسەرنى ئويلىمىغان يەردىن باجىننىڭ بىر دوستى ۋەتەنگە ئېلىپ كېلىپ ئېلان قىلىۋېتىدۇ . ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن گەرچە نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنى تەسىرلەندۈرگەن بولسىمۇ ، باجىننىڭ ئاكىسى فېئودال ئۇرۇقداشلىق پاتقىقىدىن ئۆزىنى تارتالماي ، ئاخىر ئۇزاق ئۆتمەيلا ئائىلىسىدە ئۆلۈۋالىدۇ . بۇ ھال باجىننىڭ «ئائىلە» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىنى ئىجاد قىلىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولىدۇ .

«تۇمان» ، «يامغۇر» ، «چاقماق» ، «ئائىلە» ، «باھار» ، «كۈز» ، «قەھرىتان كېچە» ، «ئەسلىمە» قاتارلىق باجىننىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە فېئودال ئائىلە تىراگېدىيەسى ۋە ئاشۇ ئائىلىلەردىكى ھەمدەپنە قىلىشلار ، جان تالىشىشلار ۋە قارشىلىقلار تەسۋىرلەندى . يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ، جۆشىن ، جۆخۈيى ، مىڭ فېڭ ، ۋاڭ ۋېنشۈەن قاتارلىق بەدىئىي ئوبرازلار جۇڭگولۇقلارنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتتى ، نۇرغۇن ياشلار دەل ئاشۇ پېرسوناژلار ۋۇجۇدىدىن ئۆز كۆلەڭگىلىرىنى كۆردى ۋە ئۇلارنى ئەينەك قىلدى . نەتىجىدە ، ئۇلار دادىللىق بىلەن ئىسيانكارلىق ، قارشىلىق يولىغا ماڭدى ، ئۆز قىممىتىنى ئىزدىدى ، ھەتتا ئىنقىلاب يولىغا قەدەم قويدى .

باجىننىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى 20 - ئەسىردىكى جۇڭگودا ھاياتىي كۈچكە ئەڭ باي گۇمانتار كارتىنىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، باجىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇمىغان ئوقۇرمەننىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى ۋە 20 - ئەسىردىكى كونا جۇڭگو شەھەر جەمەتلىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس .

باجىن ئۆمۈر بويى قەلەمنى تاشلىمىغان ، ئىجتىھاتلىق ، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى بولسىمۇ ، بىراق ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پىروزا ئىجادىيىتى ئاساسەن توختاپ قالدى . بۇ ئېھتىمال بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىشنىڭ قىيىنغا توختىغانلىقىدىن بولغان بولۇشى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت يۇقىرى پەللىسىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنكى ئارام ئېلىش مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن . گەرچە باجىننىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ ، بىراق ئۇنىڭ «ۋىجدان بىلەن ياشاش ، باشقىلارغا مېھرىبان بولۇش ۋە ياردەم بېرىش»تىن ئىبارەت ياشاش پىرىنسىپىدا باشتىن - ئاخىر ئۆزگىرىش بولمىدى . ئۇ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى غايەت زور مەنىۋى بايلىق بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ۋەتەننىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا خالىس كۆڭۈل بۆلدى ۋە ياردەم بەردى . يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان جۇڭگو

يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ، دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە كەڭ كۆلەملىك ۋە يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولدى .

باجىن ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى ساناقلىقلا ئەدەبىيات پىرلىرىنىڭ ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى . ئۇ مول ئەدەبىيات نەتىجىلىرى ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىلەرگە مېھرىبانلىقنىڭ قىممىتىنى ، سەممىيەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە تالانتىنىڭ جۇلاسىنى نامايان قىلدى . ئۇنىڭ نامى لۇشۈن قاتارلىقلارنىڭ نامىغا ئوخشاشلا تارىخ سەھىپىلىرىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئاپتورنىڭ پىستە بوۋدىغا بولغان ھېسسىياتىدا ئىلگىرى - كېيىن قانداق ئۆزگىرىش بولغان ؟ سىزنىڭچە ، ئاپتور قانداق ئادەم ؟ ئاپتور جاپا - مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن يەنىلا «ئازاب»تىن قۇتۇلالمىغان ، بۇنىڭغا قارىتا قانداق باھا بېرىسىز ؟

**جاۋاب :** ئاپتور ئىلگىرى پىستە بوۋدىنى ناھايىتى بەك ياقتۇرۇپ قالغان . ئۇلا ئەمەس ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك كۆرگەن . بىراق 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئۇ پىستە بوۋدىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە ئادەم جانىنى ئامان ساقلاش كويىدا قالغان ئاشۇ قاباھەتلىك يىللاردا «مەن» نائىلاج بوۋدىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بەرگەن . بۇ ئۇنىڭ بوۋدىدىن رايى يانغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا ئۆچ بولغانلىقى ئەمەس ، بەلكى ئەينى دەۋردىكى رېئاللىق ئۇنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان .

ئاپتور ئاق كۆڭۈل ، سەممىي ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ھەم قايغۇسىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ، ھەققانىيەتچى كىشى .

ئاپتور 10 يىل جەريانىدا (مەركەزلىك ھالدا قالايمىقانچىلىق يىللاردىكى ئاپتور باشتىن كەچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتكە قارىتىلغان ) گەرچە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، يېڭىدىن ھاياتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا بىر خىل «ئازاب» تىن قۇتۇلالمىغاندەك تۇيغۇدا ھايات كەچۈرىدۇ . ئۇنىڭغا «ئازاب» ئېلىپ كېلىۋاتقان نەرسە مەنىۋى جەھەتتىكى بېسىم . يەنى ئۇ پىستە بوۋدىغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ ، ئۇنى ئەينى يىللىرى ساقلاپ قېلىش توگۇل ئۆزى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكتىن (دوختۇرخانا ئارقىلىق ) ئازاب ھېس قىلىدۇ . ئۇ ئۆزى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، بىراق پىستە بوۋدى . . . قاتارلىق بىر تۈركۈم تىللىق ھەم تىلسىز جانلىقلار 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن . ئاپتور شۇلار ئۈچۈن «ئازاب»تىن خالىي بولالمايدۇ . ئاپتورنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىدىن ئۇنىڭ يەنىلا ئالدى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى ، ياخشى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ھايات قېلىپ ، گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇش بولۇش ئەمەس ، ئەكسىچە ئەينى يىللىرى ئۆزى زور بەدەل تۆلىسىمۇ بوۋدىنى ساقلاپ قالالمىغانلىقى ئۈچۈن ئېچىنىۋاتقانلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇش پوزىتسىيەسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈپ ، بۇ ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەردە ھەققانىيەت تۇيغۇسى ، دادىللىق ، باشقىلارغا ئۆز ۋاقتىدا ياردەم قىلالايدىغان خاراكتېر يېتىلدۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى

ئوتتۇرىغا قويغان.

2. سىز بۇ نەسرگە تەقلىد قىلىپ، «مەن ھېسسىياتىمغا تايىنىپ ئىش كۆرىمەن» ياكى «ئەتراپىمدىكى ئۇششاق ئىشلاردىن ھېس قىلغانلىرىم» دېگەن ماۋزۇدا ئۆزگىچە تەسىراتىڭىزنى يېزىڭ.

يۇقىرىقى ماۋزۇلاردا ياكى شۇ مەزمۇنلارنى تېما قىلىپ، ماۋزۇنى ئايرىم قويۇپ، باجىنىڭ بۇ ئېپىك نەسرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىشى ئاساسىدا بىر پارچە ماقالە ياكى نەسر يازسا بولىدۇ.

## 4. «مېنىڭ بىر كۈنۈم» ھەققىدە

بۇ ئېپىك نەسر رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، بىرىنچى شەخس تىلىدا، تەرتىپلىك باياندا يېزىلغان.

ئاپتور ھەققىدە: ئەخمەت ئىمىن 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدە مەرپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 - يىلىدىن 1967 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالغان ھەم ۋاقىتلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1979 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1981 - يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ئەخمەت ئىمىن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر نەسرچىلىكى ئۈچۈن يول ئاچقان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1980 - يىلىنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان «مۇقەددىمە»، «چوغ»، «سەئىدە»، «ناخشا»، «دەريا بويىدا»، «ساما تۇيغۇلىرى»، «ئانامغا خەت»، «يامغۇردىكى سەيلە»، «باش باھار»، «خاتىمە» قاتارلىق نەسرلەردىن تەشكىل تاپقان «قەلب سادالىرى» ناملىق چاتما نەسردىن باشلانغان.

ئۇ «شۆھرەت»، «مۇھەببەت»، «مۇزيكىدىكى سۈرەت»، «كېسەللەرگە دورا»، «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»، «غەپلەت ئۇيقۇسىدا»، «باھار تىنىقى»، «سادا»، «ئوۋ تاماشاسى»، «تۇپراق ساداسى»... قاتارلىق نەسرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر «قەلب سادالىرى»، «باھار تىنىقى»، «جۇلدۇر كېپەن خوتۇننىڭ ساداسى» قاتارلىق نەسرلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

### مۇھاكىمە ۋە مەشق

1. بۇ نەسردە «مەن»نىڭ «يولدا»، «مەكتەپتە»، «ئۆيدە» ئۆتكەن بىر كۈنلۈك ھاياتى تەسۋىرلەنگەن. بۇ نەسردە ئاپتورنىڭ بىر كۈندىكى ھېسسىياتى قانداق ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بۇ ئېپىك نەسرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدە ئاپتورنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھېس - تۇيغۇلىرى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن: «يولدا» ناملىق بۆلەكتە، «مەن»نىڭ جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالىتى تەسۋىر-

لىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە ھېرىسمەنلىكى ، تەبىئەت دۇنياسىغا ، تەبىئەت دۇنياسى ئارقىلىق كەلگۈسىگە بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشى ئىپادىلەنگەن .

«مەكتەپتە» ناملىق بۆلەكتە ، «مەن»نىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئاكا ـ ئىنى ، ئاچا ـ سىڭىللاردەك ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ـ پەن ئىگىلەشكە شەيدا بولۇش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن .

«ئۆيدە» ناملىق بۆلەكتە ، ئاتا ـ ئانىسىنى قەدىرلەش ، ئەمگەكنى سۆيۈش ، ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىش ، بىلىم ئىگىلەش يولىدا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەسلىك ، مۇستەھكەم ئىرادە تىكلەش ، ۋاقىتنى قەدىرلەش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن .

2 . پارچىدا تۆۋەندىكىلەردەك جۈملىلەر ئۇچرايدۇ . بۇ جۈملىلەرنىڭ قانداق سىمۋوللۇق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

1 ) «ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىپ ، دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ گىياھلار بىلەن سىرداشىپ ، قاراڭغۇ جاڭگالدىن يېڭى بىر يول ئېچىۋاتىمەن .»

جاۋاب : بۇ پارچە نەسرىنىڭ «مەكتەپتە» دېگەن ئىككىنچى بۆلىكىدىن ئېلىنغان ئۇزۇندە بولۇپ ، «مەن» تەبىئەت دەرسى ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلىگەن بىلىملىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ تەپەككۇرى قانات يېيىپ ، كەلگۈسىدە ھايۋاناتشۇناس ياكى ئۆسۈملۈكشۇناس بولۇشنى ئويلايدۇ ، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن جاپالىق ۋە كۆڭۈللۈك ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ ، بۇ ساھالەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، تەتقىقاتچى بولۇپ ، تەتقىقاتتا يېڭى يول ئاچماقچى بولىدۇ .

2 ) «تۆۋى يۇمشىتىلىپ ئوبدان ئوغۇتلانغان ، تازا ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ سۇغىرىلغان يەرلەرگە تېرىلغان گۈل ئۇرۇقى تېزلا ئۈنۈپ چىققىنى بىلەن بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . . .»

جاۋاب : بۇ پارچە نەسرىنىڭ «ئۆيدە» ناملىق بۆلىكىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، «مەن» تاپشۇرۇق ئىشلەش جەريانىدا قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ ، قىيىنچىلىقنى تاغدەك ھېس قىلغان چاغدا دادىسىنىڭ قىلغان نەسىھىتىدىن ئۈزۈۋېلىنغان . مەنىسى «ئادەم كىچىكىدىنلا بىلى بوش ، ئىرادىسىز ، چىدىماس بولسا ، كىچىككىنە قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ بەل قويۇۋەتسە ، جاپادىن قېچىپ راھەتكە بېرىلسە ، چوڭ بولغانسېرى كىشىلىك ھاياتنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپ ئىرادىلىك ، قەيسەر ، چىداملىق ، قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان ، دادىل بولۇشى لازىم» دېگەندىن ئىبارەت .

3 ) «بىلىمنىڭ يۇكسەك چوققىسىغا يامىشىۋاتقىنىمدا ئالدىمغا قورقۇنچلۇق تاشلار سىيرىلىپ چۈشۈپ تۇرىدۇ . سەللا بوش كەلسەڭ ، تاش بىلەن قوشۇلۇپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىسەن .»

جاۋاب : بۇ پارچە نەسرىنىڭ «ئۆيدە» ناملىق بۆلىكىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، «مەن»گە دادىسىنىڭ قىلغان نەسىھىتى . ئۇنىڭ مەنىسى «ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش ، ئىلىم ـ

پەننىڭ يۇقىرى پەللىسگە چىقىپ، يېڭىلىق يارىتىش، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جاپالىق ئىش. بۇ جەرياندا ئادەم كۈتۈلمىگەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، ئويلاپ باقمىغان نۇرغۇن قېتىملىق تاسادىپىي مەغلۇبىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، بىراق مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەسلىك كېرەك. مەغلۇبىيەت ئالدىدا بەل قويۇۋەتكەن، ئۆزىنى يوقاتقان ۋە ئۈمىد-سىزلەنگەن كىشى مەڭگۈ ئۈتۈق قازىنالمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

3. بۇ نەسردىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرى (ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر)نى تېپىپ، ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە بۇ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

جاۋاب: بۇ نەسردە باشتىن ـ ئاخىر ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، سۈپەتلەش، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى قوللىنىلغان.

ئوخشىتىش — «يەر يۈزىنى دەپتىرىمنىڭ ۋاراقلىرىدەك ئاپئاق قار قاپلىغان»، «دەل ـ دەرەخلەر ئانامنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىقىنىڭ تۆۋىتىدەك قىرووۋ باغلىغانىدى»، «كۆلنىڭ يۈزىگە بىزنىڭ ئۆيدىكى تاشئەينەكتەك قېلىن مۇز تۇتقانىدى»، «ھەممىمىز قوشماق مېغىزدەك ئىناق ئۆتىمىز»، «بىز ئانىسىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرگەن قۇش باللىرىدەك ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتۇق»، «قار ئۇچقۇنلىرى ئاشۇ ئاق كېپىنەكلەردەك ئۇستىپ-شىمغا قونۇشقا باشلىدى»...

سېلىشتۇرۇش — «ئانام بىزگە يەيدىغان ئوزۇق بېرىدۇ، مۇئەللىمىمۇ بىزگە ئوزۇق بېرىدۇ. بۇ ئوزۇق — بىلىم»، «قۇشلار ئوزۇقلىرىنى چىشلەپ ئۇۋىلىرىغا قايتىدۇ. مەنمۇ ئىلىم ـ ساۋاق ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم»، «ئەتىيازنىڭ ئاپتىپى قار ـ مۇزلارنى ئېرىتىدۇ. باھارنىڭ شاملى پاتقاق ـ ھۆلچىلىكنى قۇرۇتىدۇ. دادامنىڭ بۇ سۆزلىرى كۆڭلۈمگە ئۇشتۇمتۇت چۈشكەن بوشاڭلىق قىرووۋلىرىنى ئېرىتىۋەتتى».

جانلاندۇرۇش — «تولۇن ئاي دېرىزەمدىن ماراپ تۇراتتى. ئۇ گويا مەندىن: بۈگۈن بىر كۈن ئۆتتى، قېنى، بۇ كۈندە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دەپ سوراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى».

سۈپەتلەش — «پاكىز كىيىنگەن، ئېگىز بويلۇق تەبىئەت دەرسى ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىردى».

رىتورىك خىتاب — «كېتىڭلار مەندىن خىياللار، مەكتىپىمگە ئالدىرايمەن»، «كې-تىڭلار مەندىن خىياللار، مەن دەرس ئاڭلاۋاتىمەن»...

يۇقىرىقى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئاپتورنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى رولى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، رىتورىك خىتاب قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى لىرىك ھېسسىياتنى مەيلى چوڭلار بولسۇن، مەيلى باللار بولسۇن، ئۇلارغا ئەڭ تونۇش بولغان ئاددىي ئوبيېكتلارنى تاللاپ ئىپادىلەش ئىمكانە-يىتى ئارقىلىق، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاپتور ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشىشىغا، ئۇنى چۈشىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتور ئۆز ھېسسىياتىنى كونكرېت، ئوبراز-لىق قىلىپ ئىپادىلەپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھېسسىيات جەھەتتىن بىۋاستە تەسىرلەندۈرۈش رولىغا ئىگە قىلغان.

## ئىككىنچى بۆلەك

# قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ھەققىدە

**1 . قوچو ئۇيغۇر خانلىقى توغرىسىدا**

مىلادىيە 840 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان، ئوردۇبالىقنى پايتەخت قىلىپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاز كەم 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر قاغانلىقى تەبىئىي ئاپەت ۋە سۈنئىي كۆلپەتنىڭ قوش زەربىسىدە ئاخىرى يىمىرىلدى. خاندانلىقنىڭ پۇقرالىرى كەڭ كۆلەمدە جەنۇب ۋە غەربتىكى رايونلارغا كۆچتى. مۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭ رايونىدا، يەتتىسۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىندا ئىككى ئۇيغۇر خانلىقى — تۇرپان، جىمسارنى مەركەز قىلغان قوچو (گاۋچاڭ) ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قەشقەر، بالاساغۇنلارنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغانىدى. بۇ ئىككى خانلىقتىكى ئىجتىمائىي ھايات ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ يەردە مەدەنىي ھاياتمۇ ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ.

**2 . قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھايات توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟**

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش شەكلىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن مۇقىم ئولتۇراق شەھەر مەدەنىيىتى تۇرمۇشىغا يۈزلەندى. ئۇلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدىمۇ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى — ئۇلار قۇرغان ھاكىمىيەت غەربىي يۇرتتىكى بىر زور سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا، بۇ رايونلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىگە قاراپ يۇغۇرۇلۇشى تېزلەشكەندى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسىمۇ بىر مەزگىل خېلى كەڭرى بولغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ، شىمال تەرىپى ئىلى - مىڭلاق ۋادىسىغىچە، غەرب تەرىپى تىبەتلەرنىڭ زېمىنى (ھازىرقى خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقىدا) بىلەن تۇتىشىدۇ دېيىلگەن. دېمەك، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى جەنۇبتىن شىمالغىچە تۇرپان، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقلىرىنى ئاتلاپ ئۆتكەن، شەرق تەرىپى قۇمۇلدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى ئاقسۇغىچە يېتىپ بارغان. مانا مۇشۇنداق كەڭ چېگرا ئىچىدىكى ئەۋزەل تەبىئىي شەرت - شارائىتلار، خانلىق تېررىتورىيە ئىچىدىكى خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىجتىمائىي ۋە

مەدەنىي ھايات ناھايىتى جانلانغانىدى .

3 . بۇ دەۋردە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى قانداق ئىدى؟

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىگىلىك ئاساسەن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، كانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، قول ھۈنەر سانائىتى ۋە سودىدىن ئىبارەت ئىدى .

دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى تەڭ ئورۇنغا قويغان . بىر قىسمى دېھقانچىلىق كەسپىگە يۈزلەنگەن بولسا ، يەنە بىر قىسمى بەشبالىق ، قارا شەھەر ئەتراپلىرىدا ، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى باركۆل قاتارلىق ئوتلاقلىق جايلاردا ، جۇڭغار ۋە ئىلى ۋادىلىرىدىكى يايلاقلاردا يەنىلا ماھىر چارۋىچىلاردىن بولۇپ قالغان . ئۇلار يېتىشتۈرگەن ئات ، كالا ، تۆگە ، قوتاز ، قوي ، ئۆچكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت يەنە باشقا ئەللەرگە سېتىلغان . ئۇلار يېتىشتۈرگەن سۈپەتلىك ئاتلار ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قارشى ئېلىنغان . بۇ رايوندا يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نىسبەتەننىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، بىنەم ، بوز يەرلەر كۆپلەپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن . «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى ) : «قوچونىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ئىسسىق ، ھۆل - يېغىن ئاز بولغاچقا ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسەن ، سۈنئىي سۇغىرىشقا تاياناتتى . سۇ تەڭرىتاغلىرىدىن كېلەتتى . ئۇلار بۇ سۇلارنى ئېتىز - ئېرىقلارغا باشلايتتى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن تۆگمەنلەرنى يۈرگۈزەتتى . بۇ يەرلەردىن ئاشلىق ، پاختا ، ئۈزۈم ، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق مېۋە - چىۋىلەر كۆپ چىقاتتى . كۆچەتلىرى ، گورۇچ ، بۇغداي ، قوغۇن - تاۋۇز چىقاتتى . قۇمۇلدىن ياۋا يىپەك چىقاتتى .» دېيىلگەن .

خانلىقنىڭ زېمىنىدا كان بايلىقى مول بولۇپ ، تۆمۈر رودىسى ، قىزىل تۇز ، نۈشۈدۈرلەر ئەينى زاماندا قوچو خانلىقىدا كۆپلەپ قېزىلغان . تۆمۈر رودىسى ساپ تۆمۈر تاۋلاپ ئېلىشقا ، قىزىل تۇز تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەن . يەنە نۈشۈدۈر دورا ياساشقا ئىشلىتىلگەندىن سىرت ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ھەمىشە كۆن - خۇرۇم ياساشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلغان .

خانلىقتا يەنە قول ھۈنەر سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، تۆمۈر ، پولات تاۋلاش ، زەرگەرلىك ۋە مىس تاۋلاش ، پاختا ، يۇڭ ، يىپەك ۋە كەندىر توقۇمىچىلىقى ، كۆن - خۇرۇمچىلىق ، شاراب ئېچىتىش . . . قاتارلىقلار ئاساسلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەشغۇلاتى بولغان .

خانلىقنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۆز ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ قويۇقلاشقان بولۇپ ، قوچو سودىگەرلىرى لياۋ ، سۇڭ سۇلالىسى ۋە تاڭغۇت خانلىقىغا ئاساسلىقى تۆمۈر قورال - جابدۇقلار ، كىيىم - كېچەك ، زىبۇ - زىننەتلەر ، دورا - دەرمەكلەر ، پاختا ، يۇڭ ، كەندىر توقۇلما بۇيۇملىرى ، يەرلىك مەھسۇلات ، چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاپىرىپ سېتىپ ، ئۇ يەرلەردىن داڭلىق يەرلىك ماللارنى ئۆز خانلىقىغا ۋە غەربتىكى باشقا ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىپ ، نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن .

خانلىق يەنە تاۋار سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خان تامغىسى بېسىلغان «قامدۇ»

دەپ ئاتىلىدىغان لاتا پۇل تارقاتقان . ئىچكى رايونلارنىڭ مىس پۇللىرىمۇ بازاردا ئوخشاشلا ئىشلىتىلىۋەرگەن .

4 . بۇ دەۋردە قايسى دىن قوللىنىلغان؟

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددا دىنى ئاساسلىق دىن بولۇپ قالغان (مانى دىنىمۇ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمەي ، مەدەنىيەتكە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ) . قوچو شەھىرىدە 50 نەچچە ئورۇندا بۇددا مۇنارلىرى ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولغان . بۇ خانلىقتا ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ تارقالغان مانى دىنىمۇ ئىككىنچى چوڭ دىن قاتارىدا تارقالغان .

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى ئۆز خاتىرىسىدە ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا «ساڭرام‌لار كۆپ ، پارس راھىبلىرى ھەرقايسىسى ئۆز تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدۇ . » دەپ يېزىپ قالدۇرغان . خانلىقتا مەخسۇس مانى ئىبادەتخانىلىرى بولغان .

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇ ئىككى دىندىن باشقا يەنە نېستورىيان دىنى مۇرتلىرىمۇ بولغان ، شۇنداقلا ، شامان دىنى ، زورو ئاستىر دىنى (زەردۇشت ) قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان .

5 . بۇ دەۋردە تىل - يېزىق ۋە مائارىپچىلىق جەھەتتە قانداق تەرەققىياتلار قولغا كەلگەن؟

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىلگىرى قوللانغان ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى (قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى ) ئورنىغا سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 23 ھەرپتىن تەركىب تاپقان ، ئۇنىڭ ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلىدىغان شەكلى ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تىك يېزىلىدىغان شەكلىمۇ بار بولۇپ ، تىك يېزىلىدىغان شەكلىنىڭ قۇر تەرتىپى كۆپىنچە سولدىن ئوڭغا قارىتا بولغان . خەت شەكلى ياغاچ باسما شەكلى ، سۈترا يېزىش شەكلى ۋە تېز يېزىش شەكلى دەپ ئايرىلغان .

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مائارىپ ئىشلىرىمۇ بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن . بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە خىلمۇخىللىقى ، بۇددا مىڭئۆي سەنئىتىنىڭ شۇ قەدەر گۈللەنگەنلىكى ، ئەينى دەۋردە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ، بۈيۈك تەرجىمانلارنىڭ ، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ، دىپلوماتلارنىڭ ، تېۋىپلار-نىڭ ، رەسساملارنىڭ توركۆملەپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ، بۇلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاساسلىق قوشۇن بولۇپ ، مائارىپچى-لىقنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى . ئۇنىڭ ئۈستىگە خانلىقتىن قالغان نۇرغۇن ئىقتىسا-دىي ئالاقىگە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ (ئېلىم - بېرىم ھۆججەتلىرىنىڭ ) مۇتلەق كۆپىنچىسى-نىڭ ئادەتتىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆز قولىدا يېزىلغانلىقىمۇ ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا ساۋاتلىق ، بىلىملىك - مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى نامايان قىلغان .

6 . بۇ دەۋردە ئەدەبىيات جەھەتتە قانداق ئۇتۇقلار قولغا كەلگەن؟

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەل ئەدەبىياتى (ئېغىز ئەدەبىياتى )غا بۇددا رىۋايەتلىرى ،

ھېكايە ـ چۆچەكلەر ، ماقال ـ تەمسىللەر (ئاتىلار سۆزى) ، پەند ـ نەسىھەتلەر ۋە ھەر خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار كىرىدۇ . يازما ئەدەبىياتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە خېلى گۈللەنگەن دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ ، خانلىق دائىرىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا ، مانى ، خىرىستىيان قاتارلىق بىر مۇنچە دىنلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى رەڭمۇرەڭ تۈس ئېلىپ ، كەڭ بىر مەزمۇننى تەشكىل قىلغان . يەنە بىر جەھەتتىن ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى يازما ئەدەبىي تىلنىڭ مۇكەممەللە-شىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن . شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ، تۇرپان دائىرىسىدە يازما ھالەتتە نۇرغۇن شېئىرلار ، داستان ، دىرامىلار مەيدانغا كېلىشتىن باشقا ، «ئوغۇزنا-مە»دەك قەدىمكى داستانلارنىڭمۇ يازما نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، خەنزۇ ، ئەنەتكەك (قەدىمكى ھىندى تىلى) ، تۇخار (قەدىمكى كۇچا تىلى) ، تىبەت تىللىرىدىكى كۆپلىگەن بۇددا نوملىرى ، رىۋايەتلىرى ، مانى ، خىرىستىيان دىنى مەزمۇندى-كى ئەسەرلەرمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان . بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يازما ئەسەرلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن (ھازىرغىچە مۇھىم بولغانلىرىدىن) : «تۇرپان شېئىر ـ قوشاقلىرى» ، «مانى ۋە بۇددا شېئىرلار توپلاملىرى» ، بۇددا رىۋايىتى ئاساسىدىكى «چاشتانى ئىلىگ بەگ» قىسسىسى ، تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن بۇددا مۇقەددەس كىتابى (سۇترا) ، تەپسىر (شاسترا) ۋە باشقا ئەسەرلەردىن «ئالتۇن يارۇق» ، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، كۆپ كۆرۈنۈشلۈك دىراما «مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى) ۋە پالنامە . . . قاتار-لىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاسترونومىيەگە ، كالېندارچىلىققا ، تېببىي ئىلمىگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ بولۇپ ، بۇ يازما ۋە ئەل ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ، جەمئىيەت تۈزۈمى ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە بىزگە بىرقەدەر تولۇق مەلۇمات بېرەلەيدۇ . ئەدەبىياتقا ئائىت خاتىرىلەر ، قولياز-مىلار بىزگە يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى خېلى ئۇزاق بىر جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، يۈكسەك بىر سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ .

## 5 . «ئاتىلار سۆزى» ھەققىدە

نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ شېئىرلار ئابدۇقەييۇم خوجا ، ئىسراپىل يۈسۈپ-لەر تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن ئېلىن-غان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . بۇ شېئىردا قانداق نەسىھەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ؟

جاۋاب : كىشىلەرنى ۋىجدانلىق ، ئادەمگەرچىلىك بىلەن ياشاشقا ئۈندەپ ، ئىش قىلغاندا ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ پۇختا قىلىشنىڭ لازىملىقى ، قىلىپ بولغان ئىشقا ئۆكۈنمەي ،

ئۇنىڭدىن تەجرىبە - ساۋاقتا ئىگە بولۇش ، ۋىجدانسىز ، نائىنساب ئەردىن ۋىجدان ، ئەقىل ، ۋاپانى ئۈزگە يار قىلغان ئايالنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكى ، ئادەمنىڭ ئازراق كەمچىلىكلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى پۈتۈنلەي يامانغا چىقىرىۋەتمەي ، كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىپ ، ئۇنى توغرا يولغا باشلىسا ، ياخشى دوستتىن بىرسى كۆپىيىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە ، پەزىلەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى ماختىلىپ ، پەزىلەتسىز كىشى ۋە ساۋابلىق ئىش قىلمايدىغانلار سۆكۈلگەن . ئوخشىتىش ، سىپلىشتۇرۇش قوللىنىلىپ ، پىكىر ئىخچام ، مەنتىقلىقى كۈچلۈك ئىپادىلىنىپ ، ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى بۇرخان دەرىجىسىدە ئۇلۇغلانغان . كېيىنكى كۇپلېتلاردا باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلاشتەك ئىدىيەۋى ھېسسىيات گەۋدىلەندۈرۈلگەن . ئەرنىڭ خاسىيىتى قورقماسلىق ئىكەنلىكى ، سۇنىڭ چوڭقۇر بولۇشى ئۇنىڭ ئىنسانغا يەتكۈزىدىغان مەنپەئەتىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلۈپ ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا يامانلاردىن ھەزەر ئەيلەش ، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىش ، سەگەكلىك ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى ئۆگۈت - نەسىھەتلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ سەمىمىي ، بىر - بىرىگە ۋاپادار بولۇشىنى تەكىتلىگەن .

قىسقىسى ، بۇ شېئىردا ئەينى دەۋردىكى قوچو ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ، دۇنيا قارىشى ، بەدىئىي دىتى ، شۇنداقلا تەجرىبىلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ ، خەلقنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ، دانىشمەنلىكى ۋە ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى ئىزھار قىلىنىپ ، كىشىلەرنى ۋىجدان ، نومۇس ، ئادەمگەرچىلىك بىلەن ياشاشقا ، بىلىم ، ئەقىل ، چىدام - غەيرەت ۋە ياخشى خۇلق ئىگىسى بولۇشقا ئۈندىگەن .

2 . تۆۋەندىكى مىسرالاردا قانداق پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ بېقىڭ .

1 ) سۆز كىرىنى يۇيۇپ چىقىرىشنىڭ ھېچقانداق ئامالى يوق .

سىز يۇقىرىقى قاراشقا قوشۇلامسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

جاۋاب : بۇ پىكىر كىشىلەرنى سۆز گۈزەللىكىگە ئۈندەشنى مەقسەت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، ئېغىزدىن چىققان ھەرقانداق سۆزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمىغاندەك ، ئادەم كۆڭۈلگە قاتتىق تېگىپ ، دىلىنى چېككەن سۆزلەرنى ، ئىشلارنى ئالدىراپ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ . بەزىدە بىراۋلارنى بىلىپ - بىلمەي ، غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز رەنجىتىپ ، قەلبىدە تىل يارىسى ، كۆڭۈل زىدىسى پەيدا قىلىپ ، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئازابقا دۇچار قىلساق ، بۇنداق كۆڭۈل كىرىنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدۇ . بۇ بەئەينى داۋاسى يوق ساقايماس كېسەلنىڭ ئۆزى . بۇ خۇددى «تىغ يارىسى ساقىيار ، دىل يارىسى ساقايماس» دېگەن ماقالنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىردەك ، كۆڭۈل دېگەن تولىمۇ نازۇك نەرسە ، گەپ - سۆزدىكى ئېھتىياتسىزلىق ، قوپاللىق ، ئورۇنسىزلىق ناھايىتى ئاسانلا سۆز كىرىنى — كۆڭۈل يارىسىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ . بۇنداق سۆز كىرىنى يۇيۇپ تازىلاش بەك قىيىن ، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا يۇقىرىقى قاراش توغرا بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن گەپ - سۆزدە باشقىلارغا ئورۇنسىز ئازار بېرىشتىن ، ئۇلارنى ھاقارەتلەش ، كەمسىتىشتىن ساقلىنىپ ، سۆزدە مۇلايىم ، سىلىق - سىپايە بولۇش ئىنتايىن مۇھىم .

2 ) ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا ھەر دوقمۇشقا قامچا قويار .

ئالدى بىلەن بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىپ ، شۇ پىكىرگە ماس كېلىدىغان ماقال ـ تەمسىلدىن بىرنى يېزىڭ .

جاۋاب : يۇقىرىقى پارچىدا ئەمەل تۇتمىغان ، ئەمەل تۇتۇشنى بىلمەيدىغان كىشى ئەمەل تۇتقاندىن كېيىن خۇدىنى يوقىتىپ ، ھاكاۋۇرلىشىپ تەدرىجىي ئۆزىنى بىلەلمەي ، زالىم ، مۇستەبىت ئەمەلدارغا ئايلىنىپ ، ئاخىرقى ھېسابتا كۆرگەنلا كىشىگە كۆرگەنلا يەردە ھەيۋە كۆرسىتىپ ، يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن خەلق ئاممىسىغا زەربە بېرىپ ، خەلقنىڭ ئاھۇ زارى ، ئۆلەر ـ تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي مۇشتۇمزورلۇق ـ زوراۋانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانلىقى قاتتىق تەنقىد قىلىنغان .

بۇ پىكىرگە ماس كېلىدىغان ماقال ـ تەمسىل :

قۇل ئات مىنسە چىقمىغان دۆڭ قالماس ،

دېدەك مونچاق ئاسسا كىرمىگەن ئۆيى قالماس .

بېگىمنىڭ قورسىقى توق ، قۇلى بىلەن كارى يوق .

3 . گۇمانىتار روھ (ئادىمىلىك ) تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «پەزىلەتلىك كىشى گۆھەر ، پەزىلەتسىز كىشى پېتەك» دېگەن سۆزنىڭ قانداق تەربىيەۋى رولى بار ؟ قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : ئىنساننىڭ ئادىمىلىكى يېگىلەپ ، ھايۋانىيلىقى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ بېرىۋاتقان ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا قاتتىق خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، گۇمانىتار روھ يەنى ئادىمىلىك يېڭىباشتىن كۈنتەرتىپكە قويۇلۇپ ، پۈتكۈل جەمئىيەت جىددىي ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر بولغان مەسىلىگە ئايلاندى . ئادىمىلىك مەنىۋى كامالەتنى ، ئىنسانىي پەزىلەتنى يادرو قىلىدۇ . «پەزىلەتلىك كىشى گۆھەر ، پەزىلەتسىز كىشى پېتەك» دېگەن ھېكمەتتە پەزىلەتلىك ئىنساننىڭ خۇددى گۆھەردەك بىباھا ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ ، ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئۇنىڭ پەزىلىتىگە باغلىق ئىكەنلىكى ، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقى كۆرسىتىلىش بىلەن بىللە ، پەزىلەتسىزلىكنىڭ ئىنسانىي پەسلەشتۈرىدىغانلىقى ، خارلىققا دۇچار قىلىدىغانلىقى تەكىتلىنىپ ، ئىنسان قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئۇنىڭ پەزىلىتىگە باغلىق ئىكەنلىكى يەنىمۇ تەكىتلەنگەن . چۈنكى كىشى بىلىمسىز بولسىمۇ بولىدۇكى ، بىراق پەزىلەتسىز بولسا بولمايدۇ . ھەرقانداق مىللەتنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتتىن ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن ياتلىششى ، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا شۇ مىللەتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگەنلىكتۇر . شۇڭا يۇقىرىقى سۆز ئادىمىلىك تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشكە ئۈندەش ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەشتە مۇھىم تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بار .

## 6 . «مۇھەببەتنامە» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە:** شائىر ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ ياشىغان دەۋرىنى 9 ~ 10 - ئەسىرلەر دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ پىكرىچە، ئاپرىنچۇر تېگىن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ناملىق كىتابىدا زىكىر قىلىنغان چۇچۇ ئىسىملىك شائىردىن بۇرۇنراق ئۆتكەن دېيىلمەكتە.

ئاپرىنچۇر تېگىن باش ۋە ئاياغ قاپىيەلىك شېئىر يازغان.

ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى شېئىرى قوچو تەۋەسىدىن تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھازىرچە ماتېرىيال كەمچىل.

شائىر ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ بىرىنچى شېئىرى دىنىي مەزمۇندا بولۇپ، تۆتلۈك شەكىلدە يېزىلغان ئۈچ كۇپلېتتىن ئىبارەت.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . شېئىردا شائىرنىڭ ئائىلىسىگە بولغان قانداق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن؟

جاۋاب: بۇ شېئىردا شائىر يىراقتا قالغان ئائىلىسىگە بولۇپمۇ ۋاپادار ئايالىغا بولغان سېغىنىشىنى ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، رىتورىك خىتاب . . . قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى جايىدا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، شائىر ئۆزىنى ئاشىق، ئايالىنى مەشۇق ئورنىدا قويۇپ، سەمىمىي لىرىك ھېسسىيات بىلەن جۇدالىق دەردىنى تارتقان ۋاپادار ئاشىقنىڭ (ئۆزىنىڭ) ئۆز مەشۇقىنى (ئايالىنى) ياد ئېتىپ، ۋىسال كۈنلىرىگە ئىنتىزار بولغانلىقىنى، ۋاپادار ئاشىقنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇسىنى ناھايىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

2 . بۇ شېئىرنىڭ سىز ئىلگىرى ئوقۇغان كىلاسسىك شېئىرلاردىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

جاۋاب: بۇ شېئىر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەربىر كۇپلېتى ئۈچ مىسرادىن تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۈچ مىسرالىق شېئىرلارنى كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە مۇسەللەس دەپ ئاتايمىز. كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە ئۇچرايدىغان مۇسەللەسلەر ئاساسەن ۋەزىنلىك شېئىرلار تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ مۇسەللەس ۋەزىنلىك شېئىر ئەمەس، بەلكى ئەركىن شېئىر قائىدىسىگە ئۇيغۇن. بۇ نۇقتىدا بۇ شېئىر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى باشقا شېئىرلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

# قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە چۈشەنچە

(مىلادىيە 870 — 1213 ـ يىللار )

## 1 . قاراخانىيلار خانلىقى قانداق خانلىق ئىدى؟

قاراخانىيلار خانلىقى 10 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان تۇنجى تۈرك ـ ئۇيغۇر ئىسلام خانلىقى بولۇپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ . «قارا» سۆزىنىڭ مەنىسى — «كۈچلۈك» ، «باتۇر» ، «ئۇلۇغ» ، «ئالىي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . بۇ خاندانلىق ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يېڭى دەۋرنى يەنى ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتى دەۋرىنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن ، بۇ دەۋر ئەدەبىياتى شۇ خاندانلىق نامى بىلەن «قاراخانىيلار ئەدەبىياتى» ياكى «خاقانىيە ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان .

قاراخانىيلار خاندانلىقى قۇرۇلۇشى بىلەن بۇ خاندانلىقتا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ . تارقاق ۋە كۆچمەن قەبىلىلەر بارا ـ بارا شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇراقلىشىپ ، بۇ يەردە ياشىغۇچى يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىق ، قول سانائىتىنى گۈللەندۈرىدۇ . شەھەرلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى كۈچىيىدۇ . شەھەرنى مەركەز قىلغان فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ ۋە بۇنداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ماس ھالدا شەھەر مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىدۇ .

مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى قاراخانىيلار خاندانلىقى خان جەمەتىدىن سۇتۇق تېكىن (سۇتۇق بۇغراخان ) تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى . نەتىجىدە خانلىقنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئۆزگىرىش ياسايدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئەرەب ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرايدۇ . شۇنداق قىلىپ بۇ بىر يېڭى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە بىر مەدەنىيىتى يەنى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىدۇ .

10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قاراخانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈمدارلىرى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى بولغان ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىپ ، سامانىيلار سۇلالىسىغا خاتىمە بېرىش ھەمدە تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كۇچانىڭ غەربىدىن خوتەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئارقىلىق ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلىدىكى غەربىي يۇرتقا مەركەزلەشكەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى . قاراخانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ زېمىن كۇچانىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە ۋە شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا

خوتەنگچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى : بىرىنچىسى ، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم ، بۇ قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى . ئىككىنچىسى ، سەمەرقەند ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم ، ئۈچىنچىسى ، خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي جەنۇبىي قىسىم ، بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتىلاتتى . قەشقەر — «ئوردۇ كەنت» دەپ ئاتالغان . بالاساغۇننىڭ يەنە بىر نامى سۇيئاب بولۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىياغا جايلاشقان .

## 2 . بۇ دەۋردە مەدەنىيەت قانداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن؟

قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مىلادىيە 11 – ئەسىردە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى . شەرقىي قىسىمدىكى قەشقەر ۋە بالاساغۇن ، غەربىي قىسىمدىكى سەمەرقەند ۋە بۇخارا قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە شەھەر ، قەلئە ، مەسچىت قۇرۇلۇشلىرى ۋە بىلىم يۇرتلىرىنى تەشكىل قىلىش پائالىيەتلىرى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلدى . بۇ مەركىزىي شەھەرلەرگە بولۇپمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرگە كۆپلىگەن بىلىم ئەھلىلىرى ، شائىرلار توپلاندى . دىنىي ئۆلىمالار ، ئالىملار ، تونۇلغان شائىرلار ، مەشھۇر تېۋىپلار مەيدانغا كەلدى . پەلسەپە ، ئاستىرونومىيە ، ماتېماتىكا ، تېبابەتچىلىك ، جۇغراپىيە ، تىلشۇناسلىق ، شەرھشۇناسلىق ، بىناكارلىق قاتارلىق پەنلەر ساھەسىدە گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى .

ئەبۇناسىر مۇھەممەد فارابى ، مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ دىداكتىك داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» . . . قاتارلىق مەشھۇر زاتلار ۋە نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى .

## 3 . بۇ دەۋردە قانداق تىل - يېزىق قوللىنىلغان؟

بۇ دەۋردىكى تىل ئورخۇن – يېنسەي يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيدۇ . ئۇ تېخى ئەرەب – پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئانچە كۆپ ئۇچرىمىغان ساپ ۋە نەپىس ئۇيغۇر تىلى ئىدى . بۇ تىلنى شۇ دەۋردە ئۆتكەن ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتىغان بولسا ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1 – توم 25 – بەت)دا «خاقانىيە تۈركچىسى» ، «قۇتادغۇبىلىك» (ئۇيغۇرچە 1984 – يىلى نەشرى 5 – بەت)تە «بۇغراخان تىلى» دەپ ئاتالغان . بۇ دەۋردە دىنىي ئېتىقاد ئېھتىياجى بىلەن ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ قوللانغاندى .

## 7 . «ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا» ھەققىدە

ئاپتور ھەققىدە:بۈيۈك مۇتەپەككۇر ، ئۇلۇغ پەيلاسوپ ، ئالىم ۋە شائىر ، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1018 — 1019 - يىللىرى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە قەشقەردە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان . 1068 — 1070 - يىللىرى 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، قاراخانىيلار مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىكى مۆجىزىلەرنىڭ بىرى بولغان نادىر ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ ، شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئوردا ۋەزىرى ھېسابىدىكى خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى ئالغان .

ئالىمنىڭ قاچان ، قايسى ۋاقىتتا ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق (تەخمىنەن 1085 - يىللىرى قەشقەردە ۋاپات بولغان ) . ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر قەشقەر شەھىرىدە ساقلىنىپ ، قوغدىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ .

«قۇتادغۇبىلىك »نىڭ بىزگىچە ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن . ئۇنىڭ بىرى : كونا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن 1439 - يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن ھىرات ياكى ۋېنا نۇسخىسى . ئىككىنچىسى ، 14 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن مىسىر ياكى قاھىرە نۇسخىسى . ئۈچىنچىسى ، 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ، ئەڭ قەدىمىي ۋە تولۇق نۇسخا — نەمەنگان ياكى پەرغانە نۇسخىسىدۇر .

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆز زامانىسىدا دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئۈبدان قوللانمىسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازىنىپ داڭق چىقارغان ، شۇڭا بۇ ئەسەر قايسى پادىشاھ ۋە قايسى ئەلگە يېتىپ بارسا ، ئۇنىڭ خاسىيەتلىكلىكى ۋە گۈزەللىكى تۈپەيلىدىن شۇ ئەلنىڭ ھاكىم ۋە ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ ئالاھىدە ناملارنى بەرگەن . چىنلىقلار «ئەدەبۇل مۇلۇك» (دۆلەت باشقۇرۇش ئەدىنكى ) ، شەرق مەملىكەتلىرىدە «زىننەتۇل ئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى ) ، ئىرانلىقلار «شاھنامەئىي تۈرك» (تۈركلەر شاھنامىسى ) ۋە بەزىلەر «پەندنامەئىي تۈرك» (تۈركلەر نەسىھەتنامىسى ) دېگەن ناملار بىلەن بايان قىلىدۇ . بۇغراخاننىڭ بۇ كىتاب ئۈچۈن ئاپتورغا «خاس ھاجىپ» (ئالاھىدە مۇشاۋىر - ۋەزىر ) دېگەن نامنى بەرگەنلىكمۇ كىتابنىڭ زور شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر پاكىت .

«قۇتادغۇبىلىك » 82 باب ، 6644 بېيىت (13288 مىسرا )تىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى دىداكتىك داستان بولۇپ ، باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى شېئىر شەكلىدە يېزىلغان . ئۇنىڭدا نەسرىي ھەم نەزمىي يول بىلەن يېزىلغان ئىككى مۇقەددىمىدىن تاشقىرى ، ياشلىق باھارىغا ئېچىنىش ھەم قېرىلىقتىن زارلىنىش ھەققىدىكى مۇقەددىمە بار .

ئەسەردە ئاپتور ، ئاساسەن دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ پەلسەپە ھەم ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئۇسۇلدا يەنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق كۆركەم ئەدەبىي تىل بىلەن بايان قىلغان .ئەسەردە تاللىۋېلىنغان ئوبرازلار : پادىشاھ كۈنتۇغدى — ئادالەت ۋە قانۇنغا ، ۋەزىر ئايتولدى — بەخت ـ سائادەتكە ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش — ئەقىل — ئىدراكقا ، ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى ئودغۇرمىش — قانائەتكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ ، ئەسەردىكى ۋەقەلىك باشتىن ـ ئاخىر تۆت شەخس ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋاب ۋە مۇنازىرە بىلەن راۋاجلىنىپ بارىدۇ .

ئومۇمەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك بىر نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

### مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ پارچىدا ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەندە ، نېمىلەرنى ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تەكىتلىگەن ؟ نېمىلەرنى يامانلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ بەرگەن ؟ شۇنداقلا كىشىلەرنى نېمىلەرگە دەۋەت قىلغان ؟

جاۋاب : بۇ تېكىستتە مۇتەپەككۇر شائىر ، پەيلاسوپ ، دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىقنى ئۇلۇغلاپ ، يامانلىقنى قامچىلاپ ، كىشىلەرنى يامانلىقتىن يىراق تۇرۇپ ، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ، شەرم ـ ھايا ، نومۇستىن ئىبارەت ئېسىل پەزىلەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشقا چاقىرىدۇ .

شائىر نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىككە ، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ، تەنىنىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئەقىل ـ ھوش ۋە بىلىم ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشقا ۋە ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ . ھەرقانداق كىشىنى يوغانچىلىق ، تەكەببۇرلۇق ، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا ، ئۇ خىل ناچارلىقلارنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالماسلىققا ئۈندەيدۇ .

شائىر ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەققىدە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، ئۇيات ، ئار ـ نومۇسنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكنى ، باشقىلارغا بىھۇدە زىيان يەتكۈزمەسلىكنى ، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ئەقىل بىلەن تىزگىنلەشنى ، تەن ۋەسۋەسىسىنى بىلىم بىلەن كونترول قىلىشنى ، ئۆمۈر بويى خەلققە ياخشىلىق قىلىشنى ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ .

يوغانچىلىق ، تەكەببۇرلۇق ، پىتنىخورلۇق ، ھەسەتخورلۇقلارنى ، ھەم نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ، ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلىنىشنى ، تەنىنىڭ ۋەسۋەسىسىگە تەسلىم بولۇشنى ، يامانغا يانتاياق بولۇشنى يامانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ .

ئاپتورنىڭ دەۋىتى : ئۆمۈر بويى خەلققە ياخشىلىق قىلىپ ، ياخشىلىق ئارقىلىق خەلقنى سۆيۈندۈرۈپ ، جاھاندا ئادەمدەك ياشاپ ، ئادەملەر ئارىسىدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يادلىنىدىغان ياخشى نام قالدۇرۇش ، يوغانچىلىق ، تەكەببۇرلۇق ، پىتنىخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق قىلىپ يامان نام قالدۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەش .

2 . تېكىستنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ :

1 ) شائىر نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمچىل قىلىقنى كىشىگە ئېغىر يۈك دەپ قارايدۇ ؟

**جاۋاب :** ئۆزۈمچىللىك — ئۆز ئالدىغا تارتىش ، ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئويلاش ، شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئىش - ھەرىكەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىشتىن ئىبارەت يامان ئىللەت ، ناچار قىلمىش ، پەسكەشلىك . ئۇ بارلىق پاسىقلىقلارنىڭ مەنبەسى . ئاچ كۆزلۈك ۋە نەپسانىيەتچىلىك ئۆزۈمچىللىكنىڭ ناچار شەكلى . ئۆزۈمچىل كىشىلەر ئۇياتنى ، ئار - نومۇسنى ، ئىنسابنى ، شۈكۈر - قانائەتنى بىلمەيدۇ . ئۆزۈمچىللىك ئادەم قەلبىدىكى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ، ئۇنىڭ ھۈجەيرىلىرى ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ ، ئۇنى ئەماغا ، گاسقا ئايلاندۇرىدۇ . ئۆزۈمچىللىك ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەرنى يامرىتىپ ، خار - زارلىققا دۇچار قىلىدۇ . قەدىر - قىممەتتىن ئايرىپ ، ئەل - يۇرتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ئۆزۈمچىل قىلىقنى كىشىگە ئېغىر يۈك دەپ قاراپ ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا چاقىرىدۇ .

2 ) شائىر نېمە ئۈچۈن ھەسەتنى داۋاسى يوق كېسەل دەيدۇ ؟

**جاۋاب :** ھەسەتخورلۇق بىر خىل كۆرەلمەسلىك بولۇپ ، ھەسەتخور كىشى باشقىلارنىڭ ئېرىقتەك ئۇتۇقلىرىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ . ھەر ۋاقىت باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن كېيىن قېلىشىنى ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ، ھەرقانداق ئىشتا چوقۇم مەغلۇپ بولۇشىنى تىلەيدۇ . بىرەر كىشى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتسە ، ئىچى ئېچىشىپ ، زەھەر يەۋالغاندەك تولغىنىپ ، غەلىبە قىلغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ھەر خىل پىتنە - پاسات تارقىتىدۇ . ھەسەتخورلۇقمۇ خۇددى ئۆزۈمچىللىككە ئوخشاش ساقايماس كېسەللىك . شائىر شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەتخورلۇقنى داۋاسى يوق كېسەل دەپ قارايدۇ .

3 . يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنلا : «ئۇيات — بارچە يامان ئىشتىن توسقۇچى ، پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئۇلاشتۇرغۇچى» دەپ قارىغان . سىزنىڭچە بۈگۈنكى كۈندىمۇ «ئۇيات - نومۇس»نى تەكىتلەشنىڭ شۇنچىلا ئەھمىيىتى بارمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

**جاۋاب :** ئاپتور بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئۇياتنى كىشىنى سىلىق خۇيلۇق قىلىدىغان ، ناچار ئىشلارغا قول سوزدۇرمايدىغان ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان ، بارچە ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرىدىغان ئېسىل پەزىلەت دەپ قارىغان . دەرۋەقە ئار - نومۇس (ئۇيات ) ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرغان گۈزەل پەزىلەت سۈپىتىدە ئىنسان قەلب گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ ، ئار - نومۇس ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ، ئۇياتسىزلىق ، ھاياسىزلىق ئىنساننى پەسلەشتۈرىدۇ . ئۇيات تۇيغۇسى ، نومۇس كۈچى يوق ئادەم ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ . دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، «ئۇيات - نومۇس» ئۇقۇمىنىڭ مەنە قاتلاملىرىدا ئۆزگىرىشلەر ، يېڭىلىنىشلار بولۇپ تۇرسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئادىمىيلىكنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولۇپ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق . نۆۋەتتە تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە بۆسۈپ كىرگەن ، كىرىۋاتقان چەت ئەل مەدەنىيەتلىرىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى بىزنىڭ بىر قىسىم ياشلىرىمىزنى ، ئۆسمۈرلىرىمىزنى يولدىن چىقىرىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى ، ئىش - ھەرىكەتلىرى ، كىيىنىشى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە پۈتۈنلەي يات نەرسە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ . ئۇلار شۇنىڭ ئۆزىنى ئىلغار مەدەنىيەت دەپ قاراپ ، كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئار - نومۇسنى بىر چەتكە

قايرىپ قويۇپ ، مىللىي ئەخلاقىمىزنى پايخان قىلىۋاتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىمۇ «ئۆيات ـ نومۇس»نى تەكىتلەش يەنىلا زۆرۈر. چۈنكى نومۇس ، شەرم ـ هاياسى يوق (يوقاۋاتقان ) مىللەت مۇقەررەرلا هالاكەتكە يۈزلەنگەن مىللەت بولىدۇ . قىسقىسى : ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە ئەدەپ ـ ئەخلاق قارىشىنى تېخىمۇ ياخشى سىڭدۈرۈپ ، ئۆيات ـ نومۇسنى قوغداش ئېڭىنى تېخىمۇ مۇستەهكەملەپ ، ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم .

## 8 . «پارچىلار» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە :** ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ، تەسەۋۋۇپ پىرى سوپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئەسىرلەردىن بېرى ياشاپ كەلگەن مەشھۇر شەخس ، تەسەۋۋۇپچى شائىر خوجا ئەھمەد يەسەۋى مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقىغا قاراشلىق تۈركىستان (سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يەتتىسۇ ۋىلايەتلىرىدىن بىرى ) ۋىلايىتىنىڭ يەسى دېگەن جايىدا تۇغۇلغان .

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن . دادىسى ئىبراھىم شەيخ قازا تاپقاندىن كېيىن ، ئەھمەد يەسەۋى پەرغانىدىكى ئارسلان بابا (ھازىرمۇ پەرغانە ئەتراپىدا ئارسلان بابا ناملىق مەنزىرىلىك ئارامگاھ بار ) دېگەن ئۇيغۇر ئىشانىنىڭ قولىدا تەلىم ئالدى . ئارسلان بابا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇ سايرام ئەۋلىيا ئاتا شەھىرىدىن ماۋەرائۇننەھردىكى ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان بۇخاراغا بېرىپ مەشھۇر سوپىزم شەيخى يۈسۈپ ھەمەدانىدىن تەلىم ئالدى . يۈسۈپ ھەمەدانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا خەلىپىلىك قىلىپ داڭ چىقاردى . يۈسۈپ ھەمەدانى ۋە ئەھمەد يەسەۋى شەيخلىق قىلغان بۇ جاي ھېلىمۇ بۇخارانىڭ يېقىن ئەتراپىدا ساقلانغان بولۇپ ، زىيارەتگاھ قىلىنغان ، ئەھمەد يەسەۋى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى يەسىگە قايتىپ شەيخلىق قىلغان . ئۇ دەسلەپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ، كېيىن قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان . ئۇ ئۆز ھاياتىغا سىرلىق ، ئىلاھىي تۈس بېرىپ يازغان شېئىرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، 63 يېشىدىن باشلاپ يەر ئاستى ئۆيى — چىللەخانىغا كىرىپ ، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىپ 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان . تۈركىستان (يەسى — سايرام رايونى 15 ـ ئەسىردە شۇنداق ئاتالغان ) شەھىرى ئەتراپىدا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ، ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم شەيخنىڭ ، ئانىسى قاراچاچ ئانا ، قېرىنداشلىرى لاتىپ ئاتا ، مۇستاپا قۇل ئاتانىڭ ، قىزلىرى جامال خانىم ، گەۋھەر خۇشتا خانىمنىڭ قەبرىلىرى جايلاشقان . ئەھمەد يەسەۋى قەبرىگاھلىقى خەلقئارا سەيلە ـ ساياھەت ئېھتىياجى بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا قايتا رېمونت قىلىنغان .

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ سوپىزملىق پەلسەپە ئىدىيەسى مەركەزلىك ھالدا ئۇنىڭ «دىۋان ھېكمەت» ناملىق پەلسەپىۋى ـ شېئىرىي كىتابىدا بايان قىلىنغان . بۇ كىتاب 42 قىسىم ،

ئىككى مىڭ مىسرالىق «ھېكمەت» ، 232 مىسرالىق «مۇناجات» ، 644 مىسرالىق «مىراجنامە» ، جەمئىي 2876 مىسرادىن تەشكىل تاپقان . ئۇنىڭ بىر قاتار ھېكمەتلىرى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى سۇلايمان باقىرغانى (خارەزملىك) ۋە خوتەنلىك بابا ماچىنىڭ ھېكمەت كىتابىلىرىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن . بۇ ھېكمەتلەردە ئەھمەد يەسەۋى ئۆز ئىسمىنى بەزىدە «مىسكىن يەسەۋى» ، «قۇل خوجا ئەھمەد» دېگەندەك نامدا ئاتىغان .

ئەھمەد يەسەۋى ھېكمەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا - يېقىن شەرقتە تېز كېڭىيىشى ۋە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىشىغا مۇنداق ئۈچ نەرسە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن :

1 ) ئۇ بىر تەرەپتىن رېئال دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە غەمكىن ، جاراھەتلىك قەلب ، پاجىئە تۇيغۇسى بىلەن نەپرەتلىك نەزەر تاشلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇ ئىنسانىي غايىلىك بولۇشقا چاقىرغان .

2 ) رېئال دۇنيانى ئابستراكت ھالدا تەنقىدلەشتىن كۆرە ، تولىراق كونكرېت تەنقىدلىگەن . زالىم ئەمەلدارلارنى ، بايلار ، پارىخورلار ، موللا - مۇپتىلار ، قازى - ئىماملار ، ئاقنى قارا ، ھەقنى ناھەق قىلغان كاززاپلارنى قاتتىق سۆككەن .

3 ) شېئىرىي ھېكمەتلىرى خىتابەتچىلىك (رىتورىكا) بىلەن لىرىكىنىڭ ، خەلق تىلى بىلەن خەلق شېئىرىيىتىنىڭ چاققان بىرلىشىشى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن .

ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان نەمۇنىگە ئايلانغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . شائىر نېمە ئۈچۈن «نەپس ھەۋا»نى بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ ؟

**جاۋاب :** شائىر بۇ پارچىنىڭ تۆتىنچى ، بەشىنچى كۇپلېتلىرىدا «نەپس ھەۋا»نىڭ كىشىگە كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . يەنى باشقىلارغا ھەسەت قىلىپ ، يالغان سۆزلەشكە ھەتتا قاتىللىق قىلىشقا ئۈندىگەن نەپسانىيەتچىلىكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىنى شەخسىيەتچىلىك ئېتىغا مىندۈرۈپ ، يامان ئاتاققا قويىدۇ . ئاتا - ئانا ، قېرىنداشلار ئارىسىغا مال - دۇنيا تۈپەيلىدىن سوغۇقچىلىق چۈشىدۇ . يەنە شۇ نەپسانىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن كىشى (ئادەم) يالغانچىغا ، قۇرۇق گەپ ساتقۇچىغا ئايلىنىدۇ . ھارام مال يىغىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر «نەپس ھەۋا»نى بارلىق يامانلىقنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قاتتىق قامچىلايدۇ .

2 . شائىر كەمبەغەل ، يېتىملەرگە قانداق شەپقەت كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ؟

**جاۋاب :** شائىر بۇ پارچىنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا پېقىر - مىسكىنلەر ھەققىدە توختالغان . شائىر يوشۇرۇن مەنىلەر بىلەن غېرىب ، مىسكىن ، پېقىرلەرگە ماددىي ، مەنىۋى جەھەتتىن ھەقىقىي خۇشاللىق بېغىشلاش يولىدا «ھەتتا جېنىڭنىمۇ قۇربان قىل» دېيىش ئارقىلىق ، ئەينى دەۋردىكى شارائىت تۈپەيلىدىن ئاچ - زارلىقتا ئۆتۈۋاتقان خەلقنى بەختىيار ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشقا چاقىرغان ھەمدە نېمە تاپساڭ خەلق بىلەن ئورتاقلاش ؛ گەرچە بۇ يولدا ھەق سۆزلىگىنىڭ ئۈچۈن ئاھانەت ئىشىتسەڭمۇ خەلق ئۈچۈن

يەنىلا ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇر دېگەندەك تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان .

3 . شائىر نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى نادانلار بىلەن ئۆلپەت بولماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ ؟

جاۋاب : شائىر بۇ پارچىنىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى كۇپلېتلىرىدا نادانلار ھەققىدە توختالغان . شائىر نادانلار باشقىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدۇ . بىرەر ئىشتا مەسلىھەت سورىساڭ توغرا ، ياخشى بولغان مەسلىھەتلەرنى بېرەلمەيدۇ . ئوڭۇشسىزلىققا ، ياردەمگە موھتاج بولغىنىڭدا ساڭا ياردەم قىلمايدۇ . توغرا يولدىن يالتىيىپ يامان يوللاردا ماڭىدۇ . ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئادەمنى ئىنتايىن ئازابلايدۇ ، بىئارام قىلىدۇ دەپ ئەيىبلەش ئارقىلىق كىشىلەرنى نادانلار بىلەن ئۆلپەت بولماسلىققا دەۋەت قىلغان .

4 . «ئۇلۇغ قايغۇغا قويغان نەپس ھەۋا ئەمەسمۇ ؟» دېگەن مىسرادىكى «ئۇلۇغ قايغۇ» نىڭ مەنىسى نېمە ؟

جاۋاب : يۇقىرىقى مىسرا شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسى ئالدىنقى مىسرا بىلەن بىۋاستە مەنتىقلىق باغلىنىشقا ئىگە . بۇ ئىككى مىسرادا نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەرنى ، ئاكا ـ ئۇكا ، ئاچا ـ سىڭىل قېرىنداشلارنى مال ـ دۇنيا ، پايدا ـ مەنپەئەت ماجىراسىغا سېلىپ ، ئۇلارغا بىر ـ بىرىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقى ، نەتىجىدە ئاتا ـ ئانا ، پەرزەنتلەر ھەم قېرىنداشلار ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ، كۆيۈمچانلىق ، ۋاپادارلىقلارنىڭ يوقىلىدىغانلىقى ، ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازاب بولمايدىغانلىقى يېزىلغان . «ئۇلۇغ قايغۇ» نەپسانىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ ، قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىدىن تۇغۇلغان قايغۇ ـ ھەسرەتنى كۆرسىتىدۇ .

# ئۈچىنچى بۆلەك

## 9 . «ئات ۋە ئات مىنگەن كىشى» ھەققىدە

ئاپتور ھەققىدە : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مول مېۋىلىك پىروفېسسورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى بوشلۇق خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەم بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى كۆزگە چېلىقارلىق ئۇتۇقلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر ئالىم ، تالانتلىق ئەدىب ، تۆھپىكار مائارىپچى .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1933 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاتۇشتا دۇنياغا كەلگەن . باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچى ، قەشقەرلەردە ئوقۇغان . 1950 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان . 1953 - يىلى شىئەندىكى غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماركسىزم ئاسپىرانتورىيەسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئالىي مەكتەپ مۇنبىرىدە بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان . تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان . ئۇنىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» (1980 - يىلى ) ، «ئومۇمىي ئېستېتىكا» (1985 - يىلى ) ، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» (1986 - يىلى ) ، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» (1994 - يىلى ) ، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (1997 - يىلى ) ، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» (1998- يىلى ) ، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» (1997 - يىلى ) ، « ‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى» (1999 - يىلى ) ، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» (2002- يىلى ) ، «ئائىلە» (2002 - يىلى ) قاتارلىق 20 پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان ، 200 پارچىگە يېقىن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى ، 2000 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر - غەزىلى ، نەسرلىرى ۋە «كۇمارا- جىۋا» ناملىق كىنو سېنارىيەسى ئېلان قىلىنغان . «شاھنامە» قاتارلىق ئۈچ پارچە تەرجىمە كىتابى نەشر قىلىنغان .

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە تەسىرى بار ئالىم ئىدى . ئۇ خەنزۇ تەتقىقاتچىلار ئىچىدىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان . ئالىم ۋە ئەدىب ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 1995 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ پارچە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە مۇھاكىمىلىق نەسر بولۇپ ، مۇئەللىپنىڭ «ئات

ۋە ئات مىنگەن كىشى» ھەققىدىكى مۇلاھىزىسى ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ ، ئۇنداقتا بۇ يەردىكى «ئات» نېمىگە ، «ئات مىنگەن كىشى» نېمىگە قارىتىلغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب: دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىنسان روھ بىلەن تەننىڭ يۇغۇرۇلمىسىدۇر . روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى — پەلسەپە ، پسىخولوگىيەدە بولسۇن ، ياكى ئېتىكىدا بولسۇن مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرىدۇر .

ئاپتور بۇ نەسىردە «ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن بىر ھايۋان بولۇپ ، ئۇنى ‹ئات› قا ، مەنىۋى جەھەتتىن بىر كامالەت مۇمكىنلىكىدىكى زات بولۇپ ، ئۇنى ‹ئات مىنگەن كىشى›گە تەمسىل قىلىش مۇمكىن» دەپ يازغان ، ئاپتور تىلغا ئېلىۋاتقان «جىسمانىي» دېگەن ئىبارە تەننى ، «مەنىۋى» دېگەن ئىبارە روھنى كۆرسىتىدۇ . دېمەك ، ئاپتور «ئات» نى تەنگە ، «ئات مىنگەن كىشى»نى روھقا تەمسىل قىلغان .

2 . سىز ئەسەرنى قايتا ـ قايتا پىششىق ئوقۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردە قانداق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈڭ ۋە ئورتاقلىشىڭ .

1 ) «ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋى كامالەت ناتەكشىلىكىدە ھەرىكەتلىنىدىغان شەيئى ، ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا ، ئاتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ ، نادان بولسا ، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ .»

جاۋاب: بىز «ئات»نى تەنگە ، «ئات مىنگەن كىشى»نى روھقا تەمسىل قىلغان ئىكەنمىز ، يۇقىرىقى جۈملىنىمۇ يەنىلا شۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . تەن دېگەن بىر پارچە گۆش ، شۇ گۆشنى سېسىتىش ياكى ھالال قىلىش روھنىڭ ۋەزىپىسى ھەم مەجبۇرىيىتى . ئەمما روھقا بويسۇنمىغان تەنگە ھەقىقەتەن ئامال يوق . روھنىڭ كامال تېپىش ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى روياپقا چىقىرىش ئارزۇسى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتسە ، تەن يەنى «ئات» كۆندۈرۈلگەن بولىدۇ . تەننىڭ يەنى «ئات»نىڭ راھەت ـ پاراغەت كۆرۈش ئارزۇسى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈپ ، تەننىڭ ۋەسۋەسىلىرى غالىب كەلسە ، ئادەم بارلىق ئىشلاردا ، ھەرزامان ، ھەر ۋاقىت ئۆز نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىدۇ ، بۇنداق ئەھۋالدا «ئات» يەنى تەن «ئات مىنگەن كىشى» يەنى روھنى «ئوقۇر»غا باشلايدۇ .

2 ) «ئىنساننىڭ قىممىتى — ئاتنىڭ سۈرىتىنىڭ باھاسى ئەمەس ، بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى !؟»

جاۋاب: ئاپتور بۇ نەسىردە «بىلىم — ئوزۇقتۇر» ، «ئەقىل — چىراغدۇر» ، «ئىقتىدار — كۈچتۇر» دېيىش ئارقىلىق بىلىمنى ۋاستە ۋە بايلىق دەپ تونۇتۇپ ، ئەقىل ھەرقانداق ئىنساندا بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ، بىراق ئىشلىتىش ئۇسۇلىدا ئوخشىماسلىق بارلىقىنى تەكىتلىگەن . ئاپتورنىڭ يۈكسەك ئورۇندا قويماقچى بولغىنى ئىنساننىڭ ئادەمىيلىك قىممىتى ۋە ئادەمىيلىك كامالىتىدۇر . دېمەك «ئىنساننىڭ قىممىتى — ئاتنىڭ سۈرىتىنىڭ باھاسى ئەمەس» دېگىنى — ئادەمنى قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى تاشقى گۈزەللىك (تەن) ئەمەس دېگەنلىك بولسا ، «بەلكى ئات مىنگۈچىنىڭ ماھىيەت ۋەزنى !

» دېگىنى — ئادەمنى يۈكسەك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى ئىنسانىنىڭ بىلىمى ، قابىلىيىتى (روھى ) دېگەنلىكتۇر .

3 . سىز بۇ نەسرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ «ئات» بىلەن «ئات مىنگەن كىشى» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ ئىلگىرىكى ئۆزىڭىزدىن ئىبارەت بۇ «ئات»قا مىنگەن كىشىنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

جاۋاب : «ئات»نى تەن ، «ئات مىنگەن كىشى»نى روھ دەپ تونۇش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ بۈگۈنگىچە «ئات مىنگەن كىشى» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . چۈنكى مەن ئۆزۈمدىن ئىبارەت «ئاتقا مىنگەن كىشى» ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمدا روھنىڭ تىرىگىنلىشى بىلەن كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولۇشۇم ، تەڭتۇشلىرىم ، ساۋاقداشلىرىم ، دوست ـ يارەنلىرىمنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ ، قەدىر ـ قىممەت بىلەن ياشاش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ، تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش بىلەن بىللە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگىنىپ مۇكەممەل بولغان ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسنى ياخشى سېلىپ كېلىۋاتىمەن . (ھەر كىم ئۆز ئەمەلىيىتى بويىچە ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ . )

4 . بۇ مۇھاكىمىلىق نەسرنىڭ بىرقانچە يېرىدە «ئۆزلۈك» تىلغا ئېلىنغان ، سىز دەرستىن سىرتقى ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە قورال كىتابلارنى كۆرۈش ئارقىلىق «ئۆزلۈك» ئاتالغۇسىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى يەنىمۇ تەپسىلىيرەك چۈشىنىۋېلىڭ .

جاۋاب : ئۆزلۈكنىڭ تەبىرى خەلقئارادا بىرەر يۈز خىلدىن ئاشىدۇ . بۇ خۇددى «گۇمانتارلىق» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسى ناھايىتى كۆپ خىل بولغىنىغا ئوخشايدۇ . تۆۋەندە بىز خەلقئارادا نوپۇزلۇق ھېسابلانغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەبىرى بىلەن نوپۇزلۇق قورال كىتابلاردا بېرىلگەن تەبىردىن بىر نەچچىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆرسىتىپ ئۆتىمىز .

بىرىنچى ، ئۆزلۈك شەخسنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل تەجرىبىسىدىن يۇغۇرۇلغان ھەممىدە ئۆزىگە تالىق تۇيغۇلىرىنىڭ بىرىكمىسى ، ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشىدىن پۈتكەن سۇبيېكتىپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ، ئادەتتە كىملىك تۇيغۇسى ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ .

ئىككىنچى ، جەمئىيەتشۇناسلىق پسىخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەندە ، ئۆزلۈك بىزنىڭ ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا ئۆزىمىز ۋە كىشىلەرگە قالدۇرغان ، بىر قەدەر مۇقىم بولغان يىغىندى تەسرات ۋە تۇيغۇمىزدۇر .

ئۈچىنچى ، ئامېرىكا «ۋەبستەر لۇغىتى» (1991)دىكى تەبىر كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۆزلۈككە مۇنداق تۆت قاتلام بويىچە تەبىر بېرىلگەن :

① ئۆزلۈك — بىر ئادەمنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزىگە خاس بولغان ئۆزگىچە تەرىپى .

② بىر ئادەمنىڭ تەبىئىتى ، خاراكتېرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

③ شەخسىي قىزىقىشنى كۆرسىتىدۇ .

④ سەرگۈزەشت ئوبيېكتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولىدىغان سۇبيېكتىپ تەجرىبىسىدۇر.

## 10. «ھاياتقا مۇھەببەت» ھەققىدە

ئاپتور ھەققىدە: شائىر، ژۇرنالىست، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن 1942 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەردە تۇغۇلغان.

ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1958 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تۇندە يانغان چىراغلار» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە پىروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «كەچكى تاماق»، «گۈلجامال»، «قارىغوجا»، «نۇزۇگۇم»، «سەلەي چاققان»... قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست، نەسر ۋە دىرامىلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان، ئۇ خېلى ئىلگىرىلا (80 - يىللارنىڭ بېشى) ئەدەبىيات تەتقىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «زوھۇردىن ھېكىمبەگ دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات ۋە ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجى»، «ماقال - تەمسىللەر ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىكى رولى»، «ئىلھام توغرىسىدا»، «دېڭىز ئۇچقۇنلىرى» قاتارلىق ماقالىلەرنى روياپقا چىقارغان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىننىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان توپلاملىرىدىن «ئالتۇن ئاچقۇچ»، «ئۆچمەس يۇلتۇزلار»، «شەپەق جۇلالىسى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» قاتارلىق مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلىرى، «قىيان» ناملىق ھېكايە، پوۋېست، نەسر، دىرامىلار توپلىمى، «كىتاب ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت» ناملىق (باشقىلار بىلەن بىللە تۈزگەن) ئەدەبىي ماقالىلەر توپلىمى، «سېھىرلىك ئالتۇن» ناملىق بالىلار ئوقۇشلۇقى... قاتارلىقلار بار.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. ئاپتور نەسرىدە: «تۇرمۇش سەھنىسىدە 30 يىل ياشىدىم. ئۆتكەن شۇ ھاياتىمنى يىراق ساھىلنى كۆزلەپ، بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە شىددەت بىلەن ئالغا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قەيسەر دېڭىزچىنىڭ كېمىسىگە ئوخشىتىمەن، پەقەت ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىملا ئۇنى سەپەر جەريانىدا يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، پاچاقلىنىش تەھدىتىدىن ۋە قەھرلىك دولقۇنلار قۇچىقىدا ھالاك بولۇش خەۋپىدىن ئامان ساقلاپ قالدى» دەپ يازىدۇ. سىزنىڭچە، پارچىدىكى كېمە بىلەن يوشۇرۇن خادا تاش نېمىگە قارىتىلغان؟ كېمىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان نەرسە نېمە؟

جاۋاب: ئاپتور «مەن» ئۆزىنىڭ ھاياتىنى كېمىگە، ھايات مۇساپىسىدىكى ئۇچرىغان ھەر خىل زىيانكەشلىكلەرنى يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئوخشاتقان. كېمىنى (ھاياتىنى) خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئۆزى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى، شۇنداقلا ھاياتقا بولغان تولۇپ - تاشقان مېھىر - مۇھەببىتى-

دۇر .

2 . ئەگەر ئەسەردىكى ئىككى مەھبۇسنىڭ ھاياتىنى بوران ـ چاپقۇنلۇق دېڭىزدىكى ئىككى كېمىگە ئوخشاتساق ، بىرىنچى كېمە نېمە سەۋەبتىن ھالاك بولدى ؟ ئۇنداقتا سىز ئىككىنچى كېمىنىمۇ ھالاك بولدى دەپ قارامسىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

جاۋاب : گەرچە ھەر «ئىككى كېمە» ئەركىنلىك ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ، ھاياتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىنقىلابچىلار بولسىمۇ ، بىراق دۈشمەن تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، ئىنقىلابچىدىن جىنايەتچىگە ئايلانغاندىن كېيىنكى تەقدىرى ئوخشاش بولمىدى . شۇڭا بىرى مەڭگۈلۈك لەنەت ـ نەپرەتكە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلدى . يەنە بىرى ئۆزى ئۆلسىمۇ نامى ئۆلمىدى . چۈنكى «بىرىنچى كېمە» قىيىنچىلىقتىن قورققان ، ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ ھايات قېلىشنى ئويلىغان ، شۇڭا سانقۇنلۇق قىلغان ، نەتىجىدە دۈشمەنلەر ئۇنىڭدىن (ئۇ ئارقىلىق ) بىلىشكە تېگىشلىك مەخپىيەتلىكلەرنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن ، كېرەكسىز قالمىدى دەپ قاراپ ھالاك قىلدى ، «ئىككىنچى كېمە» ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنقىلابىي روھقا ئىگە ، خائىنلىقتىن ئۆلۈمنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان قەيسەر جەڭچى ، باتۇر قەھرىمان بولغانلىقتىن ، دۈشمەنگە قەتئىي تىز پۈكمىگەنلىكى ئۈچۈن دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى سېلىشتۇرمىنى تۆۋەندىكى بايانغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

بىرىنچى ، ئابدۇلھەسەن ھەرەكانى : «يەر يۈزىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك دەيمىز . ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك ، يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك ھېسابلايمىز . ئەسلىدە ئۇلار تىرىك» دېگەن .

ئىككىنچى ، ماۋزېدۇڭ : «بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك ، بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز .» دېگەن .

3 . ئاپتور ئۆلۈم ئالدىدىكى ھاياتقا تۈتقان پوزىتسىيەسى ، مەيدانى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئادەمنى سېلىشتۇرۇپ يېزىش ئارقىلىق بىزگە ئۇقتۇرماقچى بولغان ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : دۇنيا بىر قونالغۇ ، مۇشۇ قونالغۇغا كېلىپ ، كېتىدىغان بىزلەر قاچان كېلىپ ، قاچان كېتىشىمىزنى بىلمىسەكمۇ ، بىراق يەنىلا بۇ قونالغۇدىن ئايرىلىشقا كۆزدىمىز قىيمايدۇ . دېمەك ، ھايات قىممەتلىك ، ھەرقانداق ئىنسانغا ھايات بىرلا قېتىم بولىدۇ . بىراق ھايات قانچىلىك قىممەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ ، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسە ، قەدىر ـ قىممەت ، شان ـ شەرەپ ، ھەقىقەت ، ئەركىنلىكتۇر . شۇڭا ئىنسان ئۈچۈن يۇقىرىقى نەرسىلەرنى قۇربان قىلىپ (شۇ نەرسىلەرنىڭ بەدىلىگە ) ھايات كەچۈرۈش بەكمۇ نومۇسسىزلىقتۇر . ھايات قانچىلىك قەدىرلىك بولسا ، ماماتمۇ شۇنداق قەدىرلىك بولۇشى كېرەك دېگەن ھەقىقەتنى يەكۈنلەپ بەرگەن .

4 . «ھاياتقا مۇھەببەت — دۇنيادا تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە مەنىۋى كۈچتۇر .» دېگەن جۈملىگە قانداق چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغان ؟

جاۋاب : كائىناتتىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى تىنىمسىز ھەرىكەتتۇر . ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشتۇر ، مەسىلەن : تاشنى يېرىپ چىققان بىر تال ئۈرۈق ، دەل

ـ دەرەخلەرگە يامىشىپ يۇقىرىغا ئۆسۈۋاتقان ھەشقىپىچەك ، ئانىسىنىڭ كۆكسىنى قېنىپ
ـ قېنىپ شوراۋاتقان بوۋاق ، جاننى قاقشىتىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىغا چىشىنى چىشلەپ
بەرداشلىق بېرىۋاتقان بىمار ، ماڭدامدا بىر ئارام ئېلىپ ، ئالغا كېتىۋاتقان دۇمچەك بوۋاي ،
پېژغىرىم ئىسسىقتا ئېتىزدا ئورما ئورۇۋاتقان، نەم ، زەيكەشلىكلەردە ئوشۇقىغىچە سۇ
كېچىپ ، پاشا ـ كۇمۇتىلارغا يەم بولۇپ شال كۆچۈرۈۋاتقان جاپاكەش دېھقان ، ئۆزىنىڭ
قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ كەلگۈسى ئۈچۈن ، باشقىلار ئۈچۈن ئۆز-
لۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان ئىزدەنگۈچىلەر ، كەشپىياتچىلار . . . ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتقا
بولغان مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن تىرىشماقتا . يۇقىرىقى جۈملە مانا مۇشۇنداق مەنىلەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان .

5 . ئىنسان ھاياتىدا كەسكىن تاللاشقا دۇچ كېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ . شۇنداق
ۋاقىتتا ، نېمىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى لازىم ؟ قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

جاۋاب : ئىنسان ھاياتىدا ھايات ـ ماماتلىق تاللاش بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ تېكىستتە تىلغا
ئېلىنغان ئىككى مەھبۇسمۇ شۇ خىل تاللاشقا دۇچ كەلگەن . بىرىنچى مەھبۇس ھايات
قېلىشنى تاللىغان ، ئىككىنچى مەھبۇس جىسمانىيەت ماماتلىقى (ئۆلۈم )نى تاللىغان .
نەتىجىدە بىرىنچى مەھبۇس ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتقان . ئىككىنچى مەھبۇس ئۆزى
ئۆلسىمۇ نامى ئۆلمىگەن ، ئادىمىيلىك قىممىتىنى ساقلاپ قالغان . دېمەك ، ئىنسانىي
تاللاشقا دۇچ كەلگەندە مەنىۋىيەت ، ئىنسانىيلىق قەدىر ـ قىممەتنى ، ۋىجدان ـ غۇرۇر ،
ئار ـ نومۇس . . . قاتارلىق تەرەپلەرنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك . ئۆزىنىڭ قىممە-
تىنى ، غۇرۇرىدىن ئايرىلىپ ياشىغانلىق ياكى ئۆلگەنلىك شۇ ئىنساننىڭ ھايات يىلتىزىنىڭ
پۈتۈنلەي قۇرۇغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

6 . تېكىستتىكى ئىككى مەھبۇسنىڭ سېلىشتۇرما ھاياتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ماقال
ـ تەمسىللەردىن بىر قانچىنى تولاڭ .

1 ) توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە ، يولۋاستەك بىر يىل ياشا .

2 ) ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا ، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس .

## 11 . «يېڭى ئىدىيە» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە :** گۇل پاپا ئۇلپەت (1908 — 1977 ) ئافغانىستان يازغۇچىسى ،
ئافغانىستاندىكى چوڭ مىللەت پۇشتۇلارغا مەنسۇپ ، ئۇ داڭلىق تەنقىدىي رېئالىزملىق
يازغۇچى . ئۇ قەندىھار ، كابۇل قاتارلىق جايلاردا كۆپ يىل پەلسەپە ، تارىخ ۋە ئەدەبىيات
تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان . 1956 ـ يىلى «پۇشتۇ ئەدەبىيات جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى
بولغان ھەمدە ئەدەبىي ژۇرنال «كابۇل»نىڭ مۇھەررىرى بولغان . ئۇ ئاساسەن نەسر ۋە
شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان . «پۇشتۇ ناخشىسى» ، «ئەركىنلىك ۋە ئۇچۇر»
قاتارلىق شېئىر ۋە نەسر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان ، ئۇ ئافغانىستاننىڭ «نەسر پىرى»
دېگەن شەرەپكە نائىل بولغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . نەسردىن تاللاپ ئېلىنغان تۆۋەندىكى جۈملىلەردە قانداق پەلسەپۋى پىكىرلەرنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز ؟

1 ) «شۈنداق ، مەن يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى دۇنياغا موھتاج ، بۇ يەردە يېڭى رادىيو ، يېڭى كىنو ، يېڭى سائەت ، يېڭى زىبۇ ـ زىننەتلەر بار ، لېكىن يېڭى ئىدىيە يوق .»

جاۋاب : ئاپتورنىڭ يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى دۇنيانى ھەرگىزمۇ رادىيو ، كىنو ۋە سائەتكە ئوخشاش زامانىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن ئۆلچىمەيدىغانلىقىنى ، بەلكى يېڭى قىممەت قاراش ، يېڭى تۈزۈلمە ، يېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيە بىلەن ئۆلچەيدىغانلىقىنى ، جەمئىيەتتە تۈزۈل ـ كېسىل بىر ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىپ ، يېڭىچە تۈزۈلمىگە ئىگە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ .

2 ) «بۇ يەردە ئانىلار يېڭى ئىنسانلارنى تۇغدى . لېكىن ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىدى .»

جاۋاب : گەرچە ئەۋلاد يېڭىلانغان بولسىمۇ ، ئىدىيە يېڭىلانمايۋاتقانلىقىنى ، يېڭى ئەۋلادلارنى يېڭى دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ، يېڭىچە تۈزۈلمىدە ، يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسىدە تەربىيەلەپ ، شۇ بىر تۈركۈم يېڭى ئىدىيەدىكى ئەۋلادلار ئارقىلىق ۋەتەننى ئۆزگەرتىپ ، ۋەتەن ، خەلقنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ، بېيىتىش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

2 . ئاپتور نەسردە يېڭى ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلىدۇ ، كونىلىقنى ئىنكار قىلىدۇ . سىزنىڭچە يېڭى ئىدىيە دېگەن نېمە ؟ يېڭى ئىدىيەنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشقا بولامدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

جاۋاب : يېڭى ئىدىيە دېگىنىمىز ، بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا كونا تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان يېڭى تۈزۈلمە بەرپا قىلىش ، كونىچە دۇنيا قاراش ، كونىچە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ، كونىچە ئەخلاقتا نىسبەتەن ئوخشىمايدىغان يېڭى ھەم مۇئەييەن تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان يېڭىچە دۇنيا قاراش ، يېڭىچە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ، يېڭىچە ئەخلاق قارىشى دېگەنلىكتۇر .

يېڭى ئىدىيەنى «يېڭى» دېگەن سۆپىتى بولغانلىقى ئۈچۈن خالىغانچە قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ . ھەرقانداق دۆلەت ، ھەرقانداق مىللەت ئۆز ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن قوبۇل قىلىشى بولىدۇ . بىراق دۆلەت دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ، خەلقنى باياشات قىلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان يېڭى ئىدىيەنى شۇ دۆلەتتىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قوبۇل قىلىشى ناتايىن . چۈنكى ، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ، دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش ئەمەس . بەزى يېڭى ئىدىيەلەر ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل ، رەزىل ھەم پەسكەش بولۇشى ، كىشىلىك ھايات قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ بولۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىدىيەنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ .

# 12 . «ئىنساب سودىگىرى» ھەققىدە

بۇ تېكىستنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئابلىز بۆرىيار بولۇپ ، بۇ تېكىست بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان مۇھاكىمىلىق نەسر .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

1 ) «مەن» نېمە ئۈچۈن باشتىلا «مەن باش - ئايىغى يوق بۇ بازارغا ‹سودا› بىلەن ئەمەس ، ‹مېھمان› بولۇپ قونۇپ ئۆتۈش نىيىتىدە كەلگەنىدىم» دەيدۇ ؟

جاۋاب : ئاپتور بۇ نەسىردە كىشىلىك ھايات سەھنىسىنى «بازارغا» ئوخشاتقان ، ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشى بىر پۇرسەت ، گەرچە بۇ پۇرسەتكە ئېرىشكەنلەر كۆپ بولسىمۇ ، بىراق يەتتە ئەزايى ساق - سالامەت ، ئەقلى - ھوشى جايىدا بولۇش پۇرسىتى پەقەت بىر قىسىم كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ . دۇنيا قالىدۇ ، ئىنسان كېتىدۇ . بۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ بۇگۈنگىچە نۇرغۇن ئادەملەرنى كۇتۇۋالدى . يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى يولغا سېلىپ قويدى . بۇ دۇنيادىكى قونالغۇدا ، بازاردا تۇرۇپ ئۆتكۈچىلەرنىڭ ياشاشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسى ، مىجەز - خۇلقى ، بىلىم - ساپاسى ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ، تۇرلۇك - تۈمەن ھادىسىلەر ھەر كۈنى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ . بۇ دۇنياغا «مېھمان» بولمىش بىز ئادەملەر ، ئادەمدەك ياشىماي ، يەتتە ئەزايىمىز بېجىرىم ، ئەقىل - ھوشىمىز جايىدىلىرىمىز ئاجىز - مىسكىنلەرنى بوزەك قىلىپ ، تەندۇرۇسلىرىمىز بىر - بىرىمىزنى ئالداپ ، بىر - بىرىمىزگە ئورا كولاپ ، شەخسىيەتچىلىك ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئەزەلدىن مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەل بۇ دۇنيانى خۇنۇكلەشتۇرۇپ بارىمىز . ئاپتور ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە قىلغان شاپائىتىدىن ئاداۋىتىنى ، توغرا يولغا باشلىغاندىن ناتوغرا يولغا يېتەكلىگىنىنى ، ۋاپادارلىقىدىن ۋاپاسىزلىقىنى كۆپرەك كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ، «ئىنساب» سودىسى قىلماقچى بولىدۇ ھەمدە «مەن باش - ئاخىرى يوق بۇ بازارغا ‹سودا› بىلەن ئەمەس ، ‹مېھمان› بولۇپ قونۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن كەلگەن .» دېيىش ئارقىلىق بىر قىسىم نائىنساب كىشىلەرگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

2 ) «مەن» نېمە ئۈچۈن «ئىنساب سودىگىرى» بولۇش نىيىتىگە كەلگەن ؟

جاۋاب : «مەن» بۇ ئۆتكۈنچى ئالەمدە سودا قىلىپ ئەمەس ، بەلكى مېھمانغا ئوخشاش قونۇپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىپ ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان ، ئۆزىنى مال - دۇنيانىڭ ھېرىسمەنى ، نام - مەنپەئەتنىڭ ئاۋارىسى قىلىپ ياشاشنى خالىمايدىغان ، جەمئىيەتنى كۆزىتىپ ، پىكىر قىلىپ ، ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتە كامال تاپقۇزۇپ ياشاشنى چوڭ بىلگەن بولسىمۇ ، بىراق ئاپتور بىلەن بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان دەۋرداش كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ بۇ خىل ئارزۇسىنى بەربات قىلىۋەتكەن . نەتىجىدە ئاپتور كىشىلەردىن تەدرىجىي يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئىنساب ھەققىدە سودا قىلىشنى نىيەت قىلىپ «ئىنساب سودىگە-

ـرى» بولماقچى بولغان .

3 ) «مەن» ئادەملەرنىڭ قايسى ئىشىدىن ناھايىتى بىئارام بولىدۇ ؟

جاۋاب : ئىنساب — ئادەمدىكى بۈيۈك ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ بىرى ، ئۆزىنىڭ ئادە- مىيلىكىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايدىغان ئادەم ئۈچۈن ئىنساب — قىممەتلىك بايلىق . مال - دۇنيا ، نام - ئەمەل ، پايدا - مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئالدىدا ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتىنىمۇ سېتىۋېتىدۇ . نەتىجىدە ئىنساب — ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىممىتى يوق نەرسىگە ئايلىنىدۇ ، جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشى- لەر ئاپتور ئوتتۇرىغا قويغاندەك ئېلىپ - سېتىشقا ، سودا قىلىشقا بولىدىغان نەرسىلەردىن باشقا «ۋىجدان ، دىيانەت ، غۇرۇر ، ئىنساب دېگەنلەرنى بوغداي ، قوناققا ئارىلاشتۇرۇپ سېتىۋاتىدۇ . » شۇ خىل گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنبەسى بولغان گۆھەرلىرىمىز بازارغا سېلى- نىپ سودا كارۋىنىغا قوشۇلۇپ كەتكىنى ئۈچۈن ئاپتور بۇ خىل ئىشلاردىن ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ .

2 . تېكىستتە «ئىنساب سودىگىرى»نىڭ ئىنسانلارغا ئىنسانىيلىقنى قانداق قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلمىغان . سىزنىڭچە ، بەزى كىشىلەردىكى يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئىنساپنى قانداق قىلغاندا قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولىدۇ ؟ مۇلاھىزىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

جاۋاب : ئىنساب — كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت ، ۋاپادارلىق ، ساداقەت ، دىيانەت . . . قاتارلىقلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ، بۈگۈنكى تەرەققىي تاپقان دەۋردە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتىدۇ . بىراق ماددىي تۇرمۇشنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى پۇچەكلىشىپ ، ۋاپاسىز ، ئالدامچى ، ھەسەتخور ، دىيانەتسىز بولۇپ ، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتكە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپ كىشىلەرنى ھەرقانداق ئىشتا ، ھەرقاند- داق ئادەمگە گۇمان بىلەن قارايدىغان قىلىپ قويىۋاتىدۇ . كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىنساب - دىيانەتنى قايتا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتە ھەر بىر ئادەم ئىشنى ئۆزىدىن ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىن باشلىشى كېرەك . چوڭلار بىر - بىرىگە ، قېرىنداشلىرىغا ، دوست - يارەنلە- رىگە ۋاپادار بولۇپ ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ھەمدەم بولسا ، پەرزەنتلەر شۇنى ئۆرنەك ئالىدۇ . مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار يۈرۈش - تۇرۇشتا ئاددىي - ساددا ، گەپ - سۆزدە ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولسا ، كەسپتە پىشسا ، ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا بەرگەن ھەرقانداق ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ ، ۋاقتىدا ئورۇندىسا ، ئېغىزىدىن چىققان گەپ - سۆزگە ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلسا ، بۇلار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۈلگە ھەم ئۆرنەك . دېمەك ئىنسانىيلىقنى ، ئىنسابنى قايتۇرۇپ ئەكېلىش بىر - ئىككى ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس . بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئۆزىنى ئىنسان دەپ ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەر كۈچ چىقىرىشى كېرەك .

# تۆتىنچى بۆلەك

## نۇتۇق ھەققىدە چۈشەنچە

نۇتۇق — سۆزلىگۈچى مەلۇم ساندىكى ئاممىغا يۈزلىنىپ، ئاۋازلىق تىلنى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىدىغان ھەمدە قول ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالەت، چىراي - تۇرق ھالىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى، نۇقتىئىنەزىرى، تەشەببۇسى ۋە كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەت.

نۇتۇق تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) نۇتۇق كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە.

2) نۇتۇق ئېنىق مەقسەتچانلىققا ئىگە.

3) نۇتۇق كۈچلۈك سەپەرۋەر قىلىش رولىغا ئىگە.

نۇتۇق سۆزلىنىدىغان مەيدان ياكى سورۇننى ئۆلچەم قىلىپ يىغىلىشتا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، دەرسخانىدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، سوت مەھكىمىسىدە سۆزلىنىدىغان نۇتۇق، رادىيو - تېلېۋىزوردا سۆزلىنىدىغان نۇتۇق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنسە، مەزمۇنى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ سىياسىي خاراكتېرلىك نۇتۇق، ئىلمىي مۇھاكىمە خاراكتېرلىك نۇتۇق، ئەخلاق خاراكتېرلىك نۇتۇق، قائىدە - يوسۇن ياكى مۇراسىم خاراكتېرلىك نۇتۇق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## 13. «مېنىڭ ئارزۇيۇم» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە:** 1968 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مارتىن لوتېركىڭ تېننىس ئىشتاتى مېنفىس شەھرىدىكى رولىن مېھمانخانىسىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى ئۇ 39 ياشتا ئىدى. كىڭ ئامېرىكا نېگىرلار ھوقۇقى ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى، باپتىسلار چېركاۋىنىڭ پوپى، زوراۋانلىق قىلماسلىق تەرەپدارى ئىدى. 1929 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جورجىيە ئىشتاتى ئاتلانتا شەھرىدىكى بىر نېگىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادىسى ۋە بوۋىسى باپتىسلار چېركاۋىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى ئىدى. دەسلەپتە ئاتلانتادىكى مورخوس ئىنىستىتۇتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 19 يېشىدا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن باپتىسلار جەمئىيىتىگە قاتناشقان. 1951 - يىلى ۋە 1954 - يىلى يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پېنسىلۋانىيە ئىشتاتى چېستېردىكى كروزېر

تېئولوگىيە ئىنىستىتۇتى ۋە بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن . 1954 ـ يىلى مونتگومېرى شەھىرىدىكى دېكستېر كوچىسى باپتىسلار چېركاۋىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن . 1955 ـ يىلى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە قاتناشقان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان ، ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم قولغا ئېلىنىپ ئۈچ قېتىم جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان . 1956 ـ يىلى ئۇ مونتگومېرى ئېغىلاش جەمئىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ ، ئاپتوبۇستا نېگىرلارنى كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تەشكىللىگەن . شەھەر بويىچە 50 مىڭ نېگىر 385 كۈن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرمىغان ، بۇنىڭ بىلەن ئالىي سوت مەھكىمىسى قاتناش قوراللىرىدا ئىرق ئايرىش قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان . 1957 ـ يىلى نېگىر باستېرلار تەشكىلاتى — جەنۇب خىرىستىيان دىنى داھىيلار يىغىنىنى قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن ھەمدە بۇ جەمئىيەتنىڭ تۇنجى رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن . 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا 250 مىڭ نېگىرنى باشلاپ ، ۋاشىنگتوندىكى لىنكولىن خاتىرە سارىيىغا «ئەركىن يۈرۈش» قىلغان ، 1964 ـ يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . ئۇ ئاجايىپ ناتىقلىق ئىستېداتىغا ئىگە ، شۇنداقلا «ھۆرلۈككە تاشلانغان قەدەم» ، «بىز نېمە ئۈچۈن يەنە كۈتەلمەيمىز» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان . ئۇنىڭ ئىدىيەسى 60 ـ يىللاردىكى ئامېرىكا نېگىرلار ھوقۇقى ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا مىنفىستىكى نېگىر تازىلىق ئىشچىلىرى تەشكىلاتىنىڭ ئىش تاشلىشىغا ياردەم بېرىۋاتاتتى . ئەينى چاغدا ئۇ مېھمانخانىنىڭ بالكونىدا ھەمراھلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا جامىس ئېرلې رې تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى . قاتىل ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن چېگرادىن قېچىپ 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى لوندون ئايرودۇرۇمىدا قولغا ئېلىندى ، كېيىن 99 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى . كىڭنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشى نېگىرلارنىڭ زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى زور دولقۇننى قوزغىدى. 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكا بويىچە 100 نەچچە شەھەردە پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى .

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1986 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ ھەپتىسىدىكى دۈشەنبە (كىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)نى مەملىكەتلىك خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتتى . 1987 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن كىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خاتىرە كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. «مېنىڭ ئارزۇيۇم»دىكى ئارزۇ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ئۆز سۆزىڭىزگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : ئاپتورنىڭ ئارزۇسى شەخس ئارزۇسى بولماستىن ، بەلكى مىللەت ئارزۇسى ، شۇڭا كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە .

1 ) سىياسىي جەھەتتە : ئاپتور ئامېرىكىدىكى ئاق تەنلىكلەردىن باشقا ئىرقتىكى مىللەتلەر (رەڭلىك ئىرقلار )نىڭ ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش ياشاش ھوقۇقى ، ھۆرلۈك ۋە بەخت ئىزدەش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى ، باراۋەر ئورۇن ۋە پۇقرالىق ھوقۇقى ،

مەسلەن : سايلاش ، سايلىنىش ھوقۇقى بولۇشىنى ، كەمسىتىلمەسلىكنى ئارزۇ قىلغان .

2 ) مەدەنىيەت جەھەتتە : ئادەملەرنىڭ ئىرقىغا ئەمەس ، بەلكى بىلىمىگە ، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ، ۋەتەن ئۈچۈن كەلتۈرگەن شان ـ شەرىپىگە ، خەلقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلغان .

3 ) ئىقتىسادىي جەھەتتە : ئاق تەنلىكلەردىن باشقا رەڭلىك ئىرقتىكى مىللەتلەر مۇقىم نامراتلار رايونىدا نامراتلىق ئىچىدە ئۆتمەستىن ، بەلكى ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان .

2 . 9 ـ ئابزاستىن 14 ـ ئابزاسقىچە دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇڭ ھەمدە تەڭداش جۈملىلەرنىڭ نۇتۇقتا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بېقىڭ . تېكىستتە يەنە قانداق جايلاردا تەڭداش جۈملىلەر ئىشلىتىلگەن ؟ تېپىپ چىقىڭ ، ئاندىن ئۆز نۇتقىڭىزغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : بۇ بىر پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى بولۇپ ، ماقالىنىڭ 9 ـ ئابزاستىن 14 ـ ئابزاسقىچىلا ئەمەس ، باش ، ئوتتۇرا ، ئاخىرقى ئابزاسلىرىدىمۇ ئوخشاشلا تەڭداش جۈملىلەر كۆپرەك ئىشلىتىلگەن . مىسال ئۈچۈن پەقەت بىر قانچىنى كۆرسىتەيلى : «بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېگىرلاردا يەنىلا ئەركىنلىك يوق ، بىز بۇ تىراگېدىيە. لىك رېئاللىققا چوقۇم يۈزلىنىشىمىز كېرەك .» «ھازىر پەرۋەردىگارنىڭ بارلىق ئوغۇل ـ قىزلىرىغا پۇرسەت ئىشىكىنى ئاچىدىغان ، دۆلىتىمىزنى ئىرقىي باراۋەرسىزلىكنىڭ قۇم ـ شېغىللىرىدىن قۇتقۇزۇپ ، قېرىنداشلارچە دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەم گىرانىت تاشلىرىغا ئايلاندۇرىدىغان چاغ» ، «ئەركىنلىك سادالىرى مىسسىسىپىدىكى ھەر بىر جايدا ، ھەر بىر چوققىدا ياڭرىسۇن ! ھەر بىر تاغدىن ئەركىنلىك سادالىرى ياڭرىغاي !» . . . قاتارلىقلار .

تېكىستتىكى تەڭداش جۈملىلەرنىڭ رولى شۇكى ، ئاپتورنىڭ ئىدىيەسىنى تولۇق ، روشەن ئىپادىلىگىلى ، ئاڭلىغۇچىلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگىلى ، ئۇلاردا مەلۇم ئىنكاس پەيدا قىلغىلى بولىدۇ .

3 . تېكىستنىڭ باش ـ ئاخىرى بىلەن باغلىغان ئاساستا ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەھقىقلەپ ئوقۇڭ ھەمدە بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ .

1 ) «بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېگىرلار يەنىلا ماددىي پاراغەت بىلەن تويۇنغان ئوكيان ئىچىدىكى نامرات ، تەنھا ئارالدا ياشىماقتا ، بىر ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېگىرلار ئۆز ۋەتىنىدىمۇ سەرسانلارغا ئايلىنىپ ، ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ قىسىلچاقلىرىدا ئازاب چەكمەكتە .» بۇ ئىككى جۈملىدە قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە. لەر قوللىنىلغان ؟ ئۇلاردا ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ تۇرمۇش قىسمەتلىرى قايسى تەرەپلەر. دىن ئېچىپ بېرىلگەن ؟

جاۋاب : يۇقىرىقى پارچىدا يوشۇرۇن ئوخشىتىش قوللىنىلغان .

ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشتىكى نامراتلىقى ، مەنىۋى جەھەتتىن كەمسى. تىلىدىغانلىقى ، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ، ماكان تۇيغۇسى بولماسلىقتەك پاجىئەلىك رېئاللىق يورۇتۇپ بېرىلگەن .

2 ) «ئامېرىكا بۇ مۇقەددەس بۇرچىغا ھۆرمەت قىلماقتا يوق ، ئەكسىچە ‹مەبلەغ يېتىشمەيدۇ › دەپ تامغا بېسىلغان بىر دانە قۇپقۇرۇق چەكنى نېگىرلارغا تۇتقۇزۇپ قويدى . ئەمما ، بىز ئادالەت بانكىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز . پۇرسەت بىلەن تولغان بۇ دۆلەتنىڭ خەزىنىسىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز . » بۇ جايدىكى «قۇرۇق چەك» نېمىنى كۆرسىتىدۇ ؟ مۇنداق ئىپادىلىگەندە قانداق ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ ؟

جاۋاب : 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا (1862 ـ يىلى 12 ـ ئاي ) ئامېرىكىنىڭ 16 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى لىنكولىن «نېگىر قۇللارنى ئازاد قىلىش خىتابنامىسى»نى ئىمزالىغان . تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان «قۇرۇق چەك» شۇ خىتابنامىنى كۆرسىتىدۇ . گەرچە خىتاپنامە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «نېگىرلار ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش ياشاش ھوقۇقى ، ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئىنتىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ . » دېيىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن رېئاللىق ئادەمنى ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ . خىتابنامە خۇددى «قۇرۇق چەك»تەك ئاڭلانماققا يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ .

ئامېرىكىدەك چوڭ سودا دۆلىتىدە «قۇرۇق چەك» كۆتۈرۈۋالغان نېگىرلارنىڭ ئەھۋالى ھەممىگە ئايان ، بۇ خىل ئىپادىلەش بىر خىل ئوبرازلىق ئىپادىلەش بولۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەھلىل ، مۇھاكىمە قىلىپ چۈشىنىشىنى مەقسەت قىلغان .

3 ) «مۇشۇ ئېتىقاد بولغاچقىلا ، ئۈمىدسىزلىك تاغلىرىدىن ئۈمىد تاشلىرىنى پارچىلاپ چىقالايمىز ، مۇشۇ ئېتىقاد بولغاچقىلا ، دۆلىتىمىزدىكى ئەسەبىي داشقايناق سادالارنى دوستلۇقنىڭ گۈزەل سىمفونىيەسىگە ئايلاندۇرالايمىز . »

«مۇشۇ ئېتىقاد» كونكرېت نېمىنى كۆرسىتىدۇ ؟ «سىمفونىيە» قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ئۇ بۇ جايدا قانداق چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ ؟

جاۋاب : «مۇشۇ ئېتىقاد» — ئاپتورنىڭ ھامان بىر كۈنى ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭمۇ ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاشلا باراۋەر مەرتىۋە ۋە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىغا ، كىشىلەر ئىرققا ئەمەس ، بەلكى بىلىم قۇرۇلمىسى ، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ، دىيانىتى ، ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ نېگىرلار ھەم ئاق تەنلىكلەرگە ئادىل باھا بېرىدىغانلىقىغا ، ئامېرىكىنىڭ چوقۇم كىشىلەر توغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولالايدىغان دۆلەت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتەك بىر يۈكسەك ئېتىقادىنى كۆرسىتىدۇ .

«سىمفونىيە»نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ ئاساسلىقى كۆپ خىل چالغۇلارنىڭ تەڭ ماس كېلىشى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ .

بۇ پارچىدىكى مەنىسى شۇكى ، بۇ سۆزگە ئاپتورنىڭ كۈچلۈك غايىسى سىڭگەن بولۇپ ، ھامان بىر كۈنى نېگىرلار ئامېرىكا جەمئىيىتىدە كەمسىتىلمەي ، ئېزىلمەي ، ئاق تەنلىكلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان ھوقۇق . . . قاتارلىق بارلىق ئىمتىيازلاردىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ ھەمدە ئاق تەنلىكلەر بىلەن بىللە ھەمكارلىشىپ ، قېرىنداشلارچە ياشاپ ، ئۆزى ياشاۋاتقان ئامېرىكا جەمئىيىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ، كەلگۈسى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقى-

رىدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت.
4. دۇنيا تارىخىغا ئائىت بىلىملەر بىلەن باغلاپ ياكى كۇتۇپخانىدىكى ئالاقىدار ماتېرىياللارنى ئوقۇپ، ئامېرىكا نېگىرلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشىنىپ بېقىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا سىنىپتا كىتاب ئوقۇشتىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىڭلار.

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى قىسقارتىلدى. تەلەپ بويىچە تىل - ئەدەبىيات دەرس سائىتىدىن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەدەبىيات بىلەن تارىخ، جەمئىيەت، مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مۇنازىرە ئېلىپ بارسا بولىدۇ.
قوشۇمچە: ئوقۇتقۇچى ئالدىن كۆرسەتمە ماتېرىياللار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى تەمىنلىسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## 14. «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە:** ئالبېرت ئېينىشتېين 20 - ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق زىيالىي. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئىلمىي نەتىجىسى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، نىسپىيلىك نەزەرىيەسى مۇنداق ئىككى خىل نەزەرىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، 1905 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان خۇسۇسىي نىسپىيلىك نەزەرىيەسى (تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). يەنە بىرى، 1915 - يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي نىسپىيلىك نەزەرىيەسى (كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇ ئىككى نەزەرىيەنى ئېينىشتېيىننىڭ «ئالەملىك تارتىش كۈچى قانۇنى» دەپ ئاتاش كېرەك.
ئېينىشتېين 1879 - يىلى گېرمانىيەنىڭ ئۇلىم شەھىرىدە تۇغۇلغان، شۋېتسارىيەدىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1905 - يىلى سيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈپ، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى خۇسۇسىي نىسپىيلىك نەزەرىيەسى، فوتو ئېلېكتىر ئېففېكتى ھەمدە بروۋن ھەرىكىتى قاتارلىق بىرقانچە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. بىرقانچە يىل ئىچىدە، بۇ ئىلمىي ماقالىلەر، بولۇپمۇ نىسپىيلىك نەزەرىيەسى توغرىسىدىكى ماقالىسى ئېينىشتېيىننى دۇنيا بويىچە ئەڭ تالانتلىق ئالىملار قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ، بىراقلا ئۇنىڭ داڭقىنى چىقىرىۋەتكەن. 1921 - يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.
گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، ناتسىست گېرمانىيەسى يەھۇدىيلارغا غالجىرانە زىيانكەشلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئېينىشتېين 1933 - يىلى ئامېرىكىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان. ناتسىستلار ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرگە 50 مىڭ مارك ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. 1940 - يىلى ئۇ ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئېينىشتېين تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيەسىنى ئېلان قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان

ماسسا ئېنېرگىيە ئالمىشىش فورمۇلىسى ($E=mc^2$) 1939 ـ يىلىغا كەلگەندە ساپ نەزەرىيە مەسىلىسى بولماي قالىدۇ، چۈنكى بۇ چاغدا ئالىملار ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىشى داۋامىدا غايەت زور ئېنېرگىيەگە ئېرىشىش تەجرىبىسىنى بۇسۇپ ئۆتكەنىدى. ئەينى چاغدا گېرمانىيە ئاتوم تەجرىبىسى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئېينىشتېين ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. 1939 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئېينىشتېين ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رۇزۋېلتقا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ناتسىستلار گېرمانىيەسىدىن ئىلگىرى تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. رۇزۋېلت ئېينىشتېيننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ ئاتوم بومبىسى ياساشقا باشلايدۇ. بىراق، كېيىن ئاتوم بومبىسى جاھانگىرلار تەرىپىدىن پايدىلىنىدىغان سىياسىي قىمارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. 1945 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۇنجى ئاتوم بومبىسى ياپونىيەدىكى خىروسىمادا پارتلىتىلىدۇ، رۇزۋېلتتىن كېيىن زۇڭتۇڭلۇققا چىققان ترۇمىن ئەسەبىيلىك بىلەن «بىز 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى دو تىكىپ ئۇتتۇق» دەيدۇ. ئېينىشتېين بۇنىڭدىن چەكسىز ھەسرەتلىنىدۇ ھەمدە «ئىنسانلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئاساسىغا باغلىق» دەيدۇ.

ئېينىشتېين سەممىمي ئالىم، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى توغرىسىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ بۇ خىل خىزمىتىمىز بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار جەزمەن مۇنداق ئىككى شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك: ئۇلاردا ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدىغان قەتئىي روھ بولۇشى؛ شۇنچە كۆپ ۋاقىت ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئېرىشكەن نەرسىلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاغدۇرۇۋېتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.»

1955 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېچە سائەت 1 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە ئېينىشتېين تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقىنىدا ئەزرائىل ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن مۇسىبەت ئېلانى چىقىرىلمايدۇ، تەزىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، جەسىتى تېببىي ساھەدىكىلەرنىڭ پاتالوگىيەلىك ئاناتومىيە تەجرىبىسى ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئېينىشتېين ھايات چېغىدىلا ئۆلگەندىن كېيىن سەلتەنەتلىك تەزىيە سۆزلىرىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇلماسلىقىنى، قەبرە قاتۇرۇلماسلىقىنى ئېيتقان.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. سىزنىڭچە ئېينىشتېيننىڭ دۇنيا قارىشى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ تېكىستنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇقتىلىق جۈملىلەرنى تېپىپ چىقىڭ ۋە ئەستايىدىل تەھلىل قىلىڭ.

جاۋاب: ئېينىشتېيننىڭ دۇنيا قارىشى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇش، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىماسلىق، كەڭ قورساقلىق، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلمەسلىك، بايلىققا، ساختا شۆھرەتكە بېرىلىشنى پەسكەشلىك دەپ قاراش،

كۆچلۈك ھەققانىيەت ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش ، ئادەمگە ئىلاھ سۆيتىدە چوقۇنماسلىق ، سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ ، ئۇنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىش ، سىياسىي غايىگە ئىگە بولۇش ، ھەربىي تۈزۈم ۋە ئۇرۇشتىن بىزار بولۇشتىن ئىبارەت . مەسىلەن:

«مەن قوبۇل قىلغان ، قىلىۋاتقان نەرسىلەرگە كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ياخشىلىقتا ياخشىلىق قايتۇرۇشۇم كېرەك .»

«مەن ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشنى كۆچلۈك ئارزۇ قىلىمەن ، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈش ھەربىر ئادەمگە پايدىلىق . ھوزۇر ـ ھالاۋەت ، راھەت ـ پاراغەتنى تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى بولىدۇ دەپ قارىغان ئەمەسمەن .»

«مەندە كۆچلۈك ئىجتىمائىي ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار . زوراۋانلىق ھامان پەزىلىتى ناچار كىشىلەرنى سەھنىگە چىقىرىپ قويىدۇ . سىرلار تەجرىبىسى ھەقىقىي سەنئەت ۋە ھەقىقىي ئىلىم ـ پەننىڭ مەنبەسى ئۈستىدە چىڭ تۇرغان ئاساسىي ھېسسىيات ھېسابلىنىدۇ .»

مانا بۇلار ئېيىنشتېيىننىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئېسىل خىسلەت ، ئالىيجاناب پەزىلەت ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان توغرا تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە ئالىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

2 . ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ ؟ ھاياتنىڭ قىممىتى نەدە ؟ ئەركىنلىك ، دېموكراتىيە ، ھەققانىيەت ، مەسئۇلىيەت قانداق بولىدۇ ؟ دېگەن سوئاللار بويىچە ئۆزۈڭلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئېيىنشتېيىننىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار .

جاۋاب : ئادەم ئېيىنشتېيىن ئېيتقاندەك ئۆزى ئۈچۈن ياشىماسلىقى كېرەك . چۈنكى ئادەم بۇ دۇنياغا يەپ ـ ئىچىپ ، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە كەلمەيدۇ . ئۇنداق بولمايدىكەن ، ياشاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ھەم قىممىتى بولمايدۇ . بىز ئىنسانىيەت ، دۆلەت ، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ، گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن بارلىقىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز ، ھەتتا زورۇر تېپىلسا ھاياتىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىز لازىم . ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار روھ بولغاندا باشقىلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتالايمىز . مەسئۇلىيەت ، ھەققانىيەت تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، زوراۋان كۈچلەرگە زەربە بېرەلەيمىز ، كەڭ قورساقلىق بىلەن باشقىلارنىڭ بىلەر ـ بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىقىنى كەچۈرۈۋېتەلەيمىز ، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشالايمىز ، مانا مۇشۇنداق ياشىغاندا ئادەمدەك ياشىيالايمىز ، ئەۋلادلارغا ماڭغان ئىزىمىزدىن پارلاق يول قالدۇرالايمىز ، بۇنداق ھاياتنىڭمۇ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولىدۇ ، ئىنسانىيەت ئالەمدە مۇتلەق ئەركىنلىك بولغان ئەمەس ، شۇڭا ھەربىر ئادەم ئادەم سۆيتى بىلەن ھۆرمەتلىنىشى ، ھەممە ئىشلار دېموكراتىيە ئاساسىدا ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم .

مۇھەببەت ـ نەپرەتنى ئېنىق ، ھەق ـ ناھەق كۆزقارىشى توغرا ، ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئۈستۈن بولۇپ ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىنىشى ، شۇ ئاساستا ئۇتۇق ، نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم . پەقەت بىز مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولساق ، ئالىم ئېيىنشتېيىننىڭ دۇنيا قارىشىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ، ئىنسانىيەت تارىخىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشالايمىز .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىڭ .

1 ) «ھەر بىر ئادەم ئادەم سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىشى كېرەككى ، ھەرقانداق ئادەم ھەرگىزمۇ باشقىلار چوقۇنىدىغان مەبۇد بولۇپ قالماسلىقى لازىم . »

جاۋاب : بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى : (1) ئىنسانىيەت ئالىمىدە مۇتلەق ئەركىنلىك بولغان ئەمەس . شۇڭا ھەربىر ئادەم ئادەم سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىشى ، ھەممە ئىشلار دېموكراتىيە ئاساسىدا ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

(2 ) ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەرگىزمۇ يارانقۇچى بىلەن يارالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتەك بولۇپ قالماسلىقى ، قانداقتۇر بىراۋلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ياكى ناتىقلىقىدىن ئۆزىنى ئىلاھىي دەرىجىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاپ باشقىلارنى ئۆزىگە چوقۇنۇشقا ، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە مەجبۇرلىماسلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

2 ) «مەنىۋى تۇرمۇشۇم باشقىلار (جۈملىدىن ھايات يۈرگەنلەر ۋە ۋاپات بولغانلار ) نىڭ ئەجرىنى ئاساس قىلغان . »

جاۋاب : دۇنيادا ھەرقانداق ئادەم (جۈملىدىن ئۇ قايسى دۆلەت ، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر )نىڭ ماددىي روزغارى ، مەنىۋى خۇشاللىقى ھازىر ۋە ئىلگىرىكى مىڭلىغان ، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قان ـ تەر بەدىلىگە يەنى ھەددى ـ ھېسابسىز ئەجىر ـ مېھنىتى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

3 ) «مەجبۇرلايدىغان ئىستىبدات تۈزۈم ناھايىتى تېز چىرىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ . چۈنكى زوراۋانلىق ھامان پەزىلىتى ناچار كىشىلەرنى سەھنىگە چىقىرىپ قويىدۇ»

جاۋاب : ئەركىنلىك ، دېموكراتىيە بولمىغان ، پەقەت مەجبۇرلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەرقانداق تۈزۈلمە ، ھەرقانداق ئەل ، ھەرقانداق جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ رايىغا ياقمايدىغانلىقى ، شۇ خىل ناچار تۈزۈلمىنى تەشكىل قىلغۇچىلار ھوقۇق ۋە مەنپەئەت كويىدىلا يۈرىدىغانلىقى ، خەلق بولسا ئۇنداق خەلق مەنپەئەتىنى چەكلەش قىلمىغان ، رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان ھاكىمىيەتكە مەجبۇرلىنىش خاراكتېرىدە بويسۇنغان بىلەن ئۇلارغا سادىق بولمايدىغانلىقى ، ئاخىرقى ھېسابتا شۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

4 ) «كىشىلىك ھاياتنىڭ رەڭگارەڭ ئويۇنلىرىدا ھەقىقىي قىممەتلىك بولىدىغىنى سىياسىي جەھەتتىكى دۆلەت ئەمەس ، بەلكى ئىجادچانلىققا ۋە ھېسسىياتقا ئىگە شەخسلەر-

دىن ، ئىنسانىي پەزىلەتتىن ئىبارەت . »

جاۋاب : بۇ جۈملىدە ئاپتور دۆلەت مەنپەئەتىدىن شەخس مەنپەئەتى ، شەخسنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى مۇھىم دەپ قارىغان ، ئاپتورنىڭ قارىشىچە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى بولسا ، ئەجرىگە لايىق ھۆرمەتكە ياكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەئىشەتكە مۇيەسسەر بولالىسا ، ئاندىن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ، ئىناۋىتى ، تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشالايدۇ دەپ قارىغان .

4 . ئېينىشتېيىننىڭ يەتتە ئابزاسقا بۆلۈنگەن بۇ نۇتقىدا ئۇنىڭ دۇنياقارىشى شەرھلەنگەن ، ھەربىر ئابزاسنى تەپسىلىي ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى تېزىسلار بويىچە مەزمۇننى يەكۈنلەپ سۆزلەپ بېرىڭ .

1 ) ئېينىشتېيىننىڭ تۇرمۇش كۆزقارىشى :

جاۋاب : ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ ، شۇڭا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشىماسلىقى ، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى ، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت .

2 ) ئەركىنلىك قارىشى :

جاۋاب : ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپۋى مەنىدىكى ئەركىنلىكى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك ، بۇ ھەقتە شوپېنخاۋېرنىڭ «ئادەم ئۆزى قىلماقچى بولغاننى قىلالىسىمۇ ، لېكىن ئىگە بولماقچى بولغانغا ئىگە بولالمايدۇ . » دېگەن سۆزى ئارقىلىق مۇتلەق ئەركىنلىكنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ، ئۇنىڭ (ئادەمنىڭ) ھەرىكىتى سىرتقى دۇنيانىڭ مەجبۇرلىشىغا ئۇچراش بىلەن ئىچكى مۇقەررەرلىكنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان .

3 ) كىشىلىك غايە كۆزقارىشى :

جاۋاب : ھەر بىر ئادەمدە مۇئەييەن غايە بولىدۇ . بۇ غايە ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ھۆكۈم نىشانىنى بەلگىلەيدۇ . راھەت ـ پاراغەت ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە بېرىلمەسلىك ، تۇرمۇشقا خۇشاللىق بىلەن توغرا قاراش غايىسى ياخشىلىق ، گۈزەللىك ، چىنلىقتىن ئىبارەت . كىشىلەر كۈچەپ قوغلاشقان چاكىنا نىشان ، بايلىق ، ساختا شۆھرەت ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلگەن تۇرمۇش پەسكەشلىك بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت .

4 ) ئىجتىمائىي ھەققانىيەت ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت كۆزقارىشى :

جاۋاب : مەندە كۈچلۈك ئىجتىمائىي ھەققانىيەت ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت كۆز قارىشى بار . لېكىن باشقىلار ۋە جەمئىيەت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش تەلپى كەم ، دۆلىتىمگە ، ئائىلەمگە ، دوستلىرىمغا ، ئەڭ يېقىن ئادەملىرىمگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مەنسۇپ بولغان ئەمەسمەن . باشقىلار بىلەن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ، ماسلىشىپ بىرلىككە كېلىشتە چەكلىمىلىك بار . لېكىن باشقىلارنىڭ پىكرى ، ئادەت ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ تىزگىنلىشىگە كۆپ ئۇچرىمايمەن ، دەپ قاراشتىن ئىبارەت .

5 ) سىياسىي غايىگە ئىگە بولۇش ھەققىدىكى كۆزقارىشى :

جاۋاب : دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم سىياسىي غايەم ھېسابلىنىدۇ . ھەربىر ئادەم ئادەم سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىشى ، باشقىلار چوقۇنىدىغان مەبۇد بولماسلىقى لازىم . بىر تەشكىلاتنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر ئادەم تەپەككۇر قىلىشى ، قوماندانلىق قىلىشى ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم . زوراۋانلىق ھامان پەزىلەتنى ناچار كىشىلەرنى سەھنىگە چىقىرىدۇ ، زالىم پادىشاھقا ھامان ئۇياتسىزلار ۋارىسلىق قىلىدۇ . كىشىلىك ھاياتنىڭ رەڭگارەڭ ئويۇنلىرىدا ھەقىقىي قىممەتلىك بولىدىغىنى سىياسىي جەھەتتىكى دۆلەت ئەمەس ، بەلكى ئىجادچانلىقتا ۋە ھېسسىياتتا ئىگە شەخسلەردىن ، ئىنسانىي پەزىلەتتىن ئىبارەت ؛ شەخسلەرلا يۈكسەك ۋە ئاجايىپ نەرسىلەرنى يارىتالايدۇ دەپ قاراشتىن ئىبارەت .

6 ) ئۇرۇشقا بولغان كۆزقارىشى :

جاۋاب : باشقىلارنىڭ جورۇقچىلىقى بىلەن بولىدىغان قەھرىمانلىق ، رەھىمسىزلەرچە زوراۋانلىق ، ۋەتەنپەرۋەرلىك نامى ئاستىدىكى يىرگىنچلىك بىشەمىلىكلەر مېنى قاتتىق يىرگەندۈرىدۇ . ئۇرۇش شۇنداق رەزىل ، پەسكەشكى ، قىيما - چىيما بولۇپ كەتسەممۇ ، ئۇنداق يىرگىنچلىك شۇملۇققا ئارىلاشمايمەن ، شۇنداق بولسىمۇ ئىنسانىيەتكە يۇقىرى باھا بېرىمەن دەپ قاراشتىن ئىبارەت .

7 ) تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىغا بولغان كۆز قارىشى :

جاۋاب : بىزدە بولىدىغان ئەڭ ياخشى تەجرىبە ، سىرلار تەجرىبىسىدىن ئىبارەت . ئۇ ھەقىقىي سەنئەت ، ھەقىقىي ئىلىم - پەننىڭ مەنبەسى ئۈستىدە چىڭ تۇرغان ئاساسىي ھېسسىيات ھېسابلىنىدۇ . ئۆزۈم ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك سىرلىرىدىن قانائەتلىنىشنى ئىستەيمەن . مەۋجۇت دۇنيانىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇرۇلمىسىنى كۆزىتىشتىن قانائەتلىنىمەن . ئۇنىڭدىن يېرىم - يارتىنى بولسىمۇ بايقىۋالىسام ، سەمىمىي تىرىشچانلىق ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىدا كۆرۈلگەن ئاشۇ ئىدراكىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشىنەلىسەم ، ئۇنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر قىسمىنى چۈشىنەلىسەممۇ تولۇق رازى بولغان بولاتتىم دەپ قاراشتىن ئىبارەت .

يۇقىرىقىلار ئېينىشتېيننىڭ ھەرقايسى ئابزاسلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلىرىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى .

## 15 . «يېقىنقى زامان ئىلىم - پەننىڭ جۇڭگوغا كىرىشى ۋە كەلگۈسىگە نەزەر»

ئاپتور ھەققىدە : ياڭ جېننىڭ ئەپەندى 1922 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خېفېيدا تۇغۇلغان . تەخمىنەن 16 يېشىدا كۈنمىڭدىكى غەربىي جەنۇب بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېتىغا

ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن ، 1945 ـ يىلى مەكتەپنى پۈتكۈزگەن . شۇ يىلى ئامېرىكىغا بارغان . 1946 ـ يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇ-غان ، فىزىكا ئۆگەنگەن . 1948 ـ يىلى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغاچقا مەكتەپ ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالغان . ياڭ جېننىڭ بىلەن لى جىڭداۋ ئەپەندىنىڭ ھەمكارلىقى 1949 ـ يىلى باشلاندى . 1957 ـ يىلى نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى (ئىككىيلەن بىرلىكتە ) . دەرسلىككە كىرگۈزۈل-گەن بۇ ماقالىسى 1993 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خاربىندا سۆزلىگەن نۇتقىغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىلغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . تېكىستنى تېز سۈرئەتتە ئوقۇپ ، ئۇنىڭدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى تېپىپ چىقىڭ ھەمدە ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بىرەر بەت قىلىپ يېزىڭ .

**جاۋاب :** مەزمۇن جەھەتتىن بۇ نۇتۇقتا جۇڭگونىڭ ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى تەرەققىياتى بايان قىلىنغان .

بىرىنچىدىن ، 1400 ـ يىلىدىن ئىلگىرى جۇڭگونىڭ پەن ـ تېخنىكىسى ياۋروپانىڭكى-دىن ئۈستۈن ئورۇندا بولۇپ ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان . ئىككىنچىدىن ، 1400 ـ يىللاردىن 1600 ـ يىلىغىچە جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قالغان . ئۈچىنچىدىن ، 1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن 1950 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە جۇڭگو ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن خېلىلا ئارقىدا قالغان بولۇپ ، قالاقلىق تۈپەيلىدىن (پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلالمىغانلىقىدىن ) غەرب پەن ـ تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان مەزگىل بولغان . تۆتىنچىدىن ، 1950 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بولۇپ ، بۇ مەزگىل يېقىنقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنى جۇڭگودا ئۆزلەشتۈرۈش باسقۇچى بولغان . بەشىنچىدىن ، 21 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

بۇ ئەسەر پەن ـ تېخنىكا تورىدىكى نۇتۇق بولۇپ ، ئەسەر ۋاقىتنى يىپ ئۆچى قىلىپ ، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بويىچە بايان قىلغان .

2 . تېكىست بەزىدە بىرىنچى شەخس تىلىدا ، بەزىدە ئىككىنچى شەخس تىلىدا ، بەزىدە ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان ، مۇشۇنداق مىساللارنى تېپىپ چىقىپ ، تېكىستنىڭ باش ـ ئاخىرى بىلەن باغلىنىغان ئاساستا ، مۇنداق ئۆزگەرتىشنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى ھېس قىلىپ بېقىڭ .

**جاۋاب :** نۇتۇقنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئاپتور جۇڭگونىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرىنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تەھلىل قىلىپ ، ئۆزىنىڭ قارىشىنى شەرھلەپ بەرگەن . نەتىجىدە نۇتۇقتا بىرىنچى شەخس تىلى كۆپرەك ئىشلىتىلگەن . مەسىلەن : «مەن بىر مىسال ئالاي » ، «مېنىڭچە » ، «مېنىڭ قارىشىمچە » ، «ئەگەر مەن باياتىن دېگەن بىر نەچچە دەۋرنى خۇلاسىلەيدىغان بولساق » . . قاتارلىقلاردا ئۆزىنىڭ قارىشى بايان قىلىنىدۇ .

ئىككىنچى شەخس تىلى مەسىلەن : «ئەگەر بىرىپ كۆرسىڭىز» ، «ئەگەر سىز 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يازمىلارنى ۋاراقلاپ باقسىڭىز» . . . قاتارلىقلار ئاڭلىغۇچىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلىشقا يېتەكلەيدۇ .

ئۈچىنچى شەخس تىلى «كۆپچىلىككە مەلۇم» ، «ئۇ مۇنداق دېگەنىدى» ، «بەزىلەر مۇنداق سورايدۇ» قاتارلىقلاردا بولسا بەزى نوپۇزلۇق بىلىم ياكى قاراشلار تونۇشتۇرۇلىدۇ .

بۇ خىل ئىپادىلەشنىڭ رولى :

نۇتۇق تىلىنىڭ يېقىملىق ، بىۋاستە بولۇش ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىشقا يېتەكلەش جەھەتتە ، يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشىدە ، ئاڭلىغۇچىدا مۇئەييەن كۆز قاراشنىڭ شەكىللىنىشىدە رولى بار .

# ئۇيغۇر تىلى

## 1 § . گىرامماتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

**1 . گىرامماتىكا دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق بولىدۇ؟**

گىرامماتىكا دېگىنىمىز سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت .

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى بەلگىلىك قائىدە بويىچە بولىدۇ . مەسىلەن : «- چى ، - داش ، - دان» دېگەن قوشۇمچىلار ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ، «تۆمۈرچى ، تىراكتورچى ، بوياقچى ، ماركسىزمچى ، يولداش ، مەسلەكداش ، قېرىنداش ، كۆلدان ، كاۋاپدان» دېگەندەك يېڭى ئىسىملارنى ياسىسا ؛ «- سىز ، - چان ، - چىل» دېگەن قوشۇمچىلار ئىسىملاردىن «سۇسىز ، ساۋاتسىز ، كۈچسىز ، ئەمگەكچان ، خىيالچان ، ئىشچان ، خەلقچىل ، ئەپچىل . . .» دېگەندەك سۈپەتلەرنى ياسايدۇ . « لا // لە ، //سىرا // سىرە» قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ، «ئىشلە ، غۇلاچلا ، قانسىرا ، ھالسىرا» پېئىللىرىنى ياسايدۇ . دېمەك ، قايسى خىلدىكى قوشۇمچىلارنىڭ قايسى خىلدىكى يىلتىزلارغا قوشۇلۇپ سۆز ياسىشى مەلۇم قائىدە ئاساسىدا بولىدۇ . يالغۇز يىلتىزلارغا قوشۇمچە قوشۇپ سۆز ھاسىل قىلىشتىلا ئەمەس ، بەلكى ئىككى خىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق باش مورفېمىلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق سۆز ياساشمۇ مەلۇم قائىدە بويىچە بولىدۇ . مەسىلەن : بەشئاتار ، قۇشباش ئېگەر ، ئاشتاختا ، تۆگىتاپان . . .

سۆزنىڭ جۈملىگە كىرگەن ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىشى سۆزنىڭ تۈرلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ . سۆزنىڭ ياسىلىشىلا قانۇنىيەتلىك بولۇپ قالماستىن ، بەلكى سۆزنىڭ تۈرلىنىشىمۇ مەلۇم قائىدە ئاساسىدا بولىدۇ . مەسىلەن ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسىنىڭ قوشۇمچىلىرى مۇنداق قائىدە بويىچە قوشۇلىدۇ : ① سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ئىسىملارغا بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن « م» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «مىز» ؛ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ڭ ، ڭىز» ، كۆپلۈك ئۈچۈن « ڭلار» قوشۇلىدۇ ؛ ئۈچىنچى شەخس ، بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك «- سى» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ ؛ ② ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ىم» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «- ىمىز» ؛ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ىڭ ، - ىڭىز» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «ىڭلار» قوشۇلىدۇ ؛ ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىلا بولۇپ ، «- لىرى» قوشۇلىدۇ ؛ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك «- ى» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ ؛ ③ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇم-

لۇق ئىسىملارغا بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ۇم // - ۈم»، كۆپلۈك ئۈچۈن «- ىمىز» قوشۇلسا؛ ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ۇڭ // - ۈڭ // ىڭىز»، كۆپلۈك ئۈچۈن «- ۇڭلار // - ۈڭلار» قوشۇلىدۇ؛ ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىلا بولۇپ، «- لىرى» قوشۇلىدۇ؛ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك «- ى» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ.

گىراماتىكا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) گىراماتىكا ئابستىراكتلىقىقا ئىگە بولىدۇ. ھەرقانداق گىراماتىكىلىق قائىدە مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ ياسىلىشى ياكى مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ۋە ياكى مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ ياسىلىشى ياكى مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ تۈرلىنىشى، مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولغاچقا، گىراماتىكىدىكى مەلۇم بىر قائىدە بىلەن بىر مۇنچە ھەتتا چەكسىز بولغان تىل پاكىتلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

2) گىراماتىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تۇراقلىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. گىراماتىكىلىق قۇرۇلما نۇرغۇن دەۋرلەر ئىچىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، تىلدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ ئاستا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

3) گىراماتىكىلىق قائىدىلەر سىستېمىلىق بولىدۇ. گىراماتىكا سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى شۇ قائىدىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەل بىر سىستېمىدۇر.

4) گىراماتىكا مەزمۇنىغا ئاساسەن مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**2. مورفولوگىيە دېگەن نېمە؟ نېمىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ؟**

سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسى مورفولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى، ياسىلىشى، تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈشى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

**3. مورفېما دېگەن نېمە؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.**

مورفېما دېگىنىمىز، تىلدىكى ئەڭ كىچىك مەنىلىك بىرلىك بولۇپ، سۆزنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. مەسىلەن، «قاراماي» دېگەن سۆز «قارا» ۋە «ماي» دېگەن ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. «ئاشخانا» دېگەن سۆز بولسا، «ئاش» ۋە «- خانا» دېگەن ئىككى

مورفېمىدىن تۈزۈلگەن . «- خانا» دېگەن مورفېمىنى يالغۇز ئىشلىتىشكە بولمىسىمۇ ، ئۇ باشقا مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ كەلگەندە ئوخشاشلا مەنە ئاڭلىتىدۇ . مەسىلەن ، «ئىشخانا ، چايخانا ، مېهمانخانا ، دوختۇرخانا ، كىنوخانا . . .» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە «ئۆي» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن . مەلۇم بىرلىكنىڭ مورفېما ياكى مورفېما ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى ئالماشتۇرۇپ بېقىش كېرەك . مەسىلەن ، «بوياق ، پۇراق ، تاقاق» دېگەن سۆزلەرنى «بويا+ق» ، «تاقا+ق» ، «پۇرا+ق» دېگەنگە ئوخشاش ئىككىدىن مورفېمىغا پارچىلاشقا بولىدۇ . ئەمما ، «هاراق ، تاماق» دېگەن سۆزلەرنى مورفېمىلارغا پارچىلاشقا بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن .

**4 . مورفېما قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟ باش مورفېما دېگەن نېمە؟ ئەگەشمە مورفېما دېگەن نېمە؟**

مورفېمىنى سۆزدىكى رولىغا ئاساسەن باش مورفېما ۋە ئەگىشمە مورفېما دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان ۋە باشقا مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان مورفېما باش مورفېما ياكى مۇستەقىل مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «يازغۇچى ، ئاشپەز ، سودىگەر» دېگەن سۆزلەردىكى «ياز - ، ئاش ، سودا» دېگەن مورفېمىلار باش مورفېمىلاردۇر .

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قوللىنىشقا بولمايدىغان ، باش مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما ئەگەشمە مورفېما ياكى ياردەمچى مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ .

**5 . ئەگەشمە مورفېمىلار قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

ئەگەشمە مورفېمىلار رولىغا قاراپ ياردەمچى سۆزلەر ۋە قوشۇمچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . مەسىلەن :

يەلپۈ + گۈچ = يەلپۈگۈچ ، گۇناھ + كار = گۇناھكار ، بە + خەۋەر = بىخەۋەر سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەي ، ئۇنىڭغا مەلۇم گىرامماتىكىلىق مەنە قوشقان قوشۇمچە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ .

**6 . قوشۇمچە دېگەن نېمە؟ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرۇپ بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرمەيدىغان ، سۆز يىلتىزىغا ئۇلىنىپ مەلۇم لېكسىكىلىق مەنە ياكى گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تىل تەركىبلىرى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ .

قوشۇمچىلار ئۆزىنىڭ رولىغا قاراپ ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئىش + چان = ئىشچان، تۇز + لۇق = تۇزلۇق ، قىر + غۇچ = قىرغۇچ ،
سۆز + گۈچ = سۆزگۈچ

ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنى كۆرسىتىش جەدۋىلى :

<table dir="rtl">
<tr><td rowspan="7">مورفېما</td><td colspan="4">باش مورفېما</td></tr>
<tr><td rowspan="6">ئەگەشمە مورفېما</td><td rowspan="3">قوشۇمچە</td><td rowspan="2">ياسىغۇچى قوشۇمچە</td><td>ئارقا قوشۇمچە</td></tr>
<tr><td>ئالدى قوشۇمچە</td></tr>
<tr><td>تۈرلىگۈچى قوشۇمچە</td><td></td></tr>
<tr><td rowspan="3">ياردەمچى سۆز</td><td colspan="2">باغلىغۇچى</td></tr>
<tr><td colspan="2">تىركەلمە</td></tr>
<tr><td colspan="2">يۈكلىمە</td></tr>
</table>

1 ـ كۆنۈكمە : 1 ) باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېمىلاردىن بەشتىن يېزىڭ .

باش مورفېما — ئاز ، يىل ، ئوقۇ ، دەرس ، ئاش

ئەگەشمە مورفېما — داش ، شۇناس ، لىك ، غۇچ ، خانا

2 ) تۆۋەندىكى سۆزلەرنى مورفېمىلارغا ئايرىڭ ۋە نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

| | باش مورفېما | ئەگەشمە مورفېما |
|---|---|---|
| باغۋەن | باغ | ۋەن |
| يولداشلىرىمىزنىڭ | يول | داش ، لى+رى+مىز+نىڭ |
| ئۈمىدۋارلىق | ئۈمىد | ۋار ،لىق |
| بەتنىيەت | بەت | نى ، يەت |
| گۈزەللىك | گۈزەل | لىك |

**7 . ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) تۈپ سۆز : بىرلا مۇستەقىل (باش ) مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

مەن ، نان ، باغ ، يەر ، ئانا ، دۆلەت ، كۆك ، ياز ، تۆر ، ئىلگىرى ، ئۇ ، كىم ، تۇز ، كېيىن ، قىزىل ، كۆپ ، سەھرا ، گۈرجەك ، بىل ، تېلېفون ، گۇمان ، دېھقان

2 ) ياسالما سۆز : تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر ياسالما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

باغ+ ۋەن= باغۋەن, دۇكان+ دار= دۇكاندار

ئىجاد+ كار= ئىجادكار ، نا+ ئىنساب= نائىنساب

3 ) بىرىككەن سۆز : ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىقىنىش ـ بېقىندۇرۇش

ياكى ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ ، تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن سۆزلەر بىرىككەن سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ . بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

ئاينۇر ، ئاشكۆكى ، ساياغ ، قاراماي ، مۇشۇكياپلاق ، قارىمۇچ ، قىزىلسۇ ، غورۇ-چۆل

4 ) جۈپ سۆز : ئىككى سۆزنىڭ مەلۇم تەرتىپتە قاتارلىشىپ ئېيتىلىشىدىن تۈزۈلۈپ يېڭى ھەم كەڭ مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر جۈپ سۆزلەر دېيىلىدۇ .

جۈپ سۆز تەڭداش ئىككى بۆلەكنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىكتۇر . مەسىلەن :

ئات ـ ئۇلاغ ، ئېتىز ـ ئېرىق ، قوغۇن ـ تاۋۇز ، مېۋە ـ چېۋە ، بالا ـ چاقا ، نان ـ پان ، تاراق ـ تۇرۇق

جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ .

5 ) قىسقارتىلما سۆز : شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى-نىڭ مۇئەييەن شارائىتتا ئىخچام بولۇشىنى كۆزلەپ ، شەرتلىك ھالدا ھەربىر سۆزنىڭ باش تاۋۇشىنى (يېزىقتا باش ھەرپىنى ) ياكى باش بوغۇمىنى ئېلىش يولى بىلەن ياسالغان سۆزلەر قىسقارتىلما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىسىملار | قىسقارتىلما شەكلى |
| بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى | (ب د ت ) |
| ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر | (ئا .ئۆتكۈر ) |
| تىل ـ يېزىق كومىتېتى | (تىلكوم ) |

**8 . سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن تۈرگە بۆلۈنۈشى سۆز تۈركۈمى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر مەنىسى ، تۈزۈلۈشى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن مۇستەقىل سۆز ۋە ياردەمچى سۆز دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**9 . مۇستەقىل سۆز دېگەن نېمە؟**

ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ، جۈملىدە جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بولالايدىغان سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆزلەر ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، مىقدار ، ئالماش ، رەۋىش ، پېئىل ، تەقلىد سۆز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . (تىلىمىزدىكى مۇستەقىل سۆزلەر-نىڭ مۇستەقىللىق دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ . )

**10 . ياردەمچى سۆزلەر دېگەن نېمە؟ نېمىگە ئاساسەن قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان ، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان ، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە

بىلدۈرىدىغان ، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ .

بىر سۆزنىڭ مۇستەقىل سۆز ياكى ياردەمچى سۆز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا ، ئۇ سۆزنىڭ ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتقان ياكى ئاڭلاتمىغانلىقىغا ، جۈملىدە ئۆز ئالدىغا بىر بۆلەك بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا (مەلۇم بىر سوئالغا جاۋاب بولغان - بولمىغانلىقىغا) ئاساسلىنىش كېرەك .

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى ۋە گىرامماتىكىلىق رولىغا قاراپ تىركەلمىلەر ، باغلىغۇچىلار ، يۈكلىمىلەر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەر (ئىما+لىق سۆزلەر) مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر سۆز تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ .

**11 . ئىسىم دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، ئادەم ، سۇ ، تاغ ، خۇشاللىق ، سەزگۈ ، نەزەرىيە ، تاشقىن ، ئۈرۈمچى . . .

ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 ) ئىسىملار ئۆزىگە خاس سان ، تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيەلىرىگە ئىگە بولۇپ ، جۈملىدە مۇشۇ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن : تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرى يېزىدا .

2 ) ئىسىملار ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە بولۇپ ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بىر قىسمى ئىسىمدىن ئىسىم ياسىسا ، يەنە بىر قىسمى سۈپەت ، سان ، پېئىل قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىدىن ئىسىم ياسايدۇ . مەسىلەن :

تۆمۈر + چى = تۆمۈرچى ، ئاش + پەز = ئاشپەز ، باتۇر + لۇق = باتۇرلۇق ، قىزىل + لىق = قىزىللىق ، بىرىنچى + لىك = بىرىنچىلىك ، ئوقۇ + غۇچى = ئوقۇغۇچى ، يىغ + ىن = يىغىن . . .

3 ) ئىسىملار جۈملىدە كۆپرەك ئىگە بولۇپ كېلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تولدۇرغۇچى ، خەۋەر ، ئېنىقلىغۇچى ، ھالەت قاتارلىق جۈملە بۆلىكىمۇ بولۇپ كېلەلەيدۇ . مەسىلەن :

ئىنساننىڭ قەدرى بىلىم بىلەن ئاشۇر .

بۇ ماشىنىنى سېتىۋالدىم .

بۇ ئۆي سەردارنىڭ .

**12 . ئىسىملار مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

ئىسىملار مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ خاس ئىسىم ۋە تۈرداش (ئومۇمىي) ئىسىم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان مەخسۇسناملار خاس ئىسىم دېيىلىدۇ . مەسىلەن ، قەشقەر ، تەڭرىتاغ ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ،

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى . . .

بىر تىپتىكى شەيئى ئۈچۈن ئورتاق نامنى ياكى بىر خىل ئابستراكت چۈشەنچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار تۈرداش (ئومۇمىي) ئىسىم دېيىلىدۇ . مەسىلەن ، ئادەم ، تاغ ، شەھەر ، ئۇنىۋېرسىتېت ، تەشكىلات ، بايراق ، دۆلەت . . .

نۇرغۇنلىغان خاس ئىسىملار تۈرداش (ئومۇمىي ) ئىسىملارنىڭ ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن ، خاس ئىسىم ھېسابلىنىدىغان «باھار » ، «پولات » دېگەن ئادەم ئىسىملىرى «باھار » ، «پولات » دېگەن تۈرداش (ئومۇمىي ) ئىسىملارنىڭ خاسلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان .

2 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ ھەر بىرىگە ئۈچتىن خاس ئىسىم يېزىڭ .

مەكتەپ ، زىرائەت ، يول ، پەن ، ھايۋان

ئۈلگە : مېۋە — ئۈجمە ، ئۆرۈك ، توغاچ ، ئەنجۈر ، ئانار

تاغ — ئالتاي تېغى ، پامىر ، كوئىنلۇن ، قاراقۇرۇم ، ئالتۇنتاغ

مەكتەپ — باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئوتتۇرا مەكتەپ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ، ئالىي مەكتەپ ، تېببىي مەكتەپ

زىرائەت — بۇغداي ، قوناق ، تېرىق ، شال ، ئارپا

يول — تاشيول ، توپا يول ، سېمونت يول ، تۆمۈر يول ، شېغىل يول

پەن — ئەدەبىيات ، سىياسەت ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە

ھايۋان — بۆرە ، يولۋاس ، ئات ، كالا

**13. ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيەسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى قانداق بولىدۇ؟**

ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ سان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيەسى دېيىلىدۇ . بۇ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە كېلىدۇ . ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى شۇ ئىسىمغا «- لار // -لەر » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بىرلىك شەكلى ئىسىمنىڭ نۆل شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە ، كۆپلۈك شەكلى «- لار // -لەر » قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| بىرلىك شەكلى | كۆپلۈك شەكلى |
|---|---|
| ئادەم | ئادەملەر |
| ئۆي | ئۆيلەر |
| چاچ | چاچلار |
| ساندۇق | ساندۇقلار |

ھەرقانداق بىر ئىسىم بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكىلدە ئىپادىلەنسىمۇ ، لېكىن تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇشقا بولمايدۇ :

1 ) ئىسىملار ساناق سان ، مۆلچەر سان ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى تەرىپىدىن

ئېنىقلانغاندا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ . مەسىلەن ، ئەللىك ماشىنا (ئەللىك ماشىنىلار ئەمەس ) ، ئوندەك ئادەم (ئوندەك ئادەملەر ئەمەس ) ، بىر دەستە گۈل (بىر دەستە گۈللەر ئەمەس ) . . .

2 ) بەزى ئابستراكت ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ . مەسىلەن ، ئاڭ (ئاڭلار ئەمەس ) ، ھاياتىمىز (ھاياتلىرىمىز ئەمەس ) ، سوتسىيالىزم (سوتسىيالىزملار ئەمەس ) ، تىنچلىق (تىنچلىقلار ئەمەس ) . . .

3 ) بەزى تۈرداش ئىسىملارغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ . قوشۇلغان ھالەتتىمۇ كۆپلۈكنى ئەمەس ، پەقەت بىر تۈردىكى شەيئىنىلا بىلدۈرىدۇ . بۇ خىل ئىسىملار كۆپىنچە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملاردۇر . مەسىلەن ، سۈت ـ سۈتلەر ، ئۇن ـ ئۇنلار ، ماي ـ مايلار . . .

4 ) ئادەتتە خاس ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ . ئەگەر قوشۇلسا ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەم ياكى شەيئىلەر توپىنى ۋە ياكى ئۇنىڭ مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

بىز قەشقەرلەرگە باردۇق

ئادىللار كەتتىمۇ ؟

5 ) «كۆپ ، جىق ، نۇرغۇن ، تولا ، بىرنەچچە ، بىرقانچە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىن كېيىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ . مەسىلەن ، كۆپ ئادەم (كۆپ ئادەملەر ئەمەس ) ، جىق كىتاب (جىق كىتابلار ئەمەس ) ، نۇرغۇن ئادەم (نۇرغۇن ئادەملەر ئەمەس ) ، تولا گەپ (تولا گەپلەر ئەمەس ) ، بىرنەچچە ئورۇندۇق (بىرنەچچە ئورۇندۇقلار ئەمەس ) . . .

3 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى توغرا بولغان ياكى خاتا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈڭ .

300 دەك دېھقانلار ھەرىكەتلەندۈرۈلدى . ئۇ شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندى . غۇلام 50 چە قويلارنى يايلاققا ئېلىپ ماڭدى . بىز قارلارنى تازىلاپ بولدۇق . مەكتىپىمىزدىكى 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار كۆچەت تىكتى . 3 — 4 كۈنلەردىن بۇيان ئۇدا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ . دۇنيا خەلقى تىنچلىقلارغا موھتاج . خەلقىمىز ئادالەت يولىدا قۇربان بولغانلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ . بىز خىزمەتلەردە دېموكراتىيەلەرنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم .

جاۋاب : «300 دەك دېھقانلار ، 50 چە قويلارنى ، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار ، 3 — 4 كۈنلەردىن ، 42 نەپەر ئوقۇغۇچىلار ۋە تىنچلىقلارغا ، دېموكراتىيەلەرنى» قاتارلىق ئىسىملاردىكى كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى توغرا ئەمەس . بۇنىڭ بىر قىسىملىرى سانى ئېنىق ، يەنە كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇشنىڭ ھاجىتى يوق . بىر قىسىملىرى ئابستراكت ئىسىملار بولۇپ ، ئۇلارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئۇلانمايدۇ .

«شەھەر كوچىلىرى ؛ قارلارنى ؛ قۇربان بولغانلار ؛ خىزمەتلەردە ؛ ئاينۇر ، گۈلشەنلەر ؛ ئەگرى ـ توقاي يوللارنى» قاتارلىق ئىسىملاردىكى كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى توغرا .

**14 . ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ؟**

ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ مەلۇم شەيئىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيەسى دېيىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . تەۋەلىك شەكىللىرى تەۋەلەنگۈچى شەخسكە مۇۋاپىق ھالدا بىرىنچى شەخس ، ئىككىنچى شەخس ، ئۈچىنچى شەخستىن ئىبارەت ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ . بىرىنچى شەخس سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ ؛ ئىككىنچى شەخس ئالدى بىلەن ئاتاش تۈرى جەھەتتىن پەرقلىنىپ ئاددىي تۈر ، سىپايە تۈر ۋە ھۆرمەت تۈرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ ، ئۇلاردىن ئاددىي تۈرى يەنە بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ ، سىپايە تۈرى بىرلىك بويىچىلا قوللىنىلىدۇ . ھۆرمەت تۈرى سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ ؛ ئۈچىنچى شەخسمۇ سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ . ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ بۇ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈشكە بولىدۇ :

| تۈرى | | تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| بىرىنچى شەخس | بىرلىك تۈرى | -م // -ىم // ۇم // -ۈم | ئاتام ، كىتابىم ، پۇتۇم ، ئۆيۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | - مىز // - ىمىز | ئاتىمىز ، كىتابىمىز |
| ئىككىنچى شەخس | بىرلىك تۈرى | -ڭ // -ىڭ // -ۇڭ // -ۈڭ | ئاتاڭ ، كىتابىڭ ، پۇتۇڭ ، ئۆيۈڭ |
| | كۆپلۈك تۈرى | - ڭلار // -ىڭلار // -ۇڭلار // - ۈڭلار // | ئاتاڭلار ، كىتابىڭلار ، پۇتۇڭلار ، ئۆيۈڭلار |
| | سىپايە تۈرى | - ڭىز // - ىڭىز | ئاتىڭىز ، كىتابىڭىز |
| | ھۆرمەت تۈرى | - لىرى | ئاتىلىرى ، كىتابلىرى |
| ئۈچىنچى شەخس | تۈرى | - سى // - ى | ئاتىسى ، كىتابى |

**4 - كۆنۈكمە :** 1 ) تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ :

باش ، ئورۇن ، دەپتەر ، ئۇتۇق ، كۆمۈر ، ئۆچكە

**جاۋاب :** باش — بېشىم ، بېشىمىز ، بېشىڭ ، بېشىڭلار ، بېشىڭىز ، باشلىرى ، بېشى

ئورۇن — ئورنۇم ، ئورنىمىز ، ئورنۇڭ ، ئورنۇڭلار ، ئورنىڭىز ، ئورۇنلىرى ، ئورنى

دەپتەر — دەپتىرىم ، دەپتىرىمىز ، دەپتىرىڭ ، دەپتىرىڭلار ، دەپتىرىڭىز ، دەپتەرلىرى ، دەپتىرى

ئۇتۇق — ئۇتۇقۇم ، ئۇتۇقىمىز ، ئۇتۇقۇڭ ، ئۇتۇقۇڭلار ، ئۇتۇقىڭىز ، ئۇتۇقلىرى ، ئۇتۇقى

كۆمۈر — كۆمۈرۈم ، كۆمۈرىمىز ، كۆمۈرۈڭ ، كۆمۈرۈڭلار ، كۆمۈرىڭىز ، كۆمۈرلىرى ، كۆمۈرى

ئۆچكە — ئۆچكەم ، ئۆچكىمىز ، ئۆچكەڭ ، ئۆچكەڭلار ، ئۆچكىڭىز ، ئۆچكىلىرى ، ئۆچكىسى

2 ) تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىچىدىن تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملارنى تېپىڭ . قانچىنچى شەخستە ، قانداق ساندا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

مېنىڭ دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ .

ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ كېتىپتۇ .

ھۆرۈننىڭ ئەتىسى تۈگىمەيدۇ . (ماقال )

ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ .

بىزنىڭ يولىمىز بىر ئىكەن .

چوڭ ئانا ، پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويايمۇ ؟

**جاۋاب :** دادام (بىرىنچى شەخس ، بىرلىك ساندا تۈرلەنگەن ) ، بېشى (ئۈچىنچى شەخس ، بىرلىك ساندا ) ، ئەتىسى (ئۈچىنچى شەخس ) ، ئوقۇتقۇچىمىز (بىرىنچى شەخس ، كۆپلۈك ) ، يولىمىز (بىرىنچى شەخس ، كۆپلۈك ) ، پۇتلىرىنى (ئىككىنچى شەخس ، سىپايە تۈرى )

3 ) تۆۋەندىكى سۆزلەرنى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ ، تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىگە دىققەت قىلىڭ .

ئەقىل ، ئوغۇل ، سىڭىل ، ئۆمۈر ، ئىملا ، پولۇ ، ئىمزا ، توخۇ

**جاۋاب :** ئەقىل — ئەقلىم ، ئەقلىمىز ، ئەقلىڭ ، ئەقلىڭىز ، ئەقلىڭلار ، ئەقلى (بۇنىڭدا «ئى» سوزۇق تاۋۇشى چۈشۈپ قالدى ) .

ئوغۇل — ئوغلۇم ، ئوغلىمىز ، ئوغلۇڭ ، ئوغلىڭلار ، ئوغلۇڭىز . ئوغلى (بۇنىڭدا «ئۇ» سوزۇق تاۋۇشى چۈشۈپ قالدى ) .

سىڭىل — سىڭلىم ، سىڭلىمىز ، سىڭلىڭ ، سىڭلىڭىز ، سىڭلىسى (بۇنىڭدا «ئى» سوزۇق تاۋۇشى چۈشۈپ قالدى ) .

ئۆمۈر — ئۆمرىم ، ئۆمرىمىز ، ئۆمرىڭ ، ئۆمرىڭلار ، ئۆمرىڭىز ، ئۆمرى (بۇنىڭدا «ئۈ» سوزۇق تاۋۇشى چۈشۈپ قالدى ) .

ئىملا — ئىملايىم ، ئىملايىمىز ، ئىملايىڭ ، ئىملايىڭىز ، ئىملايىڭلار (بۇنىڭدا بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى ) ، ئىملاسى .

پولۇ — پولۇيۇم ، پولۇيىمىز ، پولۇيۇڭ ، پولۇيۇڭلار ، پولۇيىڭىز (بۇنىڭدىمۇ بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى ) ، پولۇسى .

ئىمزا — ئىمزايىم ، ئىمزايىمىز ، ئىمزايىڭ ، ئىمزايىڭلار ، ئىمزايىڭىز (بۇنىڭدىمۇ بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى ) ، ئىمزاسى .

توخۇ — توخۇيۇم ، توخۇيىمىز ، توخۇيۇڭ ، توخۇيۇڭلار ، توخۇيىڭىز (بۇنىڭدىمۇ بىر «ي» تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالدى ) ، توخۇسى .

**15 . ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى دېگەن نېمە؟ ئالتە كېلىشنىڭ قوللىنىلىشى قانداق بولىدۇ ؟**

ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ ، ئىسىمنىڭ سىنتاك

سىلىق قۇرۇلمىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيەسى دېيىلىدۇ .

بۇ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك ئالتە خىل كېلىش شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ :

| كېلىش نامى | كېلىش قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|
| باش كېلىش | - | بازار ، ياتاق ، ئۆي ، مەكتەپ |
| ئىگىلىك كېلىش | نىڭ | بازارنىڭ ، ياتاقنىڭ ، ئۆينىڭ ، مەكتەپنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | - نى | بازارنى ، ياتاقنى ، ئۆينى ، مەكتەپنى |
| يۆنىلىش كېلىش | - غا // -قا // -گە // -كە | بازارغا ، ياتاققا ، ئۆيگە ، مەكتەپكە |
| ئورۇن كېلىش | -دا // - تا // -دە // -تە | بازاردا ، ياتاقتا ، ئۆيدە ، مەكتەپتە |
| چىقىش كېلىش | - دىن // - تىن | بازاردىن ، ياتاقتىن ، ئۆيدىن مەكتەپتىن |

ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى تۆۋەندىكىچە :

1 ) باش كېلىش جۈملىدە بايان قىلىنغۇچىنى ئىپادىلەيدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇ خىل كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئىگە ، خەۋەر ، ئېنىقلىغۇچى ۋە قاراتما بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

رەنا ناخشا ئېيتتى .

مەن ئوقۇتقۇچى .

ئايال دوختۇر ئالدىراش كىرىپ كەلدى .

قىزچاق ، داۋۇت ئاكامنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ ؟ (قاراتما بۆلەك )

2 ) ئىگىلىك كېلىش جۈملىدە تەۋەلىگۈچى شەيئىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «- نىڭ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە كۆپرەك ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئەخمەتنىڭ دادىسى هازىرلا كەلدى .

بۇ مال - مۈلۈك هۆكۈمەتنىڭ .

ئىگىلىگۈچى شەيئى بىلەن ئىگىلەتكۈچى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئابستراكتلاشقاندا ، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ ، ئەمما بۇ يەنىلا ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىم هېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، خوتەن گىلىمى ، سۇ ئامبىرى ، ئۇيغۇر خەلقى . . .

3 ) چۈشۈم كېلىش جۈملىدە هەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «- نى » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى

بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

مەن ئاتا ـ ئانامنى ھۆرمەتلەيمەن .

تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم بىلەن ئۇنى بېقىندۇرغۇچى پېئىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئابستراكتلاشقاندا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ ، ئەمما ئۇ يەنىلا چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىم ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن ، ناخشا ئېيتماق ، ئۇسسۇل ئوينىماق ، خەت يازماق ، دوكلات ئاڭلىماق .

4 ) يۆنىلىش كېلىش ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «ـ غا // ـ قا // ـگە // ـ كە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇلار بازارغا ماڭدى .

مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم .

5 ) ئورۇن كېلىش ھەرىكەتنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «ـ دا // ـ تا // ـ دە // تە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ئومۇمەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ، بەزىدە خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ ئاقسۇدا چوڭ بولغان .

ئۇنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچىدە .

6 ) چىقىش كېلىش ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «ـ دىن // ـ تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئەنۋەر سەھرادىن كەلگەن .

ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلاندى .

5 ـ كۆنۈكمە : 1 ) ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ يېزىپ چىقىڭ ۋە ئۈچتىن مىسال ئېلىڭ .

| تۈرى | قوشۇمچىسى | مىسال |
|---|---|---|
| باش كېلىش | ـ | باغ ، تاش ، باش |
| ئىگىلىك كېلىش | نىڭ | باغنىڭ ، تاشنىڭ ، باشنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | نى | باغنى ، تاشنى ، باشنى |
| يۆنىلىش كېلىش | غا ،قا ،گە ،كە | باغقا ، تاشقا ، باشقا |
| چىقىش كېلىش | دىن ، تىن | باغدىن ، تاشتىن ، باشتىن |
| ئورۇن ـ پەيت كېلىش | دا ، تا ، دە ، تە | باغدا ، تاشتا ، باشتا |

2 ) «قەلەم» دېگەن سۆزنى ئالتە كېلىش بىلەن تۇرلەپ، جۈملە تۈزۈپ ۋە جۈملىدە قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

قەلەم : ① قەلەم — خەت ـ ئالاقىدىكى مۇھىم قورال . (باش كېلىش جۈملىدە ئىگە بولغان )

② قەلەمنىڭ ئۇچى بۇزۇلۇپ كەتتى . (ئىگىلىك كېلىش جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولغان )

③ مەن قەلەمنى ئېلىپ كەتتىم . (چۈشۈم كېلىش جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولغان )

④ مەن قەلەمگە سىياھ ئىچكۈزۈۋاتىمەن . (يۆنىلىش كېلىش )

⑤ مەن قەلەمدىن بىرنى ئالدىم . (چىقىش كېلىش )

⑥ ئۇ دائىم قەلەمدە خەت يازىدۇ . (بېرىش كېلىش )

**16 . ئىسىملارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى قانداق بولىدۇ؟**

1 ) ئىسىملار ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە . مەسىلەن :

ـ چى — باغاچچى ، تۆمۈرچى ، قوغۇنچى ، تەنتەربىيەچى

ـ داش — يولداش ، قېرىنداش ، ئاھاڭداش ، سەپەرداش

ئىسىملارنىڭ ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ناھايىتى كۆپ . تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچىلار بېرىلدى .

ـ لىق ، ـ لىك ، ـ لۇق ، ـ لۈك ؛ ـ چىلىق ، ـ چىلىك ؛ ـ چاق ، ـ چەك ؛ ـ غۇ ، ـ قۇ ، ـ گۈ ، ـ گە ؛ ـ غۇچى ، قۇچى ، ـ گۈچى ، ـ كۈچى ؛ ـ غۇچ ، ـ قۇچ ، ـ گۈچ ، ـ كۈچ ؛ ـ ما ، مە ؛ ـ م ، ـ ىم ، ـ ۇم ، ـ ۈم ؛ ـ ك ، ـ ەك ، ـ ۈك ؛ ـ ىن ، ـ ۇن ، ـ ىندى ، ـ ۇندى ؛ ـ ىش ، ـ ۇش ، ـ ۈش ؛ داق ، ـ دەك ، ـ دۇق ، ـ دۈك ؛ ـ غاق ، ـ قاق ، ـ گەك ؛ ـ ىنچا ، ـ ۇنچە ، ـ مچى ؛ ـ غۇلۇق ، ـ قۇلۇق ، ـ گۈلۈك ، كۈلۈك

2 ) ئىسىملار جۈملىدە سان ، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ، جۈملىنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى بولالايدۇ . مەسىلەن :

كىتاب ، كىتابلار ، كىتابىم ، كىتابىڭ ، كىتابىڭىز ، كىتابلىرى ، كىتابى ، كىتاب-نىڭ ، كىتابنى ، كىتابقا ، كىتابتىن ، كىتابتا

زاھىر ياخشى ئوقۇغۇچى . (ئىگە ) يالقۇننىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى . (ئېنىقلىغۇچى )

. نۇسرەتنى كۆردىڭىزمۇ؟ (تولدۇرغۇچى ) ، دادام قەشقەردىن قايتىپ كەلدى (ھالەت )

. ئاۋۇ كۆرۈنگەن بىزنىڭ مەكتەپ . (خەۋەر )

3 ) ئىسىملار جۈملىدە ئىسىم ، سۈپەت ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسى ۋە سۈپەتداشلار تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ . مەسىلەن :

دادام ياغاچ كارىۋات ياسىدى . ئۈستەڭگە بېتون كۆۋرۈك سېلىنىدى . ئۇلار چوڭ شەھەردىن كەلدى . بىز ئىككى خالتا ئۇن سېتىۋالىمىز . ئۇ پىشقان قوغۇن ئۈزۈپ كەلدى .

4 ) بىر قىسىم ئىسىملارغا «مۇ» باغلىغۇچىسى قوشۇلۇپ تەكرارلانسا رەۋىشلىشىدۇ . مەسىلەن :

يۈزمۇيۈز ، قولمۇقول ، ئۆيمۇئۆي ، ئايمۇئاي ، سۆزمۇسۆز

5 ) ئىسىملار جۈملىدە تىركەلمىلەر ۋە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ . مەسىلەن :

خەلق ئۈچۈن ، مۇسابىقە توغرۇلۇق ، قەلەم بىلەن ، ماشىنا ئارقىلىق ، تىلغا ئالىت ، سۈپەت ھەققىدە ، بالا ئىدى ، ئادەم ئىكەن ، ئوقۇغۇچى بولدى ، مەسىلە چىقتى

6 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى كۆرسىتىلگەن قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ ئىسىم ياساڭ .

ـچى ، ـداش ، ـلىك ، ـلۇق ، ـشۇناس ، ـدان ، ـۋاز ، ـكار ، ـدار ، ـپەز ، ـگەر ، ـكەش ، ـۋەن ، ـىيە ، ـخانا

ـچى : ياغاچچى ، ئوتۇنچى ، تۆمۈرچى ، كاۋاپچى ، ئەدەبىياتچى ، ماتېماتىكىچى

ـداش : ساۋاقداش ، قېرىنداش ، مەسلەكداش ، پىكىرداش ، پارتىيداش ، سەپەرداش

ـلىك : ئاشپەزلىك ، مىللەتپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك ، ئەپلىك ، پەملىك

ـلۇق : قوغۇنلۇق ، يامغۇرلۇق ، باتۇرلۇق ، ئاچقۇچلۇق ، قۇرۇقلۇق

ـشۇناس : تىلشۇناس ، مىللەتشۇناس ، تارىخشۇناس ، تۇپراقشۇناس

ـدان : قەلەمدان ، چايدان ، ئوقدان ، سۇدان ، كۈلدان

ـۋاز : دارۋاز ، كەپتەرۋاز

ـكار : مەدەتكار ، ھەۋەسكار ، بىناكار ، سەنئەتكار ، ئىجادكار

ـدار : ئەمەلدار ، بايراقدار ، قەرزدا ، زەربىدار

ـپەز : ئاشپەز ، مانتىپەز ، سامسىپەز ، ساختىپەز

ـگەر : سودىگەر ، دورىگەر ، دەۋاگەر ، ھىيلىگەر

ـكەش : ھارۋىكەش ، مېھنەتكەش ، تەخسىكەش ، ھايانكەش

ـۋەن : باغۋەن ، دەرۋازىۋەن ، ھۈنەرۋەن

ـىيە : ياپونىيە ، تۈركىيە ، موڭغۇلىيە ، ئەنگلىيە

ـخانا : مەجلىسخانا ، ئاشخانا ، ئوتۇنخانا ، مېھمانخانا . . .

**17 . سۈپەت دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت دېيىلىدۇ ، مەسىلەن : ئاق ، باتۇر ، يېنىك ، ئېگىز ، ياخشى ، كۆڭۈللۈك ، قاتتىق ، يالغانچى ، ئامراق ، زامانىۋى ...

سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 ) سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيەسىگە ئىگە بولۇپ ، جۈملىدە مۇشۇ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ ، شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى ھەر خىل دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

گۈلزار قىپقىزىل رەختتىن كىيىم كىيىشكە ئامراق .

سۈپسۈزۈك ، كۆكۈچ ۋە تىنىق ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى .

2 ) سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە بولۇپ ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ كۆپرەكى ئىسىم ۋە پېئىلدىن سۈپەت ياسىسا ، ئاز بىر قىسمى رەۋىش ، سۈپەت

قاتارلىق سۆزلەردىن سۈپەت ياسايدۇ . مەسىلەن :
كۈچ + لۈك = كۈچلۈك ، خىيال + چان = خىيالچان ، كۆل + گۈن + چەك = كۆلگۈنچەك ، ئالدىرا + ڭغۇ = ئالدىراڭغۇ ، تولۇق + سىز = تولۇقسىز ، نا + توغرا = ناتوغرا ، كەم + چىل = كەمچىل . . .
3 ) سۈپەتلەر جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى ، خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ ، بەزىدە ھالەت بولۇپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :
قىزىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتتى . (ئېنىقلىغۇچى)
ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق ئامراق . (خەۋەر)
دىلدار خەتنى چىرايلىق يازىدۇ . (ھالەت)
18 . سۈپەت دەرىجىلىرى دېگەن نېمە؟ سۈپەت دەرىجىلىرى قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟
سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى پەرقىنى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ بەلگىگە قارىتا سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ .
بۇ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە دەرىجىلىك سۈپەتلەرگە خاس بولۇپ ، تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل دەرىجە شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ :
1 ) ئەسلىي دەرىجە سۈپەت ئىپادىلەنگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇ خىل دەرىجە شەكلى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ، مورفولوگىيەلىك قوشۇمچىسى بولمايدۇ . مەسىلەن ، ساختىپەز ، ئاۋات ، سېمىز ، چىدامىلىق ، ياخشى ، قىزىل ، يىراق . . .
2 ) كېمەيتمە دەرىجە سۈپەت ئىپادىلەنگەن بەلگىنى ئادەتتىكىدىن سەل كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇ خىل دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا «- راق // - رەك // » ياكى «-ش//ش//-ۇش//-ۈش ، -متۇل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، چوڭ - چوڭراق ، ئېگىز - ئېگىزرەك ، ئاق - ئاقۇچ ، كۆك - كۆكۈچ ، قارا - قارامتۇل . . .
3 ) ئاشۇرما دەرىجە سۈپەت ئىپادىلەنگەن بەلگىنى ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇ خىل دەرىجە بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «پ»نى قوشۇپ ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، كۆك - كۆپكۆك ، قىزىل - قىپقىزىل ، باراۋەر - باباراۋەر ، تەكشى - تەپتەكشى ، يېڭى - يېپيېڭى . . .
4 ) ئەركىلەتمە دەرىجە سۈپەت ئىپادىلەنگەن بەلگىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇ خىل دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرگە «- غىنا // - قىنا // - گىنە // - كىنە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، تاتلىق - تاتلىققىنا ، چىرايلىق - چىرايلىققىنا ، چاققان - چاققانغىنا ، ئېگىز - ئېگىزگىنە ، كىچىك - كىچىككىنە . . .

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، دەرىجە كاتېگورىيەسىنىڭ يۇقىرىقى شەكىللىرى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئىزچىل نۇۋەتلىشىپ كېتەلمەيدۇ. بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر بولسا ئىككى ـ ئۈچ تۈردىلا كېلەلەيدۇ.

7 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنى دەرىجە بويىچە تۈرلەڭ.

ئاق، قارا، پاكار، يانتۇ، چوقۇر، يېقىن، سېمىز، يېشىل

جاۋاب: كېمەيتمە دەرىجە: ئاقۇچ، ئاقراق، قارامتۇل، قارىراق، يانتۇراق، چوڭقۇراق، يېقىنراق، سېمىزرەك، يېشىلراق

ئاشۇرما دەرىجە: ئاپئاق، قاپقارا، ناھايىتى پاكار، بەك يانتۇ، ناھايىتى چوقۇر، ئىنتايىن يېقىن، ناھايىتى سېمىز، ياپيېشىل

ئەركىلەتمە دەرىجە: ئاققىنا، قارىغىنا، پاكارغىنە، يانتۇغىنا، سېمىزگىنە، چوقۇرغىنا، يېقىنغىنا، يېشىلغىنا

**19. سۈپەتلەر قانداق گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟**

1) سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە.

ـلىق، ـلىك، ـلۇق، ـلۈك؛ ـسى، ـۋى، ـىك، ـك، ـۇق، ـۈك؛ ـغاق، ـقاق، ـگەك، ـكەك؛ ـچاق، ـچەك، ـچۇق؛ ـڭغۇ، ـئاڭغۇ، ـئەڭگۈ؛ ـما، ـمە؛ ـغۇر، ـقۇر، ـگۈر، ـكۈر؛ ـغۇن، ـقۇن، ـگۈن، ـكۈن؛ ـقىن، ـكىن؛ ـقى، ـكى؛ ـسىز؛ ـچان؛ ـچى؛ ـچىل؛ ـسىمان؛ ـخور؛ ـپەرەس؛ ـپەرۋەر؛ ـچى؛ ـنا؛ باـ، بەـ، بەت ـ

2) سۈپەتلەرنىڭ بىر قىسمى دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

قارا، قارامتۇل، قارىراق، قاپقارا، قارىغىنا

ئاق، ئاقۇچ، ئاپئاق، ئاققىنا

قىزىل، قىزغۇچ، قىپقىزىل، قىزىلراق

3) سۈپەتلەر جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بېشىغا چىرايلىق بادام دوپپا كىيىپتۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

نۇسرەت خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. (ھالەت)

ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس. (ئېنىقلىغۇچى)

دىلشات تىكتاك توپنى ياخشى ئوينايدۇ. (ھالەت)

4) سۈپەتلەر جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى ئىدى، ساغلام ئىكەن، يوق ئىمىش، چوڭ بولدى، توغرا قىلدى، ساق چىقتى، كىچىك كەلدى، تەك تۇردى، تولۇق بولدى، قىزىل چىقتى...

5) بىر قىسىم سۈپەتلەر ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

گۇل قازانغا قارايدۇ، تادان ئوچاققا قارايدۇ.

يوللۇقلار نۇسرەت تاپىدۇ، يولسىزلار لەنەتكە قالىدۇ.

20 . سان دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، بەش (5) ، ئون ئۈچ (13) ، بىر يۈز ئەللىك (150) ، بەشتىن ئىككى (2/5) ، ئۈچىنچى (3 ـ) ، بەشەيلەن ، يۈزدەك . . .

سانلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 ) سانلارنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرى يوق ، لېكىن ئۇلار ئىسىملارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ . مەسىلەن :

ھازىر ئىككىمىزنىڭلا كۆڭلى غەمكىن ، كۆزى ياشلىق .

مىڭنىڭ تۆتتىن بىرى 250 بولىدۇ .

2 ) سانلارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن سان ياسايدىغان قوشۇمچىلىرى يوق ، لېكىن ساناق سانلارغا «ـ ىنچى // ـنچى ، ـ چە ، ـ دەك // ـ تەك ، يلەن // ـ ەيلەن» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن باشقا سانلارنى ياساش مۇمكىن . مەسىلەن : بەش + ىنچى = بەشىنچى ، ئىككى + يلەن = ئىككىيلەن ، ئون + دەك = ئوندەك . . .

3 ) سانلار جۈملىدە مۇستەقىل ھالدىمۇ ياكى مىقدارلار بىلەن بىرىكىپمۇ ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كۆپرەك ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى ، ھالەت بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ . مەسىلەن :

ئۈچ ئوقۇغۇچى دەرسكە كەلمىدى .

ئون بەشكە قالدۇقسىز بۆلۈنىدۇ .

بىزنىڭ ماشىنىنىڭ نومۇرى 1088 .

بۇ تېرەكلەردىن بەش تۈپىنى كېسىڭلار .

يىغىن سائەت 10 دا ئاياغلاشتى .

21 . سانلار تۈزۈلۈشىگە قاراپ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

سانلار تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ئاددىي سان دېگەن نېمە ؟

بىرلا تۈپ سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سان ئاددىي سان دېيىلىدۇ ، مەسىلەن : بىر ، ئون ، يۈز ، مىڭ ، مىليون

مۇرەككەپ سان دېگەن ؟

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي ساننىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن سان مۇرەككەپ سان دېيىلىدۇ .مەسىلەن :

بەش يۈز ، يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز ، قىرىق ئالتە

8 ـ كۆنۈكمە : پارچە ئىچىدىكى ئاددىي سانلارنى بىر تەرەپكە ، مۇرەككەپ سانلارنى بىر تەرەپكە كۆچۈرۈڭ .

بىز 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 2 ـ يۈك توقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا باردۇق . بۇ زاۋۇتتا 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى يەتتە سېخقا بۆلۈنۈپ ، تۆت ئىسمېنا بويىچە ئىشلەيدىكەن .

ئىشچىلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگەك ۋاقتى 6 سائەت ئىكەن . بۇ زاۋۇت 1964 ـ يىلى قۇرۇلغانىكەن . زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات سۇپىتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدىكەن .

جاۋاب : ئاددىي سانلار : 3 ، 6 ، 2 ، يەتتە ، تۆت ، بىر ، 6 ، 1

مۇرەككەپ سانلار : 3000 ، 1964

22 . سانلار مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ ؟

سانلار ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) ساناق سان شەيئىلەر سانىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان سانلاردۇر . بۇ خىل سانلار كۆپ ھاللاردا مىقدارلار بىلەن بىرىكىپ سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن : بەش تال ياغاچ ، بىر يۇتۇم سۇ ، ئون تۇياق قوي ، ئىككى ھارۋا ئوتۇن ، بىر كىلو گۆش . . .

2 ) تەرتىپ سان شەيئىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سانلاردۇر . بۇ خىل سانلار ساناق سانلارغا «ـ نچى // ـ ىنچى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ . مەسىلەن ، ئالتىنچى ، ئىككىنچى ، بەشىنچى . . .

3 ) مۆلچەر سان شەيئىلەرنىڭ تەخمىنىي سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلاردۇر . بۇ خىل سانلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ :

(1 ) ساناق سانلارغا «ـ چە ، ـ دەك // ـ تەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ . مەسىلەن ، يىگىرمە ، ئوتتۇزدەك ، بەشتەك . . .

(2 ) ساناق سانلارغا «ـ لار // ـلەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى «ـ لار // ـ لەر»گە «ـ دا // ـ دە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ . مەسىلەن :

سائەت ئونلار بولغۇدى قاتتىق يەر تەۋرىدى .

ئۇنىڭ يېشى ئەللىكلەردە بار .

(3 ) ئىككى ساناق سانىنى جۈپلەش ئارقىلىق مۆلچەر سان ياسىلىدۇ . بۇ خىل مۆلچەر سانلار شۇ ئىككى ساناق سان ئارىلىقىدىكى مۆلچەر سانىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

بۇ سىنىپقا قىرىق ـ ئەللىك ئوقۇغۇچى سىغىدۇ .

(4 ) ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى خانىدىكى ساناق سانلارنىڭ يۈنىلىش كېلىش شەكلىدە «يېقىن» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىشى ياكى چىقىش كېلىش شەكلىدە «ئارتۇق» ياكى «كۆپ» سۆزى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق مۆلچەر سانلار ياسىلىدۇ . «يېقىن» سۆزى بىلەن ياسالغىنى شۇ ساندىن سەل كەم بولغان مۆلچەر سانىنى بىلدۈرىدۇ ؛ «ئارتۇق» ياكى «كۆپ» سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغىنى ساناق ساندىن ئارتۇق بولغان مۆلچەر سانىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

بۇ قېتىمقى مەشرەپكە مىڭغا يېقىن ئادەم قاتناشتى .

ئۇنىڭ ئەللىكتىن ئارتۇق كەپتىرى بار .

(5 ) يۈزلەر خانىسىدىن يۇقىرى خانىدىكى ساناق سانلارغا ياكى «قانچە ، نەچچە» سۆزلىرى بىلەن ھەمسىلەشتۈرۈلگەن چوڭ مۆلچەر سانلارغا «ـ لىغان // ـ لىگەن»

قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۆلچەر سانلار ياسىلىدۇ . مەسىلەن :

بۇ يولنى ياساشقا ھەر يىلى <u>مىڭلىغان</u> ئادەم قاتنىشىدۇ .

بۇ ئۇرۇشتا <u>يۈزلىگەن</u> ئەسكەر جېنىدىن ئايرىلدى .

بـۇ <u>نەچچە مىڭ</u> ئـوقـۇغـۇچىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش .

4 ) كەسىر سان بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى
كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سانلاردۇر . بۇ خىل سانلار مەخرەجنى ۋە سۈرەتنى
ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ . مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان
چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «- دىن // - تىن» بىلەن بىرىكىپ ئالدىدا كېلىدۇ ، ئاندىن
سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان كېلىدۇ . مەسىلەن :

بەشتىن بىر ($\frac{1}{5}$) ، ئوندىن ئىككى ($\frac{2}{10}$) . . .

5 ) تەقسىم سان : مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە بۆلۈنۈشىنى
بىلدۈرىدىغان سان تەقسىم سان دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

كىشىلەر ئىككىدىن - ئۈچتىن كېلىشكە باشلىدى ، يولۇچىلار بەشتىن - ئالتىدىن
بولۇشۇپ پاراڭلىشىۋاتىدۇ .

6 ) رەۋىش سان : كۆپ سانلىق شەيئىلەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن شۇ سان كۆپلۈكى
بويىچە مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سان رەۋىش سان دەپ ئاتىلىدۇ .

رەۋىش سانلار ساناق سانلارغا ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «- لاپ ، - لەپ» قوشۇمچى-
سىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ . كۆپىنچە تەكرارلانغان شەكىلدە قوللىنىلىدۇ . مەسى-
لەن :

يېڭى ئوقۇغۇچىلار يىگىرمىلەپ - ئوتتۇزلاپ كېلىۋاتىدۇ .

7 ) كىشىلىك سان : مەلۇم سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سان كىشىلىك
سان دەپ ئاتىلىدۇ .

كىشىلىك سانلار ساناق ساننىڭ ۋە بەزى سانلارنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان-
لىرىغا «- يلەن» ، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقانلىرىغا «- ەيلەن» قوشۇمچىسىنىڭ
قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

بۈگۈنكى تازىلىقتا ئۈچەيلەن مەيداننى سۈپۈردى ، بەشەيلەن ئەخلەت توشۇدى ، ئالتەي-
لەن سۇ چاچتى .

ھېلىراقتا سىزنى بىرەيلەن ئىزدىگەنىدى .

بۈگۈن ئىككىيلەن دەرسكە كېچىكتى .

8 ) ئالماش سان : مەلۇم ئومۇمىيەتنىڭ بىرىگە ياكى بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدى-
غان ياكى مەلۇم شەخستىكى ئېنىق سانلىق ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سان ئالماش سان دەپ
ئاتىلىدۇ .

ئالماش سانلار ساناق سان ، مۆلچەر سان ، كەسىر سان ۋە تەرتىپ سانلارغا ئىسىملار-
نىڭ كۆپلۈك - تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچىمىز مۇسابىقىگە قاتنىشتىمىز .
سىلەر تۆتىڭلار بۈگۈن دەم ئېلىڭلار .
بىزنىڭ سىنىپتىكىلەرنىڭ 24 ى قىز .
مېھمانلارنىڭ ئۈچى بۈگۈن قايتىدىكەن .

9 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئىچىدىكى سانلارنى تۈرى بويىچە جەدۋەلگە ئورۇنلاشتۇرۇڭ .

مەن 1984 ـ يىلى تۇغۇلغان . بىز ئۈچ بالا . مەن بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى بولىمەن . بىزنىڭ سىنىپتا بىر مەھەللىدىن كېلىدىغان تۆتەيلەن بار . بىز بىر پارتىدا ئۈچتىن ئولتۇرىمىز . سىنىپىمىزدىكى 1/3 قىسىم ئوقۇغۇچى ئەلاچى . بۇ زاۋۇتتا 600 چە ئىشچى ئىشلەيدىكەن . بۇ زاۋۇت بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتا 1 ـ بوپتۇ . بىز 18 كىشىلىك بىر مىنىبۇس سېتىۋالدۇق . ھۆسەنجان بىلەن ئىككىمىز ئۆگىنىشتە بەسلەشتۇق . ئەمگەك مەيدانىدا يۈزلەپ ماشىنا ـ تىراكتور ئىشلىمەكتە .

| | |
|---|---|
| ساناق سان | ئۈچ ، بىر ، 18 |
| مۆلچەر سان | 600 چە |
| تەرتىپ سان | 1984 ـ ، 1 ـ |
| كەسىر سان | 1/3 |
| تەقسىم سان | ئۈچتىن |
| رەۋىش سان | يۈزلەپ ـ يۈزلەپ |
| كىشىلىك سان | تۆتەيلەن |
| ئالماش سان | ئىككىنچىسى ، ئىككىمىز |

**23 . سانلار قانداق گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟**

1 ) سانلار جۈملىدە ئىگە ، خەۋەر ، ئېنىقلىغۇچى ، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : سەككىز ـ جۈپ سان . ساياھەتچىلەرنىڭ بەشى بۈگۈن قايتتى . (ئىگە )

بۈگۈن 4 ـ ئايغا 13 . ھازىرغىچە كەلگەنلەر ئالتەيلەن . (خەۋەر )
بىزنىڭ سىنىپتىن يەتتە ئوقۇغۇچى دەرىجىگە ئېرىشتى . (ئېنىقلىغۇچى )
بەشنى بەشكە كۆپەيتسەك 25 بولىدۇ . (تولدۇرغۇچى )
بىز ئەتە سەھەر سائەت تۆتتە بۇ يەردىن ئايرىلىمىز . (ھالەت )
ئۇلار ئۆيگە كەچقۇرۇن سائەت سەككىزدە يېتىپ كەلدى . (ھالەت )

ئەسكەرتىش : ① سانلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ، ئورنى ئىسىمنىڭ ئالدىدا بولىدۇ ، ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ، ئورنى پېئىلنىڭ ئالدىدا بولىدۇ .

② «نەسىردىن ئەپەندىم ئاچچىقىغا چىدىماي ئېشەكنىڭ بېشىغا تۆت ـ بەشنى ئۇرۇۋېتىپتۇ» ، «دادام كاچىتىمغا بىرنى ئۇردى» دېگەن جۈملىلەردىكى «تۆت ـ بەشنى» ، «بىرنى» دېگەن قۇرۇلمىلار جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ قېتىمىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچى بۆلىكى بولماي ، ھالەت بۆلىكى بولىدۇ .

2 ) سانلار جۈملىدە «تەخمىنەن ، ئەتراپىدا ، سان ، توپتوغرا» قاتارلىق سۆزلەرنى ۋە «بىر كەم ، ئىككى كەم ، سەل كەم» قاتارلىق بىرىكمىلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

يىغىنغا تەخمىنەن 1000 ئادەم قاتناشتى .

3 ) سانلار جۈملىدە ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ . مەسىلەن ، يېڭى ئوقۇغۇچىلار 300 گە يەتتى . قويلارنىڭ سانى 44 ئىكەن .

4 ) ئۇيغۇر تىلىدا باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ سان ياسايدىغان قوشۇمچە يوق . تىلىمىزدىكى سان سانلارغا «- نچى ، - مىنچى ، - چە ، - دەك ، - تەك ، - ەيلەن ، - يلەن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن دەرىجە سان ، مۆلچەر سان ، كىشىلىك سانلار ياسىلىدۇ . چىقىش كېلىشتە كەلگەن ساناق سانلارغا ساناق سانلار قوشۇلۇپ كەسىر سانلار ياسىلىدۇ .

**10 - كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى جۈملىلەردە سانلارنىڭ قانداق ۋەزىپىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ .**

مەملىكىتىمىزدە بەش ئاپتونوم رايون بار . بىز ھەر كۈنى ئورنىمىزدىن ئالتە يېرىمدە تۇرىمىز . 24 ئۈچكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ . مەن رەسىملىك ژۇرنالدىن ئىككىنى سېتىۋالدىم . چۈشتىن كېيىن دەرسكە قاتناشمىغانلار بەش .

جاۋاب : «بەش» ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە ، «ئالتە يېرىمدە» ھالەت ۋەزىپىسىدە ، «24» ئىگە ۋەزىپىسىدە ، «ئۈچكە» تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە ، «ئىككىنى» تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە ، «بەش» خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن .

# 3 ـ قىسىم

## بىرىنچى بۆلەك

### 1 . «دولان ياشلىرى» ھەققىدە

ژانىرى ھېكايە ، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا ، سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان .

**ئاپتور ھەققىدە** :زوردۇن سابىر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ باي ، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ ، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ۋە روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن تالانتلىق يازغۇچى .

زوردۇن سابىر 1937 ـ يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ بايتوقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1998 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇست ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان . 1955 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ «شەبنەم» ، «ساداقەت» ، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» ، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ، «قەرزدار» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى ؛ «ئارچا ياپرىقى» ، «گۈلەمخان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ؛ «ئىزدىنىش» ، «ئانا يۇرت» ناملىق رومانلىرى ؛ «ئاق ئۆرۈك» ، «ئۇ مېنى كۈتكەن ئىكەن» ، «يالغۇز بۇلاق» ، «بەختسىز قىز» قاتارلىق شېئىر ، ھېكايىلىرى ؛ «ئېتىز بېشىدىكى كەپە» ، «دوستلار» قاتارلىق دراما ۋە ئوپېرالىرى ۋە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . تېكىستنى ئىپادىلىك ئوقۇڭ ، ھەربىر بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى قىسقىچە يىغىنچاقلاڭ . ئاخىرىدا ئەسەردىكى يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقىڭ .

**جاۋاب** : ھېكايە يەتتە بۆلەككە بۆلۈنگەن . 1 ـ بۆلەكتە سەنئەتخۇمار دېھقان پالتاخۇن ئائىلىسى ، پالتاخۇننىڭ بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇن ئاسخان بىلەن قىلغان توينىڭ قىسقا كۆرۈنۈشى (قىستۇرما بایاندا ) ، سەنئەتخۇمار دادا پالتاخۇن بىلەن سەنئەتنى يامان كۆرىدىغان ئوغۇل كەنجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك تالاش ـ تارتىشلار بايان قىلىنغان ؛ 2 ـ بۆلەكتە ، كەنجىنىڭ ئاسىدەنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ، ئاسىدەگە مۇھەببەت تەلىپى قويغانلىقى ، ئاسىدەنىڭ كەنجىنى سەنئەتنى يامان كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن رەت قىلغانلىقى ، بۇ ئىشلارنىڭ كەنجىنى كۈچلۈك مۇھەببەت ئازابىغا سالغانلىقى ئىپادىلەنگەن ؛ 3 ـ بۆلەكتە ، مەتيانىڭ كەنجىگە ئۇسسۇل ئۆگەتمەكچى بولغانلىقى ، كەنجىنىڭ مەتيانى يامان كۆرۈپ

تىركىشىشى، مەتياناڭ كەنجىنى ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە قايىل قىلىشى، كەنجىنىڭ مۇھەببەت ۋىسالىغا يېتىش، ئاتا - ئانىسىنىڭ دەرد - ھالىغا يېتىپ، ئۇلارنىڭ غېمىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇسسۇل ئۆگىنىشكە بەل باغلىغانلىقى ئىپادىلەنگەن؛ 4 - بۆلەكتە، كەنجىنىڭ مەتيادىن ئۇسسۇل ئۆگىنىش جەريانى ۋە مەتياناڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ئېغىر كەچۈرمىشى (قىستۇرما بايان شەكلىدە) بايان قىلىنغان؛ 5 - بۆلەكتە، ئۇسسۇل ئۆگىنىپ بولغان كەنجىنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇرسەن بولغانلىقى، يۇرتتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانلىقى، كەنجى قاتارلىق بىر قىسىم ياشلارنىڭ ئەمگەك مەيدانىدىكى ۋەزىپىسى تۈگىمەي، مەشرەپكە بارالماي تىت - تىت بولۇشقانلىقى قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن؛ 6 - بۆلەكتە، مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقى، بۇ چاغدا كەنجى قاتارلىقلارنىڭ مەشرەپكە بارالماي، ئىش مەيدانىدا ئىشلەپ ئۆز ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مەشرەپكە قاتنىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇشقانلىقى، دەل شۇ چاغدا مەتياناڭ ماشىنا بىلەن ئۇلارنى ئالغىلى كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان؛ 7 - بۆلەكتە مەتياناڭ كەنجى قاتارلىقلارنى مەشرەپكە ئېلىپ كەلگەنلىكى، كەنجىنىڭ ئاسىدەنى تارتىپ ئوينىغان نەپىس ئۇسسۇلى ھەممىنى ئاڭ قالدۇرغانلىقى، كەنجىنىڭ دولان ئۇسسۇلى ئارقىلىق ئوتلۇق، پاك، سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئاسىدەگە بىلدۈرگەنلىكى، بۇنىڭدىن ھاياجانلانغان پالتاخۇننىڭ كۆپچىلىككە يەنە ئەتىسى مەشرەپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقى يېزىلغان.

بۇ ھېكايىدە باشتىن - ئاخىر مىللىي سەنئەتنى كەمستىش بىلەن مىللىي سەنئەتنى ئۇلۇغلاش يىپ ئۇچى قىلىنغان.

2. ھېكايىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار قايسىلار؟ ئۇلار قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ تېكىستتىن ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان دىيالوگلارنى تېپىپ چىقىڭ.

جاۋاب: ھېكايىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار كەنجى، پالتاخۇن، مەتيا، ئاسىدە قاتارلىقلار بولۇپ، كەنجى ئەسلىدە ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، سەمىمىي، ئەمگەكچان، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان، كىتابخۇمار، ئاتا - ئانىسىغا كۆيۈنىدىغان پەزىلەتلەرگە ئىگە، غۇرۇرلۇق، ئىرادىسى مۇستەھكەم، قابىلىيەتلىك ياش بولسىمۇ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، نادانلىقتا قالدۇرۇلغاچقا ساختا ئەقىدىلەرگە سادىق بولۇپ ئۆسكەن، مىللىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى «تۆت كونا»، «سېرىق نەرسە» دەپ ھاقارەتلەپ خورلايدىغان «ياۋايى تەبىئەت»لىك خاراكتېرى شەكىللىنىپ قالغان، كېيىن شۇ سەۋەبلىك يېتىم قېلىپ يەكلەنگەچكە ئىدىيەۋى كۈرەشلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۆزگەرگەن، سەنئەتنىڭ مەنىۋى كۈچى ئارقىلىق روھىي يۈكتىن قۇتۇلۇپ ئاما ئارىسىغا قايتىپ كەلگەن ھەم مىللىي سەنئەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

ئۇنىڭ دادىسىغا «دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى بىلمەيسەن . . بۇ گۈزەل باغقا كاۋا تېرىغاندەك بىر ئىش» دەپ كايىشى ئۇنىڭ مىللىي سەنئەتنى خورلاپ كەمستىدىغان

ئىدىيەۋى ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . شۇڭا ئۇ ھەتتا ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزغا تەلەپ قويماقچى بولغاندا «ناخشا - ئۇسسۇلنى تاشلايسەن» دېگەن شەرتنى قويىدۇ .

ئۇ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تەقەززاسى ، ئاسىدەنىڭ مۇھەببىتى ، پالتاخۇن ۋە ئاسىخانلارنىڭ تەلىپى ئاستىدا دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىپ سەنئەتكە ئىشتىياق باغلايدۇ . ئاسىدە بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا بولسا ئەجدادلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ ئېسىل سەنئەتنى بالدۇرراق ئۆگەنمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىدۇ ھەم بۇ سەنئەتتىن چەكسىز ھۇزۇرلىنىدۇ .

پالتاخۇن — ئەمگەكچان ، ئاق كۆڭۈل ، مەرد - مەردانە ، مىللىي سەنئەتنى چىن دىلىدىن سۆيۈپ قەدىرلەيدىغان ، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى ، پالتاخۇننىڭ ئەڭ يالقۇنلۇق ئەقىدىسى ناخشا - ئۇسسۇلغا باغلانغان ، پۈتۈن ئۆمرىنى دولانلىقنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ناخشا - ئۇسسۇل ، سازغا تەشنالىق بىلەن ئۆتكۈزگەن . ناخشا - ئۇسسۇل ئۇنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش ، خۇشاللىق ھەم قايغۇسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن . شۇڭا ئۇ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە خەلقنىڭ ئېسىل مەنىۋى بايلىقلىرىنى تەقىپ قىلىشقا قاتتىق نارازى بولىدۇ . مەتيانى كۈرەشكە تارتىپ سازايى قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئېچىنىدۇ ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يەكلىنىش خەۋپىگە قارىماي ئۇنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ تاماق بېرىدۇ . ئۆز ئوغلىنىڭ تەلۋىلەر توپىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىگە نەپرەتلە-نىپ : «مېنىڭ ناخشا بىلەن ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم ، ئاچ قالغان كۈنۈمدىنمۇ بەتتەر كۆڭۈلسىز» ، «مېنىڭ بايلىقىمۇ ، خۇشاللىقىمۇ ناخشا بىلەن ئۇسسۇل ، ناخشىسىز ، ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازابلىق» دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش يولىدا ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدىغان ، قەتئىي ئىرادىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئاپتور پالتاخۇننىڭ مەتيا بىلەن ئوغلىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئارقىلىق ، ئاددىي بىر ئۇيغۇر دېھقاننىڭ قەلبىدە سەنئەتكە بولغان يۈكسەك ئەقىدە ۋە ھۆرمەتنىڭ يالقۇنجاپ نۇر چېچىۋاتقانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، خەلقى-مىزنىڭ سەنئەتنى سۆيىدىغان ، كۆلپەتلىك چاغلاردىمۇ ئۇنى ئاسراپ ، قەدىرلەيدىغان ئالىي-جاناب روھىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ . دېمەك ئاپتور پالتاخۇن ئوبرازىنى ئەمگەك ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قويۇپ تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان ئەقىدىسى بىلەن بۇ ئەقىدىنىڭ يېتىلىشىگە سەۋەب بولغان 45 يىل ئىلگىرىكى توي مەرىكە كۆرۈنۈشىنى قىستۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بەرگەن .

مەتيا — پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقىنىڭ ناخشا - مۇزىكا ، ئۇسسۇل سەنئىتىگە بېغىشلىغان ، سەنئەتنى ئۆزىنىڭ بايلىقى دەپ بىلىدىغان ، سەممىي ، خۇش پېئىل خەلق سەنئەتكارلىرى-نىڭ ئوبرازى .

مەتيانىڭ كەنجىگە «ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ ، داپ چېلىپ يۈرگىنىمگە 33 يىل بولۇپ قالدى ، يەنە بىلىپ قويغىنكى ، مەن مۇشۇ ناخشا - ئۇسسۇلنى دوست تۇتۇپ ، يەنە 33 يىل ياشىيالايمەن . ئۆلگەندە نامىزىمغا 10 ئۇستەڭلىك يەرنىڭ ئادىمى كېلىدۇ . سەن شۇ چاغدا مەتيانى تىللىغان ئاغزىڭغا كاچات ئۇرسەن بالا !» دېگەن سۆزلىرى چوڭقۇر

مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ سەنئەتكە بولغان ئەقىدە، ئىشەنچىسىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپلا قالماي، بەلكى مىللىي سەنئەتنىڭ بارغانسېرى گۈللىنىپ قەدىرلىنىدىغانلىقىغا، سەنئەتخۇمار خەلقنىڭ ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلاندۇرىدىغانلىقىغا، خەلق سەنئەتكارلىرىنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيدىغانلىقىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەتيا سەنئەتكارلىقىغا تايىنىپ جان باقىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدىغان كىشى بولسىمۇ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قالايمىقانچىلىقى مۇشۇنداق بىر ئاددىي ئەمگەكچىنىمۇ ئالا قويماي «فېئودالىزمنىڭ تەرغىباتچىسى» قىلىپ قويۇپ، رەھىمسىز زەربە بېرىدۇ. بىر قېتىملىق كونسېرت كېچىسىدە ئاممىنىڭ تەلىپى بىلەن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتقىنى ئۈچۈن، ئۇرۇپ پۇتلىرىنى چېقىۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇ يار-يۆلەكسىز قېلىپ، ئاران-ئاران جان ساقلاپ قالىدۇ. ئاپتور مەتيا ئوبرازىنى دەل جايىدا تەسۋىرلىگەن. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ھەربىر يېزا، ھەربىر مەھەللىدىن تېپىلىدۇ. گەرچە ئۇلار ئەمگەكتە ئىلغار، تۇرمۇشتا پاراۋان بولمىسىمۇ، خەلقىمىز ئۇلارنى ھامان ھىمايە قىلىدۇ. چۈنكى ھاياتقا مۇھەببەت، خۇشاللىققا تەنتەنە، قايغۇ-ھەسرەتكە شىپالىق بېغىشلىغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ھۆرمەتلىك ئورنى بار. مەتيا ئوبرازى ئارقىلىق ئاپتور خەلق — سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت — خەلققە موھتاج دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئاسىدە — يېڭى دەۋردە بەختى كۈلگەن، ناخشا-ئۇسسۇلسىز بىر كۈنمۇ ياشىيالمايدىغان، خۇشخۇي، ئوچۇق-يورۇق گۈزەل يېزا قىزلىرىنىڭ ئوبرازى. ئۇ كەنجى ئۆزىگە تەلەپ قويغاندا كەنجىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئۆزىنىڭ دولان ئۇسسۇلىغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن تېگىشمەيدۇ. ئەمگەك، تۇرمۇش، مۇھەببەت خۇشاللىقىنى سەنئەتكە ئىشتىياق باغلاپ ئالغان خۇشاللىقىدىن ئەلا بىلمەيدۇ.

3. تۆۋەندىكى سوئاللار ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىڭ.

1) «سول» لۇشيەنىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كەنجىنىڭ دادىسىغا «دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتنى بىلمەيسەن، دولانلىقنىڭ كونا مۇقامىنى يېڭى دەۋرگە تاڭماقچى بولدىسەن، بۇ گۈزەل باغقا كاۋا تېرىغاندەكلا بىر ئىش» دەپ كايىشى ئۇنىڭ قانداق ئىدىيەۋى ھالىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟

جاۋاب: كەنجى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ «سول» لۇشيەنىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مىللىي سەنئەتنى خورلاپ، كەمسىتىدۇ ھەم مىللىي سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىمۇ كەمسىتىدۇ. شۇڭا دادىسىغا كايىپ سوغۇق سۆزلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى سەنئەتنى كەمسىتىدىغان ياۋايى تەبىئىتىنىڭ تېخىچە ئۆزگەرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدىيەۋى ھالىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

2) كەنجىنى دەسلەپ مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقىدىن پۈتۈنلەي ياتلاشتۇرۇپ، «ياۋايى تەبىئەتلىك ئادەم»گە ئايلاندۇرۇۋەتكەن نەرسە نېمە؟ كېيىن ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقىغا يەنە قايتۇرۇپ كەلگەن ئامىللار قايسى؟

جاۋاب: كەنجىنى مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقىدىن پۈتۈنلەي ياتلاشتۇرۇپ سەنئەتنى خور-

لايدىغان «ياۋايى تەبىئەتلىك ئادەم»گە ئايلاندۇرۇۋەتكەن توپ سەۋەب دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاب»دىكى ساختا ئەقىدىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە كەنجى دادىسىنىڭ ئەمگەك، تۇرمۇشتا خۇشاللىق - قايغۇلىرىغا ھەمراھ بولۇپ ھارغىنلىقنى چىقىرىدىغان دىلخۇمارى - ئىشتىياق بىلەن ئېيتىدىغان مۇقاملىرىغا نارازى بولىدۇ. مەتيانى كەمسىتىپ «ئاقىناد-چى»، «يارىماس ئادەم» دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئاسىدەگە تەلەپ قويغاندا «ناخشا - ئۇسسۇلنى تاشلايسەن» دېگەن شەرتنى قويىدۇ، نەتىجىدە يېڭى دەۋردە خۇشاللىققا چۆمۈلگەن كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ياشلارنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشلىرىدىن ئايرىلىپ يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. قىزلار ئۇنى «بۇت» دەپ ياراتمايدۇ. بۇنىڭدىن ئاتا - ئانىسىمۇ خىجىللىقتا قالىدۇ. مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىرى ئۇنى تېخىمۇ كۈچلۈك روھىي ئازابقا قويىدۇ. دېمەك ياۋايى تەبىئەت بىلەن يېڭى دەۋرنىڭ خىسلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت - توقۇنۇش كېلىپ چىقىپ، مۇرەككەپ، ئىنچىكە ئىدىيەۋى كۈرەش ئىچىدە بىر تەرەپتىن، ناخشا - ساز، ئۇسسۇل ئۆگەنگۈسى كېلىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ كونا مۇقاملىرىغا قايتقۇسى كېلىدىغان مۇرەككەپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە دۇچ كېلىپ، ئاخىر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ كۈچلۈك تەسىرى، مۇھەببەت تەشنالىقى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسى، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئىلماس-لىقىنىڭ تۈرتكىسى، مەتيانىڭ يېتەكلىشى بىلەن «تومۇرىدا دولانلىقنىڭ قېنى يوق»، «سەنئەتنى خورلايدىغان»، «دولان ياشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى پەزىلىتىدىن مەھرۇم بولغان» بۇ ئادەم بىر ئايدىن ئارتۇق ئۇسسۇل ئۆگىنىپ دادىسىدەك ئۇستا بىر دولان ئۇسسۇلچىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

3) «... تومۇرۇڭدا دولانلىقنىڭ قېنى يوق... دولانلىقتەك ئادەم بول!» دېگەن جۈملىدىكى «دولانلىقنىڭ قېنى» ۋە «دولانلىقتەك ئادەم بولۇش»نىڭ قانداق چوڭقۇر مەنىسى بار؟

جاۋاب: «دولانلىقتەك ئادەم بول» دېگەننى جاپالىق شارائىتتا، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ياشىيالايدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك خۇشاللىقى ۋە تۈرلۈك ھېسسىياتلىرىنى دولان ئۇسسۇلى، دولان مۇقامى ۋە دولان مەشرەپلىرىدە ئىپادىلەيەلەيدىغان، ئۆز ئەجدادىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن ياتلاشماي، ئۇنىڭغا ۋارىس-لىق قىلىدىغان ئادەم بولۇش دېگەن مەزمۇندا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

4. بۇ ھېكايىدە مىللىي سەنئەتنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئۇنى قوغداش، ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت يادرولۇق مەسىلە نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سىلەر بۇ ھېكايىدىن ئالغان تەسىراتىڭلارغا بىرلەشتۈرۈپ، سىنىپ ئىچىدە «مىللىي مەدەنىيەتكە قانداق ۋارىس-لىق قىلىش كېرەك» دېگەن تېمىدا بىر قېتىملىق سۆھبەت ئۇيۇنلاشتۇرۇڭلار.

بۇ تەلەپنى ئورۇنداشتا ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىككى خىل قاراش بويىچە ئالدىن ماتېرىيال كۆرۈپ ئىزدىنىپ تەييارلىق قىلىشقا يېتەكلەپ، ئاندىن سۆھبەت ئېلىپ بارسا، سۆھبەتتىن كېيىن بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا مىللىي سەنئەت ۋە مىللىي ئەنئەنىلەرگە

قارىتا توغرا دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراش تۇرغۇزۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ، كىملىكىنى يوقاتماسلىق ، ئۆزلۈكىنى ساقلاپ ، قارىغۇلارچە باشقىلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتەكلىنىدۇ .

5 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قانداق بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ، سوراپ ياكى تورلۇق ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بىلىۋېلىڭ .

جاۋاب : «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» 1966 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1976 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە مەملىكىتىمىز مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق خاتا ئىنقىلاب بولۇپ ، ئۇ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئېلىمىز مەدەنىيەت ساھەسىگە بىر قېتىملىق زور بۇزغۇنچىلىق ، زور يوقىتىش ، ئېغىر ۋەيرانچىلىق ۋە بالا ـ قازالارنى ئېلىپ كەلگەن . مائارىپ ۋە ئەدەبىياتىمىزنىمۇ ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان ، بۇ ئىنقىلاب باشلىنىشى بىلەنلا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە فېئودال فاشىستىك مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى يۈرگۈزۈلۈپ ، ئىلگىرىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىلىرى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنغان . مەسىلەن ، مۇقام ، خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇزىكىلىرى «سېرىق» ، «كونا» دەپ چەتكە قېقىلغان . 1977 ـ يىلىدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ «سول» لۇشيەننىنى پاش قىلىپ يازغان ئەسەرلەر «جاراھەت ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان ، «دولان ياشلىرى» جاراھەت ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەردۇر .

## 2. «شىراق» ھەققىدە

تارىخىي ھېكايە ، رېئالىزم بىلەن رومانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان .

ئاپتور ھەققىدە : ئابدۇللا ساۋۇت 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاقتو ناھىيەسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ «ھايات كۈيى» ، «كۆڭلۈم» ، «ساڭا ھەمراھ بولاي مەڭگۈ» ، «قەدەھ» ، «كۆردۈم سېنى» ، «توك كېتىدۇ» ، «يەتكىن قىزىم ھالىمغا» قاتارلىق شېئىرلىرى ، «تاش بوران» ناملىق ھېكايىسى ، «شىراق» ، «تەڭرىنىڭ ئوغلى» ، «ئارسلان قوترايدۇ» ، «تۇمارىس» قاتارلىق بىر تۈركۈم تارىخىي ھېكايىلىرى ، «ئەۋلىيا ئوت» قاتارلىق ئەپسانىۋى ھېكايىلىرى ، «ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار» ، «دات باسماس قىلىچ» ، «مۇھەببەت قارىغۇ ئەمەس» ، «قىسمەت» ، «ئۇيۇقتا قېتىپ قالغان كۆن» ، «ئۇششۇك ماڭغان كېچە» قاتارلىق پوۋېستلىرى ، «چاقماق» (1986 ـ يىلى ) ، «يۇلتۇز ئەپسانىسى» (1999 ـ يىلى ) ، «پۈتمەس سەتىرلەر» (2000 ـ يىلى ) ، «ھاياتلىق زەنجىرى» (2000 ـ يىلى ) قاتارلىق رومانلىرى بار .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . بۇ ھېكايىدە تارىخىمىزدىكى مەشھۇر «شىراق رىۋايىتى» ئاساسىي تېما قىلىنغان . سىز ھېكايىنى تەپسىلىي ، پىششىق ئوقۇپ چىقىڭ ۋە ھېكايە ۋەقەلىكىنى بايان قىلىش ئاساسىدا ئەستە ساقلىۋېلىڭ .

جاۋاب : ھېكايىدە خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا ئۆز ۋەندىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان شىراق-

نىڭ ئۆز ھاياتى بەدىلىگە خەلقنى دۈشمەننىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن ساقلاپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت رىۋايەت ھېكايە قىلىنغان. ئىران شاھى دارا I ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى دۇنياغا كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى بولغان ساكلار ئۈستىگە قوشۇن باشلاپ كېلىدۇ. ساك ئاقساقاللىرى غايەت زور دۈشمەن قوشۇنىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش، خەلقنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرىدىن قانداق قىلىپ ئامان قالدۇرۇشنى ئويلىشىۋاتقاندا، ئۈستىبېشى جۇل - جۇل، ئەمما كۆزلىرىدىن باتۇرلۇق، قەيسەرلىكى چىقىپ تۇرىدىغان پادىچى شىراق ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەگەر بالا - چاقىلىرىغا قاراپ قويۇش مۇمكىن بولىدىغانلار بولسا، دارا I نىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆزى يالغۇز يوقىتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. ئاقساقاللار دەماللىققا ئىشەنچ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يالقۇنلاپ تۇرغان باتۇرلۇق، قەيسەرلىككە قايىل بولۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىراق يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، بەدىنىنى قانغا بوياپ، ئىران پادىشاھى ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ پادىشاھقا: «مەن ساك قېرىنداشلارغا ئىران شاھى ئۇلۇغ، باتۇر، ئۇنىڭغا ئەل بولايلى دېسەم، ئۇلار مېنى ‹مۇناپىق› دەپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلاردىن مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا ئىكەن» دەپ «ھال ئېيتىدۇ». ياخشى بىر يول باشلىغۇچىنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولغان ئىران شاھى ساكلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىدۇ. شىراقنىڭ يول باشلاپ مېڭىشى بىلەن دارا I نىڭ قوشۇنلىرى بىپايان قۇملۇققا كىرىپ قالىدۇ. ئۇزۇن سەپەر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مەنزىل كۆرۈنمەيدۇ. دەھشەتلىك ئىسسىق، سۇسىزلىقنىڭ دەردىدىن ئىران ئەسكەرلىرى ۋە ئاتلار ھالىدىن كېتىدۇ. شىراقنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلگەن لەشكەر باشلىقى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ھەم ئۆزىمۇ پۈتۈن ئەسكەرلىرى بىلەن ھالسىزلىنىپ تۈگەيدۇ. ھېسابتا بىر شىراق ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، باتۇرلۇق، قەيسەرلىككە تايىنىپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە دۈشمەننىڭ لەكمىڭلىغان ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، ۋەتەن ۋە خەلقنى بالايىئاپەتلەردىن ساقلاپ قالىدۇ.

يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە، قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان بۇ رىۋايەتنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ماھارىتى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەك ئىدىيەۋى قىممەتكە ۋە بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، شىراقتىن ئىبارەت بۇ قەھرىماننىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك قەھرىمانلىق خاراكتېرىنى ئۇلۇغلىغان، شۇنداقلا مۇشۇ بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان.

2 . 1 ) شىراق قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا نېمە ئۈچۈن باردى؟

جاۋاب: ئۆز ئېلىنىڭ دۈشمەن تەرىپىدىن باسقۇن قىلىنىش خەۋپىنى سەزگەن شىراق ئۇرۇش باشلانسا قان تۆكۈلۈشتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆز يۇرتى، خەلقىنىڭ، قەبىلە - قېرىنداشلىرىنىڭ، مۇقەددەس ئۇلۇغ تۇپرىقىنىڭ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئامال قىلىش مەقسىتىدە قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا باردى.

2 ) شىراق سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن قانداق قىلدى ؟
جاۋاب : شىراق سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئايالى ۋە باللىرى ، يۇرتداشلىرىغا خوش ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر خەنجىرى بىلەن بۇرنى ، ئىككى قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاپ ، ئۆز تېنىنى ئۆزى قانغا بويىدى. يەنى بۇرۇن ، قۇلاقلىرىدىن ئاققان قانلار ئۇنىڭ بوينى ، يۈزى ، قورساق ، دۈمبىلىرىنى قانغا بويىغانىدى .
3 ) شىراق دارا I نىڭ ئالدىغا كىرگەندە پادشاھ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدى ؟
جاۋاب : شىراق دارا I نىڭ ئالدىغا كىرگەندە قۇلاق ـ بۇرنى يوق ، يالىڭاچ ، بەتبەشىرە ، قەلەندەر سۈپەت دەردمەن قىياپەتتە كىرگەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پادشاھقا ئۆز ئېلىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى خورلاپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدىن دادلاپ ئۆزى ئۈچۈن قىساس ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پادشاھ ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە كۆزلىرىدىكى قەتئىيلىك ئۇچقۇنلىرىغا قاراپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى ھەم ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ گۇمانلانمىدى .
4 ) شىراق قانداق قىلىپ يالغۇز ئۆزى شۇنچە زور قوشۇننى مەغلۇپ قىلالىدى ؟ بېرىلگەن ھەربىر تەپسىلاتتا شىراقنىڭ قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن ؟
جاۋاب : شىراق ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ دۈشمەننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى . چۈنكى ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چەكسىز باغرىدا ياۋنىڭ ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمەيدىغىنى بىلەتتى . ئۇ مېڭىشتىن ئاۋۋال دارا I غا قوشۇنىنىڭ يەتتە كۈنلۈك ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملىۋېلىشىنى ئېيتىپ ئۇلارنى يەتتە كۈنگىچە مەنزىلگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن . قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىش جەريانىدا ئۇ ياۋ لەشكەرلىرىگە چىدامىلىق بولۇپ ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ، سۈرەلمىلىك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ دۈشمەننى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشتىكى يەنە بىر ھىيلىسى ، چەكسىز قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ پۈتۈن ئوزۇق ـ تۈلۈكىدىن ۋە بىر قىسىم لەشكەر ، ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان رانوس چاد ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ ئۇنى تىللىغىنىدا ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ، ئۆزىنىڭ يەڭگەنلىكىنى ، ئەمدى دۈشمەن قوشۇنىغا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆز يۇرتىغا ، ئانا ۋەتىنىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالىغانلىقى ئۈچۈن سۆيۈنىدۇ . دۈشمەن قىلىچى باش ئۈستىدە ئويناۋاتقان چاغدىمۇ مەغرۇر ھالەتتە ئۆلۈمنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شىراقنىڭ ھەقىقەتەن باتۇر ، شىر يۈرەك ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .
ئومۇمىي باھا : يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلاش ئاساسىدا شىراق ئوبرازىغا باھا بېرىڭ.
جاۋاب : شىراق نامرات بىر پادىچى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ۋۇجۇدىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ، خەلقپەرۋەرلىك ئوتى يالقۇنجاپ يېنىپ تۇرىدىغان شىر يۈرەك ئەزىمەت .

ئۇنىڭ ئەل ـ يۇرتقا خەۋپ ـ خەتەر كەلگەندە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ، قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ ياۋ قوشۇنى ئالدىغا «دادلاپ» بېرىشى ، ياۋ لەشكەرلىرىنى قۇملۇق ئىچكىرىسىگە باشلاپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يولىنى ئۈزۈپ قويۇشى ، ئاخىرىدا مەردانىلارچە قۇربان بولۇشى ، شىراق خاراكتېرىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت ، خەلق سۆيەر-

لىك ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، قەيسەر ئىرادە ۋە باتۇرلۇقنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان تەپسىلاتلار بولۇپ ، شىراقتىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ يارىتىلىشى بىلەن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇندىن تارتىپلا ۋەتەننىڭ ھۆرلۈكى ، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكى ، شىراققا ئوخشاش خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆلمەس نامى ئەۋلادلار تەرىپىدىن مەڭگۈ يادلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

3 . ھېكايىدە ئاپتور «شىراق» رىۋايىتىنى ئاساسىي تېما قىلىش ئارقىلىق قانداق مەركىزىي ئىدىيەنى يورۇتۇپ بەرگەن ؟

جاۋاب : ئاپتور «شىراق» رىۋايىتىنى ئاساسىي تېما قىلىش ئارقىلىق ، شىراقتىن ئىبارەت بۇ كېلىپ چىقىشى ئاددىي پادىچى بولغان ۋەتەنپەرۋەر ، قەھرىمان ئوبرازغا يۈكسەك مەدھىيە ئوقۇپ ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك قەھرىمانلىق روھىنى ۋە يۈكسەك ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى ئۇلۇغلىغان . قىسقىسى ، بۇ ھېكايىدە ئەل سۆيەرلىك ، باتۇرلۇق ۋە ئادىمىيلىك روھ مەدھىيەلىنىپ ، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ بۇ خىل روھقا ۋارىسلىق قىلىشى تەشەببۇس قىلىنغان .

4 . سىز ئىلگىرى دەرسلىكتە قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن بەزى ئەسەرلەرنى ئوقۇغان . بۇ قېتىم بۇ ھېكايىنى ئوقۇش ئارقىلىق شىراقتىن ئىبارەت بۇ قەھرىماننىڭ ئوبرازى بىلەن تونۇشتىڭىز ، ئۇنداقتا سىز مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدىكى قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ .

1 ) سىز ئىلگىرى ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىغا سېلىشتۇرغاندا شىراق ئوبرازىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى قايسى ؟

جاۋاب : باشقا ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلار ناھايىتى باتۇر ، قاۋۇل ، جەڭ ماھارىتىگە پىششىق ، ئۆزى يالغۇز نۇرغۇن دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ ، كۈچ جەھەتتىن ئۇلارنى يېڭەلەيدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى ، رىۋايەتلەردىكى ئوغۇزخاقان ، چىنتۆمۈر باتۇر ، چاشتانى ئىلىگ بەگ قاتارلىقلارمۇ جىسمانىي جەھەتتىن قۇۋۋەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن . بۇ ھېكايىدىكى شىراق ئۇلاردەك كۈچلۈك ئەمەس ، جىسمانىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرمايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىراق ئۆز قولى بىلەن ئۆز بەدىنىنى — قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى كېسىپ ، ۋەھشىي دۈشمەن ئالدىغا بارىدۇ . بۇ ئۇنىڭدىكى جىسمانىي قۇۋۋەتتىن كۆرە ئازابقا چىداملىق ، قەيسەر ئىرادىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

بۇ شىراق ئوبرازىنىڭ ئىلگىرىكى باشقا ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خاسلىق .

2 ) سىز ئىلگىرى قەھرىمانلىقنى قانداق چۈشەنگەن ؟ بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قەھرىمانلىق ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزدە قانداق تولۇقلىنىش بولدى ؟

جاۋاب : ئىنىقكى ، بىز بۇرۇن ئۆگەنگەن ئەسەرلەرگە ئاساسلانغاندا ، جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ تولۇپ تېشىشى ، ئۇرغۇپ تۇرۇشى ، شۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە تايىنىپ سانسىزلىغان دۈشمەنلەرنى قىرىپ يوقىتىش ياكى ئادەتتىكى نورمال ئادەملەر ئۆز كۈچى بىلەن ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى قەھرىمانلىق ھېسابلىناتتى .

بىز بۇ ھېكايىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەقىل - پاراسەت، مەنىۋى كۈچكە تايىنىپ كۈچلۈك دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىشتەك مۇنداق كارامەتنىڭمۇ يۈكسەك قەھرىمانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

## 3 . «مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ» ھەققىدە

ژانىرى تارىخىي رومان، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان.

ئاپتور ھەققىدە: ئايشەم ئەخمەت يېڭى دەۋردىكى رومانچىلىقىمىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1942 - يىلى 5 - ئايدا قۇمۇل كوناشەھەردە تۇغۇلغان. «قارا چامىدان»، «ھەسرەت»، «باشلىقنىڭ رايى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، «قىز مەڭزىدىكى خال» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازغان. بولۇپمۇ يازغۇچىنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى گەۋدىلىك بولۇپ، 1983 - يىلى «ئۆچمەس ئىزلار» ناملىق رومانىنى، 1999 - يىلى «مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ» ناملىق رومانىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدى.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ ھەققىدە قانداق تەسىراتقا كەلدىڭىز؟ نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟ ئورتاقلىشىپ بېقىڭ.

جاۋاب: مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ ئۆز خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۆلۈمنى ئۆز ھاياتى ئارقىلىق ساقلاپ قالغان، خەلقىنىڭ ھەقىقىي باشپاناھى بولۇشقا لايىق ئەمەلدار. ئۇ خۇيزۇ توپىلاڭچىلىرىغا تۇتۇلۇپ قالغاندا توپىلاڭچىلارغا قەتئىي باش ئەگمەيدۇ ھەم قەتئىي ھالدا ئۆزىگە ئۆلۈم يولىنى تاللاپ، خەلقنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن، قان تۆكۈلۈشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئۇ توپىلاڭچىلار باشلىقىغا: «ئىنسان ئۈچۈن تاج كىيمەك شەرت ئەمەس، بەلكى نومۇس ۋە ۋىجدان ئىگىسى بولۇش، ئەل - يۇرت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلىش شەرتتۇر. مەن ئۆلمىسەم سەن خەلقىمنى قىرىۋەتمەكچىمۇ؟! بولدى. مېنىلا ئۆلتۈر!» دەيدۇ. بۇنىڭدىن بېشىر ۋاڭنىڭ خاراكتېرىدىكى پۇقراپەرۋەرلىك، ئەلسۆيەرلىكنى، مەردانىلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، مۇھەممەد بېشىرۋاڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلاشقىلى ئوردىغا كەلگەن چاغدا، ئىلى، تۇرپان، لۈكچۈن، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردىن ۋاڭنى قۇتقۇزغىلى كەلگەن شىرمەت ئەزىمەتلەرگە چىرايلىقچە ئۆزرە ئېيتىپ، ئەل - يۇرتنىڭ تىنچلىقى، خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۆلۈمنى تاللاشقا رازى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى تەپسىلاتلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەل - يۇرتنىڭ بېشى بولغان ئادەم چوقۇم خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى، خاتىرجەملىكىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇ ئۆلسىمۇ خەلق قەلبىدە نامى مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

2 . تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈڭ.

1) مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ كىم؟

جاۋاب: مۇھەممەد بېشىرۋاڭ قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن ئەرشىدىن ۋاڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، 7 ـ ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىدى. ئۇ 1813 ـ يىلى دادىسىنىڭ ئىنانچىخان، دوروبىلىلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ خانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن بولغاچقا، خان ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ چىڭۋاڭ قىلىدۇ. ئۇ ساددا كىشى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا، ئۆي ـ ئىمارەت، باغ، مەدرىسە قۇرۇلۇشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. بېشىر ۋاڭ 1815 ـ يىلى، 1819 ـ يىلى رېخېغا (ھازىرقى خېبېيغا) بېرىپ خانغا كۆرۈنۈپ قايتىدۇ. 1823 — 1833 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىدۇ. خان ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ، خاننىڭ ئالدىدا ئازادە مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ. بېشىرۋاڭ قۇمۇلدا مەكتەپ، مەدرىسەلەرنى بىنا قىلىپ، تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، تېبابەتچىلىككە، مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. 1866 ـ يىلى سۇپۇرگە باشچىلىقىدا بىر قىسىم كىشىلەر ۋاڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، سۇپۇرگە خۇيزۇ توپىلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بېشىرۋاڭنى خۇيزۇ توپىلاڭچىلار باشلىقى دايۇەنشۇەيگە تۇتۇپ بېرىدۇ. 1867 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېشىرۋاڭ دايۇەنشۇەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

2) ئۇ نېمە ئۈچۈن پادىشاھ، خان ئاتالماي «چىڭۋاڭ» دەپ ئاتالغان؟

جاۋاب: بېشىر — ئىلگىرى «ۋاڭ» ياكى «بېشىر ۋاڭ» دەپ ئاتىلاتتى. «1832 ـ يىلى بېشىر بېيجىڭغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى خاننى زىيارەت قىلغان چاغدا، پادىشاھ داۋگۇاڭ بېشىرغا زىجىن سېپىلى ئىچىدە ئات مىنىش ئىمتىيازىنى بەرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، بېشىر ئىنانچۋاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، بېيجىڭدا قېپقېلىپ ئوردىدا خىزمەت قىلغان. ‹غەربىي يۇرت ھەققىدە نەزملەر› نىڭ 3 ـ جىلدىدا، بېشىر ۋاڭ ئوچۇق، خۇشخۇي بولۇپ، ئوردىدا ئالتە يىل ئىشلەش جەريانىدا ئىشچان ھەم ئېھتىياتچان دەپ نام ئالغان. ھەر قېتىم نازارەتچى ئامبال بىلەن ھۆكۈمەت ئىشى توغرۇلۇق پاراڭلاشقاندا، پايتەخت تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ، مەردانە، پىكىر قىلىشقا باي، ئىنتايىن ئەقىللىق. ئالتە يىلدىن كېيىن، بېشىر قۇمۇلغا قايتقاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىنۋاڭلىققا ئۆستۈرۈلۈپ، قۇمۇلنىڭ باش ئامباللىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر ئىچىدە قۇمۇلنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ھوقۇقىنى بىرىنچى بولۇپ ئىگىلىگەن ئەمەلدار بولۇپ قالدى.» (لىيۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى) بۇ توغرىسىدا «مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ» رومانىدا خاننىڭ تۆۋەندىكى «يارلىق»ى بېرىلگەن: «قۇمۇلنىڭ ۋاڭى مۇھەممەد بېشىر ۋاڭغا بىرىنچى، چىنۋاڭلىق مەنسىپى بېرىلسۇن. ئىككىنچى، كىمخاب تون ئىنئام قىلىنسۇن. ئۈچىنچى، خان ئوردىسىغا ئىختىيارىي كىرىپ ـ چىقىش رۇخسىتى ئىجرا قىلىنسۇن.» تىلىمىزدىكى «چىنۋاڭ» دەپ ئاتالغان سۆز خەنزۇ تىلىدىكى « 亲王 »دىن كەلگەن بولۇپ، بەزى ئۇيغۇرچە تارىخىي مەنبەلەردە «چىتۋاڭ» دەپ ئاتالغان. بىز تىلىمىزدا ئۆزلەشكىنى ۋە «مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ» رومانىدا ئاتالغىنى بويىچە «چىڭۋاڭ» دەپ ئاتىدۇق. «خەنزۇچە ـ

ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»دا «亲王»نىڭ تەرجىمىسى «شاھزادە» دەپ بېرىلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرىلىدىغان بۇ نام، خاندانلىق ئۇچۇن زور تۆھپە كۆرسەتكەن، پادىشاھنىڭ يېقىن ئادىمى دەپ قارالغان كىشىلەرگىمۇ بېرىلىدىكەن. مۇھەممەد بېشىر ۋاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىنى قوغدىشىغا ۋە چوڭ - كىچىك توپىلاڭلارنى باستۇرۇشىدا زور كۈچ چىقارغان خان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ نامغا ئېرىشكەن.

3. مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، باشقىلار ئۇنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندا نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۆلۈمنى تاللىۋالىدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭغا مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭنىڭ «... بۇ قازادىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ دېسەك، خەلق، يۇرت ۋەيران بولىدۇ. ئاتا - بوۋامنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە مۇشۇ يۇرتتا ياشاپ، مۇشۇ يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ ئۆتتۇق. ئەمدىلىكتە مېنىڭ دەۋرىمگە كېلىپ خەلق ۋەيران بولسا، يۇرت خارابلاشسا بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىنسانىي قەرزىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەنە شۇ ئاۋام پۇقرا ئۈچۈن...» دېگەن سۆزى جاۋاب بولالايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭ ئەل - يۇرتنىڭ تىنچلىقى، خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىن ۋاز كەچكەن. توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى دايوەنشۇەينىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمۇ بېشىر ۋاڭنى كۆزدىن يوقىتىش ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ ئۆلۈمنى تاللىۋالىدۇ.

4. تارىخىي ئەسەرلەر بىلەن تارىخىي رومانىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ تارىخىي رومانلارنى يېزىشقا قانداق تەلەپ قويۇلىدۇ؟

جاۋاب: تارىخىي ئەسەرلەردە تارىخ چىنلىق بىلەن بايان قىلىنىدۇ، ئوبرازلاشتۇرۇلمايدۇ. تارىخىي رومانلاردا تارىختا ئۆتكەن ھەقىقىي شەخسلەر، ئىش - ۋەقەلەر چىنلىق ئاساسىدا ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ ۋە تەسۋىرلىنىدۇ، بەدىئىي توقۇلمىغىمۇ يول قويۇلىدۇ. تارىخىي رومان تارىخىي تېمىدا يېزىلىدىغان رومان بولۇپ، ئۇ ھەم ھەقىقىي تارىخ، ھەم بەدىئىي ئەسەر. ئۇنى يېزىشتا تارىخىي چىنلىق ئالدىنقى شەرت، تارىخنى چوڭقۇر بىلىش ۋە تارىخ ئىچىدىن ھالقىپ چىقىش ماھارىتى تەلەپ قىلىنىدۇ.

5. «قازانى ئوقيا بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ، ماڭا قازا كەلدى. بۇ قازادىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ دېسەك خەلق، يۇرت ۋەيران بولىدۇ... ئەمدىلىكتە خەلق، يۇرت ۋەيران بولسا بولمايدۇ، بىزنىڭ ئىنسانىي قەرزىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاۋام - پۇقرا ئۈچۈن...»

1) بۇ ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ قايسى تۈرىگە كىرىدۇ؟ پارچىدىكى سۆزلەردىن مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭنىڭ قانداق پەزىلىتى ۋە خاراكتېرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: بۇ ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ پېرسوناژ تىلىغا كىرىدۇ. پارچىدىكى سۆزلەردىن مۇھەممەد بېشىر چىڭۋاڭنىڭ ئەل - يۇرت مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان،

خەلقپەرۋەر ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى بەدىلىگە خەلقنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلماقچى بولغانلىقى ، ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي قەرزى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئاۋام ـ پۇقرا ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئالىيجاناب ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

2 ) «قازانى ئوقيا بىلەن قايتۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن جۈملە ئىگىلىك جۈملىمۇ ـ ئىگىسىز جۈملىمۇ ؟ «بىلەن» دېگەن سۆز بۇ جۈملىدە باغلىغۇچى رولىدا كەلگەنمۇ ياكى تىركەلمە رولىدا كەلگەنمۇ ؟ ئەستايىدىل ئويلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈڭ . «بىلەن» سۆزىنى بىر جۈملىدە باغلىغۇچى ، بىر جۈملىدە تىركەلمە رولىدا كەلتۈرۈپ ئىككى جۈملە تۈزۈڭ .

جاۋاب : بۇ جۈملە ئىگىسىز جۈملە ، چۈنكى بۇ جۈملىنىڭ خەۋرى ھېچكىمگە ، ھېچنېمىگە باغلىق ئەمەس ، جۈملىدە گىراممatikىلىق ئىگە يوق ، شۇڭا بۇ جۈملىنى ئىگىسىز جۈملە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ . «بىلەن» دېگەن سۆز بۇ جۈملىدە تىركەلمە رولىدا كەلگەن . چۈنكى تىركەلمە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە ياندىشىپ كېلىپ ، بۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولۇپمۇ پېئىل بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى سۆزلەردۇر . بۇ جۈملىدە «بىلەن» دېگەن سۆز «ئوقيا» دېگەن ئىسىمغا ياندىشىپ كېلىپ «قايتۇرغىلى بولمايدۇ» دېگەن قوشما پېئىلغا بېقىنغان ھەم ئۆزى باغلانغان سۆز بىلەن بىللە بۇ جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن .

«بىلەن» سۆزى تىركەلمە رولىدا كەلگەن جۈملە (ئۈلگە ) : ئەتراپىڭ نادانلار بىلەن تولغاندا ، سەن بىر بولسا قوش كالىسىغا ، بىر بولسا ساراڭغا ، يەنە بىر بولسا شۇلارنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن .

«بىلەن» سۆزى باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن جۈملە (ئۈلگە ) : ئىلىم بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ .

## ئىككىنچى بۆلەك
## 13 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە

1 . 13 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى كىملەر؟ ئۇلار شۇ دەۋر مەدەنىيىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟

جاۋاب : ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا شانلىق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 13 ـ ئەسىردىن كېيىن يەنى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى يول بىلەن راۋاجلاندى .

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم شىنجاڭ رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ئىشلىگەن ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى ، ئالىملىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ئۆز خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مول ئىلىم ـ پەن تەجرىبىلىرى ئارقىلىق بۇ ئىمپېرىيەنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ ، بۇ ۋەيرانچىلىقنىڭ ئورنىنى تېزلىك بىلەن تولدۇردى ، شۇنىڭ بىلەن ئاسترونومىيە ، ماتېماتىكا ، مەنتىق ، تېبابەتچىلىك ، تارىخ ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەدىئىي ئەدەبىياتمۇ تېز قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى .

بۇ دەۋرلەردە ياشىغان ۋە ئۆتكۈر پەلسەپىۋى پىكىرگە ، كۈچلۈك خەلقپەرۋەر روھقا ئىگە غەزەل ۋە رۇبائىيلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى ، تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ قوشقان مەشھۇر مۇتەپەككۇر ، شائىرلاردىن نەۋايى ، لۇتفى ، ئاتايى ، سەككاكى قاتارلىقلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى يىرىك نامايەندىلىرىدۇر . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىپ ، زۇلۇم ۋە جاھالەتنىڭ مەدداھلىرى بولغان ساراي شائىرلىرى تەرىپىدىن قۇرۇتۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلشەنىگە باھار ئاپىرىپ بەخش ئېتىش بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يېڭى سەھىپە ئاچتى .

2 . ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى نېمە ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟

جاۋاب : موڭغۇل خاقانى چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە قاراشلىق زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى . شۇ تەقسىماتتا چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان بىپايان زېمىن ، ماۋەرائۇننەھر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى تەۋە بولدى ، يۇقىرىقى تارىخىي شارا-

ئىت تۇپەيلىدىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر جۈملە-دىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ھاياتىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى ، بويسۇندۇرۇلغان ئاھالە چاغاتاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى . چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار خېلى بىر زامانغىچە «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالدى . پەقەت مىلادىيە 1320 ـ يىلى ئۇنىڭ ئەۋلادى ئېسەن بۇقاخان ئالمىلىق شەھىرىدە (ھازىرقى قورغاستا خارابىسى بار) «چاغاتاي خانلىقى»نى قۇرغانلىقىنى جاكارلىغاندىن باشلاپ «چاغاتاي ئۇلۇسى» «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى .

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ خانلىققا قاراشلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل ـ يېزىق بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ـ يېزىقمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ ، «چاغاتاي تىلى» ، «چاغاتاي يېزىقى» ، شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالدى . دېمەك قەدىمكى ۋە خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەن-گەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدىن باشلاپ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى .

ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدا يەنە چاغاتاي خانىنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە ساپلاشتۇرۇش جەھەتلەر-دىكى ئەمەلىي تىرىشچانلىقىمۇ سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن .

بۇ خىل قاراشنى ئەھمەد زەكى ۋەلىدىنىڭ «تۈرك تاتار تارىخى» دېگەن كىتابىدا يازغان مۇنۇ سۆزلىرى ئىسپاتلايدۇ : « . . . بۇ قاتتىق قوللۇق خان (چاغاتاي خان) ئۆزىنىڭ بېسىمىنى تۈرك مىللىتى (ئۇيغۇر مىللىتى) ۋە تىلىنى ساپ قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئابرۇيىنى كۆتۈرۈشكە سەرپ قىلدى . شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قاتتىق قوللۇقى ، بېسىمى ئارقىسىدا تۈرك ئالىملىرى ئارىسىدىكى پارس تىلىغا مۇھەببەت باغلىغانلار يوقىلىشقا باشلىدى . ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازىدىغان ئالىملار ، شائىرلار ، ئەدىبلەر كۆپىيىشكە باشلىدى . ئوتتۇرا ئاسىيا-دا چاغاتاي دەۋرىدىن بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن تۈرك ئەدەبىياتى ۋە تىلى قاتتىق قوللۇق خانىنىڭ ھىممىتى بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە تىلى دەپ ئاتالدى . . . »

خۇلاسە قىلغاندا ، چاغاتاي تىلى چاغاتاي خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىدۇر .

## 4 . «غەزەل» ھەققىدە

بۇ رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان پارچە بولۇپ ، ژانىرى شېئىر ، ئارۇز ۋەزنىدە ، غەزەل شەكلىدە يېزىلغان .

ئاپتور ھەققىدە : ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ ئېپتىخارى نەسىردىن بۇرھانىدىن ئوغلى رابغۇ-زى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان . ئۇ ئەينى دەۋردىكى قەشقەرگە تەۋە بولغان ئۇلۇغ يوللۇق رابات دېگەن

جايدىن .

رابغۇزى تەخمىنەن 1279 — 1351 ـ يىللىرى ياشىغان بولۇپ ، ئۇ مەشھۇر يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن مۇتەپەككۇرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەنمۇ پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىغا تونۇلغاندى . ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ جاھانغا مەشھۇر رومانى «قىسسەئىي رابغۇزى» نى يېزىپ قالدۇرغان . بۇ رومان ساپ خاقانىيە تىلى (ئۇيغۇر تىلى) بىلەن يېزىلغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئىزاھاتلار ۋە باشقا قورال كىتابلاردىن پايدىلىنىپ شېئىرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىڭ ۋە شۇ ئاساستا شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭ .

**جاۋاب :** رابغۇزىنىڭ بۇ غەزىلى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» رومانىنىڭ خاتىمىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، ئاپتور بۇ شېئىردا ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئىچىدە كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ ، خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك ماتېرىيال تىزىپ ، شەرق دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ ، ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى تېرىپ ، گۈزەل ، پاساھەتلىك تىل كانىنى قېزىپ ، ھىجرىيە 710 ـ يىلى ھۇت ئېيىدا يېزىپ تاماملىغانلىقىنى قەيت قىلغان . قىسقىسى ئاپتور غەزەلدە ئۆزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش جەريانى ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ئەجرى قاتارلىقلارنى ئوبرازلىق ، ئىخچام تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن .

2 . شېئىردىكى ئوخشىتىشلارنى تېپىڭ ۋە نېمىنىڭ نېمىگە ئوخشىتىلغانلىقىنى بىلىۋېلىڭ .

**جاۋاب :** «باغ قوپاردىم تال ياغاچلىق ، باش يوپۇرماق ئال چېچەك ، يېمىشۇ ھېكمەتۇ پازىل ، ئايەت ئەخبار يۇلتۇزى»

بۇ مىسرالاردا «باغ» سىمۋوللۇق ئوخشىتىش بولۇپ ، «كىتاب» (قىسسەسۇل ئەنبىيا )نى كۆرسەتكەن ، «يېمىش» ئىلىم ـ ھېكمەت ، نىشانلارنى خەۋەر قىلغۇچى يۇلتۇزغا ئوخشىتىلغان . «قان قورۇتتىم ، جان تۇزاتتىم ، كان چىقاردىم تاش قازىپ ، ساپ قىزىل ئالتۇن ساچلاپ ، بىزەدىم بۇ يەر يۈزى . . . » دېگەن مىسرالاردا ئاپتور ئۆزىنىڭ جاپالىق ماتېرىيال توپلاش ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىنى ئوبرازلىق يوسۇندا قان ۋە جانىنى سەرپ ئېتىپ كان قېزىپ قىزىل ئالتۇن ئېلىش ئەمگىكىگە يوشۇرۇن ئوخشىتىش قىلىپ تولىمۇ جانلىق ئىپادىلىگەن .

3 . مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ھىجرىيە بىلەن مىلادىيە يىلىنى سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، بۇ كۇپلېتتىكى 710 ـ يىلىنىڭ مىلادىيە نەچچىنچى يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ، «ھۇت» ئېيىنىڭ نەچچىنچى ئاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

**جاۋاب :** كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك ھىجرىيەنىڭ «قەمەرىيە» كالېندارى بىلەن خاتىرىلەنگەن . ئۇنىڭ بىر يىلى 354 كۈن . ھىجرىيە

يىلنامىسى ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىشلەنگەن يىلنامە بولۇپ ئۇنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر (دۆلەتلەر) ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، 1400 يىلدىن بېرى قوللىنىپ كەلمەكتە . «ھىجرىيە» ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، «كۆچمەك» ياكى «يۆتكەلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 622 ـ يىلى مەككە شەھىرىدىن مەدىنە شەھىرىگە ھىجرەت قىلدى . شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھىجرىيە يىلنامىسى قوللىنىلدى . ھىجرىيە يىلنامىسى ساپ قەمەرىيە (ئاي) يىلنامىسى بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم ئاي تولۇشى ۋە 15 كۈندە بىر قېتىم ئاي تۇتۇلۇشى بىر ئاي ، يېڭى ئاي چىققان كۈنى شۇ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھېسابلىنىدۇ .

ھىجرىيەنىڭ بىر يىلى 354 كۈن 8 سائەت 48 مىنۇت بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر يىلى مىلادىيەنىڭ بىر يىلىدىن 10 كۈن 21 سائەت بىر مىنۇت كەم . شۇڭا ھىجرىيەنىڭ 100 يىلى مىلادىيەنىڭ 97 يىلىغا توغرا كېلىدۇ .

مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ، ھىجرىيەنىڭ 710 ـ يىلى مىلادىيەنىڭ 1311 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ . بۇنى تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن ھېسابلاپ چىقىمىز :

ئەگەر ھىجرىيە يىلى ئېنىق بېرىلگەن بولسا ، ھىجرىيە يىلىنى مىلادىيە يىلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتا تۆۋەندىكى فورمۇلادىكى x نىڭ ئورنىغا ھىجرىيە يىلى سانىنى قوشۇپ ھېسابلىساق بولىدۇ :

مىلادىيە يىلى = $622+x-\frac{x}{33}$ . مۇشۇ بويىچە ھېسابلىساق : $622+710-\frac{710}{33}=1311$

پارچىدا تىلغا ئېلىنغان «ھۇت» ئېيى — 3 ـ ئاينى كۆرسىتىدۇ .

## 5 . «غەزەل» ھەققىدە

ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان لىرىك شېئىر . ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل تۈرىگە كىرىدۇ .

ئاپتور ھەققىدە :كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالغۇچى لىرىك غەزەللىرى ئارقىلىق دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى غەزەل ژانىرىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى 15 ـ ئەسىردىكى يىرىك ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلغان مەشھۇر سۆز سەنئەتكارى ، شۇنداقلا پارسگۇيلۇق (پارس تىلىدا يېزىش )تا بۈيۈك پارس شائىرلىرىغا تەڭلىشەلەيدىغان سۆز ئۇستىسىدۇر .

لۇتفى تەخمىنەن مىلادىيە 1367 ـ يىلىدىن 1466 ـ يىلىغىچە ياشىغان بولۇپ ، 99 يېشىدا ھىراتتا ۋاپات بولغان . خوتەنلىك تارىخچى مۇجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىييۇن» ناملىق ئەسىرىدە : «بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستانلىق ئىدىلەر» دەپ يازغىنىغا قارىغاندا ، لۇتفى ئەسلىدە موغۇلىستانلىق بولۇپ ، تىنچ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش كاپالىتىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە موغۇلىستاندىن ھىراتقا بېرىپ ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى دېھى كانار

دېگەن جايغا ماكانلىشىپ ، شۇ جايلاردا ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم . لۇتفىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان مۇكەممەل بىر دىۋانى بولۇپ ، ئۇنىڭدىن باشقا «گۇل ۋە نەۋرۇز » ناملىق داستانى ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئەڭ نادىرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . بۇ غەزەلنى ئەستايىدىل ئوقۇپ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭ .

جاۋاب : غەزەلدە شائىر ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ـ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ، يارنى ئوبرازلاشتۇرۇش ، ئۇنىڭغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئۇلۇغ ، مۇقەددەس پەزىلەتلەرنىڭ بىرى ۋاپادارلىق ئىكەنلىكىنى ؛ بۇ خۇددى تەندىكى جانغا ، گۇلنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقىغا ئوخشىتىلىپ ، ئەگەر ئادەمدە ۋاپادارلىق بولمىسا ، ئۇ قۇياشتەك نۇرلۇق ، ھۆسن ـ جامالدا كامالەتكە يەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئادەمگە ئازاب ـ ئوقۇبەت كېلىدىغانلىقى ، ئىنساندا ۋاپادارلىق بولۇش بىلەن بىرگە يەنە شۇنىڭغا لايىق مېھرىبانلىقمۇ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسى ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن .

2 . شېئىردا قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى تېپىپ چىقىپ ، ئۇنىڭ رولىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

جاۋاب : شائىر شېئىردا رىتورىك سوئال ، ئوخشىتىش ، سىپلىشتۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەرنى قوللانغان . مەسىلەن ، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنىڭ بىرى بولغان ۋاپادارلىقنى تەندىكى جانغا ، گۇلنىڭ رەڭگى ، پۇرىقىغا ئوخشاتقان . بۇ ئارقىلىق ۋاپادارلىقنىڭ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدا «نەھاسىل» دەپ رىتورىك سوئال ئىشلىتىپ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . نىگار ، سۆيگۈ ، يارنى ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن . «ۋاپادارلىق» بىلەن «ۋاپاسىزلىق»نى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ، ۋاپاسىز كىشى قۇياش بولسىمۇ ئۇنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى تەگمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن .

## 6 . «ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە** :ئەلىشىر نەۋايى 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەڭداشسىز تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ۋە بۈيۈك ئىنسانپەرۋەر شائىر . نەۋايى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرىدە (ھازىر بۇ شەھەر ئافغانىستان تەۋەلىكىدە ) 1441 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇغۇلۇپ ، 1501 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋاپات بولغان ھەم شۇ شەھەرگە دەپنە قىلىنغان .

نەۋايى كىچىكىدىنلا ئىلىم ـ بىلىم ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئىنتايىن زور ئىشتىياق

بىلەن بېرىلگەنىدى، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى خوراسان مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ۋە دوستى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بىر مەزگىل ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، بىر قاتار خەلقپەرۋەر تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، خەلقنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن شۇ چاغدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يازغان بولۇپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇخىل تۇر ۋە شەكىللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ پارلاق ئۆلگىلەرنى ياراتقانىدى. نەۋايىنىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق شېئىرلار دىۋانى ھەم «خەمسە» داستانلار توپلىمى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يىرىك نەمۇنىلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى)، «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەين» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى)، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» قاتارلىق ئەسەرلەرنى، يەنە بىر قىسىم ئىلمىي ـ پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنىمۇ يازغان.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بۇ مەسنەۋىسىنىڭ ئەسلىسى بىلەن يەشمىسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىڭ.

بۇ ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا يېزىلغان مەسنەۋى ۋە غەزەللىرىدىن (7 ـ، 8 ـ بېيىت غەزەلدىن) پارچە بولۇپ، بۇ 18 بېيىتتىن تەركىب تاپقان. بۇ پارچىلاردا ئەدەپ ـ ئەخلاق، شەرم ـ ھايا، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش، شېرىن سۆزلۈك بولۇش، سۆزنى قىسقا، ئورۇنلۇق قىلىش، توغرا نىيەتلىك بولۇش، سەمىمىي، مۇلايىم سۆزلۈك بولۇش، راست سۆزلەش، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش، كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى، خۇلق ـ مىجەزلىرىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان سەزگۈر بولۇش قاتارلىقلار ھەققىدە نەسىھەت قىلىنغان. ھوقۇق ـ مەنسەپكە بېرىلىش ۋە نەسەبنىڭ يۇقىرىلىقىنى پەش قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي شان ـ شەرەپكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئەدەپسىزلىك كىشىنى خار قىلىدىغانلىقى، قارا نىيەتلىك، يالغانچىلىق قاتارلىق ناچار مىجەز، ئادەتلەرنى يوقىتىۋېتىش ۋۇلماسلىق دېگەندەك مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. ھەربىر بېيىتنى بىر ھېكمەتلىك سۆز دېيىشكىمۇ بولىدۇ. پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئاساسلىقى سېلىشتۇرۇش، رىتورىك خىتاب، ئوخشىتىش، سىمۋول، سۈپەتلەش قاتارلىقلار قوللىنىلغان.

2. تۆۋەندىكى بېيىتلاردىكى چوڭقۇر مەنىنى ئىگىلىۋېلىڭ.

1) «ئەلگە شەرەف بولمىدى جاھۇ نەسەف،
لېك شەرەف كەلدى ھاياۋۇ ئەدەب.»

2) «نېكىم قىلدى جاھىلكى، ئېردى يامان،
تۇتۇپ ئەكسىنى تاپدىم ئاندىن ئەمان.»

جاۋاب: بىرىنچى بېيىتتا ئادەمگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان نەرسە مەنسەپ ۋە نەسەبنىڭ يۇقىرىلىقى ئەمەس، بەلكى ئىنساندىكى ئەدەپ ۋە ھايا ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بەزى كىشىلەردىكى يۇقىرىغا يامىشىش، ئۆز نەسەبىنى كۆز ـ كۆز قىلىش،

ئەمەل ـ مەنسەپ ئارقىلىق ئۆزىنى چوڭ تۇتۇۋېلىشتەك ناچار خاھىشلارغا قارىتا، ئەدەپ ۋە ھايانىڭ ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي شان ـ شەرىپى ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى، ھاياسى بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچى بېيىتتا جاھىل، نادانلار قىلغان ھەرقانداق يامان ئىش ئادەمگە ئىبرەت بولىدۇ، كىشى ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ تەتۈرىنى قىلىش ئارقىلىق ئامانلىققا ئېرىشىدۇ دېيىش ئارقىلىق بىلىمسىز، نادان كىشى ئۆزىنىڭ جاھىللىقىدىن يامان ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ قالىدۇ، شۇڭا «ئەدەپنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن» دېگەندەك، ئۇلار قىلغان يامان ئىشلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۇلاردەك جاھىل، نادان بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش زۆرۈر دېگەن پەلسەپىۋى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

3. شائىر تۆۋەندىكى بېيىتتا باغلانما تەسەۋۋۇردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان بولۇپ، سىز ئۇنىڭدىكى ئەسلىي شەيئىلەر بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنغان شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بارلىقىنى كونكرېت چۈشەندۈرۈڭ.

گەرچە قۇياشتىن پەرۋەرىش ئالەم يۈزىغە ئام ئېرۇر،

سەھرادا قامغاقۇ تىكەن، بوستاندا سەرۋۇگۇل بىتۇر.

جاۋاب: «قۇياش — ئالەم — ئادەم»، «چۆل — قامغاق، تىكەن؛ بوستان — سەرۋى، گۈل»لەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلانما تەسەۋۋۇردىن، بارلىق شەيئىلەر ئالەمنىڭ بېزىكى، بارلىق جانلىقلار قۇياشتىن تەڭ ئوزۇق ئېلىپ ياشايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ياشاش جەھەتلەردىكى پەرقى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بەزىسى كېرەكسىز، يىرگىنچلىك بولۇپ ئۆسۈپ چىقسا، بەزىسى سەرۋى (ئارچا)دەك يارامىلىق، گۈلدەك گۈزەل بولۇپ ئۆسۈپ چىقىدۇ دېگەن ئۆسۈملۈكلەر قانۇنىيىتىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشاش دۇنيادا، مۇھىتتا ياشاپمۇ ئوخشىشمىغان خاراكتېرلىك ئادەملەرنىڭ چىقىدىغانلىقى، بەزىسى ئەخلاقلىق بولسا، بەزىسى ئەخلاقسىز بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ھادىسە باغلانما تەسەۋۋۇر قىلىنغان.

## ئۇچىنچى بۆلەك

## ساياھەت ئەدەبىياتى ھەققىدە

ساياھەت ئەدەبىياتى — ئاپتور تارىختىكى مەشھۇر شەھەر ـ قەلئەلەر ، مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان تارىخي ئورۇنلار ، ئالاھىدە تەرەققىيات پەللىسىنى يارانقان سانائەت رايونلىرى ۋە مەنزىرىلىك جايلارنى ساياھەت قىلىش پائالىيىتىنى ئاساسي ئېما قىلىپ ، ئۆزىنىڭ باھاسى ، كۆز قارىشى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىنى بىرلەشتۇرۇپ مەلۇم ئىدىيەنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەمدە تەشەببۇس قىلىدىغان ، ئەدەبي ئۇسۇلدا يېزىلغان ئەسەر .

ساياھەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە نوقۇل ھالدا ساياھەت جەريانىدا كۆرگەن ، ئاڭلىغان مەنزىرە ، ئىشلار يېزىلىپلا قالماي ، يەنە ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى ۋە ئىدىيەسى سىڭدۈرۈۋېتىلگەن بولىدۇ .

## 7 . «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ھەققىدە

بۇ پارچە نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتنىڭ شۇ ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، 1910 ـ يىلى يېزىلغان .

ئاپتور ھەققىدە :نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت ، تەخەللۇسى ئۇيغۇر بالىسى (1883 — 1952 ) ، قازاقىستاننىڭ يەتتىسۇ رايونىدا تۇغۇلۇپ ، ئىلى ۋىلايىتىدە ۋاپات بولغان . داڭلىق مائارىپچى ، تارىخچى ، ئەدىب ، «نوزۇگۇم» ، «مەدەنىيەت ۋە مائارىپ» ، «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تارىخى» ، «يورۇق ساھىللار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . بۇ ئەسەر «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق ئەسىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئاپتورنىڭ ئەينى يىللاردىكى جاھالەت قاپلىغان بىر دەۋردە ئېلىدىن قەشقەرگە بېرىش سەپىرىدە يازغان بۇ ساياھەت خاتىرىسى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگىدۇر . سىز ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئىشلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ، ئەينى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى پەرەز قىلىپ بېقىڭ .

جاۋاب : 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىللىرىدا شىنجاڭدا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ ، ئەسەردىن ئىلگىرىكى جاھالەت دەۋرىنىڭ تەسىرىدە خۇراپاتلىق پاتقىقىغا چۆكۈپ پاتقان ، روھى چۈشكۈن ، قول مىجەز ، نادان ، قالاق ، جاھىل خاراكتېر

قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئالتەشەھەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل فېئوداللىق تۈزۈم تۇپەيلىدىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ، بىر قىسىملىرىنىڭ ھايات يولى ئىزدەپ ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ ، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا ئىلى قاتارلىق يۇرتلارغا كۆچۈپ مۇساپىر بولۇۋاتـ قانلىقىدەك ئىجتىمائىي مۇھتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

1910 ـ يىللار شىنجاڭ ئاسمىنىنى جاھالەت بۇلۇتلىرى قاپلىغان ، مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۈرلۈك رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىـ نىپ ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سىياسىي جەھەتتىن ئېزىپلا قالماستىن ، ئىقتىـ سادىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىمۇ خورلاۋاتقان بىر دەۋر ئىدى . ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ساياھەت خاتىرىسىدە يازغىنىدەك ، نامراتلىق ، ئاچ ـ زېرىنلىق پۈتۈن شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك دەۋر سۈرگەن ، شۇڭا كىشىلەر بۇگۈنگە تاپسا ئەتىسىگە يوق ، بالىنىڭ قورسىقى تويسا ئانىسى ئاچ ھالەتتە يۈرەتتى ، ئىلىم ـ مەرىپەت ، مەدەنىيەت ئىزناسى بۇ زېمىندىن گويا يوقالغان ، ئادەملەر ساددا ۋە نادان ، ئۇلار پەقەت «ئاخىرەت» ئۈچۈنلا ياشايدۇ . شۇڭا بۇ دۇنيا مەئىشىتى ئۇلار ئۈچۈن قىممىتىنى يوقاتقان . يۇرت ـ يۇرتلاردا غېرىبلىق ، مىسكىنلىك ، كىشىلەردە روھىي چۈشكۈنلۈك ، ھۈنەر ـ سەنئەت يوق ، ئىشانلار كۆچىيىپ كەتكەن ، شۇڭا جەمئىيەت ئومۇمىي جەھەتتىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندەك كۆرۈنەتتى .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى باش ـ ئاخىرىدىكى جۈملىلەرگە باغلاپ تەھلىل قىلىڭ :

1 ) قاتار تىزىلغان قېرىنداشلىرىمىز يالاڭ ـ يالىڭاچ ، ئاچ ـ زېرىن ، بالا ـ چاقا ، قېرى ـ چۈرى ھەممىسى پىيادە ، بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ ، ئۇياق ـ بۇياققا دەلدەڭشىپ كېتىپ باراتتى .

بۇ جۈملىدە ئاپتورنىڭ قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن ؟

جاۋاب : بۇ جۈملىدە ئاپتور ئۆز مىللىتىنىڭ ئىستىقبالىغا كۆيۈنۈش ، ھالىغا ئېچىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . «قېرىنداشلىرىمىز» دېگەن سۆز ئۇنىڭ مىللىتىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىسە ، «يالاڭ ـ يالىڭاچ ، ئاچ ـ زېرىن» ، «ھالسىزلىقتىن» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى بىچارە ھالىتىگە ئېچىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن .

2 ) «بۇ بىچارە خەلقنىڭ ئۆلۈكلەرگە تىرىكلەردىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە بىزلەر گۇۋاھ قاتارىدا شاھىت بولدۇق .»

بۇ جۈملىدە قانداق چوڭقۇر مەزمۇن ئىپادىلەنگەن ؟

جاۋاب : بۇ جۈملىدە ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ نادانلىق ، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ ، قەبرە ـ مازار ، مازارغوجاملارغا باش ئۇرۇپ نىجاتلىق تىلەش ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا باقماي ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىشتەك ، بارلىـ قىنى مازارغوجام ، سوپى ـ ئىشانلارغا ئاتىۋېتىپ ، ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىقنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقانلىقىدەك ئەھۋاللارنى ئاپتور ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئىپادە قىلىنغان .

3 . ئاپتور ئەسەرنى «ئالتە شەھەرگە سەپەر» دېگەن ماۋزۇ بىلەن يازغان ، سىز

تارىخىي مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ ، «ئالتە شەھەر» نىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قايسى جايلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھەم بۇ جايلارنىڭ تارىخىمىزدىكى رولىنى بىلىۋېلىڭ .

جاۋاب : ئالتە شەھەر : خوتەن ، قەشقەر ، يەكەن ، كۇچا ، ئۇچتۇرپان ۋە قاراشەھەر قاتارلىق ئالتە شەھەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكى ئۆزاق دەۋرلەردىكى خاندانلىقلارنىڭ مەركىزى بولغان ، مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىشلىرى گۈللەنگەن شەھەرلەر بولغان . بۇ جايلاردا چوڭ مەدرىسەلەر بەرپا قىلىنىپ ئۆلىمالار ، ئالىملار توپلاشقان ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە ئىلىم تەھسىل قىلغىلى نۇرغۇن كىشىلەر كەلگەن . بۇ يەرنىڭ ناملىرى دۇنياغا تونۇلغان . بۇ شەھەرلەر ئىلگىرى گۈللەنگەن بىلىم يۇرتلىرى ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ، ئىقتىساد مەركىزى ، سودا ـ ئالاقە تۈگۈنى بولغان .

## 8 . «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر» ھەققىدە

بۇ تېكىست ئاپتورنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر» قىسمىدىن ئېلىنغان ، ساياھەت خاتىرىسى .

ئاپتور ھەققىدە :گۇننار ئالفرېد ياررىڭ (1907 -- 2002) شۋېتسىيەلىك داڭلىق تۈركولوگ ، «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى» ، «شەرقىي تۈركچە ـ ئىنگلىزچە دىئالېكتىكا لۇغىتى» ، «قەشقەر تېكىستلىرى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي يەر ـ جاي ناملىرى — لوپنۇر ۋە تارىم ۋادىسى تىمسالىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . بۇ ئەسەر ئۈنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىلى نەشر قىلغان «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئەسەرنى پىششىق ئوقۇپ چىقىپ ، تۆۋەندىكى سوئاللار ھەققىدە قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ :

1) «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبى» دېگەن ئۇقۇمنى قانداق چۈشىنىش كېرەك ؟

جاۋاب : «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئاپتور ياشاۋاتقان 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىلىم ـ پەن بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ماشىنىلىشىش ، زامانىۋىلىشىش باسقۇچىغا كىرىپ بولغان دەۋرگە نىسبەتەن سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ ، گەرچە تارىخ چاقى ئىلگىرىلەپ 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغىلى خېلى بولغان بولسىمۇ ، قەشقەر ۋەزىيىتى ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، مەدەنىي ھاياتى يەنىلا جاھىلىيەت دەۋرىدىن پەرقلەنمەيتتى . ياۋروپا ۋە ئاسىيا ، ئامېرىكىدىكى خېلى بىر قىسىم دۆلەتلەر ئۆز دەۋرىگە ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ ماشىنا ، ئايروپىلان ، پاراخوز قاتارلىق قاتناش قوراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتتە بەلگىلىك سەۋىيەنى ياراتقان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا قەشقەر ۋە قەشقەر بازارلىرى ، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى كىشىگە ھەقىقەتەنمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى سانائەتتىن يىراق ، ماشىنىلىشىش باسقۇچىغا تېخى قەدەم قويمىغان ھالەتنى ئەسلىتەتتى .

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبى — 10 — 13 ـ ئەسىرلەردىكى خەلقلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى، سودا ـ سېتىق شەكلى ۋە مەدەنىيەت ئەندىزىلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

2) ئاپتور ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنى «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى قەشقەر» دەپ يازغان، ئاپتورنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى ئاساسى قايسى؟ بىرقانچە مىسال كۆرسىتىپ بېرىڭ.

جاۋاب: ئەينى دەۋردىكى قەشقەردە «يا ئاپتوموبىل، يا موتوسىكلىت يوق، ھەتتا ۋېلسىپىتمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى»، «بازار ئەتراپىدىكى قاراڭغۇ تارچۇق كوچىلارنى يورۇ-تىدىغان ئېلېكتىر چىراغلارمۇ كۆرۈنمەيتتى»، ئۇنىڭدىن باشقا «قەشقەردە گېزىت يوق، مەتبەئەدە بېسىلغان كىتاب تېخىمۇ يوق» ئىدى.

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپى 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى پۇختا سېپىل بىلەن قورشى-لىپ قورۇقچا ئېلىنغانىدى. شەھەر سىرتى ياپيېشىلچىلىق بىلەن پۈركەنگەن، ھەممە يەردە قۇياش نۇرى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى، ۋەھالەنكى شەھەر ئىچى دائىم يېرىم يورۇق، يېرىم قاراڭغۇ ھالەتتە تۇراتتى.

يۇقىرىقىلاردىن ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز دەۋرىدە باشقا جايلاردىن تولىمۇ ئارقىدا قالغان ھەقىقىي «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسلۇبىدىكى شەھەر» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

3) ئاپتور قەشقەرنى يازغاندا، نېمە ئۈچۈن بازارنى نۇقتىلىق يازغان؟

جاۋاب: بازار — ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن تۈرلۈك تەبىقىدىكى، ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ جەم بولىدىغان ئورنى. بازاردا ھەر خىل ھۈنەر ـ كەسىپتىكى كىشىلەر، ئاشپەز، ناۋاي، ياغاچچى، تۆمۈرچى، تىلەمچى، گەزمالچىلار ئۆز ھۈنىرىنىڭ مەھسۇلى ياكى ماللىرىنى سېتىش ئۈچۈن يايما ئاچىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان خېرىدارلارمۇ ئوخشىمىغان ھۈنەر ـ كەسىپتىكى كىشىلەر. بازاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق ۋە ئېلىپ ـ سېتىش ئىشلىرى ئارقىلىق بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت ئەھۋالىدىن بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش مۇمكىن، شۇڭا ئاپتور قەشقەر بازارلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەن.

2. ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىغا ئالاقىدار تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ:

1) ئاپتور بۇ ساياھەت خاتىرىسىنى قانداق تەرتىپ بىلەن يازغان؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب: بۇ تېكىست ئورۇن تەرتىپى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئالدى بىلەن قەشقەرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى قىسقىچە چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەر ئەتراپىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، قەشقەر بازارلىرى ۋە بازاردىكى ھەرقايسى تۈرلەر بويىچە ئېچىلغان دۇكانلار، بازار ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

2) ئاپتور تەپسىلاتلارنى قانداق تەسۋىرلىگەن؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

جاۋاب : تېكىستتە ئاپتور تەپسىلاتلارنىڭ چىنلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ، قەشقەر بازارلىرى قاتارلىقلارنى ئەستايىد-دىل كۆزىتىپ ، تېكىستتىكى مەركىزىي ئىدىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان تەرەپلەرنى تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن . بولۇپمۇ قەشقەر بازارلىرىنىڭ قورۇلمىسى ، بازاردىكى تىجارەت شەكلى ، بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ناھايىتى ئىنچىكە ھەم چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن . گىلەم بازىرى ، يىمەكلىكلەر بازىرىغا ئائىت تەپسىلاتلار يۇقىرىقى قارىشىمىزغا ئاساس بولالايدۇ .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئالدى - كەينىدىكى جۈملىلەرگە باغلاپ تەھلىل قىلىڭ .

1 ) «كىشىلەر شۇ چاغدىكى قەشقەرگە ئوخشاش تازا روناق تاپقان ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىنى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپالمايدۇ .»

ئاپتور بۇ جۈملىدە نېمىنى كۆزدە تۇتقان ؟

جاۋاب : بۇ جۈملىدە قەشقەرنىڭ ئەسىر ئىستىرېلكىسى 20 - ئەسىرنى كۆرسىتىپ تۇرغان ، پۈتۈن دۇنيا ماشىنىلىشىش ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش ، زامانىۋىلىشىشقا قەدەم قويۇش پەيتىدە تۇرغان بىر دەۋردە تېخىچە يېڭچە ئىلىم - پەندىن بىخەۋەر ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھىلىيەت دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ؛ كىشىلەرنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسى تۆۋەن ، خۇراپاتلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە ھۆكۈمران ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتى تۆۋەن ، كىشىلەر نامراتلىق ، نادانلىق ، روھىي چۈشكۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان ھالىتى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ ، يوللاردا ماشىنا كۆرگىلى بولماسلىق ، ئادەملەرنىڭ تېخىچە ئات - ئېشەكنى قاتناش قورالى قىلىشى ياكى نامراتلارنىڭ پىيادە يول يۈرۈشى قەشقەرگە كەلگەن چەت ئەللىكلەرگە ھەقىقەتەنمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى سانائەتتىن يىراق ھالەتنى ئەسلەتتى .

2 ) «تا بۈگۈنكى كۈندىمۇ تېرەك ئوتۇننى قالىغاندا چىققان ئىسنى پۇرىسام قەشقەر يادىمغا كېلىدۇ .»

بۇ جۈملىدە ئاپتورنىڭ قانداق چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن ؟

جاۋاب : بۇ جۈملىدە ئاپتورنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ تېرەك ئوتۇننى قالىغاندا چىقىدىغان ئىسنى پۇرىسىلا ئەينى دەۋردە قەشقەردە تىنىقىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلغان بۇ پۇراقنى ئەسلەيدىغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى قەشقەرگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ، قەشقەرنى ۋە قەشقەر خەلقىنى ئەسلەشتىن ئىبارەت سەمىمىي دوستلۇق ھېسسىياتى ئىپادى-لەنگەن .

## 9 . «پارىژغا ساياھەت» ھەققىدە

ساياھەت ئەدەبىياتى ، بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ، ئاپتورنىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان .

ئاپتور ھەققىدە : دوكتور ئەسەت سۇلايمان 1969 - يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ، دوكتور . ئۇنىڭ «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» ،

«ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. «پارىژغا ساياھەت» ناملىق بۇ ئەسەر ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتابىنىڭ 24 ـ بابىدىن قىسقارتىپ ئېلىنغان.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. بىر ئائىلە كىشىلىرى پارىژنى ساياھەت قىلغاندا بىرىنچى كۈنى قانداق جايلارنى زىيارەت قىلغان؟ بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قانداق مەقسەتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ؟

جاۋاب: بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى پارىژنى ساياھەت قىلغاندا بىرىنچى كۈنى پارىژدىكى فىرانسىيەدىكى ئەڭ داڭلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنى، شۇنداقلا فىرانسىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان، فىرانسىيە خەلقىنىڭ مىللىي روھى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان جايلارنى زىيارەت قىلدى. يەنى ئۇلار سېنا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ جايلاشقان ساياھەت نۇقتىلىرىدىن باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ خاترە ئورنى، سېنا دەرياسىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئوتتۇرىدا چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك ئارال ئۈستىگە قۇرۇلغان ياۋروپادىكى ئەڭ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلاردىن بىرى بولغان بۈۋى مەريەم چېركاۋى، ئىلگىرى فىرانسىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئوردىسى بولۇپ كەلگەن لوۋېر خان سارىيى، يېقىنقى زامان فىرانسىيە تارىخىنىڭ مۇھىم يالدامىلىرىدىن بىرى بولغان ھەيۋەتلىك زەپەر دەرۋازىسى، 320 مېتىر ئېگىزلىكتىكى غايەت زور تۆمۈر مۇنار — ئېيففىل تۆمۈر مۇنارى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئۇلار پارىژنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىش بىلەن بىللە، پارىژلىقلارنىڭ شانلىق تارىخىنى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىگە، گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللىي روھىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە يۇقىرىقى ئورۇنلارنى زىيارەت قىلغان.

2. ئەسەردە يېزىلغان ساياھەت نۇقتىلىرى ئاساسەن تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ. سىز تېكىستنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، بۇ جايلارنىڭ قانداق تارىخىي ۋەقەلەرگە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

جاۋاب: بۈۋى مەريەم چېركاۋىدا ياۋروپا تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەر قارار قىلىنغان، ناپالېئون مۇشۇ چېركاۋدا فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ ئالتۇن تاجىنى كىيگەن، يوسىفىن بىلەن بولغان توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن. ھيۇگو مۇشۇ چېركاۋ نامىغا بېغىشلاپ «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم چېركاۋى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازغان.

زەپەر دەرۋازىسى فىرانسىيە يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ مۇھىم يالدامىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1840 ـ يىلى ناپالېئوننىڭ جەسىتى جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى سان ھېلىنا ئارىلىدىن زەپەر دەرۋازىسى ئارقىلىق پارىژغا ئېلىپ كىرىلگەن، شۇنىڭدىن يېرىم ئەسىرچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن فىرانسىيەنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ۋىكتور ھيۇگونىڭ دەپنە مۇراسىمى زەپەر دەرۋازىسىنىڭ ئاستىدا ئۆتكۈزۈلگەن.

3. ساياھەت قىلىشتىكى مۇددىئا سەيلە قىلىش ۋە ھوزۇرلىنىشلا ھېسابلىنامدۇ؟

جاۋاب: ساياھەت قىلىشتا بەلكىم ھەر كىمنىڭ ئوخشىمىغان مۇددىئاسى بولۇشى

مۇمكىن ، بەزىلەر سەيلە قىلىش ۋە ھوزۇرلىنىپ كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىشى ، بەزىلەر سەيلە قىلىش ئارقىلىق مەزكۇر ساياھەتتىن يېڭى بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى ئىگىلىشى مۇمكىن ، يەنە بەزىلەر ساياھەت ، سەيلە قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىك ئېستېتىك تەربىيەنى قوبۇل قىلىشى ، ئۆتمۈشنى ، تارىخنى چۈشىنىپ جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى مۇمكىن . بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، ساياھەت قىلىش نوقۇل سەيلە قىلىش ۋە ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن بولۇپ قالسا تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ . ساياھەت داۋامىدا بىر تەرەپتىن ھوزۇرلانساق ، يەنە بىر تەرەپتىن بىلىم قۇرۇلمىمىزنى بېيىتىپ ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىمىز ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنى بېيىتىپ تۇرىمىز . مەزكۇر ساياھەت خاتىرىسىنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئاپتور بىر تەرەپتىن ساياھەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا ، يەنە بىرتەرەپتىن پارىژ شەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ، پارىژ شەھىرىدىكى تارىخىي ، مەدەنىي يادىكارلىق ساياھەت ئورۇنلىرى ھەققىدە ئۇشبۇ خاتىرىنى قالدۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇرمەنلەرنى بۇ ساياھەت نۇقتىلىرى بىلەن بۇ خاتىرە يۈزىدە ئۇچراشتۇرۇپ ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان .

4 . مۇبادا سىز بۇنىڭدىن كېيىن ساياھەتكە چىقماقچى بولسىڭىز ، بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ساياھەت مەزمۇنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا قايسى جەھەتتىن ئەھمىيىتى بار دەپ قارايسىز ؟

جاۋاب : مەزكۇر تېكىستتە ئاپتورنىڭ قىزىنىڭ ساياھەتكە چىقىشتىن ئىلگىرى ساياھەت پىلانى تۈزگەنلىكى ، پىلان بويىچە سېنا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى بويلاپ جايلاشقان ساياھەت نۇقتىلىرىدىن باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ خاتىرە ئورنى ، بۈۋى مەريەم چېركاۋى ، لوۋېرخان سارىيى ، زەپەر دەرۋازىسى ، ئېففىر تۆمۈر مۇنارى قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلغانلىقى يېزىلغان . بۇلاردىن بىز ساياھەتكە چىقىشتىن ئىلگىرى ساياھەت قىلىش ۋاقتى ، ساياھەت مەزمۇنى ، تەرتىپى قاتارلىقلارغا ئاساسەن كونكرېت ۋە ئەمەلىي پىلان تۈزۈش لازىملىقىنى ، ساياھەت جەريانىدا ساياھەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئەڭ مۇھىم ئورۇنلارنى ساياھەت قىلىش لازىملىقىنى ، ساياھەت جەريانىدا ساياھەت مەزمۇنىدىن سۈرەتكە تارتىش ، سىنىغا ئېلىش ، خاتىرە قالدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن خاتىرە قالدۇرۇش لازىملىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساياھەت جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، يېمەك- ئىچمەك قاتارلىقلارنى تەييارلىۋېلىش لازىملىقىنى بىلىۋالالايمىز .

5 . بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ پارىژنى ساياھەت قىلىش پىلانىغا ئاساسەن ، ئۇنىڭ قىزى پارىژغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ بىر ھەپتىلىك ساياھەت پىلانىنى تۈزۈپ چىققان . شۇنىڭغا ئاساسەن سىزمۇ شىنجاڭدىكى ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەلۇم بىر جايغا ساياھەتكە بېرىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىڭىزنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ساياھەت قىلماقچى بولغان جاي ياكى ئورۇننىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ، بىر ھەپتىلىك ساياھەت پىلانىڭىزنى تۈزۈپ چىقىڭ .

جاۋابى قىسقارتىلدى .

## تۆتىنچى بۆلەك
## پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى

ئىلىم ـ پەن ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى تونۇپ يېتىشىدىكى مۇھىم قورالى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مەدەنىيلىكنىڭ بىر خىل ئۆلچىمى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئەقلىنى ئۇرغۇتۇپ، تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرغىلى بولۇپلا قالماي، ئۇ ئارقىلىق يەنە ئىلىم ـ پەن دېڭىزىدا ئەركىن ئۈزۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز.

مۇنەۋۋەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى بىزگە پەننىي بىلىملەرنى بىلدۈرۈپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ ئىلىم ـ پەننى قىزغىن سۆيۈش روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ناتونۇش دۇنيا ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىش ھەۋەسىمىزنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئىلىم ـ پەندە چىنلىق، ماسلىق ۋە مۇكەممەللىك ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا يەنە ئېستېتىك زوق ئېلىپ، ئىلمىي تەپەككۇر ۋە ئۇنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدىكى ئالاھىدە گۈزەللىكلىرىنى ھېس قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

### 10 . «ھايۋانلارنىڭ ئويۇنىشىدىكى سىرلار» ھەققىدە

ژانىرى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن تۈرگە ئايرىش، مىسال كەلتۈرۈش، نەقىل كەلتۈرۈش قاتارلىقلار قوللىنىلغان.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ھايۋانلار نېمىشقا ئويۇن ئوينايدۇ؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا تېكىستتە بىرنەچچە خىل قىياس ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ قىياسلارنى قوللاش دەرىجىسىگە قاراپ «☆» بەلگىسى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېقىڭ. ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش دانە «☆» قويسىڭىز بولىدۇ. ھەمدە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈڭ.

| قىياس | ئاساس | خۇلاسە | تونۇش دەرىجىڭىز |
|---|---|---|---|
| رېپېتىتسىيە تەلىماتى | شىمپەنزىنىڭ يوپۇرماقلارنى ئالىقىنىدىكى سۇغا چىلاپ ئوينىشى | هايۋانلار ئويۇن ئويناش ئارقىلىق كەلگۈسى ئۈچۈن ھەرخىل ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ — ئويۇن ئويناشنىڭ رېپېتىتسىيەسى | بۇ تۇرنى ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تونۇشىغا ئاساسەن تولدۇرىدۇ |
| ئۆز - ئۆزىنى خۇش قىلىش تەلىماتى | بېگېموتنىڭ سۇ يۈزىدىكى يوپۇرماقلارنى پۈۋلەپ ئوينىشى ، قوزغۇنىنىڭ قارلىق دۆڭدىن تېيىلىپ ئوينىشى | بۇ خىل ئويۇن ئارقىلىق هايۋانلار تەبىئىي رىقابەتتىن پەيدا بولغان جىددىيلىكتىن قۇتۇلۇپ ، فىزىيولوگىيەلىك ۋە پسىخىك جەھەتتىن ئۆزىنى تەڭشەپ ، ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەلەيدۇ ، ئۆز - ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ | |
| ئۆگىنىش تەتلىماتى | شىمپەنزىنىڭ كالتەك ئوينىشى ، هايۋانلارنىڭ «مۆكۈشمەك ئوينىشى» ۋە قوغلاشماق ئوينىشى | ئويۇن هايۋانلار ئۈچۈن ئۆزلىرىدىكى ھەر خىل تۇغما ماھارەتلىرىنى مۇرەككەپ تەبىئىي ، ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتلار بىلەن ئەپچىللىك بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، مەيلى هايۋان بالىلىرى بولسۇن ياكى يېتىلگەن هايۋانلار بولسۇن ، ئويۇن ئويناش ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر خىل ئۆگىنىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت . | |
| چېنىقىش تەلىماتى | ئارقارلارنىڭ قىيالاردىن سەكرەپ ئۆتۈشى ، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ يازدىكى تۈرلۈك ئويۇنلىرى | هايۋانلار ئويۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىنى چېنىقتۇرىدۇ ۋە ياشاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ . | |

2 . پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا ئالاقىدار بىلىملەرنى پاسسىپ هالدا قوبۇل قىلىش بىلەنلا قالماي ، يەنە ئۆزىڭىزمۇ ئىزدىنىپ بۇ جەھەتتىكى تونۇشىڭىزنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . ئەسەردە مىسالغا ئېلىنغان هايۋانلارنىڭ ئويۇن تۈرلىرى ، ئويۇن ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە بۇ ھەقتىكى مىساللارغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ ياكى ئۆزىڭىزنىڭ كۆزەتكەنلىرىنى قوشۇپ تولۇقلىما ئېلىپ بېرىڭ .

جاۋاب : يالغۇز ئويناش : هايۋانلارنىڭ ھەمراھسىز ، ئۆزى يالغۇز ھەرىكەت قىلىشى ، ئاتلارنىڭ ئالدى تۇياقلىرىنى كۆتۈرۈپ چاپچىشى ، شىمپەنزىنىڭ يوپۇرماقلارنى ئالىقىنىدىكى سۇغا چىلاپ ئوينىشى ، بېگېموتنىڭ سۇ يۈزىدىكى يوپۇرماقنى پۈۋلەپ ئوينىشى قاتار-

لىقلار .

ئېلىشىپ ئويناش : ئىككىدىن ئارتۇق ھايۋان قاتنىشىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت . لانگۇر مايمۇنلىرىنىڭ دەرەخ شاخلىرىدا بىر - بىرىنى ئىتتىرىشى ، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرىنىڭ چېلىشىشى ... قاتارلىقلار .

ئەرسىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئويناش : ھايۋانلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلەيدۇ . شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ كالتەك ياكى تاش ئوينىشى ، ياۋا پىلنىڭ ئوت - چۆپنى توپ قىلىپ تېپىشى ...

## 11 . «بىر فىزىكنىڭ تەربىيەلىنىش جەريانى» ھەققىدە

ژانىرى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان .

ئاپتور ھەققىدە : كاكومىچيو ياپون قان سىستېمىسىدىكى ئامېرىكىلىق فىزىك بولۇپ ، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن ، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بۈركلى تارمىقىنىڭ پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . كېيىن نيۇيورك شەھەرلىك ئۇنىۋېرسىتېت شەھەر ئىنستىتۇتىنىڭ نەزەرىيە فىزىكا پروفېسسورى بولغان . ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئېينىشتېيىندىن ھالقىش» (تېلىنىنا بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن ) ، «كىۋانتلىق مەيدان نەزەرىيەسى» ، «سۇپېرىيپ نەزەرىيەسى» قاتارلىقلار بار .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . سىز تەبىئەت دۇنياسىغا قىزىقامسىز ؟ ئىلىم - پەنگە ئىشتىياقىڭىز بارمۇ ؟ تېكىستنى ئوقۇپ ، سازاڭ بېلىقلار دۇنياسى ھەققىدىكى قىياس بىلەن ئېينىشتېيىنىنىڭ تاماملانمىغان ئىشىغا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئاپتورنىڭ ئىلىم - پەن يولىدا ئىزدىنىشىگە قانداق تۈرتكە بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىڭ .

**جاۋاب :** ھەرقانداق ئادەم كىچىكىدىن تارتىپ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ . بۇ جەرياندا تۈرلۈك - تۈمەن سوئاللار ئادەمنىڭ بالىلىق قەلبىنى غىدىقلاپ ، ئۇنىڭ تەبىئەتكە ، جەمئىيەتكە ، ئىلىم - پەنگە بولغان قىزىقىش ، ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرىدۇ . ئەمما تۈرلۈك ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى بەزىلەر ئۆز ئارزۇسى بويىچە تىرىشىپ تەبىئەتنىڭ سىرلىرىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولسا ، يەنە بەزىلەر بۇنداق ئىمتىيازغا نائىل بولالماسلىقى مۇمكىن . تېكىستتە سازاڭ بېلىق دۇنياسى ھەققىدىكى ئاساسقا قارىتا ئاپتور ئىنسانلارنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىدىكى چەكلىملىكنى ھېس قىلغان ، دۇنيانىڭ سىرلىرىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاتقان . سازاڭ بېلىق بىلەن ئۆزىنىڭ باشقا - باشقا بىر دۇنيادا ياشاپ ھەرىكەت قىلىشلىرىنى بارلىق زېھنى بىلەن تەتقىق قىلىپ ، بۇ ئاساستا ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئىلىم - پەن ھېكايىلىرىنى ئوقۇش ، ئېينىشتېيىنىنىڭ ئۆز تەتقىقاتىنى تاماملىيالمىغان ئىشىغا بولغان چوڭقۇر ئىنتىلىشلىرى نەتىجىسىدە ئىلىم - پەنگە بولغان ئىشتىياقى كۈنسېرى كۈچىيىپ بارغان بولۇپ ، كىچىكىدىن تارتىپ تەبىئەتنى كۆزىتىش ئۇنىڭدا ئىلىم - پەنگە بولغان دەسلەپكى قىزىقىشنى يېتىلدۈرگەن بولسا ،

مۇئەللىمنىڭ ئېينىشتېيىننىڭ تاماملانمىغان تەتقىقات ئىشى ھەققىدىكى بايانلىرى ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. نەتىجىدە ئۇ ئېينىشتېيىننىڭ تاماملانمىغان شۇ تەتقىقات ئىشىنى بىلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئۇنىڭغا ئالاقىدار يېپ ئۇچلىرىنى تەقەززالىق بىلەن ئىزدىگەن ۋە بىر قىسىم تەجرىبىلەرنى بىۋاسىتە ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ، ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن ئۇل ھازىرلىغان.

2. قىزىقلارنىڭ نەزەرىيەلىرى ھەرقانچە چوڭقۇر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىكى قائىدىلەر كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى تەسىراتلار بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ تېكىستتە تەسۋىرلەنگەن سازاڭ بېلىقتىن قانداق ئىلھام ئالدىڭىز؟ سىزدىمۇ شۇنداق ئاجايىپ خىياللار بولغانمۇ؟

جاۋاب: تېكىستتە تەسۋىرلەنگەن سازاڭ بېلىق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار، كىشىگە تەبىئەتنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش، تەسەۋۋۇرغا باي بولۇش، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە بولۇشتەك ئىجادچانلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. مەسىلەن، يەر شارىدا تۇرۇپ كۆزەتسەك، يەر شارىنى تەكشىلىك دەپ ھېس قىلىمىز، ئەمما ئېگىز بوشلۇقتىن قارىساق، يەر شارىنىڭ سىرتىنىڭ ئەگرى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ خۇددى سازاڭ بېلىقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالەمنى كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ كۆرگىنى كۆرۈنمەس سۇ يۈزى بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

3. ئاپتورنىڭ «ئالىم» بېلىق ھەققىدىكى خىياللىرى تولىمۇ قىزىقارلىق، ناۋادا بىز ئىنسانلارنى ھايۋانلارنىڭ نەزەرىدە كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، بۇمۇ قىزىقارلىق بولامدۇ-قانداق؟ مەسىلەن، ناۋادا بىرەر ھايۋان (ئىت، مۈشۈك، توخۇ ياكى قارلىغاچ دېگەندەك) «ئالىم» مەخسۇس ئىنسانلارنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى سىرلار ھەققىدە بىرەر پارچە «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسىرى» يازماقچى دەپ قارايلى، سىز ئاشۇ «ئالىم» ھايۋاننىڭ ئورنىدا قەلەم تەۋرىتىپ باقالامسىز؟

بۇ سوئالغا ئوقۇغۇچىلار تەسەۋۋۇرىنى قانات يايدۇرۇپ ئەتراپىدىكى تونۇش ھايۋانلار ئاساسىدا ماتېرىيال توپلاپ يېزىپ باقسا بولىدۇ.

## 12. «قۇشلار نېمىشقا ئۇچالايدۇ» ھەققىدە

بۇ ئاباس بۇرھاننىڭ ئەسىرى بولۇپ، ژانىرى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن ئېنىقلىما بېرىش، تورگە ئايرىش، مىسال كەلتۈرۈش، سانلىق مەلۇمات بېرىش، سېلىشتۇرۇش، رەسىملەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش قاتارلىقلار قوللىنىلغان.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. سىز قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆز ـ ئۆزىڭىزگە: «قۇشلار نېمىشقا ئۇچالايدىغاندۇ» ياكى «قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ماھارىتى نېمىشقا شۇنچىۋالا يۇقىرى بولىدىغاندۇ؟» دەپ سوئال قويۇپ باققانمۇ؟ تېكىستنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، قۇشلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدە ئۇچالىشىدىكى كونكرېت سەۋەبلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ

بېقىڭ .

جاۋاب : (ئالدىنقى سوئاللارغا ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىي جاۋاب بەرسە بولىدۇ .)

قۇشلارنىڭ ئۇچۇش شەكلى ئادەتتە قانات قېقىپ ئۇچۇش ، شۇڭغۇپ ئۇچۇش ، لەيلەپ ئۇچۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ . قۇشلارنىڭ بۇنداق ئۇچالىشىدىكى كونكـ-رېت سەۋەبلەر : بىرىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ بەدىنىنى قاپلىغان پەيلەر ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، قۇشلار ئۇچقاندا ھاۋانىڭ قارشىلىقىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىدۇ . ئىككىنچىدىن ، قۇشلاردىكى قانات ۋە قۇيرۇقلارنىڭ بولۇشى بولۇپ ، قۇيرۇق قۇشلارنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىنى توغرىلاپ بەرسە ، قانات قۇشلار ئۇچقاندا يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنىپ كۆتۈرۈلۈش كۈچى ھاسىل قىلىشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قۇشلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈش شەكلىمۇ قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ ياشاشـ-تىن ئىبارەت تۇرمۇش ئادىتىگە لايىقلاشقان نۇرغۇن فىزىيولوگىيەلىك ، ئاناتومىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قۇشلار ئۇچقاندا ھاۋانىڭ قارشىلىقىنى كېمەيتىش ، ھاۋانى يېرىپ ئۇچۇش ، يۇقىرى بوشلۇقتا ئۇزاققىچە ئۇچۇپ يۈرۈش قاتارلىقلارغا پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ .

كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ .

2 . فىزىكا ۋە بىيولوگىيەگە دائىر چۈشەنچىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىڭ :

1 ) قۇشلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسلىشىدىكى ئەھۋاللاردىن قانداق فىزىكىلىق قانۇنـ-يەتنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ ؟

جاۋاب : كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ، ئېقىش تېزلىكى بىلەن گاز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ، قارشىلىق كۈچى بىلەن سۈركىلىش يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ .

2 ) نېمە ئۈچۈن بۈركۈت 1000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپمۇ يەردىكى بىر پارچە گۆشنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ ؟

جاۋاب : كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ ، قۇشلارنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلىكى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق جانلىقنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ ، بۈركۈتنىڭ 1000 مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپمۇ يەردىكى كىچىككىنە ئولجىنى كۆرەلىشى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدىن بولغان .

3 . قۇشلار ئۇچالايدۇ ، بىراق قۇشلار ئىچىدە تۆگىقۇش قانىتى تۇرۇپمۇ ئۇچالمايدۇ . بىيولوگىيەگە ئائىت بىلىمىڭىزگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئۇچالماسلىقىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرۈڭ .

(ئوقۇغۇچىلار بىيولوگىيە بىلىملىرى ئاساسىدا ماتېرىيال كۆرۈپ كېلىپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ .) جاۋابى قىسقارتىلدى .

# 13 . «ساقچى ھەسەل ھەرىلىرى كۆزەتتە» ھەققىدە

بۇ ئابلەت ئابدۇللانىڭ ئەسىرى بولۇپ ، ژانىرى چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالە ، چۈشەندۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن ئېنىقلىما بېرىش ، تۈرگە ئايرىش ، سانلىق مەلۇمات بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ھەسەل ھەرىسى دەسلەپكى يېتىلىش باسقۇچىدىكى تەييارلىق ئۇچۇش مەزگىلىدە قانداق ئۇچۇشلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ ؟ مەقسىتى نېمە ؟

جاۋاب : ھەسەل ھەرىلىرى دەسلەپتە ساندۇق ئىچىدە شارائىتقا قاراپ يىراق ـ يېقىنغا ئۇچۇش تەييارلىقىنى ئېلىپ بارىدۇ . ئۇلارنىڭ تۇنجى ئۇچۇشى ئادەتتىكى ئۇچۇشلارغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ ، ئۇلار ئۇچۇش سۈپىسىدىن ئانچە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەي ، ھەرە ساندۇقىدىن 2 ـ 3 مېتىر نېرىغا بېشىنى ساندۇق تەرەپكە قارىتىپ ، ھاۋادا بىر ـ ئىككى مىنۇت توختاپ ، كۆنەككە قايتىپ كېلىدۇ ـ دە ، يەنە ئۆزىنىڭ ساندۇق ئىچىدە قىلىۋاتقان ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ . ئەگەر ھاۋا رايى ياخشى بولسا ، بۇنداق ئۆگىنىش ئۇچۇشىنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ . بۇ چاغدا ئالدىنقى قېتىمقىدەك ، يەنىلا كۆزىنى ساندۇقتىن ئۈزمەي ، ئانچە يىراق بولمىغان ئارىلىققا ئۇچىدۇ . كېيىنكى ئۇچۇشلاردا بېشىنى ساندۇق تەرەپكە قاراتسىمۇ ، لېكىن ئىشەنچلىك ئۇچىدۇ .

ئۇلارنىڭ ساندۇق ئىچىدىكى ۋەزىپىسى «ساقچى» بولۇپ ، كۆزەتتە تۇرۇش . دەسلەپكى ئۇچۇش باسقۇچىدىكى تەييارلىق ئۇچۇش مەگىلىدە ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇچۇشنى مەشىق قىلسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ساندۇقنى ساقلايدۇ . ئۇچۇشنى مەشىق قىلىۋالغاندىن كېيىن رەسمىي ھەسەل يىغقۇچى ھەرە بولۇپ يېتىلىدۇ .

2 . نېمە ئۈچۈن ھەسەل ھەرىسىنىڭ بەدىنىدىكى ئىككى بەزدىن چىققان سۇيۇقلۇق زەھەر ئايرىم ـ ئايرىم تۇرغاندا ئانچە زەھەرلىك بولمىسىمۇ ، ئەمما قوشۇلغاندا ئاجايىپ ئۆتكۈر زەھەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ ؟

جاۋاب : ھەسەل ھەرىسىنىڭ بەدىنىدىكى ئىككى بەزدىن چىققان سۇيۇقلۇق زەھەر ئايرىم ـ ئايرىم تۇرغاندا ئانچە زەھەرلىك ئەمەس . ئەمما ئۇلار قوشۇلغاندا ئاجايىپ ئۆتكۈر زەھەرگە ئايلىنىدۇ . يەنى ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن تېز سۈرئەتلىك خىمىيەلىك رېئاكسىيە ھاسىل قىلىپ ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ ئەنە شۇنداق ئاجايىپ ئۆتكۈر زەھەرگە ئايلىنىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئەشەددىي دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىدۇ .

3 . ھەسەل ھەرىلىرى قانداق ئەھۋالدا باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ؟ كۈتۈلمىگەندە سىزنى ھەسەل ھەرىسى چېقىۋالسا زەھەرنى قانداق قايتۇرىسىز ؟ ئاتا ـ ئانىڭىز ياكى باشقا كىشىلەردىن سوراپ بىلىۋېلىڭ .

جاۋاب : ھەسەل ھەرىسىنىڭ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب تۆۋەندىكىچە :

1 ) تاسادىپىي ھەسەل يىغىش توختاپ قېلىش ، ھەرە باققۇچىلارنىڭ پاكىز بولماسلىقى ، ھەرىلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قوپال مۇئامىلە قىلىش ، بولۇپمۇ ھەسەل يىغىش

مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلىنىدىغان ئىشلارنى خاتا ئورۇنلاشتۇرۇش .

2 ) ھەسەل توكىدىغان ساندۇقتا ئوغرىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشى ، ئوزاق ۋاقىتلارغىچە ھەرىلەرنىڭ ھايۋانلارغا (ئات ، كالا ، كىرپە ) ھۇجۇم قىلىشى ياكى شامالدا يوپۇرماقلارنىڭ لىپىلداپ تۇرۇشى .

3 ) زىرائەتلەرگە خىمىيەۋى دورىلارنى چاچقاندا ، ھاۋا رايى شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى .

4 ) يېقىن ئەتراپتا ھەرە ئائىلىلىرىنىڭ بولۇشى .

5 ) ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىپ كەلگەن شىرنە ياكى گۈل چېڭىدا ئالكوھولنىڭ بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرىلەر باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ .

كۆتۈلمىگەندە ھەسەل ھەرىسى چېقىۋالسا ، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى سوئالنىڭ جاۋابى ئوقۇغۇچىلارغا قالدۇرۇلىدۇ .

4 . چۈشەندۈرۈش ئەسەرلىرى ئادەتتە ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلىدۇ . بۇ ئەسەر بولسا بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان ، بۇنىڭدىن قانداق ئۈنۈم يارىتىلغان ؟ سىزمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ، بىرەر ھاشارات ياكى ھايۋاننىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى يېزىپ بېقىڭ .

جاۋاب : بۇ ئەسەر ئەدەبىي خاراكتېرلىك چۈشەندۈرۈش ئەسىرى بولۇپ ، ھەسەل ھەرىسىدىن ئىبارەت جانلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى «بىز» دېگەن بايان شەكلىدە ئىنتايىن جانلىق ، ئوبرازلىق ، قىزىقارلىق ئىپادىلەنگەن . بەدىئىيلىك بىلەن ئىلمىيلىك زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن . ھەسەل ھەرىسى ھەققىدىكى ساۋاتلار بەدىئىي ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە ئادەملەشتۈرۈلۈپ جانلىق ئىپادىلەنگەن . بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ جەلپكار ، قىزىقارلىق ، جانلىق ، ئوبرازلىق بولۇشى ئىشقا ئاشقان . كېيىنكى سوئال تەلىپى قالدۇرۇلدى .

## ئۇيغۇر تىلى

### مىقدار ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

**1 . مىدار دېگەن نېمە؟ مىقدار نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .**

جاۋاب : شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى مىقدار دەپ ئاتىلىدۇ .

مىقدارلار تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) مىقدارلار كېلىش مەنبەسىگە ۋە قوللىنىلىش دائىرىسىگە ئاساسەن خاس مىقدار ۋە كۆچمە مىقدار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

خاس مىقدار — ئىزچىل ھالدا مىقدار رولىدىلا كېلىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، گىرام ، مېتىر ، چارەك ، غېرىچ ، لىتىر . . .

كۆچمە مىقدار — ئۆزىنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ ، مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، بىر ئېغىز ئۆي ، ئىككى ساندۇق كىتاب ، بىر ماشىنا ئادەم . . .

2 ) مىقدارلار يەنە مەنىسى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ .

شەيئى مىقدارلىرى — ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ ، شەيئىلەرنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلارنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، بىر مېتىر رەخت ، بىر يۇتۇم سۇ ، بەش توننا ئاشلىق . . .

ھەرىكەت مىقدارلىرى — پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلارنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، بىر يىل قاتنىماق ، بەش چاقىرىم يۈرمەك ، ئۈچ ئوتلام ئىچمەك . . .

**2 . مىقدار قانداق گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟**

1 ) مىقدارلار ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئادەتتە سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن ، بىر كىلو ئانار ، ئۈچ نەپەر بالا ، بىر توغرام يېمەك ، بىر سائەت ئولتۇرماق . . .

2 ) سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كەلسە ، شەيئىنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ، پېئىللارنىڭ ئالدىدا كەلسە ، ھەرىكەتنىڭ مىقدارى ياكى قېتىم سانىنى ئېنىقلاپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . ئىسمىغا خاس بولغان قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ ، جۈملىدە ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① دەرستىن يېنىپ بىر مەيدان كىنو كۆردۈم . (ئېنىقلىغۇچى )
② سېنى ئىزدەپ ئۆيۈڭگە ئۈچ قېتىم باردىم . (هالەت )
③ بۇ ياغاچلارنىڭ ئون تىلى قارىغاي ، بەش تىلى تېرەك . (ئىگە )
④ ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكى 150 سانتىمېتىر. (ئىگە )
⑤ بۇ يەرنىڭ بەش موسىنى مەن سېتىۋالىمەن . (تولدۇرغۇچى )

3 ) مىقدارلار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە . ئۇ قوشۇمچىلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن بىر قىسىم ياسالما مىقدارلارنى ياسايدۇ . مەسىلەن :

ئوتلا + م = ئوتلام ، سىق + ىم = سىقىم ، يۇت + ۇم = يۇتۇم ، يۇد + ۇم = يۇدۇم ، تىز + ىق = تىزىق

4 ) بەزى سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرىگە «ـ چە ، ـ دەك ، ـ تەك» قاتارلىق قوشۇمچىلار ۋە «يېقىن ، ئارتۇق ، ئەتراپىدا» دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۆلچەر ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن ، 10 كىلوچە ئۈزۈم ، 20 قېتىمدەك بارماق .

5 ) بىر قىسىم مىقدارلار «ـ لاپ ، ـ لەپ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشكە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن :

خاماندىكى بۇغدايلارنى هارۋىلاپ توشۇپ تۈگىتەلمەيسەن .

سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ . مەسىلەن : يەشىكتىكى ئالما 15 كىلو ئىكەن .

بۇ رەختنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر كەلدى .

**1 ـ كۆنۈكمە :1** ) تەركىبىدە خاس مىقدار كەلگەن تۆت جۈملە ، كۆچمە مىقدار كەلگەن تۆت جۈملە تۈزۈڭ .

خاس مىقدار كەلگەن جۈملىلەر (ئۈلگە ) :
① دادام بىر باغلام بېدە ئېلىپ كەپتۇ .
② ئىككى دانە ئالمىنى ئۇكامغا ساقلاپ قويدۇم .
③ دورا ئىچكەندىن كېيىن ئىككى يۇتۇم قايناق سۇ ئىچىۋېتىش لازىم .
④ هويلىغا بىر تۈپ ئالما كۆچىتى تىكتۇق .

تەركىبىدە كۆچمە مىقدار كەلگەن جۈملىلەر :
① بىز تۆت خالتا گۈرۈچ سېتىۋالماقچى .
② ئۇلار غۇلجىدا 20 كۈن تۇر
③ سىلەرگە ئىككى ئېغىز ئۆي مۇ ؟
④ مەن يەنە ئىككى يىل ئوقۇيمەن .

2 ) تەركىبىدە شەيئى مىقدارى قوللىنىلغان تۆت جۈملە ، هەرىكەت مىقدارى قوللىنىلـ-غان تۆت جۈملە تۈزۈڭ .

**جاۋاب :** تەركىبىدە شەيئى مىقدارى قوللىنىلغان جۈملىلەر (ئۈلگە ) :
① مەن 10 لىتىر ماي سېتىۋالىمەن .
② ئاكام بىر پارچە ماقالە يازدى .

③ ئىشىك ئالدىدا ئالتە ـ يەتتە تۈپ دەرەخ بار .

④ بۇ قېتىم بەش نەپەر ئوقۇغۇچى كېچىكىپ كەلدى .

تەركىبىدە ھەرىكەت مىقدارى قوللىنىلغان جۈملىلەر : (ئۈلگە )

① ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم باردىم .

② بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئىككى مەيدان ئۇتتۇق .

③ چايدىن بىر ئوتلام ئىچىۋېلىڭ .

**2 ـ كۆنۈكمە :** 1 ) سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى ئىگە ، تولدۇرغۇچى ۋە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئالتە جۈملە تۈزۈڭ .

① گۈرۈچنىڭ بىر خالتىسى 40 يۈەن . (ئىگە )

② كۆمۈرنىڭ بىر تونىنىسى قانچە يۈەن ؟ (ئىگە )

③ نەشپۈتنىڭ بىر يەشىكىنى سىز ئىشلىتىڭ . (تولدۇرغۇچى )

④ كىتـابنىڭ بىر پارچىسىنى ئاينۇرغا ئارىيەت بەرگەن ئىدىم . (تولدۇرغۇچى )

⑤ ئۆيۈم بىلەن مەكتەپنىڭ ئارىلىقى تۆت چاقىرىم كېلىدۇ . (خەۋەر )

⑥ ئۇنىڭ قولىدىكى ئۈزۈك سەككىز گىرام .

2 ) تۆۋەندىكى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ مىقدار سۆزدىن ئۇنى ياساڭ .

م — چىشلە + م = چىشلەم ، باغلا + م = باغلام

ىم — سىق + ىم = سىقىم ، قېت + ىم = قېتىم

ۇم — يۇد + ۇم = يۇدۇم

ىق — تاڭ + ىق = تېڭىق

## ئالماش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

**1 . ئالماش دېگەن نېمە؟**

ئۆزىدىن باشقا مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئادالەت نەمۇنىچى ئوقۇغۇچى ، سەنمۇ شۇنداق ئوقۇغۇچى بولۇشقا تىرىشقىن .

بۇ جۈملىدە «سەنمۇ» دېگەن ئالماش تىلغا ئېلىنغۇچىدىن ئىبارەت ئىككىنچى شەخسنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ، «شۇنداق» دېگەن ئالماش «نەمۇنىچى» دېگەن سۈپەتنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن .

**2 . ئالماشلار نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار ؟ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈڭ .**

ئالماشلار لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) شەخس ئالماشلىرى : شەيئىلەرنى سۆزلىگۈچى ، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى نۇقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان ئالماشلار شەخس ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخس ئالماشلىرى تۆۋەندىكىچە :

بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «مەن» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «بىز» .
ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «سەن ، سىز» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «سىلەر» .
ئۈچىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن «ئۇ» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «ئۇلار» .
شەخس ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمەي ، كېلىش قوشۇمچىسى بىلەنلا تۈرلىنىدۇ . مەسىلەن :
مەن — مېنىڭ ، مېنى ، ماڭا ، مەندە . . .
سەن — سېنىڭ ، سېنى ، ساڭا ، سەندىن . . .
ئۇ — ئۇنىڭ ، ئۇنى ، ئۇنىڭغا ، ئۇنىڭدىن ، ئۇنىڭدا
سىلەر — سىلەرنىڭ ، سىلەرنى ، سىلەرگە . . .
2 ) كۆرسىتىش ئالماشلىرى : شەيئىلەرنى ياكى تۈرلۈك بەلگە ـ ھالەتلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .
ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى «ئۇ ، ئۇ ، شۇ ، مۇشۇ ، ئاۋۇ ، ماۋۇ ، ئۇنداق ، مۇنداق ، ئاشۇنداق ، مۇشۇنداق ، ئانچىۋالا ، مۇنچىۋالا ، قانچىلىك ، مۇنچىلىك . . .» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مەسىلەن :
ئۇ مېنىڭ ماتېرىيالىم . بۇ ئىش ناھايىتى مۇھىم .
3 ) سوئال ئالماشلىرى : شەيئى ، بەلگە ، سان ، مىقدار ۋە ھەرىكەتنىڭ بەلگىسى ھەققىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار سوئال ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .
ئۇيغۇر تىلىدىكى سوئال ئالماشلىرى «كىم ، نېمە ، قايسى ، قانداق ، قاچان ، قانچە ، قانچىلىك ، نەچچە ، نەچچىلىك ، قەيەر ، نە ، قاياق ، قېنى ، قانچىنچى ، نەچچىنچى ، نېمىشقا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .
4 ) ئۆزلۈك ئالماشلىرى : شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماش ئۆزلۈك ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ .
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلۈك ئالمىشى «ئۆز» دېگەن بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ ئىسىمنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ھالدا قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن :
ئۆز + ۈم = ئۆزۈم ، ئۆز + ۈڭ = ئۆزۈڭ ، ئۆز + ىڭىز = ئۆزىڭىز ، ئۆز + ى = ئۆزى ، ئۆز + ىمىز ، ئۆز + ۈڭلار ، ئۆز + ى . . .
ئۆزلۈك ئالمىشى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىدۇ . مەسىلەن :
ئۆزۈم توغرۇلۇق ، ئۆزىگە ئائىت . . .
5 ) بەلگىلەش ئالماشلىرى : مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە ، سان ـ مىقدار ، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى (ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى) بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بەلگىلەش ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .
ئۇيغۇر تىلىدىكى بەلگىلەش ئالماشلىرى «ھەممە ، پۈتۈن ، پۈتكۈل ، بارلىق» قاتارلىقلار بولۇپ ، ئۇنىڭدىن باشقا «ھەر» سۆزىگە سوئال ئالماشلىرى ۋە «بىر ، يەر» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ .

6 ) بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى : شەيئى ، بەلگە ، خۇسۇسىيەت ، سان ـ مىقدار ھەققىدىكى ئىنكارنى (يوقلۇقنى ) بىلدۈرىدىغان ئالماشلار بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى «ھېچ» دېگەن سۆزگە سوئال ئالماشلىرى ۋە «نەرسە ، يەر ، بىر » دېگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .

بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى كەلگەن جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز شەكىلدە بولىدۇ . مەسىلەن : بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمىدى .

7 ) ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى : شەيئى ، بەلگە ، خۇسۇسىيەت ، سان ـ مىقدار ھەققىدىكى ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرىنىڭ بەزىلىرى سوئال ئالماشلىرىغا «دۇ ، تۇ» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ، بەزىلىرى «ئاللا ، بىر» سۆزلىرىگە سوئال ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . يەنە بەزى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى «بىر» سۆزىگە «قانچە ، نەچچە ، مۇنچە» ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : بۈگۈن ئۆيگە بىر مۇنچە مېھمان كەلدى .

**3 . ئالماشلار قانداق گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟**

1 ) ئالماشلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭكىدەك ئېنىق ئەمەس . مەسىلەن : «گۈل» ، «ئېگىز» دېسەك ئېنىق ئۇقۇم ئىپادىلىنىدۇ ، «ئاۋۇ ، كىمدۇ ، قايسى» دېسەك ئۇقۇم نىسبەتەن تۇتۇقراق ئىپادىلىنىدۇ .

2 ) ئالماشلار يىغىنچاقلاش رولىنى ئوينايدۇ .

3 ) ئالماشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى يوق . ئالماشلارنىڭ تۈرلىنىشى باشقا مۇستەقىل سۆزلەردەك سىستېمىلىق ئەمەس . بىر قىسىم ئالماشلار جۈملىدە بەزى ۋەزىپىدە كەلسىمۇ ، بەزى ۋەزىپىدە كەلمەيدۇ (ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولالمايدۇ ) .

4 ) ئالماشلار جۈملىدە ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

سىلەر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمسىلەر ؟ (ئىگە )

ئادىلنىڭ ئۆيى ئاۋۇ . (خەۋەر )

ھەممىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقتى . (ئېنىقلىغۇچى )

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ، ئۆزگىنى شىر چاغلا . (تولدۇرغۇچى )

مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن . (ھالەت )

5 ) ئالماشلار بەزى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق بىرقانچە ئىسىم ، سۈپەت ، پېئىل ياساش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەسىلەن :

ئۇنداق + چى= ئۇنداقچى ، مۇنداق + چى = مۇنداقچى ، سەن + لە= سەنلە ، سىز + لەپ=سىزلەپ . . .

6 ) ئالماشلار ياردەمچى پېئىللار ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ .مەسىلەن :

شۇنداق ئىدى . سەن توغرۇلۇق . . .

3 ـ كۆنۈكمە : ئالماشلارنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ .

(1) شەخس ئالماشلىرىغا ئۈلگە :

① ئەر تۆكۈپ تاپقان پۇل سىزنى بەختىيار ۋە خاتىرجەم قىلىدۇ .

② مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭ .

③ سىزگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار .

(2) كۆرسىتىش ئالماشلىرىغا ئۈلگە :

① مەن مۇشۇنچىلىك ئالسام بولدى .

② ئادىل ئاشۇنداق غەلىتە مىجەزلىك بالا .

③ شۇنچىۋالا كۆپ ئادەملەر ئارىسىدىن ئۇنى قانداقمۇ تاپارمەن ؟

(3) سوئال ئالماشلىرىغا ئۈلگە :

① ئۆيگە كىرگەن كىم ؟

② نېمىشقا دائىم گەپ ئاڭلىمايسەن ؟

③ قايسىڭلارنىڭ كىتابى يىتىپ كەتتى ؟

(4) ئۆزلۈك ئالماشلىرىغا ئۈلگە :

① ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا .

② ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىلغىن .

③ بۇ ماتېرىياللاردىن ئۆزۈڭگە لازىملىقىنى ئېلىپ قالغىن .

(5) بەلگىلەش ئالماشلىرىغا ئۈلگە :

① پۈتۈن دۇنيا پىرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار !

② ھەر كىم ھەر نېمە دېگەن بىلەن ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە بىلمەيدۇ .

③ ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ .

(6) بولۇشسىزلىق ئالماشلىرىغا ئۈلگە :

① مەن ھېچكىمنى تونۇمايمەن .

② بۈگۈن ھېچ يەرگە بارماي تۇرۇڭ .

③ ماڭا ھېچ نەرسە بولمىدى .

(7) ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى :

① كوچىدا كىمدۇ بىرى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى .

② مەن ئۇنى نەدىدۇ كۆرگەندەك قىلىمەن .

③ قاراڭغۇدا نېمىدۇ بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ كەتتىم .

4 ـ كۆنۈكمە : بۇ كىتابتىكى تېكىستتىن مەلۇم بىرىنى تاللاپ چىقىڭ ۋە ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى ئابزاسى (كۇپلېتى) نى تاللاپ ، ئۇنىڭدىكى ئالماشلارنى تېپىڭ ھەمدە جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

ئۇ خېتىدە بىز ئۈچۈن پارىژدىكى بىر خۇسۇسىي مېھمانخانىدىن ياتاق زاكاز قىلىپ
① ②

قويغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ بىزگە ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
③ ④

مەن يەنە ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈپ خەت يازدىم. («پارىژغا ساياھەت»)
⑤ ⑥

① ئۇ — ئىگە؛ ② بىز — «ئۈچۈن» تىركەلمىسى بىلەن قوشۇلۇپ تولدۇرغۇچى؛ ③ ئۆزىنىڭ — ئېنىقلىغۇچى؛ ④ بىزگە — ھالەت؛ ⑤ مەن — ئىگە؛ ⑥ ئۇنىڭغا — ھالەت

## رەۋىش توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە

**1. رەۋىش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا قانداق سوئاللار قويۇلىدۇ؟**

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشكە «قانداق، قانداق قىلىپ، قانداقچە، قاچان، قاچانغىچە، قاچاندىن بېرى»... قاتارلىق سوئاللار قويۇلىدۇ.

**2. رەۋىشلەر نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

جاۋاب: رەۋىشلەر مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) ۋاقىت رەۋىشلىرى — شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ۋاقىت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن، ئەتە، ھازىر، ھېلى، كۈن، بويى

2) ئورۇن رەۋىشلىرى — شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ئورۇن رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىچكىرى، ھەر تەرەپتە، شۇ يەردە، پەستە

3) ھالەت رەۋىشلىرى — شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: تېز، چاپسان، مەردانە، بىردەك، ئۈچقاندەك

4) دەرىجە رەۋىشلىرى — شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋە شەيئىلەر سۈپىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر دەرىجە رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: تازا، پۈتۈنلەي، ئاساسەن، سەل ـ پەل...

5) سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرى — شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبى ياكى مەقسىتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئەتەي، قەستەن، ئامالسىزلىقتىن، بىكاردىن ـ بىكار

**3. رەۋىشلەر قانداق گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟**

1) رەۋىشلەر جۈملىدە كۆپ ھاللاردا پېئىلغا، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە باغلىنىپ ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى.

ئۇكام خەتنى ناھايىتى ئاستا يازىدۇ.

2 ) رەۋىشلەر ئىسىم ۋە سۈپەتكە خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىدۇ ، لېكىن بۇ خىل تۈرلىنىش شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش سىستېمىلىق بولمايدۇ. مەسىلەن : ئەكرەم كەچرەك كەلدى .

3 ) رەۋىشلەر بەزىدە ئىسىمنىڭ كېلىش ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ئىگە ، تولدۇرغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ .

4 ) رەۋىشلەر ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە . مەسىلەن : مەرد + لەرچە = مەردلەرچە ، پاقا + چىلاپ = پاقىچىلاپ ، باتۇر + انە = باتۇرانە

5 ـ كۆنۈكمە : 1 ) رەۋىشنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ .

(1 ) ۋاقىت رەۋىشلىرىگە ئۈلگە :

① بۇ ئىشنى ھازىرغىچە ئۈنىڭغا ئۇقتۇرماي تۇرايلى .

② ئۇ كۈن بويى ئاسمانغا قاراپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلايتتى .

③ ل .مۇتەللىپ مەڭگۈ يادىمىزدىن چىقمايدۇ .

(2 ) ئورۇن رەۋىشلىرىگە ئۈلگە :

① ئىشىك ئالدىدا يوغان بىر كۆل بار ئىدى .

② دۈشمەنلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى .

③ سىزنى پەستە ساقلاپ تۇراي ، تېزراق چۈشۈڭ .

(3 ) ھالەت رەۋىشلىرىگە ئۈلگە :

① ئاپتور ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئايىشەمگە يېتىشىۋالدى .

② خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىش لازىم .

③ ئۇنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى .

(4 ) دەرىجە رەۋىشلىرىگە ئۈلگە :

① ئاكام بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى .

② مەن ھەرگىزمۇ گېپىمدىن يانمايمەن .

بۈگۈن راسا ئوينايتىمىز .

(5 ) سەۋەب ـ مەقسەت رەۋىشلىرىگە ئۈلگە :

① ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قەستەن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ .

② مەن ئامالسىزلىقتىن سېنى ئىزدەپ كەلدىم .

③ ھەممىمىز ساقا ياخشى بولسۇن دەپ بۇ گەپنى قىلىۋاتىمىز .

2 ) «ياخشى ، چىرايلىق ، ئۇرغۇن ، توغرا» دېگەن سۆزلەرنى بىر جۈملىدە سۈپەت رولىدا ، بىر جۈملىدە رەۋىش رولىدا كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ .

ياخشى — ياخشى ئوقۇغۇچىلار باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ . (سۈپەت )

ياخشى — ئاكام شاھماتنى ياخشى ئوينايدۇ . (رەۋىش )

چىرايلىق — چىرايلىق كىيىمنى ئۈزۈڭ كىي . (سۈپەت )

چىرايلىق — ئالىيە خەتنى چىرايلىق يازىدۇ . (رەۋىش )

نۇرغۇن — سىرتتا نۇرغۇن كىشىلەر سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.
نۇرغۇن — دادام مېۋىلەردىن نۇرغۇن سېتىۋاپتۇ.
توغرا — بېرىلگەن سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى تېپىپ بېقىڭ.
توغرا — سىز توغرا قىپسىز. (رەۋىش)
6 ـ كۆنۈكمە: رەۋىش ياسايدىغان ھەربىر قوشۇمچىگە بىردىن ياسالما رەۋىش تۈزۈڭ.
لارچە — باتۇرلارچە لەرچە — ۋەھشىيلەرچە
چىلاپ — ئارقىچىلاپ چىلەپ — ئۆچكىچىلەپ
چىسىغا — دېھقانچىسىغا چىسىگە — ئەسكەرچىسىگە
لاپ — مىڭلاپ لەپ — كەچلەپ
ىدە — گۇپپىدە ئى — يازلىقى، تاشقىرى
ەن — جاۋابەن چە — بۇگۈنچە ىچە — يازىچە

## پېئىل ھەققىدە ئۇمۇمىي چۈشەنچە

1. پېئىل دېگەن نېمە؟ قانداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ؟

شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ماڭ ـ، تۇر ـ، ياز ـ، ئوقۇ...

پېئىللار «نېمە قىلدى؟ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ نېمە قىلىندى؟ نېمە بولدى؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ نېمە بولماقچى؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ.

2. پېئىللار نېمىگە ئاساسەن شەخسلىك پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل دەپ ئايرىلىدۇ؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار مەنىسى ۋە رولىغا ئاساسەن شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

شەخسلىك پېئىل: ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە (ئادەمگە) تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن كەلدىم. ئۇلار ئىشلەۋاتىدۇ. سىلەر يازدىڭلار.

شەخسسىز پېئىل — ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە (ئادەمگە) تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدىغان، ئىسىم، سۈپەت، رەۋىشلەرنىڭ رولىدىلا كېلەلەيدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: كېلىش، كەلمەك، كەلگەن، كېلىپ...

3. بولۇشلۇق پېئىل، بولۇشسىز پېئىل دېگەن نېمە؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكى ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىغا ئاساسەن پېئىللار بولۇشلۇق پېئىل ۋە بولۇشسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بولۇشلۇق پېئىل — ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: مەن مەكتەپكە ماڭدىم. باللار توپ ئويناۋاتىدۇ.

بولۇشسىز پېئىل — ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ئىمتىھانغا قاتناشمىدى. مەن ئۇخلىيالمايۋاتىمەن.

**4 . پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ زامان شەكلى قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1 ) ئۆتكەن زامان شەكلى — ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى . مەسىلەن : ئوقۇدۇم ، ئوقۇدۇق ، ئىشلىدى ، يازمىدى . . .

2 ) پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى — ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى . مەسىلەن : ئوقۇۋاتىمەن ، ئىشلەۋاتىسىلەر ، يازمايۋاتىدۇ

3 ) پېئىلنىڭ كېلىدىغان زامان شەكلى — ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان زامان شەكلى . مەسىلەن : ئىشلەيمەن ، ئوقۇيمىز ، بارمايدۇ

ئەسكەرتىش : پېئىللارنىڭ زامان شەكلى ئۆز مەنىسىدە قوللىنىلىشتىن سىرت ، بەزىدە بىر خىل زامان شەكلى ئىككىنچى بىر خىل زامان مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن : ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 ـ يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان بولۇپ ، 1933 ـ يىلى شېڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن تۇرپاندا قەتلە قىلىنىدۇ .

**5 . پېئىلنىڭ راي شەكىللىرى دېگەن نېمە؟ پېئىللار قانچە رايغا بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتكە نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق پوزىتسىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر پېئىلنىڭ راي شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ . پېئىللارنىڭ راي شەكلى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) بايان رايى — سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ھەرىكەت توغرىسىدىكى بايانىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پېئىلنىڭ بايان رايى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : بالىلار مەكتەپكە ماڭدى .

2 ) شەرت رايى — مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر ھەرىكەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى شەرت رايى دەپ ئاتىلىدۇ .

شەرت رايى مۇرەككەپ جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ . شەرت رايى پېئىل تومۇرىغا «سا / ـسە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : ئۇلار بارسا ، مەنمۇ بارىمەن .

3 ) بۇيرۇق رايى — سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ھەرىكەتكە قارىتا بۇيرۇق ، تەلىپىنى بىلدۈرىدىغان راي شەكلى پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى دەپ ئاتىلىدۇ .

پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى پېئىل تومۇرىغا تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ :

ـ اي ، ـ ەي ، ي ، ـ ايلى ، ـ ەيلى ، ـ يلى ، ـ غىن ، ـ قىن ، ـ گىن ، ـ كىن ،

-ڭ ، -ىڭ ، -ۇڭ ، -ۈڭ ، -ڭلار ، -ۇڭلار ، -ۈڭلار ، -سىلا ، -سىلە

**6 . پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل دەرىجىلىرى قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللەر پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ :

1 ) ئەسلىي دەرىجە : دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكىل ئارقىلىق ھەرىكەتنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

بالىلار مەكتەپكە ماڭدى . بىز ئىشلىدۇق . ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ .

پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى باشقا دەرىجىلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ .

2 ) مەجھۇل دەرىجە : ھەرىكەتنىڭ نامەلۇم شەيئى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى مەجھۇل دەرىجە بولىدۇ .

مەجھۇل دەرىجە شەكلى پېئىل تومۇرىغا «-ل ، -ىل ، ۇل ، -ۈل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ، ئاخىرقى بوغۇمىدا «ل» بولغان پېئىل تومۇرىغا «-ىن ، ن» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ . مەسىلەن :

جىنايەتچى تۇتۇلدى .

چاپان ئاسقۇغا ئىلىندى .

تاپشۇرۇقلار تولۇق تارقىتىلدى .

3 ) ئۆزلۈك دەرىجە : ھەرىكەتنىڭ جۈملە ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى ۋە ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىگە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ياكى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىغۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى ئۆزلۈك دەرىجە بولىدۇ .

ئۆزلۈك دەرىجە پېئىل تومۇرىغا «-ن ، -ىن ، ۇن ، ۈن ، ل ، -ىل ، ۇل ، ۈل» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ .مەسىلەن :

ئاكام دوختۇرغا كۆرۈندى .

بۈگۈن كۈن تۇتۇلدى .

ئەسكەرتىش : (1) ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىنى ھاسىل قىلغۇچى قوشۇمچىلار شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولغانلىقتىن ، بۇ ئىككى خىل دەرىجە شەكلىنى جۈملىدىكى مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن :

باغدىكى گۈللەر ئېچىلدى . (ئۆزلۈك)

مەكتىپىمىزدە ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى . (مەجھۇل)

ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلدى . (ئۆزلۈك)

مەكتىپىمىزدە دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەر چىڭ تۇتۇلدى . (مەجھۇل)

(2) ئۇيغۇر تىلىدىكى «شادلاندى ، ئىككىلەندى» پېئىللىرى ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىللارغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشايدۇ . ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ ، لېكىن

ئۇلار ياسلىش تەرتىپى جەھەتتىن «ئىككىلە + ن + دى» شەكلىدە ئەمەس، «ئىككىلەن + دى» شەكلىدە بولغانلىقتىن، بۇلارنى ئۆزلۈك دەرىجە دېمەي، ئەسلىي دەرىجە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

(3) تىلىمىزدىكى بەزى پېئىللار ئۆزلۈك دەرىجە بويىچە نۆۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن: ماڭ -، ياز -، ئىشلە -، ئوقۇ -

4) ئۆملۈك دەرىجە: ھەرىكەتنىڭ بىرقانچە شەخس تەرىپىدىن بىرلىكتە ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆملۈك دەرىجە بولىدۇ.

پېئىللارنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلى پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ش، ىش، ۇش، ۈش» قوشۇمچىلىرى ۋە شەخس، سان، زامانىنى ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئويناش + تى = ئويناشتى

ياز + ىش + تۇق = يېزىشتۇق

كۆر + ۈش + تۇق = كۆرۈشتۇق

كۆر + ۈش + تى = كۆرۈشتى

ئەسكەرتىش: «سۆزلەش -، ياردەملەش» پېئىللىرى ئىسىملارغا بىۋاستە «- لاش، - لەش» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆملۈك دەرىجە ھېسابلانماي، ئەسلىي دەرىجە ھېسابلىنىدۇ.

5) مەجبۇرىي دەرىجە: ھەرىكەتنى جۈملىنىڭ ئىگىسى ئۆزى ئورۇندىماي، باشقا بىر شەخسكە ئورۇنداتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجبۇرىي دەرىجە بولىدۇ.

پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسىنى ياسايدىغان قوشۇمچىلار «دۇر»، «دۈر»، تۇر، تۈر، غۇز، قۇز، گۈز، كۈز» قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل تومۇرىغا ۋە «ار، ەر، اي، ەي» بوغۇملىرى بىلەن ئاياغلاشقان پېئىل تومۇرلىرىغا «ت» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش بىلەنمۇ مەجبۇرىي دەرىجە ياسىلىدۇ.

**7. مۇستەقىل پېئىل دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار جۈملە بۆلىكى بولۇش ياكى بولالماسلىقىغا قاراپ، مۇستەقىل ۋە ياردەمچى پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

مۇستەقىل پېئىل دېگىنىمىز، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالايدىغان پېئىللاردۇر. مەسىلەن:

بالىلار مەكتەپتىن <u>كەلدى</u>.

ھاۋا ئۇشتۇمتۇت <u>ئۆزگەردى</u>.

مەن تاپشۇرۇق <u>ئىشلەۋاتىمەن</u>.

**8. ياردەمچى پېئىللار دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار قايسىلار؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.**

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ دادىسى دوختۇر ئىكەن .
مۇئەللىم ئاغرىپ قالغان ئىدى .

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللاردىن «ئىدى ، ئىكەن ، ئىمىش ، لازىم ، كېرەك» قاتارلىقلار بار .

تىلىمىزدىكى «ئال ـ ، قال ، سال ـ ، باق ـ ، يات ، باشلا ، بەر ـ ، كۆر ـ ، قوي ـ ، كەت ، بول ـ ، چىق ـ ، كەل ـ ، ئۆت ـ ، ئولتۇر ـ ، يۈر ـ ، تۇر ـ» قاتارلىق مۇستەقىل پېئىللار ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ ، باشقا پېئىل ۋە سۆز تۈركۈملىرى بىلەن قوشۇلۇپ قوشما خەۋەر بولغاندا ياردەمچى پېئىل رولىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئاكام ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى .
ئۇ مەيداندا توپ ئويناپ يۈرىدۇ .
بىز ئۇلارنى مۇسابىقىدە يېڭىپ قويدۇق .

**9 . شەخسسىز پېئىللار قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

شەخسسىز پېئىللار تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

① سۈپەتداش ② ئىسىمداش ③ رەۋىشداش

**10 . سۈپەتداش دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

پېئىللىرى ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ، جۈملىدە پېئىل ھەم سۈپەت رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل سۈپەتداش دەپ ئاتىلىدۇ .

سۈپەتداشلار پېئىللارغا «ـ غان ، ـ قان ، ـ گەن ، ـ كەن ، ـ مار ، ـ ەر ، ـ ماس ، ـ مەس ، ىدىغان ، ـ يدىغان» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ .

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 ) سۈپەتداشلار بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز شەكىللەر بويىچە ، دەرىجە ، زامان شەكىللىرى بويىچە تۈرلىنىدۇ . مەسىلەن :

كۆرگەن ، كۆرۈنگەن ، كۆرۈشكەن ، كۆرىدىغان ، كۆرمەيۋاتقان ، كۆرۈلگەن

2 ) سۈپەتداشلار سۈپەت ئورنىدا قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن :

ئوقۇغان بالا ، ئۆچمەس ئىز ، بارار جاي .

3 ) سۈپەتداشلار سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ . مەسىلەن :
بۇ ئىشنى بىلىدىغانراق ئادەمدىن سوراپلى . كۆرىدىغانراق جايدا ئولتۇراپلى .

4 ) بەزى سۈپەتداشلار ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن :

ياخشى ئوقۇغانلار چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ . كەتكەنلەر كېلىدۇ ، كەتمەنلىگەنلەر كەلمەيدۇ .

**11. ئىسىمداش دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟**

پېئىللىق ھەم ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ، جۈملىدە پېئىل ھەم ئىسىم رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل ئىسىمداش دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىسىمداشلارنىڭ بەزىلىرى پېئىللارغا «ـ ش ، ىش ، ۇش ، ۈش ، ماق ، مەك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ . بەزىلىرى پېئىللارغا «غۇ ، قۇ ، گۇ ، كۇ»

قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى سۇپەتداشلارغا «لىق، لىك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

ئىسىمداشلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) بەزى ئىسىمداشلار بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق، دەرىجە، زامان مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش، ئوقۇماسلىق، ئوقۇلۇش، ئوقۇتۇش، ئوقۇغانلىق، ئوقۇمايۋاتقانلىق

2) ئىسىمداشلار ئىسىمنىڭ كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش - ئوقۇشۇم، يېزىش - يېزىشى، تېشىكلار

3) ئىسىمداشلار جۈملىنىڭ ھەممە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەكرەم بىلەن كۆرۈشكۈم بار. (ئىگە)

ئارتۇقچە كايىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ (ئېنىقلىغۇچى)

بىزنىڭ نىشانىمىز ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش. (خەۋەر)

بوۋام بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. (تولدۇرغۇچى)

مەن ئوقۇشقا بارىمەن. (ھالەت)

**12. رەۋىشداش دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

پېئىللىق ھەم رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان، جۈملىدە پېئىل ھەم رەۋىش رولىدا كېلىدىغان شەخسسىز پېئىل رەۋىشداش دەپ ئاتىلىدۇ.

رەۋىشداش پېئىللارغا تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ:

- غۇچە، - قۇچە، - گۇچە، - كۇچە، - غىلى، - قىلى، - گىلى، - كىلى، - غاچقا، - گەچكە، - كەچكە، - غاچ، - قاچ، - گەچ، - كەچ، - غانسېرى، - قانسېرى، - گەنسېرى، - كەنسېرى، - پ، - ىپ، - ۇپ، - ۈپ، - ئا، - ئە، - ي

ئۇنىڭدىن باشقا «- ماق، - مەك» شەكلىدىكى ئىسىمداشلارغا «چى» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەقسەت رەۋىشداشلىرى ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماقچى، تۇرماقچى، ئىشلىمەكچى

رەۋىشداشلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) رەۋىشداشلار كۆپلۈك، تەۋەلىك ۋە زامان راي قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق ۋە دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: بېرىپ، ئوقۇلۇپ، بارغانسېرى، تۇرمىغاچقا

2) رەۋىشداشلار قوشما پېئىللارنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن:

تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم.

دادام بىر ھازا جىم تۇرۇپ قالدى.

3) رەۋىشداشلار جۈملىدە پېئىلغا بېقىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كەتتى.

مەن كىيىم ئالماشتۇرغىلى كەلدىم .

4 ) مەقسەت رەۋىشداشلىرى خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

بىز تەكشەنبە كۈنى باغچىغا بارماقچى .

پائالىيەت ھازىر باشلانماقچى .

5 ) بەزى رەۋىشداشلار سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى بويىچە تۈرلىنىپ كېلىدۇ .
مەسىلەن :

قاراپراق مېڭىڭ .

كۆلمەيرەك ئولتۇرۇڭ .

**13 . پېئىللار قانداق گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟**

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلىرى
ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ

1 ) پېئىللار ئۆزىگە خاس شەخس ، سان ، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق ، زامان ، راي
ۋە دەرىجە شەكىللىرىگە ئىگە .

2 ) ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدە ئۆزئارا ئۆتۈشۈش ئەھۋالى
كۆرۈلسىمۇ ، پېئىللار (شەخسلىك ) بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرى ئۆزئارا ئۆتۈشمەيدۇ .
يەنى بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق ئۇقۇمى ، زامان ئۇقۇمى ۋە راي ئۇقۇمى پېئىلنىڭ ئۆزىگىلا
خاس ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ .

3 ) پېئىللار باشقا سۆزلەرنى تەشكىللەپ خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ ، جۈملىنى جۈملىلىك سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ .

4 ) ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ئىسىم خاراكتېرىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر
بىلەن بىرىكىپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ . ئۇ خىل قۇرۇلمىلار جۈملىدە پېئىل ئورنىدا
قوللىنىلىدۇ .مەسىلەن :

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولدى .

ئۇ كىشى باھارنىڭ دادىسى ئىكەن .

تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنىڭ بەشى كەم چىقتى .

5 ) پېئىللار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە .

پېئىل ياسايدىغان قوشۇمچىلار :

ـ ئىتۇر ، ـ شتۇر ، ـ مىسرا ، ـ ۇمرە ، ـ لا ، ـ لە ، ـ لاش ، ـ لەن ، ـ لان ،
ـ ست ، ـ سىرا ، ـ اي ، ـ ەي ، ـ ا ، ـ ە ، ـ دا ، ـ داش ، ـ غار ، ـ قۇر ، ـ ملدا ،
ـ ملدە ، ـ ۇلدا ، ـ ۇلدە ، ـ قىرا ، ـ كىرە ، ـ را ، ـ رە

7 ـ كۆنۈكمە : «ئوقۇ ـ» دېگەن پېئىلنى بىرلىك ، كۆپلۈك ، ئۈچ شەخس ۋە زامان
شەكلى بويىچە تۈرلەپ جۈملە تۈزۈڭ .

| زامان / شەخس | ھازىرقى زامان | ئۆتكەن زامان | كېلىدىغان زامان |
|---|---|---|---|
| بىرىنچى شەخس بىرلىك | مەن ئوقۇۋاتىمەن | مەن ئوقۇدۇم | مەن ئوقۇيمەن |
| كۆپلۈك | بىز ئوقۇۋاتىمىز | بىز ئوقۇدۇق | بىز ئوقۇيمىز |
| | سەن ئوقۇۋاتىسەن | سەن ئوقۇدۇڭ | سەن ئوقۇيسەن |
| ئىككىنچى شەخس بىرلىك | سىلەر ئوقۇۋاتىسىلەر | سىلەر ئوقۇدۇڭلار | سىلەر ئوقۇيسىلەر |
| كۆپلۈك | ئۇ ئوقۇۋاتىدۇ | ئۇ ئوقۇدى | ئۇ ئوقۇيدۇ |
| ئۈچىنچى شەخس بىرلىك | ئۇلار ئوقۇۋاتىدۇ | ئۇلار ئوقۇدى | ئۇلار ئوقۇيدۇ |
| سىپايىلىك | سىز ئوقۇۋاتىسىز | سىز ئوقۇدىڭىز | سىز ئوقۇيسىز |
| ھۆرمەت تۈرى | سىلى ئوقۇۋاتىدىلا | سىلى ئوقۇدىلا | سىلى ئوقۇيدىلا |

8 ـ كۆنۈكمە: «ئىشلە» دېگەن پېئىلنى ئۈچ راي بىلەن تۈرلەپ ئۈچ جۈملە تۈزۈڭ.

ئىشلەيمەن — مەن تىرىشىپ ئىشلەيمەن. (بايان)

ئىشلەي — تاپشۇرۇقنى تېزراق ئىشلەيلى. (بۇيرۇق)

ئىشلىسە — ئۇلار ئىشلىسە، مەنمۇ ئىشلەيمەن. (شەرت)

9 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى پېئىل ئۆزەكلىرىنى دەرىجە شەكىللىرى بويىچە نۆۋەتلەشتۈرۈڭ:

| دەرىجە / سۆزلەر | ئەسلىي دەرىجە | مەجھۇل دەرىجە | ئۆزلۈك دەرىجە | ئۆملۈك دەرىجە | مەجبۇرىي دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېيت | ئېيتتى | ئېيتىلدى | - | ئېيتىشتى | ئېيتقۇزدى |
| كىي | كىيدى | كىيىلدى | - | كىيىشتى | كىيدۈردى |
| ياز | يازدى | يېزىلدى | - | يېزىشتى | يازغۇزدى |
| ئۆزگەر | ئۆزگەردى | ئۆزگەرتىلدى | - | ئۆزگىرىشتى | ئۆزگەرتكۈزدى |
| ئوينا | ئوينىدى | ئوينالدى | - | ئويناشتى | ئويناتتى |
| ئوقۇ | ئوقۇدى | ئوقۇلدى | - | ئوقۇشتى | ئوقۇتتى |

10 ـ كۆنۈكمە: «بول ـ، قىل ـ، تۇر ـ، يەت» پېئىللىرىنى بىرىنچى جۈملىدە مۇستەقىل پېئىل، ئىككىنچى جۈملىدە ياردەمچى پېئىل رولىدا كەلتۈرۈڭ.

بول — خېمىر بولدى، مانتىنى تۈگەيلى. (مۇستەقىل پېئىل)

بول — ئـۇكـام ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدى. (ياردەمچى پېئىل)

قىل — بۇ ئىشنى سەن قىلغىن. (مۇستەقىل پېئىل)

تۇر — بىر چەتتە تۇرۇڭ. (مۇستەقىل پېئىل)

تۇر — ئۇنى ساقلاپ تۇرايلى. (ياردەمچى پېئىل)

يەت — ئالما ھەربىرىمىزگە بىردىن يەتتى. (مۇستەقىل)

يەت — سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ يەتتىم. (ياردەمچى پېئىل)

11 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرنى شەخسسىز پېئىللارنىڭ ھەربىر تۈرى بويىچە تۈرلەپ جۈملە تۈزۈڭ:

ئوقۇ، ياز، كەل، ئىشلە، تۇر، بول، ماڭ

ئوقۇ — ئايىنۇر 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. (سۈپەتداش)

ئوقۇ — سىنىپىمىزدا كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. (ئىسمداش)

ئوقۇ — بىز مەكتەپكە ئوقۇغىلى كەلدۇق. (رەۋىشداش)

ياز — بۇ خەتنى يازغان ئادەمنى تېخى تاپالمىدۇق. (سۈپەتداش)

ئادىل بېشىنى كۆتۈرمەي يېزىشقا باشلىدى. (ئىسمداش)

مايمۇنچاق يازغىنىرى خېتىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. (رەۋىشداش)

كەل — ئۇ ئادەم بىزنىڭكىگە كەلگەن. (سۈپەتداش)

مېنىڭ ئۇرۇمچىنى كۆرۈپ كەلگۈم بار. (ئىسمداش)

بۈگۈن ئۆيىمىزگە كېلىپ كېتىڭ. (رەۋىشداش)

ئىشلە — ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. (سۈپەتداش)

بۇ مەسىلىنى قانداق ئىشلەشنى ئېيتىپ بەرسىڭىز. (ئىسمداش)

مەن تاپشۇرۇق ئىشلىگەچ تېلېۋىزور كۆردۈم. (رەۋىشداش)

تۇر — ئادىل ئەمدى تۇرار جايىنىمۇ بىلەلمىدى. (سۈپەتداش)

گۈلشەننىڭ مومىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇسى يوق. (ئىسمداش)

بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ. (رەۋىشداش)

بول — بۇ مەسىلە بۇرۇنلا ھەل بولغان. (سۈپەتداش)

ئۇنىڭ بۇ قېتىم مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر بولغۇسى بار ئىكەن. (ئىسمداش)

بىز ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاچقا، ئۆيگە قايتتۇق. (رەۋىشداش)

ماڭ — ئۇ ئوقۇشقا ماڭغاندا تېخى كىچىككىنە قىز ئىدى. (سۈپەتداش)

ئۇ خىيال بىلەن ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. (ئىسمداش)

بىز ماڭغاچ پاراڭلاشتۇق. (رەۋىشداش)

12 ـ كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ياردەمچى پېئىللارنى قوشۇپ جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلتۈرۈڭ:

توقسان، ئادەم، بولغان، 50 جىڭ، شۇنداق

توقسان — بۇ كىتابنىڭ سانى 90 چىقتى.

ئادەم — ئۇ ئاشۇنداق غەلىتە ئادەم ئىكەن.

بولغان — بىز ئالللىقاچان تەييار بولغان ئىدۇق.

50 جىڭ — بىر خالتا ئۇننىڭ ئېغىرلىقى 50 جىڭ كېلىدۇ.

شۇنداق — ئىشنىڭ ماھىيىتى ئەسلى شۇنداق ئىدى.

2 ) «ئوقۇ» دېگەن پېئىلنى پېئىلنىڭ شەخسسىز شەكىللىرى بىلەن تۈرلەپ ، بىردىن جۈملە تۈزۈڭ .

جاۋاب : ئوقۇ — ئوقۇغان ئادەم ئاڭلىق كېلىدۇ . (سۈپەتداش )

ئوقۇ — گۈلشەننىڭ ئوقۇشى تېخى تۈگىمىدى . (ئىسىمداش )

ئوقۇ — مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغان . (رەۋىشداش )

3 ) پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ ياسالما پېئىل ياساڭ .

شتۇر — سىلاشتۇر ، سىرە — كۆلۈمسىرە ، قىرا — شارقىرا ، لا — باشلا ، ش — پاراڭلاش ، سىرا — ئۈيقۇسىرا ، لە — ئىشلە ، سىت — كەمسىت

## لوگىكا بىلىملىرىدىن ساۋات

**1 . لوگىكا قانداق پەن؟ فورمال لوگىكا (ئومۇمىي لوگىكا )نىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى نېمە؟**

«لوگىكا» سۆزى ئىنگلىزچە « Logie » سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ ، ئۇ يۇنان تىلىدىكى «لوگوس» سۆزىدىن كەلگەن . ئۇ «ئىدىيە ، ئەقىل ، قانۇنىيەت» دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ .

«لوگىكا» كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ ، كىشىلەر بۇ ئاتالغۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى دېگەن مەنىنى ؛ بەزىدە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى دېگەن مەنىنى ؛ يەنە بەزىدە تەپەككۇر شەكىللىرى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، دەپ قاراپ كەلدى .

لوگىكا ئىلمى تەرەققىيات نەتىجىسىدە فورمال لوگىكا ، دىئالېكتىك لوگىكا ۋە ماتېماتىكىلىق لوگىكا دېگەن ئۈچ ئاساسىي تارماققا بۆلۈنگەن .

فورمال لوگىكا ئومۇمىي لوگىكا دەپمۇ ئاتىلىدۇ . فورمال لوگىكا تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرىنى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن .

**2 . تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرى دېگەن نېمە؟ تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى دېگەنچۇ؟**

تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرى دېگىنىمىز ، تەپەككۇرنىڭ تۈزۈلۈش - قۇرۇلۇش شەكلى دېگەنلىك بولىدۇ . ھەرقانداق بىر تەپەككۇر جەريانى ئۇقۇم ، ھۆكۈم ۋە خۇلاسە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ، ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭلاشقا يەنە ھەرقانداق تەپەككۇرنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە لوگىكىلىق شەكلى بولىدۇ . بۇ تەپەككۇر شەكىللىرى پىكىر مەزمۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى بولۇپ ، پىكىر مەزمۇنىنى باغلاش ، تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ . لوگىكا ئەنە شۇ پىكىرگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇقۇم ، ھۆكۈم ۋە خۇلاسىگە ئوخشاش ، تەپەككۇر شەكىللىرىنى ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى ، خۇسۇسىيىتى ، تۈرى ھەم رولى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ ، ئۆگىتىدۇ .

كىشىلەر ئۇقۇم ، ھۆكۈم ، خۇلاسىدىن پايدىلىنىپ پىكىر يۈرگۈزگەندە ، خالىغانچە ، قالايمىقان ھالدا ئەمەس ، بەلكى مۇئەييەن قائىدە ، قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا

پىكىر يۈرگۈزىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك . مانا مۇشۇنداق قىلىش تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ . تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ، ئەلۋەتتە ، توغرا تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى تۆت خىل بولۇپ ، ئۇلار : ئەينىيەت قانۇنىيىتى ، زىددىيەت قانۇنىيىتى ، يوقلۇق قانۇنىيىتى ۋە يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت . مانا بۇلار توغرا پىكىر قىلىشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ، پىكىرنىڭ توغرا بولۇشىنى تەمىنلەيدىغان زۆرۈر شەرتلەر .

**3 . ئۇقۇم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ سۆز ـ ئىبارە (سۆز بىرىكمىسى) بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟**

ئۇقۇم دېگىنىمىز ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت .

ئۇقۇم ئەمەلىي مەنىگە ئىگە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسى ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ، ئۇقۇم بولسا سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەنە ئىپادىلەش مەزمۇنى . مەسىلەن ، بەش ، باش ، گىرامماتىكا ، ئومۇمىي لوگىكا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى . . .

**4 . ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ۋە ھەجمى دېگەن نېمە؟**

ئۇقۇمنىڭ مېغىزى دېگىنىمىز ، ئۇقۇمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ خاس بەلگىسى ياكى ماھىيەتلىك بەلگىسى دېگەنلىكتۇر . بۇ ئادەتتە ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن ، «تاۋار» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بولۇپ ، بۇ «ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان ئەمگەك مەھسۇلاتى» دېگەنلىك بولىدۇ .

ئۇقۇمنىڭ ھەجمى دېگىنىمىز ، ئۇقۇمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خاس بەلگە ياكى ماھىيەتلىك بەلگىگە ئىگە ئوبيېكت دېگەنلىك . مەسىلەن ، «تاۋار» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغانلىكى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى «تاۋار» ئۇقۇمىنىڭ ھەجمى ھېسابلىنىدۇ . «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمى بولسا قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ، جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەلگىچە بولغان دائىرىدىكى بارلىق ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

**5 . خاس ئۇقۇم ، تۈرداش ئۇقۇم دېگەن نېمە؟**

خاس ئۇقۇم بىرلا ئوبيېكتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇم بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەجمى بىرلا يەككە ئوبيېكتنى كۆرسىتىدۇ ، تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، خاس ئىسىملارنىڭ ھەممىسى خاس ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن ، «جۇڭگو» ، «لۇشۈن» ، «چاڭجياڭ دەرياسى» . تۈرداش ئۇقۇم بىردىن ئارتۇق ئوبيېكتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇم بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەجمى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوبيېكتتىن تەركىب تاپقان تۈرنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، «ئادەم» ، «ھايۋان» ، «ماشىنا» . . .

**6 . توپلام ئۇقۇم بىلەن غەيرىي توپلام ئۇقۇمنىڭ پەرقى نېمە؟**

ئوبيېكتلارنىڭ توپىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇقۇم توپلام ئۇقۇم دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «مەجمۇئە»، «ئورمان»، «ئىشچىلار سىنىپى»...

غەيرىي توپلام ئۇقۇم ئوبيېكتنىڭ توپىنى ئەكس ئەتتۇرمەيدىغان ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم»، «كىتاب»، «دەرەخ»، «سۆز»، «ھېكايە»...

ئەينى بىر سۆز بەزىدە توپلام مەنىسىدە قوللىنىلىپ، توپلام ئۇقۇمنى بىلدۈرسە؛ بەزىدە غەيرىي توپلام مەنىسىدە قوللىنىلىپ، غەيرىي توپلام ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

**7. ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرى ئوتتۇرىسىدا قانچە خىل مۇناسىۋەت بار؟ زىت مۇناسىۋەت بىلەن قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتنىڭ پەرقى نېمە؟**

ئۇقۇملارنىڭ ھەجىم جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرلۈك بولىدۇ:

تولۇق ماس مۇناسىۋەت؛ ھەقىقىي ئېچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى؛ ھەقىقىي ئېچىگە ئېلىنىش مۇناسىۋىتى؛ قىسمەن ماس مۇناسىۋەت؛ ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى.

زىت مۇناسىۋەت بىلەن قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مۇنداق: زىت مۇناسىۋەتتە A ۋە B ئىككى ئۇقۇم ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى C ئۇقۇمنىڭ تولۇق ھەجىمگە باراۋەر كەلسە، ئۇ ھالدا A بىلەن B ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زىت مۇناسىۋەت بولىدۇ. قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە A ۋە B دىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى C نىڭ پۈتۈن ھەجىمدىن كىچىك بولسا، ئۇ ھالدا A بىلەن B ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت بولىدۇ.

**8. ئېنىقلىما دېگەن نېمە؟**

ئېنىقلىما — ئۇقۇمنىڭ مېغىزىنى ئېچىپ بېرىدىغان لوگىكىلىق ئۇسۇل. ئۇ ئىخچام جۈملىلەر ئارقىلىق ئۇقۇم ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتنىڭ خاس بەلگىسى ياكى ماھىيەتلىك بەلگىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئېنىقلىمىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

ئېنىقلىما ئېنىقلانغۇچى ئۇقۇم، ئېنىقلىغۇچى ئۇقۇم ۋە باغلىغۇچىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئېنىقلىمىنىڭ باغلىغۇچىلىرى دائىم «... دۇر»، «دەپ ئاتىلىدۇ»، «دېمەك ... دېمەكتۇر»، «... دېگەندىن ئىبارەت» قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**9. ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

ھۆكۈم دېگىنىمىز، شەيئىلەرگە قارىتا مەلۇم بىر بەلگىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ياكى ئىنكار قىلىدىغان تەپەككۇر شەكلىدۇر. ئوبيېكتقا قارىتا ھېچنېمە تەستىقلىمىغان ياكى ئىنكار قىلمىغان پىكىر ھۆكۈم ھېسابلانمايدۇ.

ھەرقانداق ھۆكۈم ئۇقۇمدىن تۈزۈلىدۇ. ھۆكۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى: ① ھۆكۈم مەلۇم بىر شەيئىگە قارىتا ئۇنى تەستىقلايدۇ ياكى ئىنكار قىلىدۇ؛ ② مۇئەييەن شارائىتتا ھۆكۈم يا توغرا بولىدۇ، يا خاتا بولىدۇ، يا ھەقىقىي بولىدۇ، يا ساختا بولىدۇ.

10 . ھۆكۈم بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولىدۇ؟

ھۆكۈم بىلەن جۈملە ئۆزئارا باغلىنىشلىق ھەم ئۆزئارا پەرقلىق . ھۆكۈم جۈملىنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى ، جۈملە ھۆكۈمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ، ھەرقانداق ھۆكۈم جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مانا بۇ ئىككىسىنىڭ باغلىنىشى .

ھۆكۈم بىلەن جۈملە تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ :

1 ) ھەرقانداق ھۆكۈم جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ ، لېكىن تىلدىكى بارلىق جۈملە ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ . ئادەتتە بايان جۈملە بىلەن سوئال جۈملە ئىچىدىكى قايتۇرما سوئال جۈملە ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . قالغان جۈملىلەر ھۆكۈمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ .

2 ) ئەينى بىر ھۆكۈم ئوخشىمىغان جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .

3 ) ئەينى بىر جۈملە ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا ئوخشىمىغان ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ .

11 . خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى قانداق؟

خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم ، ئوبيېكتنىڭ مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ھۆكۈم . ئەنئەنىۋى لوگىكىدا خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم كەسمە ھۆكۈم نامى بىلەن ئاتىلىدۇ .

خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم ھۆكۈملەنگۈچى ، ھۆكۈملىگۈچى ، باغلىغۇچى ۋە مىقدار سۆزدىن ئىبارەت تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ .

ھۆكۈملەنگۈچى — مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدىغان ئوبيېكتنى كۆرسىتىدۇ .

ھۆكۈملىگۈچى — ھۆكۈملەنگۈچى ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرىدۇ .

باغلىغۇچى — ھۆكۈملەنگۈچى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىنىڭ باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ تەستىق باغلىغۇچى (ئادەتتە «دۇر» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ) ۋە ئىنكار باغلىغۇچى (ئادەتتە «ئەمەس» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ) دەپ ئىككى خىل بولىدۇ .

مىقدار سۆز — ھۆكۈملەنگۈچىنىڭ سانى ، مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇ ئومۇمىي مىقدار (ئادەتتە «ھەممە» ، «بارلىق» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ) ۋە جۇزئىي مىقدار (ئادەتتە «بەزى» ، «قىسمەن» دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ .

12 . خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرى قايسىلار؟

خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈمنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ :

| ھۆكۈم نامى | ھەرپ بەلگىسى | فورمۇلىسى | مىسال |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي تەستىق ھۆكۈم | SAP ياكى A | ھەممە S — P | ھەممە شەيئى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ |
| ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم | SEP ياكى E | ھەممە S — P ئەمەس | بىرمۇ ئادەم ئاسماندىن چۈشمىگەن |
| جۈزئىي تەستىق ھۆكۈم | SIP ياكى I | بەزى S — P | بەزى كىشىلەر شائىر |
| جۈزئىي ئىنكار ھۆكۈم | SOP ياكى O | بەزى S — P ئەمەس | بەزى ئوقۇغۇچىلار تىرىشچان ئەمەس |
| خاس تەستىق ھۆكۈم | - | بۇ S — P | ئا. ئۆتكۈر — ئەدىب |
| خاس ئىنكار ھۆكۈم | - | بۇ S — P ئەمەس | ئەمەت ئوقۇغۇچى ئەمەس |

**13. خۇلاسە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

خۇلاسە — مەلۇم بولغان ھۆكۈمگە ئاساسەن يېڭى بىر ھۆكۈم كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدىغان تەپەككۇر شەكلى.

خۇلاسە ئاساس ۋە يەكۈندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ.

ئاساس — خۇلاسە ئاساس قىلىنغان ھۆكۈم، يەكۈن — خۇلاسە ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ھۆكۈم. خۇلاسە جۈملە توپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بىراق، بارلىق جۈملە توپلىرى خۇلاسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئاساس بىلەن يەكۈن مۇناسىۋىتىگە ئىگە جۈملە توپىلا خۇلاسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

خۇلاسە ئاساستىن يەكۈنگە ئۆتۈش جەريانىدىكى تەپەككۇر يۆنىلىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، يەشمە خۇلاسە، يىغما خۇلاسە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

يەشمە خۇلاسە — ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا ئۆتىدىغان خۇلاسە. يەشمە خۇلاسە ئۈچ ھۆكۈملۈك، بىرلەشمە خۇلاسە ۋە تاللانما خۇلاسە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

يىغما خۇلاسە بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى كۆرسەتكەنلىككە ئاساسەن، تولۇق يىغما خۇلاسە ۋە تولۇقسىز يىغما خۇلاسە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**14. ئومۇمىي لوگىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى دېگەن نېمە؟ لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى نېمە؟**

ئومۇمىي (فورمال) لوگىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق شەكىللىرى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە خۇلاسىدە ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەر ھەر خىل لوگىكىلىق شەكىللەر (ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە)نىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت (قائىدە)لىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، لوگىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى دېيىلىدۇ.

ئومۇمىي لوگىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئەينىيەت قانۇنىيىتى، زىددىيەت قانۇنىيىتى، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى ۋە يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت قانۇنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى — ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت.

**15. ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى، تەلىپى نېمە؟ بۇ قانۇنىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن قانداق لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ؟**

ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى: ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا ھەربىر پىكىر ئۆزىنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلىشى شەرت.

ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى A نى A دېگۈلۈك دېگەنلىك. بۇ فورمۇلىدىكى «A» ھەرقانداق ئۇقۇم ياكى ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدۇ. «A نى A دېگۈلۈك» دېگەن فورمۇلا بولسا، ئەينى بىر پىكىر جەريانىدا ھەربىر ئۇقۇم ۋە ھەربىر ھۆكۈم ئۆز ئەينەنلىكىنى ساقلىشى لازىم. ھەربىر ئۇقۇم ۋە ھەربىر ھۆكۈم مۇقىم بولۇشى، باشتا نېمە دېيىلگەن بولسا، ئاخىرىدىمۇ شۇنداق دېيىلىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تەلەپلىرى شەكىللىنىدۇ:

بىرىنچى، بىز ئىشلەتكەن ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى (مېغىزى ۋە ھەجمى) بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، بىزنىڭ ھۆكۈملىرىمىزمۇ چوقۇم مۇقىم ۋە ئەينى بىر مەزمۇندا بولۇشى؛ نېمە ھۆكۈم بولسا، شۇ ھۆكۈم بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا، پىكىرنى ئىسپاتلاشنىڭ ئەينەنلىكىنى ساقلىغىلى بولمايدۇ.

ئەينىيەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىنسا، «ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش»، «ئۇقۇمنى ئالماشتۇرۇۋېتىش»، «ئىسپات تېمىسىنى يۆتكىۋېتىش»، «ئىسپات تېمىسىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش»تەك لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ.

**16. زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى، تەلىپى نېمە؟ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشتىن قانداق لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ؟**

زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان پىكىر بىردەك ھەقىقىي بولمايدۇ، ئۇلاردىن بىرى جەزمەن ساختا بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى: A غەيرىي A ئەمەس.

بۇ قانۇنىيەتنىڭ مەزمۇنىدىن ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تەلەپلىرى شەكىللىنىدۇ:

بىرىنچى، زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۇقۇم جەھەتتىكى تەلىپى: ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا بىر-بىرىگە زىت ياكى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى ئۇقۇم بىرلا ۋاقىتتا ئەينى بىر ئوبيېكتنى كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، لوگىكىلىق زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئىككىنچى، زىددىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ھۆكۈم جەھەتتىكى تەلىپى: مەلۇم بىر ھۆكۈم بىرلا ۋاقىتتا بىر-بىرىگە زىت ياكى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى ھۆكۈمنىڭ بىردەك ھەقىقىي بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىكى كېرەك. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ساختا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق جەزملەشتۈرۈش كېرەك.

زىددىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنسا، «ئۆز-ئۆزىگە زىت» بولۇشتەك لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ.

**17. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى، تەلىپى نېمە؟ بۇ قانۇنىيەتكە**

خىلاپلىق قىلىشتىن قانداق لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ؟

ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى: ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا، ئۆزئارا زىت ئىككى ھۆكۈم بىردەك ساختا بولمايدۇ، ئۇلاردىن بىرى جەزمەن ھەقىقىي بولىدۇ. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ فورمۇلىسى: A ياكى غەيرىي A.

تەلىپى: بىرىنچى، ئۇقۇم جەھەتتىن، ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا، ئەينى بىر ۋاقىت، ئەينى بىر مۇناسىۋەت ئاستىدا، ئەينى بىر ئوبيېكت ياكى ئۇ A، ياكى A ئەمەس، ئىشقىلىپ ئىككىدىن جەزمەن بىرى.

ئىككىنچى، ھۆكۈم جەھەتتىن ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا، ئەينى بىر ئوبيېكت توغرىسىدىكى بىر - بىرىگە زىت ئىككى پىكىردىن بىرى جەزمەن ھەقىقىي بولىدۇ.

ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا، ئەگەر ئىككى پىكىردىن بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇنىمۇ ئېتىراپ قىلمىسا، ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىنغانلىق بولىدۇ. ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان لوگىكىلىق خاتالىق «لىگگىر تاقتاق»لىق ياكى «تۇراقسىز»لىق دېيىلىدۇ.

18. يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى، تەلىپى نېمە؟ بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىشتىن قانداق لوگىكىلىق خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ؟

يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ مەزمۇنى: ئەينى بىر تەپەككۇر جەريانىدا، مەلۇم بىر پىكىرنى ھەقىقىي دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان پىكىر دائىم ھەقىقىيلىقنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈر بولغان پىكىرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتى تۆۋەندىكى فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ:

p ھەقىقىي، چۈنكى، q ھەقىقىي ياكى q دىن p نى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئاساس (q) ھەقىقىي بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئاساس (q) بىلەن (p) ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق باغلىنىش بولۇشى كېرەك.

يېتەرلىك ئاساس قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىنسا، «ئاساس ساختىلىقى» ياكى «ئىسپاتلىغىلى بولماسلىق» لوگىكىلىق خاتالىقى يۈز بېرىدۇ.

مەشقلەر:

مەشىق I: ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۆۋەندىكى ئۇقۇملارنى ھەجىم جەھەتتىن ماس كېلىش ياكى ماس كەلمەسلىك نۇقتىسىدىن تۈرلەرگە ئايرىپ بوش ئورۇنغا تۈر نامىنى يېزىپ چىقىڭ.

(1) مەھمۇد كاشغەرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى. ( )

(2) رەسسام — ئوقۇتقۇچى ( )

(3) كۆكتات — پالەك ( )

(4 ) ئادالەتلىك ئۇرۇش — ئادالەتسىز ئۇرۇش (      )
(5 ) ئاق رەڭ — قارا رەڭ (         )
(6 ) ئاشلىق — قوناق ـ بۇغداي (       )
مەشىق Ⅱ : (1 ) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسى ھۆكۈم بولالمايدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟
① بۈگۈن سەن ئەكبەرنى كۆردۈڭمۇ ؟
بۇ جۈملە ھۆكۈم بولالمايدۇ ، چۈنكى بۇ جۈملىدە ئوبيېكتقا قارىتا ھېچنېمە مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن ياكى ئىنكار قىلىنمىغان .
② ئەكبەر بۈگۈن مەكتەپكە كەلمىدى .
بۇ جۈملە ھۆكۈم بولالايدۇ . چۈنكى بۇ جۈملىدە ئوبيېكتقا قارىتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسى ئىپادىلەنگەن .
(2 ) تۆۋەندىكى ھۆكۈمنىڭ قايسىسى ھەقىقىي ھۆكۈم ، قايسىسى ساختا ھۆكۈم ؟
① قۇياش شەرق ۋە غەربتىن كۆتۈرۈلگەندە قۇشلار سايراشتىن توختايدۇ . (ساختا ھۆكۈم )
② ھايات ئىسترېلكىسى قايتىلانمايدۇ . (ھەقىقىي ھۆكۈم )
مەشىق Ⅲ : تۆۋەندىكى ئاساسلارغا تايىنىپ يېڭى بىر ھۆكۈم (خۇلاسە ) كەلتۈرۈپ چىقىرىڭ .
(1 ) بەزى ئۇرۇشلار ئادالەتلىك ئۇرۇش ، دېمەك بەزى ئۇرۇشلار ئادالەتسىز ئۇرۇش .
(2 ) قانۇنغا خىلاپ بولغان بەزى قىلمىشلار جىنايى ھەرىكەتتۇر . تەلئەتنىڭ قىلمىشى قانۇنغا خىلاپ . شۇڭا ، تەلئەتنىڭ قىلمىشى جىنايى ھەرىكەتتۇر .
مەشىق Ⅳ : تۆۋەندىكى ئېلاندا ئىپادىلەنگەن پىكىر قايسى لوگىكىلىق قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ .
ئاگاھلاندۇرۇش : بۇ سىمتاناپقا تېگىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ . 500 ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمىغا كىم تەگسە ، شۇ ھامان ئۆلىدۇ . خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا 1000 يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ .
×× ئېلېكتر ئىستانسىسى بىخەتەرلىك بۆلۈمى 1999 ـ يىل 15 ـ ماي
بۇ ئېلاندا زىددىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىنغان . چۈنكى 500 ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق سىمغا تېگىپ شۇ ھامان ئۆلگەن ئادەمگە جەرىمانە قويۇش مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ئۇ ئۆلگەن تۇرسا . جەرىمانە قويۇش مۇمكىن بولسا ، «ئۇنىڭغا تەگسىلا شۇ ھامان ئۆلىدۇ » دېگىنى يالغان ، چۈنكى ئۇنىڭغا جەرىمانە قويۇۋاتسا ! دېمەك بۇ ئېلاندا زىددىيەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ ، «ئۆز ـ ئۆزىگە » زىت بولۇش لوگىكىلىق خاتالىقى سادىر قىلىنغان .

# 4 ـ قىسىم

## بىرىنچى بۆلەك

## تىياتىر ھەققىدە چۈشەنچە

### 1 . قانداق ئەدەبىي ژانىر تىياتىر دەپ ئاتىلىدۇ؟

تىياتىر ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رېئال زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى سەھنىدە تىرىك پېرسوناژ (سەھنە ئارتىسى)لارنىڭ كونكرېت ھەرىكەتلىرى، دىيالوگلىرى ۋە مونولوگلىرى ئارقىلىق بىۋاسىتە ۋە جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدىغان، ئەدەبىيات، گۈزەل سەنئەت، ناخشا ـ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار مۇناسىپ ھالدا بىرلەشتۇرۇلگەن سەھنە سەنئىتىدىن ئىبارەت. ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، تىياتىر تىرىك ئادەم (ئارتىس) تەرىپىدىن ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روللىرى نەق مەيداندىكى جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا ئوينىلىدىغان، پېرسوناژلار تىياتىر تاماشىبىنلىرى بىلەن بىۋاسىتە، ھەقىقىي ئۇچراشتۇرۇلىدىغان، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش ۋە كۆز بىلەن كۆرۈش ئارقىلىق بەدىئىي زوق ھاسىل قىلىنىدىغان ھەرىكەت سەنئىتىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇنى سەھنە ئوبرازى يارىتىش مەقسەت قىلىنغان بىۋاسىتىلىككە ئىگە ئۇنىۋېرسال سەنئەت دەپ ئاتايمىز. تىياتىر سەنئىتى ئاشۇ تۈپ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

### 2 . تىياتىر سەنئىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى قايسىلار؟

1 ) **بىۋاسىتىلىكى**. تىياتىر كىشىلىك ھاياتنى، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ پەقەت سەھنىدە ئوينىلىدىغان بىر خىل سەنئەت بولۇپ، ئارتىس، تاماشىبىن ۋە سەھنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. شۇڭلاشقا تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئوبرازى بىۋاسىتىلىككە ئىگە بولۇپ، ئارتىسنىڭ سەھنىدىكى جانلىق ھەرىكىتى ۋە تىلى (سۆزى) ئارقىلىق سەھنە ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

تىياتىر سەنئىتى بىۋاسىتە ھالدا تاماشىبىنلارنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ۋە كۆرۈش سېزىمىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا يازما ئەدەبىياتتىن بەھرىمەن بولالمايدىغان ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ تىياتىر سەنئىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ ۋە زوقلىنالايدۇ.

2 ) **كونكرېتلىقى**. تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىۋاسىتىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن كونكرېتلىقى ئۆزئارا چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، كونكرېتلىق پەقەت تىياتىرنىڭ بىۋاسىتىلىك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بىۋاسىتىلىك بىلەن كونكرېتلىق تىياتىرنى كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش ۋە تەربىيەلەش رولىغا ئىگە قىلىدۇ.

تىياتىر سەنئىتىدە ئارتىس بىلەن تاماشىبىنلار كونكرېت ھالدا دەۋرىي ھالدىكى مەڭگۇ ھەرىكەتچان ھالەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كونكرېت مەۋجۇتلۇقنى ھەر ئىككى تەرەپ كونكرېت ماكان (تىياتىر سەھنىسى) ۋە كونكرېت ۋاقىت ئىچىدە

ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىشىدۇ .

3 ) **ئۇنىۋېرساللىقى.** تىياتىر سەنئىتى خىلمۇخىل بەدىئىي ئامىللارنىڭ ئۆزئارا زىچ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولۇپ ، ئەدەبىيات ، ئارتىس ، رەسساملىق ، بىناكارلىق ، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ، مۇزىكا ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت ئامىللىرى بىرلەشكەندىلا ، ئاندىن ئۇ تاماشىبىنلارنى زوقلاندۇرالايدۇ . شۇڭلاشقا تىياتىر ئۇنىۋېرسال سەنئەت دېيىلىدۇ . بۇ خىل سەنئەت ئامىللىرى تىياتىر سەنئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندا ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مۇستەقىل خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ ، تىياتىر سەنئىتىنىڭ خاسلىقى بويىچە سەھنە ئوبرازىنى يارىتىش ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرىدۇ ھەمدە ئۆزىنى تىياتىر گەۋدىسىنىڭ بىر ئورگانىك قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ ، تىياتىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

4 ) **كوللېكتىپلىقى.** ئۇنىۋېرساللىق تىياتىر سەنئىتىنىڭ كوللېكتىپلىق ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدۇ . مەسىلەن ، بىر تىياتىرنى سەھنىلەشتۈرۈش ئۈچۈن ، دراماتورگ ، رېژىسسور ، كومپوزىتور ، مۇزىكانت ، رەسسام ، گىرىمچى ، سۇنئەتچى ، سەھنە لايىھەلىگۈچى ۋە كىيىم لايىھەلىگۈچى قاتارلىق بىرمۇنچە سەنئەتكارلار كوللېكتىپى قاتنىشىدۇ . دېمەك ، ھەرقانداق بىر تىياتىر يۇقىرىقىدەك سەنئەت كوللېكتىپىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ .

**3 . نېمە ئۈچۈن تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئەدەبىي ئاساسى سەھنە ئەسىرى دەيمىز؟ سەھنە ئەسىرى قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟**

تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئەدەبىي ئامىلى (ئەدەبىياتقا تەۋە ئامىلى ) ، شۇنىڭدەك تىياتىر سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان ئامىللار ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي ، بىرىنچى (دەسلەپكى ) ئامىل سەھنە ئەسىرى (سەھنە كىتابى )دۇر ، دراماتورگ سەھنە ئەسىرىنى يازىدۇ ، ئاندىن شۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ تەلىپى ئاساسىدا سەنئەتكە تەۋە بولغان باشقا ئامىللار بىرلەشتۈرۈلۈپ ، سەنئەتكارلار ھەمكارلىشىپ تىياتىر سەنئىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ ، مەلۇمكى ، دراماتورگلارنىڭ سەھنە ئەسىرى (تىياتىر ) يېزىشتىكى مەقسىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى تاماشىبىنلارغا سەھنىدە كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر ، شۇڭا دراماتورگ سەھنە ئەسىرى يېزىش جەريانىدا دىققەت مەركىزىنى سەھنىگە كۆز تىكىپ تۇرغان مىڭلىغان تاماشىبىنلارغا قارىتىشى كېرەك . ئۇنداق بولسا ، سەھنە ئەسىرى قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ؟

1 ) دراماتىك توقۇنۇش . زىددىيەت ـ توقۇنۇش سەھنە ئەسەرلىرىدىكى سۇژېت راۋاجىنىڭ ئاساسى ، توقۇنۇش بولمىسا سەھنە ئەسەرلىرىمۇ بولمايدۇ ، سەھنە ئەسەرلىرى بولمىسا دراماتورگىيە سەنئىتىمۇ بولمايدۇ ، چۈنكى توقۇنۇش بولمىسا ، سۇژېتنى راۋاجلاندۇرۇپ ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس ، دراماتورگىيەدىكى توقۇنۇش ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولۇشى لازىم . تۇرمۇشتىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىش ، پېرسوناژلارنى توقۇنۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى جىددىي توقۇنۇشلار ئىچىدە ئېچىپ بېرىش سەھنە ئەسىرىنىڭ

بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر . سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى
زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى كۆرسىتىشمۇ ناھايىتى مۇھىم . بۇ ئاساسەن ، مونولوگ ۋە
پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ (سەھنە
ئەسەرلىرىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى نېمە ئۈچۈن دراماتىك توقۇنۇش بولمىسا سەھنە ئەسەرلىرى-
مۇ بولمايدۇ دەيمىز ؟ دېگەن سوئالغىمۇ جاۋاب بولىدۇ ) .

2 ) سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتى
ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ .

سەھنە ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تىلى يىغىنچاق ، مەزمۇنلۇق ، جانلىق ، يۇ-
مۇرلۇق ۋە خاسلاشقان (ئىندىۋىدۇئاللاشقان) بولۇشى كېرەك . دراماتورگ ئۆزى ئېپادىلى-
مەكچى بولغان پۈتۈن تۇرمۇشنى پېرسوناژلارنىڭ تىلىغا ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى
كېرەك .

سەھنە ئەسىرىنىڭ تىلى ئومۇمىيلىق جەھەتتىن پېرسوناژ تىلىدىن تاشقىرى ، يەنە
رېژىسسور ۋە ئارتىسلارنىڭ ۋەقەلىكنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان سەھنە چۈشەندۈ-
رۈشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بۇ ئاپتورنىڭ بىر خىل بايانىي تىلى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ
ياندىما سۆز دېيىلىدۇ .

3 ) كومپوزىتسىيەلىك تۈزۈلۈش . سەھنە ئەسىرىنىڭ كومپوزىتسىيەسى سۇژېت راۋا-
جىنى مەتتىقلىق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت . چوڭراق تىپتىكى تىياتىر پەردە ۋە
كۆرۈنۈشلەرگە ئايرىلىدۇ .

**4 . تىياتىر سەنئىتى نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

تىياتىر سەنئىتى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەر-
گە بۆلۈنىدۇ . يەنى مەزمۇنىغا ئاساسەن تىراگېدىيە ، كومېدىيە ، تىراگېكومېدىيە دېگەن
ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . ئېپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن دراما ، ئوپېرا ،
ئۇسسۇللۇق دراما ، ناخشا - ئۇسسۇللۇق دراما ، مۇزىكىلىق دراما قاتارلىق تۈرلەرگە
بۆلۈنىدۇ . تېمىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تارىخىي دراما ۋە زامانىۋى دراما دېگەن
ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ . ھەجمىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىر پەردىلىك دراما ۋە
كۆپ پەردىلىك دراما دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . ئورۇندىلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاسا-
سەن سەھنە تىياتىرى ۋە رادىيو دراممىسى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

**5 . درامىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى نېمە؟**

دراما يۇنان تىياتىرلىرى (تىراگېدىيە ۋە كومېدىيە ) ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە
تىياتىر بولۇپ ، ئۇ ئەينى زاماننىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئاساسىي مەزمۇن
قىلغان .

درامىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى : دىيالوگ (سۆزلىشىش ، گەپلىشىش )نى ئۆزىنىڭ
ئاساسىي ئېپادىلەش ۋاستىسى قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . درامىدا پېرسوناژلار-
نىڭ خاراكتېرى ، ۋەقەلىك تەرەققىياتى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا دىيالوگى ئارقىلىق كۆر-
سىتىلىدۇ .

قۇردۇشاھۇد ئاكا ( 1881 - 1956 -)

## 1 . «مۇقام ئۇستازى» ھەققىدە

بۇ مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «مۇقام ئۇستازى» ناملىق درامىسىدىن ئېلىنغان پارچە . رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان ، ئالتە كۆرۈنۈشتىن تەركىب تاپقان ، 1983 ـ يىلى يېزىلغان تارىخىي دراما .

ئاپتور ھەققىدە : ئىقتىدارلىق شائىر ۋە دراماتورگ مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 1939 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ساقىيە مەھەللىسىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1958 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ ، ئوقۇتقۇچى ، كەسپىي ئىجادىيەتچى بولۇپ ئىشلىگەن . جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان .

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 1952 ـ يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن . ئىجادىيەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى بىلەن دېگۈدەك شۇغۇللىنىپ ، خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . ئۇنىڭ «گۈلمېھرى» داستانى ، «كارۋان ناخشىسى» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى توپلىمى ، «ئاچا ـ سىڭىل» ناملىق ھېكايىلەر ۋە پوۋېستلار توپلىمى ، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ، «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق دراما ۋە ئوپېرالار توپلىمى ، «ئەزىزە» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى توپلىمى بار .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئەسەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ ، تېكىست مەزمۇنى ئاساسىدا تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭ .

1) ئەسەردە نېمە ئۈچۈن تۇردى ئاخۇن ئاكا «خەلقىنىڭ بايلىقى» دېيىلىدۇ؟

جاۋاب : چۈنكى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ ، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولغان «12 مۇقام»نى تولۇق تېكىستى بىلەن ساقلاپ قېلىپ ، زامانىمىز كىشىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن ھەقىقىي مۇقام ئۇستازى ، شۇڭا ئۇ «خەلقىنىڭ بايلىقى» دېيىلىدۇ .

2 ) تۇردى ئاخۇن ئاكىنى قۇتقۇزۇش ماھىيەتتە نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

جاۋاب : تۇردى ئاخۇن ئاكىنى قۇتقۇزۇش ماھىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، دىنىي ئەقىدىسى مۇجەسسەملەشكەن ، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان «12 مۇقام»نى قۇتقۇزۇشتىن دېرەك بېرىدۇ .

2 . بۇ پارچىدىكى تىلماچ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . يەنە كېلىپ ئۇنىڭ «تەرجىمانلىقى» ئۆزگىچە . سىز تېكىستتىن تىلماچنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ ، تىلماچ ئوبرازىغا باھا بېرىپ بېقىڭ .

جاۋاب : تىلماچ ئەسەردە ئۆزىنىڭ قەيسەر ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، ھەققانىيەتچى ، شەخسىيەتسىز ، مەسئۇلىيەتچان خاراكتېرى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ . ئۇ

ئۆزىنىڭ تىلماچلىق (تەرجىمانلىق)تىن ئىبارەت ئالاھىدە خىزمىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلى-
نىپ ، خوجا داموللىنىڭ تۇردى ئاخۇنغا ، شۇنداقلا ئىنقىلابنى قوللىغان خەلق ئاممىسىغا
قىلماقچى بولغان زىيانكەشلىكىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ، شۇنداقلا
نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى . ئۇ ئالدى بىلەن مۇھەببەت - نەپرىتى
ئېنىق ، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان ئادەم بولۇپ ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغىمۇ ، خوجا داموللىغىمۇ چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادى-
لەيدۇ ، باشتىن - ئاخىر خەلق ئاممىسى تەرەپتە ، ھەققەت تەرەپتە تۇرىدۇ . جوجاڭنى
«چىلبۆرە» دەپ ، خوجا داموللىنى «شەرمەندە ساتقۇن ، مەلئۇن» دەپ ئاتايدۇ . ئەقىل
- پاراستىگە تايىنىپ ، خوجا داموللىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ، ئۇنىڭ 20 تىللا پۇلىنى
ئېلىۋېلىپ ، ئۇنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . تىلماچ ئۆز نۆۋىتىدە ناھايىتى قەيسەر
بولۇپ ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ھەم نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش
ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ناھايىتى ئەقىل -
پاراسەتلىك بولۇپ ، جوجاڭ بىلەن بولغان ئالاقىدە ، خوجا داموللىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشتە ،
تۇردى ئاخۇن ئاكىنى قۇتۇلدۇرۇشتا پەم - پاراسەت ئىشلىتىدۇ ، مۇرەككەپ ئىشلارنىمۇ
ناھايىتى ئاسانلا ھەل قىلىۋېتەلەيدۇ . تىلماچنىڭ ئادەمنى ھەممىدىن بەك قايىل قىلىدىغان
تەرىپى شۇكى ، ئۇ تۇردى ئاخۇننى «خەلقىمىزنىڭ بايلىقى» دەپ بىلىدۇ ، ئۇنىڭ قىممىتىنى
چۈشىنىدۇ ، شۇنداقلا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ ، تۇردى ئاخۇننى دۈشمەن قولىدىن قۇتۇل-
دۇرۇپ قالىدۇ . تۇردى ئاخۇننى قۇتۇلدۇرۇش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»
— نى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر سەنئىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ . يازغۇچى
تىلماچ ئوبرازى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياخشى تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەش-
تۈرۈپ مەدھىيەلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ بۈگۈنگىچە
ساقلىنىپ قېلىشىدا تۇردى ئاخۇن ئاكىغا ئوخشاش مۇقامچىلاردىن باشقا يەنە تىلماچقا
ئوخشاش ئاددىي كىشىلەرنىڭمۇ زور تۆھپىسى بارلىقىنى ، شۇڭا ئۇ دەۋرلەردىن دەۋرلەرگە
داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن .

3 . خوجا داموللىنىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ئاخىرغىچە يانمى-
غانلىقى ئەينى دەۋردە مۇقامنىڭ قانداق تەقدىر - قىسمەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈر-
دۇ ؟

جاۋاب : سەھنە ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك دراماتىك توقۇنۇش بولىدۇ . دراماتىك توقۇنۇش
— ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ كۆز قاراش ، ئىدىيە ، ھەرىكەت جەھەتلەردە بىر - بىرىگە
قارىمۇقارشى بولۇشى ياكى ئۇقۇشماسلىقى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان تۈگۈن بولۇپ ،
سەھنە ئەسەرلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . يازغۇچى درامىدا خوجا
داموللىغا ئوخشاش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكىغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى ،
بۇنىڭدىنمۇ كۆڭلى ئەمىن تاپماي ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە بولغانلىقىنى يېزىش ئارقىلىق
ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ، بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ
كېلىشىنىڭ نۇرغۇن جاپالىق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسەتكەن ، بۇ ئارقى-

لىق مۇقامغا تۆھپە قوشقانلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا، مۇقامنى ئۇلۇغلاشقا چاقىرغان.

4. 2005 ـ يىلى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقامى» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. مۇقامنىڭ بۈگۈنكى دۇنياۋى شان ـ شەرىپىنى تارىخىمىزدىكى ۋە بۈگۈنكى مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. سىلەر ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاپ، سىنىپ ئىچىدە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى تۆھپىكارلىرى» دېگەن تېمىدا بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈڭلار.

بۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدىغان ماتېرىياللار:

ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «يەكەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ناملىق ماقالىسى؛ ئەلى غوپۇرنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى» 2007 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان «قاراخانىيلارنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسى؛ ئابدۇكېرىم راخماننىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە مۇقام پېشۋالىرى» ناملىق كىتابى.

## 2. «گۇلدۇرماما» ھەققىدە

بۇ ساۋيۇنىڭ «گۇلدۇرماما» ناملىق درامىسىنىڭ 2 ـ پەردىسىدىن ئېلىنغان پارچە. «گۇلدۇرماما» رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان، تۆت پەردىدىن تەركىب تاپقان، 1934 ـ يىلى يېزىلغان. مەزمۇن جەھەتتىن تىراگېدىيە، تۈزۈلۈش جەھەتتىن كۆپ پەردىلىك دراما.

ئاپتور ھەققىدە: ساۋيۇ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق دراماتورگ. ئۇ 1910 ـ يىلى تيەنجىندە خاراب‍لاشقان فېئودال بيۇروكرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسىم ـ فامىلىسى ۋەن جياباۋ بولۇپ، ساۋيۇ ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. ساۋيۇ بالىلىق ۋاقتىدىلا ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ دراما سەنئىتىگە ئالاھىدە قىزىققان. ئۇ 1933 ـ يىلى چيڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا «گۇلدۇرماما» ناملىق درامىسىنى يازغان. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى، شۇنداقلا نام قازانغان ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ساۋيۇ داۋاملىق تۈردە دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «كۈن چىقتى» (1935)، «دالا» (1936)، «ئاينىش» (1940)، «بېيجىڭ ئادىمى» (1940)، «ئائىلە» (1942)، «ئىللىق باھار كۈنلىرى» (1947) قاتارلىق درامىلارنى يازدى. ئازادلىقتىن كېيىن، «نۇرلۇق ئاسمان» (1954)، «ئوت ۋە قىلىچ» (1962)، «ۋاڭ جاۋجۈن» (1978) قاتارلىق درامىلارنى يازدى.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. ئەسەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ، جۈپ پۈيۈەن، لۇ شىپىڭلار بىلەن تونۇشۇڭ ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ:

1 ) لۇ شىپىڭ بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلەۋاتقاندا جۇ پۇيۇەندە قانداق پسىخىك ئۆزگىرىش بولدى ؟

جاۋاب : بۇ دىرامىدا لۇ ئائىلىسى بىلەن جۇ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇشنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ، ئەڭ ئۆتكۈر قىسمى ، شۇنداقلا ئاساسلىق ۋە تارماق زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ مەركەزلەشكەن قىسمى دەل يازنىڭ بىر كۈنىدىكى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى ۋاقىتتا جۇ ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان . ئاپتور مانا مۇشۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش ، پېرسوناژلارنى تاسادىپىي ۋە تەبىئىي ھالدا ئۇچراشتۇرۇش ئاساسىدا جۇپۇيۇەننى مەركەز قىلغان ئاساسلىق ۋە تارماق زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ ، جۇپۇيۇەننىڭ بارلىق ئەپت - بەشىرىسى ، جىنايى قىلمىشلىرىنى ئاشكارىلايدۇ . يەنى ، لۇ شىپىڭ قىزىنى ئىزدەپ كېلىپ ئويلىمىغان يەردىن جۇ پۇيۇەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ ، لېكىن ، جۇ پۇيۇەنگە چاندۇرمايدۇ . ئۇلارنىڭ دىيالوگلىرى دولقۇنسىمان رەۋىشتە راۋاجلىنىدۇ ۋە يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ . لۇ شىپىڭ بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلەۋاتقاندا جۇ پۇيۇەن ئۆزىنى ئەخلاقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ . سۆزلەۋاتقان ئايالنىڭ ئۆزى خارلىغان شىپىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە خاتىرجەمسىزلىنىپ ، ساختىپەزلىك قىلىشقا باشلايدۇ .

2 ) جۇ پۇيۇەن لۇ شىپىڭنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا نىسبەتەن قانداق ھېسسىياتتا بولدى ؟

جاۋاب : جۇپۇيۇەن لۇشىپىڭنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندە دەسلەپ خاتىرجەمسىزلىنىپ بېسىم تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەيدۇ . ئارقىدىنلا ساختىپەزلىك بىلەن سىپايە سۆزلەيدۇ . بۇنىڭدىن جۇ پۇيۇەننىڭ بۇرژۇئازىچە رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

3 ) لۇ داخەي بىلەن بولغان كەسكىن توقۇنۇشتىن جۇ پۇيۇەننىڭ قانداق خاراكتېرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ؟

جاۋاب : لۇ داخەي بىلەن قىلىشقان دىيالوگلاردا بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجتىمائىي كۈرەشلەرنىڭ تەسىرىدىكى جۇ پۇيۇەننىڭ ئەكسىيەتچىل سىنىپىي ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . لۇ داخەي مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭ رەھىمسىز تۈردە ئىشچىلارنى ئەزگەنلىكى ، ئىككىسىنىڭ ئىككى يۈز ئىشچىنى ئەتەي سۇغا غەرق قىلىۋېتىپ ، ھەربىر بالا ئىشچىنىڭ خۇنى ئۈچۈن ئۈچ يۈز يۈەندىن تۇتۇۋالغانلىقى ، ئۇنىڭ تاپقان بايلىقىنىڭ ئادەمنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇپ ، ۋىجدانسىزلىق بىلەن تېپىلغان بايلىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ . بۇلاردىن جۇ پۇيۇەننىڭ رەھىمسىز ، قانخور جاللات ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

4 ) تېكىستنىڭ ئاخىرىدا جۇ پىڭنىڭ لۇ داخەينى ئۇرغانلىقى يېزىلغان ، بۇ ئىشقا قارىتا نەق مەيداندا كۆرۈپ تۇرغان لۇ شىپىڭ قانداق ئىنكاستا بولدى ؟ باشتا «مەن پەقەت پىڭئېرنى بىر كۆرسەم بولدى» دېگەن لۇ شىپىڭ بۇ چاغدا جۇپىڭغا قارىتا قانداق ھېسسىيات ئۆزگىرىشى ياسىدى ؟

جاۋاب : جۇپىگىنىڭ لۇ داخېينى ئۇرغانلىقىغا قارىتا لۇ شىپىڭ قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىش ، غەزەپلىنىش ھېسسىياتىدا بولدى . جۇپىگىنى بىر كۆرۈشتىن جۇپىگىغا نەپرەتلىنىش ، يىرگىنىشتەك ھېسسىيات ئۆزگىرىشى ياسايدۇ .

2 . كومېدىيەلىك پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگى دائىم قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىپ ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ ھەمدە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرىدىكى مول ئىچكى مەنىنى بىلىۋېلىڭ .

1 ) «لېكىن ئۇ خېنىم ئەمەس ، ئىپپەتلىكمۇ ئەمەس ، ئاڭلىسام ئانچە ئەدەپلىكمۇ ئەمەسمىش . »

تېكىستتە لۇ شىپىڭ مۇشۇنداق مەنىدىكى گەپنى بىرنەچچە قېتىم دېگەن . بۇ ئۇنىڭ قانداق روھىي ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ ؟

جاۋاب : بۇ ئۇنىڭ ئازابلىق ھېسسىياتى ۋە جۇ پۇيۇەنگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

2 ) «جۇ پۇيۇەن : (بىردىنلا ) مەيلى ! ئوچۇقىنى ئېيتقىنا ! ساڭا قانچە پۇل كېرەك ؟

لۇ شىپىڭ : نېمە ؟ »

لۇ شىپىگىنىڭ بۇنداق قايتۇرۇپ سورىشىدىن ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ؟

جاۋاب : جۇ پۇيۇەن ھەممىنى مەنپەئەت نۇقتىسىدىن چىقىپ ئويلايدىغان ، ھەممىنى پۇل بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان بولغاچقا ، لۇشىپىگىنى مەندىن پۇل ئۇندۇرۇۋالغىلى كەلدى دەپ قارايدۇ . لۇشىپىگىنىڭ قايتۇرۇپ سورىشى ئۇنىڭ جۇپۇيۇەندىن قاتتىق ئۇمىدسىزلەنگەنلىكىنى ، ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

3 ) «جۇ پۇيۇەن : نېمە ؟ لۇداخېي ؟ ئۇ ؟ ! مېنىڭ ئوغلۇم ؟

بۇ تۆت قىسقا جۈملىنى «لۇ داخېي ئەسلىدە ئۇ ، مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەن ـ دە ؟ ! » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېسىمۇ بولىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات باشقا . بۇنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ .

جاۋاب : ئاپتور بۇ قىسقا جۈملە ئارقىلىق جۇ پۇيۇەننىڭ قاتتىق ھەيران قېلىش ، ئىشەنمەسلىك ، غەزەپلىنىش ھەم تەشۋىشلىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن .

4 ) «لۇ شىپىڭ : (ھۆڭرەپ يىغلاپ ) راستلا قاراقچىلار ئىكەن ! (جۇ پىگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ) سەن پىڭ ، نېمەڭگە تايىنىپ ئوغلۇمنى ئۇرىسەن ؟ »

ئىككىنچى جۈملە لۇ شىپىگىنىڭ قانداق مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ؟

جاۋاب : بۇ جۈملىدە لۇ شىپىگىنىڭ جۇ پىڭ لۇ داخېيگە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىن قاتتىق ئازار يېگەندىن كېيىن ، ئانا ـ بالىلىق ، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاشكارىلىۋەتمەكچى بولغانلىقى ، ئەمما دەرھال بۇ نىيىتىدىن يانغانلىقىدىن ئىبارەت ئازابلىق ، مۇرەككەپ ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن .

## 3 . «خاملېت» ھەققىدە

بۇ شېكسپىرنىڭ «خاملېت» ناملىق دراممىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ ، رېئالىزملىق
ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان ، 3 پەردە ، كۆرۈنۈشتىن تەركىب تاپقان تارىخىي تىراگېدى-
يە .

**ئاپتور ھەققىدە :**

شېكسپىر (1564 — 1616 ) ئەنگلىيە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش
دەۋرىدىكى مەشھۇر دراماتورگ ۋە شائىر . مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «ياز كېچىسىدىكى چۈش»
، «ۋېنتسىيە سودىگىرى» قاتارلىق كومېدىيەلىرى ؛ «رومېئو - ژۇلىيتتا» ، «خاملېت»
قاتارلىق تراگېدىيەلىرى ، «شېكسپىر سونېتلىرى» ناملىق سونېتلار توپلىمى بار .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . پارچىدىكى خاملېت قانداق خاراكتېرگە ئىگە؟ ئۇ ئاخىرىدا رەقىبى بىلەن تەڭ
ئۆلىدۇ . سىزنىڭچە خاملېت بۇ ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قالالايتتىمۇ ؟

جاۋاب : «خاملېت» (1601 ) شېكسپىرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسىرى . 12 - ئەسىردىلا
دانىيە شاھزادىسىنىڭ ئاتىسى ئۈچۈن قىساس ئالغانلىق ھېكايىسى تارقالغانىدى . فىرانسىيە
ۋە ئەنگلىيە دراماتورگلىرى شۇ ھېكايىگە ئاساسەن دراما يازغان . بىراق ھېكايىنىڭ مەركى-
زىي ئىدىيەسى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇسۇلى بويىچە قىساس ئېلىش بىلەن چەكلەنگەنىدى . 1601
- يىلىغا كەلگەندە ، شېكسپىر ئۇنى دەۋر قىياپىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەشھۇر
تىراگېدىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىپ ، قىساسقا چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنە بېرىپ ، خاملېت-
نىڭ ئوبرازىنى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر تىپلارنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان .

خاملېت غايىلىك ، شىجائەتلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك تەرەپدارى . ئۇنىڭ تاغىسى كلاۋ-
دىس شاھلىق تەختىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش قەستىدە ئۇنىڭ ئاتىسىنى زەھەرلەپ
ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىۋالىدۇ . ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ
ئەرۋاھى كۆرۈنۈپ ئۆزىنىڭ قەست قىلىنىش جەريانىنى ئوغلىغا ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى
قىساس ئېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ . ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇ ،
قاتىل پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بەل باغلايدۇ - يۇ ، يەنە دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ
قالىدۇ . قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تۇتۇش قىلغاندا ، بەختكە قارشى ، ئۆز سۆيگىنى ئېفىرشاھ-
نىڭ دادىسى ، ۋەزىر پرونىسنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ . مەككار پادىشاھ بۇ ئىشنى ئازراق
تۇيۇپ قېلىپ ، ئۇنى ئەنگلىيەگە يولغا سېلىۋېتىدۇ . خاملېت ئەنگلىيەگە ماڭغان يولدىن
دانىيەگە قېچىپ كېلىپ كلاۋدىس تەرىپىدىن خاملېتنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغان قىلىچۋازلىقتا ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا مەككار پادىشاھنى قىلىچ
بىلەن ئۆلتۈرىدۇ ، لېكىن ئۇنىڭ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش كويىدىكى ئۇلۇغۋار غايىسى
ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ . خاملېتنىڭ پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە تىراگېدىيەنىڭ خاتىمى-

سى دەل ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ كىرىزىسىنى ۋە ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . خاملېت رېئاللىقتىن نارازى بولىدۇ ، شۇنداقلا ئۆزىنى يوقىتىپ ، ئۈمىدسىزلىنىپ ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا خاملېتنىڭ ئەس - يادى رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپ ، دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش بولغاچقا ، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ كەتمەيدۇ ، دۈشمىنىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ ، ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق تەييارلىق قىلمايدۇ ، پۇختا پىلان تۈزمەيدۇ . مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئۆلۈمى بىر خىل مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالدى . شۇڭا خاملېت بۇ خىل ئۆلۈمدىن ھامان ساقلىنالمايتتى دەپ قارايمىز .

2 . خاملېت بىلەن لائېرتوس قىلىچۋازلىق قىلىشقان بۆلەكنىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن جىددىي بولۇپ ، كىشىنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ . بۇ بۆلەكنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، بىرنەچچە ئاساسلىق پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قانداق رول ئوينىغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : دىرامىنىڭ بۇ پارچىسىدا مەيدانغا چىقىدىغان ئاساسلىق پېرسوناژلار خاملېت ، پادىشاھ ، خانىش ، لائېرتوس قاتارلىقلار بولۇپ ، بۇلار ئىچىدە خاملېت بىلەن پادىشاھ ئەشەددىي رەقىبلەر بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقى دىرامىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنى پەيدا قىلغان . خانىش بىلەن لائېرتوس دىرامىدىكى زىددىيەتكە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان پېرسوناژلار ، خانىش ئوغلى خاملېت بىلەن كېيىنكى ئېرى كلاۋدىس ئوتتۇرىسىدا تەڭقىسلىقتا قالىدۇ ، ئەمما ھالقىلىق پەيتتە ئوغلى ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلىدۇ . لائېرتوس پادىشاھنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئەمما ئۇمۇ چىن كۆڭلىدىن خاملېتقا زىيانكەشلىك قىلىشنى خالىمايدۇ ، لېكىن پادىشاھنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن خاملېت بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ . زەھەر سۈركەلگەن قىلىچنى بىر - بىرىگە تىقىدۇ . لائېرتوس سەكراتتا چۈشكەندە ، پادىشاھنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ . غەزەپكە كەلگەن خاملېت پادىشاھقا قىلىچ ئۇرۇپ دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ . بۇ دىرامىنىڭ بەدىئىي ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان .

# ئىككىنچى بۆلەك
## 18 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە

**1 . 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى؟ بۇ دەۋردە كىملەر قانداق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى؟ بۇ ئەسەرلەردە نېمىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى؟**

جاۋاب : 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى . بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جوڭغار يۇقىرى قاتلام ئەكسىيەتچىلىرىنى بېسىقتۇرۇپ ، شىنجاڭنى دەسلەپكى قەدەمدە بىرلىككە كەلتۈردى . بۇ چاغدا نىسپىي تىنچ شارائىت بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي ئالاقە پەيدىنپەي قويۇقلاشتى . قۇمۇل ، تۇرپان ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ مانجۇچە ، خەنزۇچە ئۆگەنگەن بىر بۆلەك ئۇيغۇر زىيالىيلار 1780 ـ يىلى چيەنلۇڭ دەۋرىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى بولغان بەش تىللىق لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنى تۈزۈشكە قاتناشتى . جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇخارا ، ھىندىستان ، كابۇل ، ئىراق . . . قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوقۇغان دىنىي زىيالىيلارمۇ كۆپەيدى . ئىپتىدائىي مەكتەپ ۋە كارخانىلارمۇ راۋاجلاندى ، كۆپەيدى . 1790 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ، تېبابەتچىلىك ، قول سانائەت ، نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلىرىمۇ خېلى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى ، «شىپاھىل قۇلۇپ» قاتارلىق تېببىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نى تولۇق بىلىدىغان مەشھۇر سازەندىلەر كۆپەيدى ۋە «12 مۇقام» خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالدى . خەلق ئىگىلىكى گەرچە فېئودال قالاقلىق ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ ، بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن نىسپىي تىپتىنچ شارائىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەزى يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا بىرقەدەر يېقىنلاشقان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى . بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنى مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

1 ) ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى لىرىك يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر . بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرى : موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى ، لۈكچۈنلۈك شائىر ئەخمەت خوجامنىياز ئوغلىنىڭ «رەۋزەتۇل زوھرا» (جەننەتتىكى نۇرلۇق يۇلتۇز ) داستانى ، مۇھەممەد سىدىق بەرشىدىنىڭ «سىدىقنامە» ناملىق ئەسىرى ، موللا رەھىمنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى قاتارلىقلار . 2 ) ئۇيغۇر

خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھەققانىيەت ، ئادالەت ، ساپ مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىك ئارزۇلىرى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ، ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىلگەن ۋە تەرجىمە قىلىنغان ئېپىك ئەسەرلەر . بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى : يەكەنلىك شائىر ئۆمەر باقى شېئىرىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن » ، «لەيلى ـ مەجنۇن » داستانلىرى ، ئالىم موللا مۇسا يەركەندى شېئىرىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ يېزىپ چىققان «خەمسە نەۋايى » داستانلار توپلىمى ، موللا يۇسۇپ يەركەندى ئابدۇراخمان جامىغا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىققان «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا » داستانى قاتارلىقلار . 3 ) گەرچە دىنىي روھتا سۇغىرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن تارىخىي ، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كۆرەشلەر بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي ئەسەرلەر . بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىرى : خوتەن چىرالىق شائىر موللا نىيازنىڭ «تەزكىرەئىي ئىمام زەبىھوللا » داستانى ، قەشقەرلىك شائىر قاسىمنىڭ «تەزكىرەئىي ئارسلانخان » داستانى قاتارلىقلار .

**2 . 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولدى؟ بۇ دەۋردە كىملەر قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟**

**جاۋاب :** 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى يەنى چىڭ خاقانى چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە ، مانجۇ ئەمەلدارلىرى يەنىمۇ چىرىكلىشىپ خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزدى . ئالۋان ـ ياساق ، باج ـ سېلىق ھەسسىلەپ ئاشتى . ھەربىيلەرنىڭ پۈتۈن تەمىناتى خەلق ئۈستىگە يۈكلەندى . سېپىل سوقۇش ، پوتەي سېلىش ، مىس كانلىرىنى ئېچىش . . . قاتارلىقلارغا پۇقرالارنى ھەقسىز ئىشلىتىپ ، ئۇلارغا چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈردى . مانا مۇشۇنداق زۇلۇم ۋە جاھالەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى بولغان ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتتى . شۇڭا بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقىنىڭ مۇڭ ـ زارىنى كۈيلەپ ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدىبلەر ، خەلقپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان مۇنەۋۋەر رېئالىستىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى . بۇ مەزگىلدە ئابدۇرېھىم نىزارى مەشھۇر «مۇھەببەت داستانلىرى » توپلىمىنى ، «دۇرۇلنەجات » (نىجاتلىق ئۈنچىلىرى ) ناملىق پەلسەپىۋى ئەسىرىنى يورۇقلۇققا چىقاردى . ئۇنىڭدىن باشقا نىزارىنىڭ زامانداشلىرىدىن تۇردۇشئاخۇن غېرىبى «كىتابىي غېرىب » داستانى ، نورۇزئاخۇن زىيائى «مەھزۇنۇل ۋائىزىن » (مۇڭلۇق ۋەزىندلەر ) ناملىق ئەسىرى ، ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى «ماقالات » ، «دىۋان سەبۇرى » ئەسەرلىرى ، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى «تەزكىرەئىي ئەزىزان » (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى ) قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى بولۇپ قالدى .

**3 . 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ، مەدەنىي ھاياتىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر ۋۇجۇدقا كەلدى؟ بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىياتتا قانداق ئەكس ئەتتى؟ كىملەر قانداق ئەسەرلەرنى يازدى؟**

جاۋاب : 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يەنە بىر

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىر ئەينىكى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، رېئال ھاياتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈپ، رېئال تۇرمۇش بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتى. 1840 - يىلى جۇڭگو كونا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سىگنالى بولغان ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلاپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش سىگنالىنى چالدى. بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قاتمۇقات زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتۈن جۇڭگونى زىلزىلىگە كەلتۈردى ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۈملىدىن شىنجاڭ رايونىدىمۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بەرگەن بۇنداق ۋەقەلەر ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى - يېڭى تېمىلار بىلەن تەمىن ئەتتى. خەلقىمىز ھاياتىدىكى رېئال ۋەقەلەر بىلەن باغلىق بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرۈش گەۋدىلىك بولدى. بۇ مەزگىلدە: موللابىلال بىن موللا يۈسۈپ (نازىمى)نىڭ «غازات دەرمۈلك چىن» (چىن مەملىكىتىدىكى جەڭ)، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق داستانلىرى، شائىر سېيىت مۇھەممەتنىڭ «شەرھى شىكەستە» ناملىق تارىخىي داستانى، موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانى، سادىر پالۋاننىڭ خەلقىمىز سۆيۈپ ئوقۇيدىغان قوشاقلىرى مەيدانغا كەلدى.

**4. 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمىدىن ئىبارەت؟**

جاۋاب: 1) ئەنئەنىۋى سۈژىتلاردىن رېئال ۋەقەلەرگە، بولۇپمۇ خەلق قوزغىلاڭلىرىغا كۆچۈش بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولدى. بۇ خىل ئەسەرلەردە رېئاللىققا ياندىشىش، تېمىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتلەردە يا ئۇنداق، ياكى مۇنداق نۇقسانلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىلگىرىلەشنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى خەلقچىللىق تىندىنسىيەلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا، ئەدەبىياتنى خەلق تۇرمۇشى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشتا ئوينىغان رولى چوڭ بولدى.

2) بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ساتىرا ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدۇر. ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشقا قانچىلىك يېقىنلاشسا، ئۇنى قانچە چوڭقۇر كۆزەتسە، تۇرمۇشتىكى ئىللەتلەرنى شۇنچە كۆپ سېزىپ، ئۇنى پاش قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. ساتىرا بۇ خىل پاش قىلىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىدى. مەسىلەن، بۇ دەۋردە موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان»، ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ «ئات ھەققىدە»گە ئوخشاش مۇنەۋۋەر ساتىرىك ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

## 4 . «كاشغەر» ھەققىدە

بۇ شائىر گۇمنامنىڭ «كاشغەر» ناملىق غەزىلى بولۇپ رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان . جەمئىي 9 كۇپلېت ، 18 مىسرادىن تەركىب تاپقان رادىفلىق غەزەل بولۇپ ، لىرىك شېئىرلارنىڭ قەسىدە تۈرىگە تەۋە .

**ئاپتور ھەققىدە** :مۇھەممەد ئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى (گۇمنام ) يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن تونۇلغان شائىر بولۇپ ، ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق داستانى ۋە «دىۋان گۇمنام» نامى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بۆلۈك شېئىرلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن .

مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئاتا كەسپى باغۋەن بولۇپ ، ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇللاخان دەۋرىدە (مىلادىيە 1639 ~ 1668 ) ، قەشقەر تازغۇن يېزىسى باغچى كەنتىدە ئاپپاق خوجىنىڭ «گۈلباغ» دەپ ئاتالغان باغى ئىرەمىدە باغۋەن ، كاۋاپچى ۋە چىراغچىلىق خىزمىتىدە بولغان . ئۇنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىمۇ دەل مۇشۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ .

دەرسلىك كىتابىمىزنىڭ ھاشىيە قىسمىدا گۇمنام توغرىسىدا كونا دەرسلىكتىكى خاتا ئۇچۇر يەنى «گۇمنام 19 ـ ئەسىردە ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان لىرىك شائىر» دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ ، ھازىرقى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، شائىرنىڭ مىلادىيە 1634— 1724 ـ يىللىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . شېئىرنىڭ ئەسلىسى بىلەن يەشمىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ ، شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭ .

**جاۋاب** : گۇمنام غەزىلىدە كۆيلەنگەن گۈزەللىككە ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان . قەشقەر گەرچە «قورغانلىرى ، «ھەسرەت توپىسى بىلەن قۇرۇلغان» ، «ئىشق ، ئۇلپەت بۇلىقىدىن دەرد ـ مېھنەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان» بىر مۇدھىش ، ئاسارەتلىك دۇنيادا تۇرسىمۇ ، شائىرنىڭ نەزەرىدە ، ئۇنىڭ خاسىيىتى ، گۈزەللىكى ، سۆيۈملۈكلۈكى ئالدىدا ئەپسانىلەردىكى «رۇكنابات سۇيى» ۋە «مۇسەللا گۈلشەنى»مۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ . شائىر قەشقەرنىڭ «لالىزار»لىقلىرىنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىدۇ . ئۇنىڭ تۇپرىقىنى «ئىپار» دەپ ، سۇلىرىنى «كەۋسەر» ، تاشلىرىنى «ئۈنچە ـ مارجان» دەپ ، تىكەنلىرىنى «خۇش پۇراق گۈل» ، ۋەيرانىلىقلىرىنى «سۇلايمان دۆلىتى» دەپ ئەتىۋارلايدۇ . قىسقىسى ، شائىر ئۆز ۋەتىنىنى ئەنە شۇنداق ئەزىز ھەم سۆيۈملۈك ماكان دەپ بىلىپ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن .

گۇمنام ئۆز ئەسرىدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ گۈزەللىكىنى مەدھىيەلەپلا قالماي ، ۋەتەنني

گۈللەندۈرگەن خەلق ئاممىسىغا بولغان قىزغىن ، سەممىي مۇھەببىتىنى ئاجايىپ يالقۇن-لۇق يۈرەك سۆزلىرى بىلەن ئىپادە قىلغان . شائىر ئۆزى بىلەن ۋەتەنداش بولۇپ ، ۋەتەننى جاپالىق ئەمگىكى بىلەن گۈللەندۈرگەن «گۈل يۈزلۈك»لەرنى ھەرقانداق كىشىنىڭ قەلبىگە ئوت ياققۇسى دەپ تەرىپلەيدۇ . جۈملىدىن قەشقەر خەلقىنىڭ چىرايىنى «كۆلۈپ تۇرغان ئانار» ياكى «قىزىل ئالما»غا ئوخشىتىدۇ . بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردە قەشقەردە ياشىغان ئەمگەكچى خەلقلەرگە بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ ، ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . قىسقىسى ، شائىر ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈپلا قالماي ، ئۆز خەلقىنىمۇ ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ .

2 . شېئىردا قانداق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغانلىقىنى بىلۈۋېلىڭ .

جاۋاب : گۇمنام ئەسەرلىرىدە ئوخشىتىش ، مۇبالىغە ، جانلاندۇرۇش ، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلىپ ، ئىدىيەۋى ھېسسىيات ئېنىق ، جانلىق ، تەسىر-لىك ئىپادىلەنگەن . گۇمنام ئەسەرلىرى ۋەزىن ، قاپىيە جەھەتتىن خىلمۇخىل ، كۆركەم ۋە رەڭداردۇر .

3 . شائىر شېئىرنىڭ بېشىدا «قەشقەرنىڭ قورغانلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قو-رۇلغان» دەپ يازغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاخىرىدا يەنە نېمە ئۈچۈن «قەشقەرنى گۇمنامنىڭ يايلىقى دەپ بىلىڭلار» دەيدۇ ؟

جاۋاب : «كاشغەر» ناملىق غەزەلدە شائىر ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان قەشقەرنىڭ «قورغانلىرى» «ھەسرەت توپىسى بىلەن قۇرۇلغان» ، «ئىشق - ئۇلپەت بولىقىدىن دەرد - مېھنەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان» بىر مۇدھىش ، ئاسارەتلىك دۇنيادا تۇرسىمۇ ، ئۆزىنىڭ نەزەرىدە ئۇنىڭ خاسىيىتى ، گۈزەللىكى ، سۆيۈملۈكلۈكى ئالدىدا ئەپسانىلەردىكى «رۇكنا-بات سۇيى» ۋە «مۇسەللا گۈلشەنى»مۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ دېيىش ، ئۇنىڭ تۇپرىقىنى «ئىپار» ، سۇلىرىنى «كەۋسەر» ، تاشلىرىنى «ئۈنچە - مارجان» ، تىكەنلىرىنى «خۇش پۇراق گۈل» ، ۋەيرانىلىقلىرىنى «سۇلايمان دۆلىتى» دېيىش ئارقىلىق ۋە ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان ئەمگەكچى خەلقلەرگە بولغان سەممىي مۇھەببىتى ، ھېسداشلىقىنى ئىپادى-لەش ، گۈزەللىكى ۋە خىسلىتىنى مەدھىيەلەش ، بۇ ئانا يۇرتنى «مېنىڭ يايلىقىم» دەپ تەرىپلەش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن .

4 . «شەھىرىنى ئۇنتار بولۇر ھەر كىم دۇچارى كاشغەر» دېگەن مىسرادىكى ئىدىيەۋى ھېسسىياتنى ئۆزىڭىزنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ چۈشەنگىنىڭىزدە قانداق ھېسسىياتتا بولدىڭىز ؟ ئاپتورنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ چۈشەنگەندىچۇ ؟

جاۋاب : «كاشغەر» رادىفلىق بۇ شېئىر بىر پارچە قەسىدە بولۇپ ، بۇ شېئىردا شائىر كۈچلۈك ھېسسىيات ، مول مەزمۇن ، جانلىق بەدىئىي ئوبراز ، پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق تارىختا «كاشغەر» دەپ ئاتالغان قەشقەرنى تەرىپلىگەن ھەم «قەشقەرگە بىر كەلگەن ئادەم ئۆز يۇرتىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئانا يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن . بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى شائىرنىڭ بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىگە قايىل بولماي قالمايدۇ ، شۇنداقلا شائىر

تەرپلىگەن قەشقەرگە نىسبەتەن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ.

## 5. «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ھەققىدە

بۇ ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نامىلىق 13 مىڭ مىسرالىق، ئارۇز ۋەزنىنىڭ تەرجىئىبەند شەكلىدە، رىئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا يېزىلغان نەسىر-ھەتنامىسىدىن پارچە. 1726 - يىلى يېزىلغان.

ئاپتور ھەققىدە: ئابدۇللا ئوغلى مۇھەممەد خاراباتى 1638 — 1730 - يىللىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى. خاراباتى — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، «خارابات» سۆزىنىڭ «مەيخانا» دەپ يېشىلىشى بويىچە، «مەيخانا ئەھلى» دېگەن مەنىگە ئىگە. كېيىنكى چاغلاردا ۋەيران بولغانلارنى «خاراباتى» دەپ ئاتاشمۇ شۇ سۆزدىن كېلىپ چىققان.

مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى ئاقسۇنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدىكى چوغتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان. چوغتال كەنتىدە ھازىرمۇ بار بولغان «ھاجى خاراباتى» خانىقاسىدىكى مەقبەرە شائىر يەرلىكىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

خاراباتى ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىلىم ئۆگىنىشكە قىزغىن بېرىلىپ، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. خاراباتى مازىرىدا شەيخلىق قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن 96 ياشلىق مەتتىمىن شەيخنىڭ ئېيتىشلىرى ۋە «ھاجى خاراباتى تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىرنىڭ ئەينى دەۋردە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغانلىقى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىدا دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، دىن ۋە پەلسەپىگە ئائىت چوڭ - چوڭ مۇنازىرىلەرگە قاتناشقانلىقى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ بىرقانچە ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم.

خاراباتى توغرىسىدىكى تارىخىي مەنبەلەردە يەنە ئۇنىڭ ئۆز ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىنى شۇ دەۋردىكى خىلمۇخىل دىنىي مەزھەپ - گۇرۇھلارنىڭ پىكىر ۋە مەسلەك جەھەتتىكى قارىمۇقارشىلىقى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن نىزالار ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكى ۋە بۇ نىزالاردا ئۆزىگە خاس كۆز قاراش ۋە يول تۇتۇپ، باشقا مەزھەپ - گۇرۇھلاردىن ئايرىلىپ چىققانلىقى، ئاخىرىدا، بۇ خىل جاھىل ۋە نادان مەزھەپ - گۇرۇھلارنىڭ چىرىك، چۈشكۈن ئىدىيەۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن بۆسۈپ چىقىشقا ئامالسىز قالغانلىقى، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىپ، تەركىدۇنيالىقتا ئاشىق سۇپەت كۈن كەچۈرۈپ، 92 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئۆز دەۋرىدە يېتۈك شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان خاراباتىنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئىچىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نامىلىق بىرلا ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازما ۋە باسما ھالەتتىكى بىرقانچە خىل نۇسخىسى ساقلىنىپ

كەلمەكتە ، بۇلاردىن ھىجرىيە 1238 ـ يىلى (مىلادىيە 1822 — 1823 ) ئاقسۇلۇق كاتىپ مولا مۇھەممەد خوجا بىننى مولا توختى سوپى ئاخۇن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ، ھازىر ئۈنسۇ ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان (قولىيازما ) نۇسخىسىنى ، ھىجرىيە 1327 ـ يىلى (مىلادىيە 1909 ـ يىلى ) تاشكەنت ئارىپجانوۋ مەتبەئەسىدە بېسىلىپ ، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى ، يەنە تەخمىنەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت «غۇلامىيە» مەتبەسىدە بېسىلىپ ، ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنى كۆرۈستىپ ئۆتۈش مۇمكىن .

شائىر خاراباتى پىكىر ۋە ھېسسىيات جەھەتتە تۆۋەن تەبىقە ئەمگەكچى خەلقى بىلەن تولىمۇ يېقىن بولغىنى ئۈچۈن ، كىشىلەر تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ تىلغا ئېلىپ كەلمەكتە .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئابدۇللا خاراباتىنىڭ بۇ شېئىرىدا ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرقانچىنى تېپىپ ، شېئىر تىلىنىڭ جەلپ قىلارلىق ، ئوبرازلىق بولۇشىدا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ .

جاۋاب : شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئۇنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستە-لىرىنى چېۋەرلىك بىلەن قوللانغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ . ئەسەردە سېلىشتۇرۇش ، ئوخشى-تىش ، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر قوللىنىلغان . مەسىلەن :

سېلىشتۇرۇش :

ئىلىمسىزلەر خەلق ئارا ئادەم ئەمەس ،
ئىلىمسىز ئىككى جاھان مەھرىم ئەمەس .

ئوخشىتىش :

پەندى ئالىم كورغا گوياكى ھاسا ،
روھىغا ھەم بولغىسىدۇر كۆپ غىزا .

ھەر دىيارنىڭ چىراغىدۇر ئالىمى ،
ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى ئالىمى .

مۇبالىغە :

ئىلىم بىرلە سەيىر ئېتەر ئەرشىن ۋە ئېلى ،
ھەم فەلەك ھەم يەرۇ تەھتا سارى .

رىتورىك خىتاب :

ئىلىمغە قىل ئەي قاياش ئۆمرۈڭنى سەرپ ،
بەھرە ئالغىل ئىلىمدىن بىرنەچچە ھەرپ .

سۈپەتلەش :

ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى ،

ھەر قارا تۈنىنڭكى ماھى ئالمى.

مانا بۇلار شېئىر تىلىنىڭ ساددا ۋە ساپلىقى، جەلپ قىلارلىقلىقى، تېمىسىنىڭ كەڭ، خىلمۇخىللىقى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ئېچىپ بېرىش رولىنى ئوينىغان.

2. شائىر نېمە ئۈچۈن ئالىملارنى ھەر دىيارنىڭ «چىراغى»، «ماھى»، «باغى» ۋە «شاھى» دەپ مەدھىيەلەيدۇ؟

جاۋاب: شائىر شېئىردا ئىلىمنىڭ مىسلىسىز كۈچ ـ قۇدرىتى، بىلىم ئىگىلەشنىڭ خاسىيىتى، بىلىملىك بولۇش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئىلىم ئەھلى بولغان ئالىملارنى ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن ئوبرازلىق ھالدا مەدھىيەلەيدۇ.

3. شېئىرنى ئوقۇپ، بىر جەمئىيەتتە ئالىمنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ ئورنىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىڭىز؟

جاۋاب: شېئىرنى ئوقۇپ، بىر جەمئىيەتتە ئالىمنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ ئورنى قانچە يۇقىرى بولسا، شۇ دۆلەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىدىغانلىقى، بەختىيار، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بولىدىغانلىقى؛ ئورنى تۆۋەن بولسا ھەممە يەرنى جاھالەت قاپلاپ، دۆلەت ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىدىغانلىقى، نادانلىقنىڭ مىللەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

4. سىزنىڭچە، شائىر شېئىرنى نېمە ئۈچۈن «مەن نىچۇك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلەر، قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلەر» دەپ ئاخىرلاشتۇرغاندۇ؟

جاۋاب: بىز ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، بارلىق بابلارنىڭ ئاخىرىنىڭ يۇقىرىقى بېيىت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خاراباتى ئۆز نەسىھەتنامىسىدا ئۆز زامانىسىغا بولغان نارازىلىقىنى، كىشىگە ئازراق شادلىق بېغىشلىيالمايلا قالماستىن، غەم ۋە ئازابلارنىڭ چېكى بولمايۋاتقان زامانغا بولغان شىكايىتىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈ-رۈش ئۈچۈن، ئۇسلۇب جەھەتتە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ تەرجىئىبەند شەكلىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن. شۇڭا ئۇ، ھەربىر بابنى ئاشۇ بېيىتنى تەكرارلاش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

## 6. «رابىئە ـ سەئىدىن» ھەققىدە

بۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىدىن ئېلىنغان پارچە بولۇپ، تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا 1848 ـ يىلى يېزىلغان مۇھەببەت داستانىدىن پارچە.

ئاپتور ھەققىدە: ئۆزىنىڭ باي ئەدەبىي مىراسلىرى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى-نىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا يېڭى بىر ئالتۇن دەۋرنى ئاچقان ئەدىبلەرنىڭ بىرى — تالانتلىق رېئالىزمچى شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىدۇر.

شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى 1770 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ «بۇلاق بېشى» مەھەللى-

سىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئۇ دەسلەپ ئۆز مەھەللىسىدە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، 30 ياشقا كىرگىچە قەشقەردىكى ئاتاقلىق بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە»دە ئوقۇپ ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ، ئەرەب ، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆگەندى . بولۇپمۇ پارس ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان شەيخ سەئدى ، خوجاھافىز شىرازى ، مىرزا ئابدۇقادىر بېدىل ۋە ئابدۇراھمان جامىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشتى . تالانتلىق شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ۋە تىرىشىپ ئۆگەندى . ئابدۇرېھىم نىزارى ئەدەبىي پائالىيىتىنى ئوقۇش يىللىرىدىلا باشلىغان بولۇپ ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە چىن دىلىدىن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى ۋە ئۆگەندى . ئەمگەكچى خەلق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى . ئابدۇرېھىم نىزارى ئەدەبىيات ئىلمىدىن باشقا خەتتاتلىق سەنئىتىنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى . شۇڭلاشقا 1830 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى زوھورىدىن ھېكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى . 1838 - يىلى پىچان لۈكچۈندىكى ئەفرىدۇن چىڭۋاڭنىڭ چاقىرتىشى بىلەن لۈكچۈنگە كېلىپ بىرنەچچە يىل تۇردى . كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېتىپ 1848 - يىلى 78 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولدى .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . پارچىنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا باغلاپ چۈشىنىش ئاساسىدا ، تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇڭ :

1 ) سىزنىڭچە، رابىئە ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالامتى ؟

جاۋاب : رابىئە ئۆز ۋاقتىدا ئىنسان ھۆرلۈكى ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدا فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قاماللىرىغا قارشىلىق كۆرسەتمەستىن ، دادىسىنىڭ نام - ئابرۇيى ئۈچۈن فېئودالىزمنىڭ ھىمايىسى بولغان جابىرغا تېگىشكە ماقۇل بولغان بولسا ، بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالايتتى . رابىئەنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا ئۇ مۇنداق قىلالمايتتى ، شۇڭا ئۇ بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالالمايتتى .

2 ) رابىئەنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قىممىتى نەدە ؟

جاۋاب : 19 - ئەسىر فېئودالىزم مۇھىتىدا ياشىغان رابىئە ۋە سەئدىنىدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ پاجىئەسى فېئودالىزمنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكنى ، ئىنسانىي ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ، مەنىۋى پۇچەكلىكىنى ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ، جۈملىدىن رابىئەنىڭ ئۆلۈمى ئەركىنلىككە ئىنتىلگەن ياشنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىگە ، ئائىلە - نىكاھ تۈزۈمىگە ، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتنىڭ ياۋۇز قاتىللىرىغا قارشى مەردانە جەڭ ئېلان قىلغانلىقى ، بۇ ئۆلۈمنىڭ قىممىتى مانا مۇشۇ يەردە .

2 . تۆۋەندىكى كۇپلېتلارنىڭ مەزمۇنىنى ئەسەر مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىڭ :

1) «كۆرۈندى كۆزىگە بۇ ئالەم قارا،
كى مەھۋ ئولدى دىلدىن ھەممە ماسىۋا.»
نېمە ئۈچۈن بۇ ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قارا كۆرۈنىدۇ؟

جاۋاب: چۈنكى ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك، پاك ۋىجدانلىق، ساپ مۇھەببەت ئىگىسى بولغان رابىئە فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ توسالغۇسى سەۋەبلىك سۆيگەن يارى، ۋاپادار يىگىت سەئىدىندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىدۇ، ئەركىنلىكى بوغۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئالەم ئۇنىڭ كۆزىگە قارا كۆرۈنىدۇ.

2) «ئاتادىن يېتىشكەن سىتەملەرنى دەپ،
ئانادىكى بولغان ئەلەملەرنى دەپ.»
دادىسى رابىئەگە قانداق زۇلۇم سالغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب: يېزىدىكى ئاچ كۆز باي ياقۇپ نامرات دېھقان ئوغلى سەئىدىننى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭ قىزى ئۈچۈن كىرگۈزگەن ئەلچىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئاھانەت دەپ بىلىپ كەسكىن رەت قىلىدۇ ۋە سەئىدىننىڭ پاجىئەلىك ھالدا ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. قىزى رابىئەنى قېرى باي ئەمەلدار جابىرغا بېرىپ پۇل ـ مال، ئابرۇيغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ، قىزىغا زور بېسىم ئىشلىتىدۇ.

3) «دېدى ئول زەمان: ‹ئى كۆزۈم رەۋشەنى،
بۇ گىردابى غەمدىن تابىڭلار مەنى›»
نېمە ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى غەم گىردابىدىن ئىزدەڭلار دەيدۇ؟

جاۋاب: كىشىلىك ئەركىنلىكنى بوغۇپ تاشلىغۇچى فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمى، ئائىلە ـ نىكاھ تۈزۈمى ۋە دادىسىنىڭ بېسىمىغا چىدىمىغان رابىئە ئۆزىنى غەم گىردابىدىن ئىزدەشنى ئېيتىپ، سەئىدىنگە سادىق بولۇپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر يولىنى ئۆلۈم ھېسابلاپ، ئۆزىنى تەلۋىچۈك دەرياسىغا تاشلاپ بىۋاپا، رەھىمسىز دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

3. شېئىرنى ئوقۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان سۆزلەرنى تېپىپ چىقىڭ ۋە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ.

جاۋاب: بۇ تېكىستتە قوللىنىلغان كۆپلىگەن سۆزلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئەينەن ئۇچرىتىشقا بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ روشەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تېكىستتە ئۇچرايدىغان سۆزلەر ئىچىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان سۆزلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

باشىدا — بېشىدا
قەرداش — قېرىنداش
ئول — ئۇ
زەمان — زامان
تاپىڭلار — تېپىڭلار

مەنى — مېنى

ئىشقە — ئىشقا

تېكىستتىن يەنە باشقا خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگىمۇ مىسال تېپىش مۇمكىن .

## 7 . «ئاتا» ھەققىدە

بۇ ئابدۇللا پوسكامىنىڭ 19 بابتىن تەركىب تاپقان «كىتابى ئابدۇللا» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان پارچە بولۇپ ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل شەكلىدە يېزىلغان لىرىك شېئىر .

ئاپتور ھەققىدە :دىداكتىك — ئەخلاقىي پىكىر - ئىدىيەلەر ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۇزاق تارىخقا ھەم مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىگە . ئابدۇللا پوسكامى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى مۇشۇ خىل ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرى . ئۇ 1876 - يىلى پوسكام ناھىيەسىنىڭ ئۇجمىئېرىق كەنتىدە تۇغۇلغان . ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئادىتى بويىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان ، كېيىنچە چوڭ دادىسى مۇھەممەد ئىمىن ئەلەم ئاخۇنۇم ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ ، ئەتراپلىق بىلىم ۋە ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن . كىچىكىدىن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە قىزىققان بولۇپ ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت رېئاللىقىنى ئەستايىدىل كۆزىتىش ، تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھە ، ھەرقايسى كەسىپ كىشىلىرى ، جۈملىدىن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «كىتابى ئابدۇللا» ناملىق ئەسىرىنى (19 بابلىق شېئىرىي ئەسەر ) يېزىپ چىققان .

«كىتابى ئابدۇللا» ناملىق بۇ ئەسەر ناھايىتى كەڭ مەزمۇن سىغىمچانلىقىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇ «ھۆكۈمدارلارنىڭ بايانى» ، «سۇ ئىچىدىكى جانىدارلارنىڭ بايانى» ، «ئۇچارلىق جانىۋارلارنىڭ بايانى» ، «مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ بايانى» ، «گۈللەرنىڭ بايانى» ، «مېۋىلەرنىڭ بايانى» ، «زىرائەتلەرنىڭ بايانى» ، «ئاتا - ئانا بايانى» ، «مەدداھ - قىسسەخانلارنىڭ بايانى» قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان . شائىر بۇ ئەسىرىدە جەمئىيەتشۇناسلىق ، ھۇنەر - كەسىپ ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ ، ئوخشىمىغان كەسىپ - ھۇنەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ھەققىدە ، شۇنداقلا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئادەتلىرى ھەققىدە نىسبەتەن كەڭ ، ئەتراپلىق ، چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزگەن . «كىتابى ئابدۇللا» ناملىق بۇ ئەسەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2004 - يىلى نەشر قىلىنغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . شېئىردا ئاتا بولغۇچىنىڭ قانداق مەجبۇرىيەتلىرى ، خۇشاللىقلىرى ، قايغۇسى ئىپادىلەنگەن ؟

جاۋاب : شېئىردا ئاتا بولغۇچىنىڭ پەرزەنت دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا ئاش ـ
تاماق ، كىيىم ـ كېچەك بېرىپ بېقىشتىن سىرت ، ھەر ۋاقىت ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى
ئۆگىتىدىغان ، پەرزەنتىنىڭ بەختى ـ سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىدىغان ھەتتا
پەرزەنتىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى تەربىيەلەشكىمۇ كۈچ سەرپ قىلىدىغان ئاتىلىق مەجبۇرىيەتـ
لىرى ؛ پەرزەنتىنىڭ خۇشاللىقىدىن سۆيۈنىدىغان ، تاپقان بىساتلىرىنى پەرزەنتلىرىگە بەرگىـ
نىدىن خۇشاللىنىدىغان ، بارلىق پەرزەنتلىرىنىڭ جەم بولغىنىدىن بايرام شادلىقىغا چۆمىـ
دىغان خۇشاللىقلىرى ؛ پەرزەنتى ئالەمدىن ئۆتسە پەرزەنت ئىشقىدا كاۋاپ بولۇپ ئۆزىنى
ھەريان ئۇرىدىغانلىقى ، پەرزەنتىنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن قايغۇغا چۆمىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن .

2 . تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئاپتورنىڭ قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن ؟

1 ) بولسا بۇ فەرزەند بالىغ قۇل بىلەن ئۆيلۈك قىلىپ ،
تەربىيەنى يىلۇ ئاي ، كۈن ھەر زەمان قىلغان ئاتا . »

بۇ مىسرالاردا ئاپتورنىڭ ئاتا بولغۇچىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان ـ تەر
سىڭدۈرىدىغان ئەجرىگە بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن .

2 ) «سەن قاچان بىلگەيسەن ، ئابدۇللا ، ئاتاڭنىڭ قەدرىنى ،
ئايتماغىل بىزنى باقىپ شۇنداق يەمان قىلغان ئاتا .

بۇ مىسرالاردا ئاپتورنىڭ پەرزەنت يامان بولسا ئاتىدىن كۆرمەسلىك ، ئاتىنىڭ قەدىر
ـ قىممىتىگە يېتىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن . بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ دىداكتىك ـ
تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ، ئۇ پەرزەنتلەرنى ئاتىلارنى ھۆرمەتلەش جەھەتـ
تە چوڭقۇر تەربىيەگە ئىگە قىلىدۇ .

## ئۈچىنچى بۆلەك

## 8 . «كىيىم ـ كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى» ھەققىدە

بۇ ئابدۇكېرىم راخماننىڭ شۇ ناملىق مۇھاكىمە ماقالىسى بولۇپ ، ئۈچ بۆلەك ، ئالتە ئابزاستىن تەشكىل تاپقان .

ئاپتور ھەققىدە :ئابدۇكېرىم راخمان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى . ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور تەتقىقاتى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى خېلىلا كۆرۈنەرلىك .

ئابدۇكېرىم راخمان 1941 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ، 1964 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئۆزى ئوقۇغان فاكۇلتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان . ئابدۇكېرىم راخمان شۇنىڭدىن تارتىپ 1993 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر شۇ فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ، مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ، ھازىر دوكتور يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ .

ئابدۇكېرىم راخمان ئەدەبىيات ساھەسىگە 1962 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە ئېلان قىلغان ماقالىلىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن . شۇنىڭدىن تارتىپ ، بولۇپمۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ مەخسۇس ئەدەبىيات تەتقىقاتى ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ، «چىنلىق — ئەدەبىياتنىڭ جېنى» ، «تىپىك پېرسوناژ ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم» ، «ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى — تىل» ، «شېئىر ئىنچام بولۇشى كېرەك» ، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىقنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ ، بۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى ، تەنقىدچىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى . ئۇ يەنە ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن ئورتاق دەرسلىك «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى»نى يېزىشقا قاتناشقان .

ئابدۇكېرىم راخمان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدىمۇ «ئوغۇزخان ۋە ‹ئوغۇزنامە› داستانى توغرىسىدا» ، «‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىنىڭ مەزمۇنى ، خاراكتېرى ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا» ، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ئىچىدىكى شېئىرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيەسى توغرىسىدا» ، «يەكەن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ، «ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ ‹رابىئە ـ سەئىدىن› داستانى» ، «ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم» قاتارلىق بىر

تۈركۇم ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى يىرىك كىتاب «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ يېزىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم يېزىشقا قاتناشقان.

ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات، ئىزدىنىشلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»، «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلەر سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تەتقىقات تېزىسلىرى»، «مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئۆلمەس خاتىرىلىرى»، «يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى» قاتارلىق ئەسەر ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە نىسبەتەن سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان ھەم ياخشى باھالارغا ئېرىشكەن. ئابدۇكېرىم راخمان يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «يىپەك يولى بويىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» ناملىق كىتابنى تۈزگەن، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق كىتابلارنى نەشرگە تەييارلىغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرمۇنچىلىرى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، «ئەدەبىيات ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» قاتارلىقلار بار.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. ئاپتور ئەسەردە نېمە ئۈچۈن «كىيىم ـ كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى» دەيدۇ؟ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

جاۋاب: چۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە مىللىي گەۋدە شەكىللەنگەندىن بۇيان تەدرىجىي ھالدا كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ مىللىيلىشىپ، شەكىل جەھەتتىن مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ روشەن بەلگىسىگە ئايلاندى. كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى شۇ مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەمەرىلىك ئىپادىسى بولۇپ قالدى. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جايلىشىش ئورنى، ئۆرپ ـ ئادىتىگە ماس ھالدا كىيىنىپ، باشقا مىللەتلەردىن كىيىنىش جەھەتتىمۇ پەرقلىنىدىغان ھالەت مەيدانغا كەلدى. شۇڭا ئاپتور ئەسەردە «كىيىم ـ كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى» دېگەن.

2. ئەسەردە «غەلىتە»، «نامراتلىق»، «سوۋغىسى»... قاتارلىق سۆزلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ شۇ جايدا باشقىچە مەنىلەردە كەلگەن، سىز بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئالدى ـ كەينىدىكى جۈملىلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ.

جاۋاب: غەلىتە — ئاجايىپ ـ غارايىپ، بىزنىڭ كۆزنىمىزگە سىغمايدىغان، ئۆزىنىڭ

ئۆرپ - ئادەتكە خاس كىيىنگەن .

نامراتلىق — روھىي جەھەتتە گادايلاشقان ، ئىدىيەدە قالاقلاشقان ، مەدەنىيەت تۇيغۇسى ئاجىزلاشقان ، روھىي نامراتلىقنى كۆرسىتىدۇ .

سوۋغىسى — تەرەققىياتىنىڭ تۆرتكىسى .

3 . تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ھەققىدىكى قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ .

1 ) بۈگۈنكى كۈندە توي كۆچۈرگەندە ماشىنىنىڭ ئورنىغا ئات ھارۋىسى ئىشلىتىشكە قانداق قارايسىز ؟

جاۋاب : توي كۆچۈرگەندە قىزنى ماشىنا بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئات ھارۋىسى بىلەن كۆچۈرگەنلىكى ماقالىنىڭ ئاپتورى قومۇلدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر يېڭىلىق بولۇپ ، يازغۇچى بۇ يېڭىلىقنى يېزىش ئارقىلىق قومۇللۇقلارنىڭ توي - تۆكۈنلەردە قىز كۆچۈرۈش ئۇسۇلىدا ۋە تويدا كىيىدىغان كىيىم - كېچەكتە ئەنئەنىگە قايتقانلىقىنى مىللىي ئالاھىدى-لىكنى ئۇنتۇمىغانلىق دەپ قىزغىن ماختىغان . ئەلۋەتتە ، بۇرۇنقى زامانلاردا توي كۆچۈ-رۈشتە ئېشەك ھارۋىسى ، ئات ھارۋىسى ئىشلىتىلگەن . بۇ شۇ مەزگىلدىكى قاتناش قورالى ۋە خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى . كېيىنكى مەزگىللەردە تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى ، زامانىۋى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن توي ماشىنا ئارقىلىق يۆتكىلىدىغان بولغان ھەم ناھايىتى تېز ئومۇملاشقان . ماشىنا بىلەن توي كۆچۈرۈش شارائىتى بار تۇرۇپ ، ئات ھارۋىسى بىلەن توي كۆچۈرۈش ئەلۋەتتە ئەنئەنىنى سېغىنىشنىڭ ، ئەنئەنىگە قايتقانلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ، كىشى قەلبىنى ھەقىقەتەن ھايا-جانغا سالىدۇ . بۇنداق يۈزلىنىشنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەم ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ . ئەمما ، توي يۆتكەش ئارىلىقى ئۇزۇن بولغان ، شەھەر ئىچىدە توي يۆتكەيدىغان ئەھۋالدا يەنىلا ئەنئەنىۋى قاتناش قوراللىرى بىلەن توي يۆتكەيمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىش ئاقىلانىلىك بولماسلىقى مۇمكىن . مۇھىمى ، مەيلى توي يۆتكەش بولسۇن ، مەيلى كىيىم كىيىش بولسۇن ، مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەردە مىللىيلىكنى ، ئەنئەنىنى ئۇن-تۇپ قالماسلىق ، ئەمما ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالماسلىق ، شارائىتقا بېقىپ ئىش كۆرۈش كېرەك .

2 ) كىيىم - كېچەكتە غەربلىشىشكە قانداق قارايسىز ؟

جاۋاب : كىيىم - كېچەكتە غەربلىشىش — ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى كىيمەي ، غەرب ئەللىرىنىڭ كاستيۇم - بۇرۇلكىلىرىنى ، مەيدىسى ئوچۇق ، دۈمبىسى يوق كۆڭلەك ياكى قىسقا ، تار يوپكىلىرىنى كىيىشكە قىزىقىپ كېتىشكە ۋە ئۇنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىگە قارىتىپ ئېيتىلغان . يازغۇچى بۇ ماقالىسىدە ، كىيىم - كېچەكتىكى بۇنداق مىللىي ئەنئەنە ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى تاشلاپ ، پۈتۈنلەي غەربلىشىپ كېتىش خاھىشىغا قارشى پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن ھەم بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . مىللىي كىيىم - كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋول-لۇق بەلگىسى بولغان ئىكەن ، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ، مىللىي كىيىم - كېچەكلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ، ئۇلارنى قەدىرلەش ، ئەمما نوقۇل مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىملەرنى

كىيىمىز دەپ كىيىم ـ كېچەكتىكى زامانىۋىلىشىشقا قارشى تۇرماسلىق ، غەرب كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزلەشتۈرۈپ ، شۇنداقلا مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى زامانغا لايىق ئۆزگەرتىپ ، شۇ ئارقىلىق بۈگۈنكى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرۇش ، تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك بولىدۇ .

3 ) ئادەتتە مىللىي كىيىم ـ كېچەككە بولغان ھېرىسمەنلىك بىلەن كىيىم ـ كېچەكتە زامانىۋىلىشىش بىر ـ بىرىگە زىتمۇ ؟

جاۋاب : زىت ئەمەس ، مىللىي كىيىم ـ كېچەككە بولغان ھېرىسمەنلىك ، مەلۇم بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شۇ مىللەت كىشىلىرى كىيىپ ئومۇملاشقان ياكى شۇ مىللەت ئۈچۈن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى داۋاملىق كىيىشنى ، ئەتىۋارلاپ ساقلاشنى ياقتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ . كىيىم ـ كېچەكتە زامانىۋىلىشىش بولسا ، زامانغا لايىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش دېگەنلىكتىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ ھېچبولمىغاندا مۇشۇ دەۋر كىشىلىرى ئورتاق كىيىپ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى زامانغا ماس ئۆزگەرتىپ كىيىشتىن ئىبارەت ئىككى قاتلاملىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن . ئەلۋەتتە ، بۈگۈنكى دەۋردە كۆپ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋە بىللە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدىكى تەسىر ، بولۇپمۇ چەت ئەل كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەردىن پەرقلىق بولغان خىلمۇخىل پاسوندىكى تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەكلەر كەڭ تۈردە كىيىلىۋاتىدۇ . ئەمما ، بۇنداق كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە ئۇلارنى كىيىش ھەرگىزمۇ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى چەتكە قاقمايدۇ . مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى زامانغا لايىق ئۆزگەرتىپ كىيىش ۋە زامانىۋى كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ كىيىش ئارقىلىق كىيىم ـ كېچەكتىكى مىللىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ .

4 . ئاپتور مىللىي كىيىم ـ كېچەكنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا ئىككى تەكلىپ ـ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان . سىز ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايسىز ؟

جاۋاب : ئاپتور بۇ ماقالىسىدە مىللىي كىيىم ـ كېچەكنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا مۇنداق ئىككى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان : بىرى ، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىپ ، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا ، شۇنداقلا كىيىم ـ كېچەكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەم يەنە چەت ئەل كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ تەسىرىگە قارىتا ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئا-مىلە قىلىشىمىز ، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى توغرا يولغا باشلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك ؛ يەنە بىرى ، زاماننىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ھەم ئەنئەن-ۋىلىكنى ، مىللىيلىكنى يوقاتمىغان ، ھەم زامانغا ماس كېلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى

لايىھەلىشىمىز ، بازارغا سېلىشىمىز ، كىيىشىمىز ۋە ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك .
ئوقۇغۇچىلار مىللىي كىيىم - كېچەكنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا ئوخشىمىغان نۇقتىلار-
دىن چىقىپ تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ .

5 . ئاپتور بۇ ماقالىسىدە مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلەرنى قەدىرلەش ، ئۇلارنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ كىيىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما قەدىمكى كىيىم - كېچەكلەرنى ئەينى بويىچە بۈگۈنكى كۈندە كىيىشنى تەشەببۇس قىلمىغان . ئاپتورنىڭ بۇ قارىشى قايسى جۈملىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ؟

جاۋاب : ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى «بىز ھازىر بىرقەدەر ئومۇملىشىپ قالغان كاستۇم - بۇرۇلكا بىلەن تار يوپكا - كوپتىلارنىڭ ئورنىغا ‹غېرىب - سەنەم › فىلىمىدىكى شاھى ئاببىاسنىڭكىدەك يوغان سەللە ، رەڭدار بېزەكلىك شاھانە تونلارنى ياكى مىللىيلىكنى زىيادە قوغلىشىپ ، ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان كۆلا - جەندىلەرنى كىيىپ يۈرۈشنى تەشەببۇس قىلمايمىز . ئۇنى زامانىۋى ئاڭ فورمىسىدىكى خەلقىمىزمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ » دېگەن جۈملىلەردە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

## 9 . «ئەكىلىشپەرۋەرلىك» ھەققىدە

بۇ لۇشۈننىڭ مۇھاكىمە خاراكتېرلىك فېليەتونى بولۇپ ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىنغان ، ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان ، تۆت بۆلەكتىن تەركىب تاپقان . 1934- يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «جۇڭخۇا گېزىتى»گە بېسىلغان .

ئاپتور ھەققىدە : لۇشۈن جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەدىبى ، مۇتەپەك-كۇرى ۋە ئىنقىلابچىسىدۇر . ئۇ 1881 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسى-نىڭ شاۋشىڭ ناھىيەسىدە دۇنياغا كەلگەن . 1936 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن . ئەسلىي ئىسمى - فامىلىسى جۇشۇرېن ، لۇشۈن ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇ-سى ، ئۇنىڭ «چۇقان» ، «تېڭىرقاش» ، «يېڭىدىن يېزىلغان كونا ھېكايىلەر» دېگەن ھېكايە توپلاملىرى ؛ «ياۋا گىياھ» ناملىق نەسرىي شېئىرلار توپلىمى ؛ «كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىلىرى» دېگەن نەسرلەر توپلىمى ؛ «ئىسسىق شامال» ، «قەبرە» ، «سايىۋەن» ، «ئۈچ بىكار» ، «ئالا كۆڭۈل» ، «تاغدىن - باغدىن» ، «كونۇس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى» قاتار-لىق فېلىيەتون توپلاملىرى بار .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئەسەرنى ئوقۇپ ، ئاپتورنىڭ پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىڭ ھەمدە تېكىست مەزمۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ ، «ئەكىلىشپەرۋەرلىك»نىڭ زادى نېمىنى كۆرسىتىدى-غانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

جاۋاب : لۇشۈن بۇ فېلىيەتوندا جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى جۇڭگو كىلاسسىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ھەم چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ

بولاپ ئېلىپ كېتىشى؛ سېتىش ۋە كەينىدىن ئاپىرىپ بېرىش بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەل مەدەنىيىتىنى ئەكىلىشى ھەم چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى جۇڭگوغا كىرگۈزۈشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك تەنقىدىي مۇلاھىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتور ماقالىنىڭ بېشىدا جۇڭگونىڭ بېكىنمىچىلىكى، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ بېكىنمە ھالەتنى بۇزۇۋەتكەنلىكى، جۇڭگونىڭ نۇرغۇنلىغان ئاسارە-ئەتىقىلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتكەنلىكى، قالغانلىرىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ «سوۋغىلاپ ئاپىرىپ بېرىشى» (كەينىدىن ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى) توغرىسىدا كۈچلۈك ھەجۋىي ۋە مەسخىرىلىك كىنايە ئارقىلىق تەنقىد قىلغان.

ئارقىدىنلا ئاپتور چەت ئەل مەدەنىيىتىنى ئەكىلىشتىكى ئىككى خىل يول ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان. بىرى، چەت ئەللىكنىڭ ئەۋەتىپ بېرىلگەن مەدەنىيىتى بولۇپ، بۇ تەنقىد قىلىنغان. چۈنكى، ئەۋەتىپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەپيۇن، توپ-زەمبىرەك، ئۇپا-ئەڭلىك، كىنو ... دېگەندەك نەرسىلەر بولۇپ، بۇ جۇڭگو خەلقىگە تەشۋىش ئېلىپ كەلگەن. يۇقىرىقىلار ئاپتورنىڭ چەت ئەل مەدەنىيىتىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك دېگەن مەسىلىگە بولغان خاتا، بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان رەددىيەسى. يەنە بىرى، ماقالە ئاخىرىدا ئاپتور چەت ئەل مەدەنىيىتىدىكى ئېسىل جەۋھەرلىك تەرەپلەرنى ئېلىپ كېلىش لازىملىقى، يەنى «ئەكىلىشپەرۋەر» بولۇش لازىملىقى ھەققىدىكى تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئەكەلگۈچىنىڭ «ھەممىدىن ئاۋۋال تەمكىن، باتۇر، غەيرەتلىك، پەملىك، شەخسىيەتسىز بولۇشى كېرەك»لىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

2. ئوخشىتىش، كىچىك ئىشلاردىن چوڭ ئىشلارنى كۆرۈپ يېتىش ئارقىلىق ئابستراكت بولغان چوڭقۇر قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بۇ تېكىستنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. بۇ تېكىستتە قانداق ئوخشىتىشلار ئارقىلىق قائىدە سۆزلەنگەنلىكىنى ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭ. سىز بۇ قائىدىلەرنى باشقا ئوخشىتىش ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ ساۋاقداشلىرىڭىز بىلەن بىللە سىناپ كۆرۈڭ.

جاۋاب: بۇ ئەسەردە كۆپلىگەن ئوخشىتىشلار بار. «چوڭ قورۇ-جاي» بىر ئوخشىتىش بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتىگە ئوخشىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «بېلىق گۆشى» مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ جەۋھىرىگە ئوخشىتىلغان. «ئەپيۇن» ئارقىلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى پايدىلىق تەركىبلەر بىلەن پايدىسىز تەركىبلەرنىڭ تەڭ بىللە مەۋجۇتلۇقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «ئەپيۇن غاڭزىسى»، «ئەپيۇن چىرىغى»، «كىچىك خوتۇنلار» مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى شاكالغا، ناچار، قالاق تەرەپلەرگە ئوخشىتىلغان.

ئوقۇغۇچىلار ئەكىلىشپەرۋەرلىك ۋە سوۋغىلاپ بېرىشكە دائىر قائىدىلەرنى باشقا ئوخشىتىشلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ باقسا بولىدۇ.

3. تۆۋەندىكى ئاستىغا كۆپ چېكىت قويۇلغان سۆزلەر دەل، جانلىق ئىشلىتىلگەن، بەزىلىرى كىنايە تۇسىگە ئىگە. ئەستايىدىل ئوقۇپ، مۇشۇ جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ

بېقىڭ .

1 ) يەنە بىر نەچچە «پىر ـ ئۇستاز» بىرقانچە قەدىمىي ۋە يېڭى رەسىملەرنى كۆتۈ-رۈپ ، «مىللىي تەۋەررۈكلىرىمىزنى جانلاندۇرىمىز» دەپ ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ، ئېسىپ كۆرسەتتى .

جاۋاب : بۇنىڭدا «سۆڭلاپ بېرىش»نىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئېپادىسى ۋە ئۇنى تەر-غىب قىلغۇچىلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ۋە «سۆڭلاپ بېرىش»نى كۈچلۈك تەنقىدلىگەن .

2 ) قىسقىسى ، تىرىك ئادەم ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ ئورنىنى ئالسا ، مەن شۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالايمەنكى ، بۇنىڭ بىلەنمۇ تەرەققىياتىمىزنى بىر ئاز نامايان قىلغىلى بولىدۇ .

جاۋاب : بۇنىڭدا «سۆڭلاپ بېرىش»نى تەرغىب قىلغۇچىلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى دەل جايىدا ئېچىپ بەرگەن .

3 ) ئەلۋەتتە ، سۆڭلاپ ئاپىرىپ بېرىشمۇ يامان ئىش ئەمەس ، بىرىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ مەرد ـ سېخىيلىقىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ .

جاۋاب : بۇنىڭدا كىنايە قىلىش ئارقىلىق «سۆڭلاپ بېرىش»نى قاتتىق تەنقىد قىل-غان .

4 . سىنىپ بويىچە ياكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ، يېقىنقى 100 يىلدىن بېرى بىز چەت ئەلدىن نېمىلەرنى «ئەكەلدۇق» ، يەنە نېمىلەرنى «ئەكىلىش» كېرەك دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئەمەلىيەتكە باغلىغان ئاساستا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىڭلار . ئاندىن بىرەر پارچە ئەسەر يېزىپ بېقىڭلار .

جاۋاب : يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان بىز پەن ـ تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە چەت ئەلدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدۇق . بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىلدىن بۇيان چەت ئەلدىن ئېلىپ كىرگەن نەرسىلىرىمىز ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ بولدى . ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ، گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولغان يەنە كۆپلىگەن ئىلغار پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ، ئىلغار ، پايدىلىق ئۇسۇللارنى ، ھۈنەر ـ تېخنىكىلارنى ، شۇنداقلا تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇلاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك .

## 10 . «تىل ـ ئەدەبىيات ۋە ماتېماتىكا» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى سۇبۇچىڭ ، ژانىرى مۇھاكىمە ماقالىسى .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئادەتتە بىرەر پەنگە قىزىقسا يەنە بىر پەنگە قىزىقمايدىغان ، پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇققا ، مۇناسىۋەتكە ھۆرمەت قىلمايدىغان ، ھەتتا پەنلەرنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇۋالىدىغان ئىشلار يوق ئەمەس ، ئۇنداقتا سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز ؟

**جاۋاب :** ئاپتور بۇ مۇھاكىمە ماقالىسىدا تىل ـ ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگىنىش ماتېماتىكا ۋە باشقا پەننى بىلىملەرنى ئۆگىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئەمەلىي ئىشلاردىن مىسال كەلتۈرۈش ، قائىدە سۆزلەش يولى ئارقىلىق قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەرگەن . بۇ تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىزنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگىنىش ھەققىدىكى تونۇشىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلىدى . كۈچلۈك قوراللىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان بۇ پەن ، بۇگۈنكى كۈندە ، ئۆزىنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئىلىمگە ھېرىسمەن ياش ئەۋلادلارغا نىسبەتەن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپلا قالماي ، ئۇنى بىر ئۆمۈر ئۆگىنىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق .

2 . تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدە قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ :

1 ) «مەن ئوقۇتقۇچىمىنىڭ تەسىرىدە ماتېماتىكىنى ياقتۇرۇپ قالدىم ۋە ماتېماتىكىنى ئۆمۈر بويى تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكت قىلىۋالدىم . بۇنىڭدا گەرچە مەلۇم تاسادىپىيلىق بار بولسىمۇ ، لېكىن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشى يەنىلا تىلىنىڭ قۇدرىتى ئەمەسمۇ ؟ »

ئاپتورنىڭ بۇ خىل قارىشىغا قوشۇلامسىز ؟ ماتېماتىكىغا قىزىقىشتىكى بۇنىڭدىن باشقا ئامىللارنىمۇ كۆرسىتىپ باقالامسىز ؟

**جاۋاب :** ئاپتورنىڭ بۇ خىل قارىشىغا قوشۇلىمەن . چۈنكى ، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندىمۇ تىلنىڭ قۇدرىتى كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ . تىلى راۋان ، چۈشىنىشلىك ، جانلىق ، قايىل قىلارلىق كىشىلەرگە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدۇ ، سۆزىگە قايىل بولۇپ ، شۇ كىشىگە بولغان ھۆرمەت كۈچىيىدۇ .

ماتېماتىكىغا تىلنىڭ قۇدرىتى سەۋەبىدىن قىزىقىشتىن باشقا يەنە ئەڭ مۇھىمى شۇكى ، ماتېماتىكا قانۇنىيەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا پەنلەرگە قارىغاندا ئۆگىنىش ئاسان بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ، شۇنداقلا ماتېماتىكا ئارقىلىق تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ئەڭ تېز ، ئەڭ ئۇنۇملۇك ھەم قانۇنىيەتلىك ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ . ئۇ ئادەمنى ھامان تەتقىقاتقا ، ئىزدىنىشكە ،

ئەستايىدىل بولۇشقا يېتەكلەيدۇ . . .

2 ) « . . . مەن ئاساسىي زېھنىي كۈچۈمنى ماتېماتىكىغا سەرپ قىلساممۇ، قەدىمكى تىلدىكى شېئىر ـ نەزم ۋە نەسرلەرنى ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويمىدىم . بەزىدە شېئىر يېزىپمۇ قويىمەن . بۇ ھەم ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشۇمنى بېيىتىدۇ ، ھەم قەلەم قۇۋۋىتىمنى چېنىقتۇرۇپ ، ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىشىمغا ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ . »

ئاپتور بۇ جۈملىلەردە تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ رولىنى قايسى نۇقتىلاردىن تەكىتلىگەن ؟ سىز تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ رولىنى باشقا نۇقتىدىنمۇ چۈشەندۈرۈپ باقالامسىز ؟

جاۋاب : ئاپتور بۇ جۈملىلەردە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تىل ـ ئەدەبىيات ئۆگىنىش-نىڭ ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشنى بېيىتىش، ئۆز كەسپىنى ياخشىلاشتا، يەنى ئۆزىنىڭ كەسپىي قاراشلىرىنى ئىلمىي ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىشتا ياردىمىنىڭ ناھايىتى زور بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان . ئەلۋەتتە ، تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ بۇلاردىن باشقا روللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ، ئوقۇغۇچىلار ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن چىقىپ مۇھاكىمە قىلىپ باقسا بولىدۇ .

## 11 . قىسقا ئەسەرلەر

### مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . «مېنىڭ يەنە بىر تىلىم» دېگەن نەسردە ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئۆگىنىشتە قانداق ئۇسۇللارنى قوللانغانىكەن؟ سىز خەنزۇ تىلى ياكى باشقا چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشتە قانداق ئۇسۇللارنى قوللانغان ۋە قوللانماقچى ؟

جاۋاب : ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىنى بىر خىل مەدەنىيەت دەپ قاراپ ، ئىككىنچى ئانا تىلىم دەپ چۈشىنىپ ، بىكار بولسىلا رادىيونى ئېچىپ قويۇپ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى ئاڭلاش ، ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە تەپەككۇر قىلىشتىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىن پايدىلىنىش ، چوت سوقۇش ياكى ئەرەب رەقەملىرىنى ئۇچرىتاندىمۇ ئۇيغۇرچە ئوقۇش . . . قاتارلىق ئۇسۇللار-نى قوللىنىپ ئۇيغۇر تىلىنى سۇدەك سۆزلىيەلەيدىغان ، يازالايدىغان بولغان . تىل ئۆگىنىش يولىدا ھارماي تىرىشقان . ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىلى ياكى باشقا چەت ئەل تىللىرىنى ئىككىنچى ئانا تىل دەپ چۈشىنىپ ، ھەرخىل ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى قوللانسا بولىدۇ .

كېيىنكى سوئالغا ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە باغلاپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ . ئوقۇتقۇچى دوكتور دىلشات ھېۋزۇللا قاتارلىقلارنىڭ تىل ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئىلمىي ئۇسۇللىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىل ئۆگىنىشتە ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئۇسۇللارنى قوللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلسا بولىدۇ .

2 . «ياشلىق» دېگەن لىرىك نەسرنى ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىڭ :

1 ) سىز بۇرۇن «ياشلىق»نى قانداق چۈشەنگەن؟ بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن «ياشلىق» ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىزدە قانداق ئۆزگىرىش بولدى ؟

جاۋاب : بۇ سوئالغا ئوقۇغۇچىلار ياشلىقنى ئادەم بەدىنىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت تولغان ، ھەممىلا نەرسىگە ئوتتەك قىزىقىدىغان ، ئىنتىلىدىغان ، ئۆزىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرىدى-

غان، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان توسۇن ئاتتەك چاپچىپ تۇرىدىغان مەزگىل دەپ چۈشەنگەنلىكى، بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بولسا، ياشلىقنى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىدىكى، ئەقلىي تەپەككۇرىدىكى ئىجادىي يوشۇرۇن كۈچ، ھېسسىي پائالىيەت جەريانىدىكى بىر خىل جۇشقۇنلۇق، ۋاقىت ۋە بەدەننىڭ ئۆزگىرىشىگە باقمايدىغان، مېڭىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا كىشىگە گۈزەللىك، خۇشاللىق، ئۈمىد، جەسۇرلۇق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان روھ دەپ چۈشىنىشكە بولىدىغانلىقىدەك مەزمۇنلارنى چۆرىدەپ جاۋاب بەرسە بولىدۇ.

2 ) «ھېچكىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ كەتمەيدۇ، بەلكى غايىنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئىنسانلاردا قېرىلار مەيدانغا كەلگەندۇر» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ.

جاۋاب: بۇ جۈملىدە ئاپتور ياشلىقنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى بىر مەزگىللا ئەمەس، بەلكى بىر خىل روھىي ھالەت دېگەن قارىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ياشلىقنى ۋاقىت بىلەن ئۆلچەش توغرا ئەمەس، ئەگەر ئىنساندا ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدۋارلىق، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش، ئادىمىيلىك جەھەتتىكى ئېسىل پەزىلەت بولسىلا قېرىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، ئىنساننىڭ ياشاش غايىسى بولمىسا ياكى ئىنسان ئۆزىنىڭ غايىسىدىن ئايرىلىپ قالسا، گەرچە ياشلىق مەزگىلىدىكى ئادەم بولسىمۇ، ئۇ روھىي جەھەتتە ئاللىقاچان قېرىپ كەتكەن بولىدۇ، دېمەك، ئىنسان ئۈچۈن ئۇلۇغۋار غايە ئىنتايىن مۇھىم دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

3 . «ئادەملەردىكى پەرق» دېگەن مۇھاكىمىلىق نەسردىكى «سەزگۈر ئادەملەر قىسقا ۋاقىتتىلا ئايرىلىشىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. يېڭى ئايرىلاشقان چاغلاردا، ئۇ ساڭا سەن ئىلگىرى ئەسلا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سېنى ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەر بىلەن قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن پارچىنىڭ مەزمۇنىغا بولغان قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

جاۋاب: بۇ پارچىدا ئاپتور كىشىلىك ھاياتتىكى ھەرخىل ئىشلارغا تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن، سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرگە بولغان قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، سەزگۈر ئادەملەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ، كەمچىلىكىمۇ بار. سەزگۈر ئادەملەر ئۆزىنىڭ سەزگۈرلىكى، جۈملىدىن مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئىنچىكە مۇلاھىزىلىرى ۋە ھەددىدىن ئارتۇق ئەستايىدىللىقى بىلەن باشقىلارغا ئۇلار تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يەنە شۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئۈچۈن ئانچە مۇھىم بولمىغان، بىلمىسىمۇ بولىدىغان ياكى ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەر، قاراشلار بىلەن قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ئاپتور بۇ قارىشى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ سەزگۈر كىشىلەر ھەققىدىكى كۆزىتىشى ۋە تەتقىقاتىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ھاياتلىقتىكى بەزى ئىشلارغا ئۇنچىۋالا ئىنچىكىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

4 . «قەدىر - قىممەت» دېگەن مۇھاكىمىلىق نەسرنىڭ بېشىدا «ئەگەر ھاياتلىق دەرەخ

بولسا ، قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭ يىلتىزى ؛ ئەگەر هاياتلىق سۇ بولسا . . .» دېگەندەك جۈملە شەكلى قوللىنىلغان . سىز مۇشۇ جۈملىگە تەقلىد قىلىپ ، ئاز دېگەندە ئۈچ جۈملە يېزىڭ .

ئۈلگە : ئەگەر هاياتلىق شام بولسا ، قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭ پىلتىسى ؛ ئەگەر هاياتلىق كىتاب بولسا ، قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭ هېكمەت دۇردانىلىرى ؛ ئەگەر هاياتلىق دەريا بولسا ، قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭ كۆۋرۈكى ؛ ئەگەر هاياتلىق بىر گۈزەل سىمفونىيە بولسا ، قەدىر ـ قىممەت ئۇنىڭ ئاددىي نوتىسى .

## تۆتىنچى بۆلەك

### ئەدەبىي تەرجىمىھال (تەرجىمىھال ئەدەبىياتى) ھەققىدە چۈشەنچە

تەزكىرە ئەدەبىياتى بىيوگرافىيە ياكى تەرجىمىھال ئەدەبىياتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ خىل ماقالىلەر بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇلدا يېزىلىدىغان خاتىرە شەكلىدىكى ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل تارىخىي پاكىتلار ئاساس قىلىنىپ، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار، نەمۇنىچى ئىلغار شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى جانلىق، گەۋدىلىك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە: ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ بەدىئىي پىششىقلاشلارنى ئېلىپ بېرىپ، بەزى تىپىك بولمىغان، شەخسلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ماتېرىياللارنى شاللاپ چىقىرىۋېتىشىگە يول قويۇلىدۇ. لېكىن خالىغانچە مۇبالىغىلەشتۈرۈش، توقۇلما قىلىشقا بولمايدۇ.

چىنلىق تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ قېنى ھەم جېنى ھېسابلىنىدۇ.

### 12. «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» ھەققىدە

«كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» كۆلتېگىن شەجەرىسى بولۇپ، كۆلتېگىن مىلادىيە 731- يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاپات بولغان، مەڭگۇ تاش 732 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تىكلەنگەن. تۈرك - رونىك يېزىقىدا، چوڭ - كىچىك ئىككى پارچە مەر - مەر تاشقا ئويۇلغان.

بۇ مەڭگۇ تاش 1889 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كوكشىن ئورخۇن دېگەن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇ - سايدام (Hoxo—saydam) دېگەن يەردىن تېپىلغان. شۇ سەۋەبتىن بەزىدە «خوشۇ - سايدام مەڭگۇ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەڭگۇ تاش ھازىر ئەسلىي ئورنىدا بولۇپ، باتۇر كۆلتېگىننىڭ نامىنىڭ ئەبەدىي ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان. بۇ مەڭگۇ تاشلاردىكى خەتلەر بىلگە قاغاننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن كۆلتېگىننىڭ جىيەن ئوغلى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ھۆسنىخەتچىسى يوللۇغ تېگىننىڭ قەلىمى بىلەن چېكىلگەن (20 كۈندە چېكىپ بولغان).

مەزكۇر مەڭگۇ تاش تۆت تەرەپلىك تاش بولۇپ، ئېگىزلىكى 3.75 مېتىر، يۈزىنىڭ كەڭلىكى 1.22~1.32 مېتىر، قېلىنلىقى 44~46 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تاشنىڭ ئۈچ يۈزىگە تۈرك - رونىك يېزىقىدا تېكىست، غەرب يۈزىگە خەنزۇ يېزىقىدا تېكىست ئويۇلغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىست قىسمى جەمئىي 66 قۇر، كىچىك مەرمەر تاشنىڭ بىر تەرىپىگە 13 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇ، مەڭگۇ تاش تېكىستىنىڭ باشلىنىش قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قالغانلىرى چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە يان تەرىپىگە

ئويۇلغان كۆلتېگىننىڭ ئاكىسى بىلگە قاغاننىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشىپ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى ۋە بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چەكسىز قايغۇسى پۈتۈلگەن تېكىست.

خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان قىسمى تاڭ سۇلالىسى پادشاھىنىڭ قەھرىمان كۆلتېگىننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان قايغۇلۇق تەزىيە خېتى بولۇپ، ئۇنى تاڭ پادشاھى شۈەنزۇڭ خان ئۆز ئوردىسىدىكى ئالتە نەپەر تاش ئويمىچىلىق ئۇستىلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئويدۇرغان. بۇ ئەھۋال باتۇر كۆلتېگىننىڭ ھەقىقەتەنمۇ شۆھرەتلىك قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا كۆلتېگىننىڭ قايسى ئىش ـ پائالىيىتى نۇقتىلىق يېزىلغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب: كۆلتېگىن (684 — 731) ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇ بىلگە قاغاننىڭ ئىشەنچلىك ياردەمچىسى، ھەربىي قوماندانى، كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولۇشى، خەلقىنىڭ باياشات بولۇشى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن قەھرىمان، ئۆز ئېلىنى پاراكەندە قىلغۇچىلارغا قارشى قەيسىرانە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يېڭىلمەس جاسارىتى بىلەن بۈيۈك خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن غالىب سەركەردە.

«كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا ئۇنىڭ پىداكارلىق بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، كۆرسەتكەن بۈيۈك خىزمەتلىرى، يېڭىلمەس جاسارىتى ئاجايىپ ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. بۇ قاراشنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە مەڭگۈ تاش تېكىستىدىن تۆۋەندىكى پارچىلارنى كەلتۈرۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە:

«... كۆلتېگىن ئازلارنىڭ قوڭۇر ئېتىنى مىنىپ دۈشمەنگە تەگدى، ئىككى ئەرگە نەيزە سانجىدى ھەمدە ئۇلارنى پاتقاققا پاتۇردى. ئۇ قوشۇن ئاشۇ يەردە يوقىتىلدى. بىز ئامخى قورغاندا قىشلاپ، يازدا ئوغۇزلارغا ئەسكەر چىقاردۇق. كۆلتېگىننى ئۆيگە قاراشقا قالدۇردۇق. دۈشمىنىمىز ئوغۇزلار ئوردىغا بېسىپ كەلدى. كۆلتېگىن ئۆگسۈز دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ توققۇز ئەرنى نەيزىلىدى. ئوردىنى بەرمىدى. شۇنداق قىلمىغان بولسا ئانام قاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم، ئاچىلىرىم، كېلىنلىرىم، مەلىكىلىرىمنىڭ تىرىكلىرىڭلار — ھەممىڭلار دېدەك بولاتتىڭلار! ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكى يولدا قالغان بولاتتى. كۆلتېگىن بولمىسا ھەممىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار!...»

دېمەك، يۇقىرىقى ئىنچام بايانلاردا ئۆز ئېلىنى پاراكەندە قىلغۇچىلارغا قارشى قەيسىرانە ھۇجۇمغا ئۆتكەن غالىب كۆلتېگىننىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئاجايىپ تەسىرلىك بايان قىلىنغان، قەھرىماننىڭ ئۆلمەس ئوبرازى سىزىپ بېرىلگەن.

2. تېكىستنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرى ئىنتايىن قىسقا، ئىخچام، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق، ئارتۇقچە تەسۋىرلەردىن خالىي، مەزمۇن، ھېسسىيات دەل جايىدا ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

«يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى، (لېكىن) يۈز بېشىغا بىر تال ئوقنىمۇ تەگكۈزمىدى

… »

بۇ جۈملىدە كۆلتېگىننىڭ قايسى تەرىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ؟

« . . . مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم ، ئىككى شاد ۋە ئىنىلىرىم ، باللىرىم ، بەگلىرىم ، خەلقىم يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم . »

نېمە ئۈچۈن كۆلتېگىننىڭ ئۆلۈمى شۇنچە ئېغىر كېلىدۇ ؟

جاۋاب : كۆلتېگىننىڭ جەڭگە ئىنتايىن ماھىر ئىكەنلىكى ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، تەدبىرلىك ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

كېيىنكى جۈملىدە كۆلتېگىننىڭ پەقەت بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسىلا بولۇپ قالماستىن ، ئەلنىڭ باشپاناھى ، تەڭداشسىز باتۇر ، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ، مۇستەھكەملىنىشى ، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ، خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان قەھرىمانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئۆلۈمى شۇنچە ئېغىر كەلگەن .

3 . مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ، «مەڭگۈ تاش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تارىخى ۋە مەنىسىنى ئىزدىنىپ بىلىۋېلىڭ ھەمدە ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ قايسى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھېس قىلىۋېلىڭ .

مىلادىيە 6 ـ ، 7 ـ ئەسىرلەردە ، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمال رايونلىرىدا ياشايدىغان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىرقانچە ئون «يايلاق قەبىلىلىرى»نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى . ئالدى بىلەن بۇ قەبىلىلەر شەرقتە خىنگان تاغلىرى ، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى قاتارلىق كەڭ زېمىن ئىچىدە بىرقەدەر مۇكەممەل سىياسىي بىرلىك بولۇپ ئۇيۇشتى ، شۇنداقلا بۇ قەبىلىلەرنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بۇ چاغدا ئېلىپبەلىك يېزىققا ، يەنى قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولدى . «يايلاق قەبىلىلىرى»دىكى بۇ خىل زور ئۆزگىرىشلەر ئالدى بىلەن ئەسلىدە ئالتاي تاغلىرى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا ياشايدىغان ئاشىنا تۈرك (كېيىنچە كۆكتۈرك دەپ ئاتالدى) قەبىلىسىدىن باشلانغانىدى .

مىلادىيە 546 ـ يىلى قاڭقى قەبىلە ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ بولغان ئاشىنا تۈرك قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۇمەن (بومىن ) ئالتاي تاغلىرى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا ياشايدىغان بەش تۇمەن قاڭقىلار بىلەن بىرلىشىپ ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا ئاشىنا تۈرك ھۆكۈمىتىنى تىكلىدى . 552 ـ يىلى ئۇ يەنە نۇرغۇن قوشۇن بىلەن جۇجان ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، بۈيۈك تۈرك خانلىقىنى تىكلىدى ھەم ئۆزىنى «ئېل قاغان» («كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا بومىن قاغان دەپ ئاتىلىدۇ ) دەپ ئاتىدى ، پايانسىز زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلدى . لېكىن ، ئېل كۈلۈگ شادباغا ئىشبارا قاغان (ئېل قاغان ياكى ئىشبارا قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) دەۋرىدە (مىلادىيە 581 — 587 ـ يىللىرى ) خان جەمەتىنىڭ تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى تۈپەيلىدىن ، بۈيۈك تۈرك خانلىقى پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى . تاڭ سۇلالىسى بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ مىلادىيە 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يوق قىلدى . 659 ـ يىلى غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوق قىلىپ ، ئىككى تۈرك

خانلىقنىڭ بارلىق زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلدى.
مىلادىيە 679 ـ يىلى بۇرۇنقى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئېل قاغان (مىلادىيە 620 — 630 ـ يىللىرى)نىڭ ئەۋلادى بولغان قۇتلۇق قاغان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇرۇنقى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى يەنە تىكلىدى. قۇتلۇق قاغان ئۆزىگە «ئېلتەرىش قاغان» دەپ نام قويدى. كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇتلۇق قاغان (مىلادىيە 679 — 691 ـ يىللىرى)، ئىنىسى قاپاغان قاغان (مىلادىيە 691 — 716 ـ يىللىرى)، ئوغلى بىلگە قاغان (موغۇليان قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، (مىلادىيە 716 — 734 ـ يىللىرى) دەۋرىدە ناھايىتى كۈچەيدى. بولۇپمۇ بۇ چاغدا، يۇقىرىقى ئۈچ نەپەر قاغاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى تونيۇقۇق ھەم بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى كۆلتېگىن بۇ خانلىقنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، ئەسلىدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ بارلىق زېمىنىنى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە جايلىرىنى ئۆزىگە قاراتتى.
ئومۇمەن، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن تاكى 9 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار، شۇنداقلا ئۇلارغا قاراشلىق بەزى غول قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئىلگىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان ھۇن، سىيانپى، جۇجان قاتارلىق يايلاق قەبىلىلىرىگە قارىغاندا، مەدەنىيەت جەھەتتە زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئىگە بولدى. چۈنكى، ئۇلار ئىگىلىگەن زېمىنلارنىڭ ناھايىتى كەڭ بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇلارغا قاراشلىق قەبىلىلەرمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ناھايىتى راۋاجلانغانىدى.
مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئاساسەن ئەنە شۇ تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىگە تەئەللۇق بولۇپ، مۇھىملىرى شۇ خانلىقلارنىڭ خاقانلىرى ۋە تەدبىرلىك ۋەزىرلىرىنىڭ نامىغا ئورنىتىلغان خاتىرە تاشلاردىن ئىبارەت. بۇ تاشلارغا شۇ دەۋردىكى تۈرك قەبىلىلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىلدا شۇ خاقان ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ خاتىرىلەر چاسا شەكىلدىكى ئېگىز ۋە كەڭ تاشلارغا ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئومۇمەن تاشپاقا شەكلىدىكى ئۇل ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان. بەزى مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئۈستۈنكى ئىككى بۇرجىكىگە پەرۋاز قىلىپ تۇرغان ئەجدىھانىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، ئەجدىھانىڭ ئاستىغا بولسا قەبىلە ياكى ئۇرۇق بەلگىسى ئويۇلغان.

## 13. «يۇرىكىم يىغلايدۇ» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەختەم ئۆمەر، ژانىرى تەزكىرە. رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا، تەرتىپلىك بايان شەكلىدە، بىرىنچى شەخس تىلىدا 1998 ـ يىلى سېنتەبىردە يېزىلغان.

ئاپتور ھەققىدە: ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر 1963 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، «قىيامەتتە قالغان سەھرا» ناملىق پوۋېست، ھېكايە، نەسرلەر توپلىمى، «تۈنجى ئاخشام»، «سۆيگۈ قەدرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى، «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق كىتابى، «يېگانە ئارال»، «باياۋاننىڭ سىرى»، «غېرىب ـ سەنەم» قاتارلىق رومانلىرى بار.

ئەختەم ئۆمەر ھازىر 2 ـ دەرىجىلىك كەسپىي ئىجادىيەتچى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ 80 ـ يىللاردىن كېيىنكى ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا داڭ چىقارغان ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. زوردۇن سابىر كىم؟ بۇ ئەسەردىكى قايسى تەپسىلاتلاردىن زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى تۆھپىسىنى، قايسى تەپسىلاتلاردىن ئۇنىڭ ئاپتورنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ۋە ھۆرمىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: داڭلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر 1937 ـ يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېڭىتام يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1957 ـ يىلى ئىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. شۇ يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلغان. ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1964 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ، بۇ مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولغان. 1981 ـ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، لۇشۈن نامىدىكى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان. شۇ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. مۇشۇ يىللاردىن تارتىپ ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە باشلىغان. 1987 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سابىق غەربىي گېرمانىيەگە بېرىپ، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چەت ئەللىكلەرگە تونۇشتۇرۇشتا بىرمۇنچە ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي لېكسىيە سۆزلىگەن. بۇ لېكسىيەسى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن نام بىلەن مەخسۇس كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. زوردۇن سابىر يەنە 1988ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ زىيارەتتە بولغان. تۆھپىكار يازغۇچى زوردۇن سابىر 1998 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

زوردۇن سابىر 1961 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئاق ئۆرۈك»

نامىلىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . ئەمما ، ئۇ كېيىنچە ئاساسلىق
زېھنىي كۈچىنى پىروزا ئىجادىيىتىگە قارىتىپ ، مەخسۇس پىروزىچىلىق بىلەن شۇغۇللانـ
غان . ئۇنىڭ «سىرداش قەلبلەر» ، «سەھەرچى» ، «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى» ، «دولان
ياشلىرى» ، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ، «ئېھ ، توپىلىق يول» ، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»
، «قەرزدار» ، «قوشنىلار» ، «بۇ يەر شۇنداق خىسلەتلىك» ، «تارىم سۈيى كەينىگە
ئاقمايدۇ» ، «بوش كەلمە ، تۇرپانلىق» ، «سىزىق ئادەملەرگىلا» ، «ئىشىسىزلار تېخىمۇ
ئىشچان» ، «باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر» ، «ئارچا ياپرىقى» ، «سۇبھى» ، «كەچ كۈز»
، «ئاخىرقى پادىچى» ، «ئابرال شاماللىرى» ، «ئىزدىنىش» ، «ئانا يۇرت» قاتارلىق
ھېكايە ، پوۋېست ، رومانلىرى بار .

«يۈرىكىم يىغلايدۇ» نامىلىق بۇ ئەسەردىكى «بىز قولىيازما ئەسەرلىرىنى دەستىلەپ
تىزسا بويىدىن ئېگىز كېلىدىغان ، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن بىر ئۇمۇر ئەدەبىيات مۇنارى تىكلەـ
گەن ، ھوسۇلى ئەڭ مول ، دۆلەت ئىچىدىمۇ ، خەلقئارادىمۇ ئۇيغۇرنىڭ يازغۇچىسى دەپ
ئېتىراپ قىلىنغان پېشۋا يازغۇچىمىز زوردۇن سابىردىن ناھايىتىمۇ تۇيۇقسىز ئايرىلدۇق»
دېگەن تەپسىلاتلاردىن زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى تۆھپىسىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ .

«— بىزنىڭ باشلىقنىڭ دېيىشىچە ، بۇ ئادەم ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ناھايىتى
كاتتا ئەرباپمىش ، ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى جىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىپتىكەن ، ھەتتا ھەرەمـ
نىڭ پادىشاھىمۇ بۇ ئادەمنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ، كاتتا مۇسۇلمان دەپ ئۆز قولى بىلەن
مۇكاپاتلىغانىكەن . بۇنداق كاتتا ئەرباپنىڭ ئىززىتىنى جايىدا قىلمىساق قانداق بولىدۇ ،
— دېدى گۆركار . »

«تاتار مەسچىتىدىن باشلانغان تاۋۇت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ بېشى ياشلار باغچىسىنىڭ
ئالدىغا بارغاندا تېخى ئايىغى رەتكە چۈشۈپ بولالمىغانىدى . ياشلار تاۋۇتنى مۈرىسىگە
قويماستىن ، ئېگىز كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ مېڭىشتى. بىرقانچە يەردە پېشقەدەملەر
ياشلارغا تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىشنى ئىلتىجا قىلىشۇيدى ، 〈 ھايات ۋاقتىدا كۆتۈرۈش قولدـ
ىمىزدىن كەلمىدى ، ئەمدى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالايلى〉 دەپ چىرايلىق رەت قىلدى . شۇنداق
قىلىپ ، ياشلار ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك يازغۇچىسىنىڭ تاۋۇتىنى مەسچىتتىن قەبرىستانلىققىـ
چە بولغان يەتتە كىلومېتىر يەرگىچە ، بارغانچە ئېگىزلەپ ماڭىدىغان ئارىلىقنى بېسىپ
كۆتۈرۈپ ئاپاردى . » دېگەن تەپسىلاتلاردىن زوردۇن سابىرنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنى ۋە
ھۆرمىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

تېكىستتىكى بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم تەپسىلاتلاردىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بۇ خىل تەپسىلاتلارنى تېپىش ئۇچۇن ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش
لازىم .

2 . يازغۇچى زوردۇن سابىر باي ئائىلە توختى ھېيتىنىڭ ئۆيىگە نېمە مەقسەتتە بارىدۇ ؟
قايتىپ كېلىپ قايسى ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ ؟ سىز بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز ؟

جاۋاب : يازغۇچى زوردۇن سابىر باي ئائىلە توختى ھېيتىنىڭ ئۆيىگە تۇرمۇش ئۆگىـ
نىش ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆرۈش ، چۈشىنىش ، يېزىقچىلىقى ئۇچۇن ماتېـ

ـرىيال توپلاش ، شۇ ئارقىلىق دېھقانلار تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئاساس سېلىش ئۈچۈن بارىدۇ . ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئېھ ، توپىلىق يول» ناملىق ھېكايىسىنى يېزىپ چىقىدۇ . بۇنىڭدىن زوردۇن سابىرنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكىدىغان ، ئىزدىنىش روھىغا باي تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئالدى ـ كەينىدىكى مەزمۇنلارغا باغلاپ تەھلىل قىلىڭ .

«يازغان قولىيازما ئەسەرلىرىنى دەستىلەپ تىزسا ، ئۆزىنىڭ بويىدىن ئېگىز كېلىدۇ .» بۇ جۈملىدە ئاپتورنىڭ قايسى تەرىپى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ؟

جاۋاب : بۇ جۈملىدە ئاپتورنىڭ زوردۇن سابىرنىڭ مىللىتىمىز ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ موللۇقىغا بولغان چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ، سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ، مانا مۇشۇنداق شۆھرەتلىك ، مول ھوسۇللۇق يازغۇچىنىڭ ۋاقىتسىز ۋاپاتىغا بولغان چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرىتى ، ئېچىنىش ھېسسىياتى ، يازغۇچىغا بولغان ھۆرمىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن .

«خەلق جىم يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە ھەممىنى بىلىدىكەن .»

بۇ جۈملىدە نېمە كۆزدە تۇتۇلغان ؟

جاۋاب : بۇ جۈملىدە خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ، تارىخى ، ئىقتىسادى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، ئەدەبىياتى . . . ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان خەلقسۆيەر يازغۇچىنىڭ بىر ئۇمۇرلۇك ئەجىر ـ مېھنىتىنىڭ قىممىتىگە يېتىدىغان ۋە ئۇنى قەدىرلەيدىغان ، غايىبانە ھۆرمەتلەيدىغان ، ئىپتىخارلىنىدىغان ، ئىزنى باسىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىگە قارىتا خۇشال بولۇش ئىدىيەسى ئىپادىلەنگەن . دېمەك ، خەلقنىڭ يىغىسىغا يىغلىغان ، كۈلكىسىگە كۈلگەنلەرنى خەلقنىڭ مەڭگۈ قەلبىدە ساقلايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان .

4 . بەلگىلىك تىل مۇھىتىدا بەزى سۆزلەر ۋاقىتىنچە باشقا مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ . ئۇنداقتا ، تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر قانداق مەنىدە كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ :

1 ) «ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئەسىرىنى ئوقۇسا ، ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇنتۇلماس بىر تەم قالىدۇ .»

جاۋاب : «تەم» ئۇيغۇر تىلىدا يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئادەمنىڭ تېتىش سەزگۈسى ئارقىلىق پەيدا قىلىدىغان بىر خىل سەزگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولسىمۇ ، يازغۇچى بۇ يەردە بۇ سۆزنى زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ كىتابخانلاردا پەيدا قىلىدىغان تەسىراتىنى ئىپادىلىشكە قوللىنىپ ، ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر پارچە ئەسىرى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن قىممىتى ئارقىلىق كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ ھەم كىشىگە لەززەت بېغىشلايدۇ دېمەكچى بولغان .

2 ) «ھايات ۋاقتىدا كۆتۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىدى ، ئەمدى بولسىمۇ كۆتۈرۈۋالايلى .»

جاۋاب : «كۆتۈرۈش» دېگەن سۆز جۈملىدە ھۆرمەتلەش ، ئىززىتىنى قىلىش دېگەن مەنىدە كەلگەن بولۇپ ، يازغۇچى بۇ سۆز ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ «زوردۇن سابىر ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلالماپتۇق ، ئەمدى بولغاندا تاۋۇتىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلەيلى» دېگەن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . ئەلۋەتتە ، بۇ جۈملىگە يازغۇچىنىڭ داغلىق كىشىلىرىمىزنى ھايات ۋاقتىدا قەدىرلىمەيدىغان ئىللەتلەرگە بولغان كۈچلۈك تەنقىدىمۇ سىڭگەن .

5 . ئەسەردە زوردۇن سابىر تۇرمۇشتا قانداق ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن ؟ شۇلارغا ئاساسەن زوردۇن سابىرغا ئۆزىڭىزنىڭ باھاسىنى بېرىپ بېقىڭ .

جاۋاب : ئەسەردە زوردۇن سابىر تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ، ئىنتايىن خۇش چاقچاق ، چىقىشقاق ، كىبىرسىز ، باشقىلارنى چۈشىنىدىغان ، كۆيۈنىدىغان ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدىغان ، ئەستايىدىل ، مۇلايىم ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن .

بۇنىڭغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلار زوردۇن سابىرغا ھەرخىل باھالارنى بېرىپ باقسا بولىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە ئەسەردىن مىسال ئېلىشقا بولىدۇ .

مىجىت ناسىرنىڭ سۆزى ئارقىلىق زوردۇن سابىرنىڭ مۇڭداشقاق ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ، گەپ ـ سۆزگە ماھىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

ئەختەم ئۆمەر بىلەن ئۆلۈم ھەققىدە قىلىشقان سۆزلىرىدىن زوردۇن سابىرنىڭ ئىچى كۆچلۈك ، ھايات ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىدىغان ، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمگە توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان ، ئىجادىيەتنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

ئەختەم ئۆمەرنىڭ زوردۇن سابىر بىلەن تۈنجى قېتىم كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن زوردۇن سابىرنىڭ خۇشخۇي ، قىزىقچى ، سەمىمىي ، دوستانە خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

زوردۇن سابىرنىڭ مەكتەپتىكى پائالىيەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ، كەمتەر ، كىچىك پېئىل ، جاپاغا چىدايدىغان ، دېھقانلارغا يېقىن ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغان ، كۆزىتىشكە ، پىكىر قىلىشقا ماھىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

6 . «زوردۇن سابىرغا ھازا تۇتۇپ ، تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلار ئىچىدە يەنە روزەك بەز ، ئەلا ، زىخرۇللام ، ھاشىر ، مەتىيا ، گۈلسارە . . . لارمۇ بار ئىدى .» سىزنىڭچە ، ئۇلار كىملەر ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن مەرھۇمغا ھازا تۇتۇپ ، تاۋۇتىنى كۆتۈرىدۇ ؟

جاۋاب : يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغانلار زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار . يەنى روزەك بەز «ئېھ ، توپىلىق يول» ھېكايىسىدە ، ئەلا بىلەن ھاشىر «ئىزدىنىش» رومانىدا ، زىخرۇللام «كەچ كۈز» پوۋېستىدا ، مەتىيا «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىدە ، گۈلسارە بولسا «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» ھېكايىسىدە يارىتىلغان پېرسوناژلاردۇر . ئۇلارنىڭ زوردۇن سابىرغا ھازا تۇتۇپ ، تاۋۇتىنى كۆتۈرۈشى يازغۇچىنىڭ خىيالىي تەسەۋۇرى بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس . يازغۇچى ئۇلارنى ئاشۇ ھالەتتە يېزىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ، يازغۇچىنىڭ مانا مۇشۇنداق كۆپلىگەن روشەن

خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تىپىك ئوبرازلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ، ئۆزىنى ياراتقان يازغۇچىنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## 14. «ليەن پو ۋە لىن شياڭرۇ قىسسىسى» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى سىماچيەن بولۇپ، بۇ تەزكىرە ئەدەبىياتى ئۇنىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق 130 جىلدلىق كىتابىدىن ئېلىنغان، تۆت بۆلەك، 21 ئابزاستىن تەشكىل تاپقان.

**ئاپتور ھەققىدە:** سىماچيەن ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە ئەدىب، ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 145 - يىلى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچېڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 87 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ ئاتىسى سىماتيەن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردا تارىخچىسى بولۇپ ئىشلىگەن بىلىملىك، قابىلىيەتلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىماچيەنگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئاتىسى بىلەن چاڭئەنگە بېرىپ، مەشھۇر كۇڭزىچى ئالىم كوڭ ئەنگونىڭ قولىدا ئوقۇغان ۋە چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى ۋە چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلمىي ئېقىملارنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان. نەتىجىدە كۇڭزىچىلار ئېقىمىغا ئېتىقاد باغلاپ، كۇڭزىنى ئۆزى يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر»دە بەگزادە - ۋاڭلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى يېزىلغان قىسمىغا كىرگۈزۈپ، باشقا ئالىم، ئۆلىمالاردىن باشقىچە ئورۇنغا قويغان.

سىماچيەن 20 يېشىدىن باشلاپ جۇڭگو زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ساياھەت قىلىپ چىققان. ئۇ كاتاۋۇل بەگلىك ئەمىلىگە ئولتۇرۇپ، خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن خەن ۋۇدىنىڭ ئارقىسىدا يۇرۇپ يىراق غەربىي چېگرالارغىچە بارغان. بۇ خىل ساياھەت ھەر خىل سىنىپ - تەبىقە خەلقلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى، جاپا - مۇشەققەتلىرىنى چۈشىنىشكە، خەلق تىلىنى پۇختا ئۆگىنىشكە شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرى، بىلىملىرى، ئىلغار ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۇكسەك خەلقچىللىققا ئىگە «تارىخىي خاتىرىلەر»نى يېزىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان.

سىماچيەن تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 108 - يىلى ئاتىسىنىڭ ئوردا تارىخچىسى مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خانلىق كۇتۇپخانىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

99 - يىلى خەن سۇلالىسى ھەربىي ئەمەلدارى لى لىڭ ھۇنلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندا، سىماچيەن ئۇنى ئاقلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، زىندانغا تاشلىنىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە رىيازەت چەككەن. بۇ ۋاقىتتا فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە ياۋۇزلۇقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكى كۈچەيگەن. 53 يېشىدا مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر»نى يېزىشقا مۇشەررەپ بولغان.

ئۇنىڭ دەۋرىمىزگە ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە بىر قىسىم نەسرلىرى ھەم تەسۋىرىي نەسرىي نەزمىلىرى يېتىپ كېلەلىگەن.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. ئەسەرنى پىششىق ئوقۇپ، ئەسەردە ئاساسلىقى قايسى ئىشلارنىڭ يېزىلغانلىقىنى، بۇ ئىشلاردىن لىيەن پو بىلەن لىن شياڭرۇلارنىڭ قانداق خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭ.

جاۋاب: ئەسەردە لىن شياڭرۇنىڭ چىن بەگلىكىگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ قىممەتلىك قاشتاشنى سوۋغا قىلىپ ئاپىرىپ، ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى، ئىككى خاننىڭ مىيەنچىدىكى زىياپەتتە چىن خاقانىنى ناغرا چېلىشقا مەجبۇر قىلىشى، لىيەن پوغا يول قويۇشى، ۋەزىر بىلەن گېنېرالنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈشىگە سەۋەبچى بولۇشتەك ئۈچ ۋەقە يېزىلغان. بۇلاردىن لىن شياڭرۇنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزىدىغان، تەدبىرلىك، دانا، باتۇر، قەيسەر، تۈز كۆڭۈل، قارىنى ـ كۆكسى كەڭ، ئالىيجاناب پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى؛ لىيەن پونىڭ گەرچە باتۇر، قەيسەر، ئەلەم ماھارىتىدە تەڭداشسىز بولسىمۇ، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان، قىسمەن ھەسەتخورلۇق ئىللەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى باش ـ ئاخىرىغا باغلىغان ھالدا ئوقۇڭ ھەمدە ئۇلاردا تەپسىلاتلارنىڭ ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭ ۋە چۈشەندۈرۈڭ.

1) «لىن شياڭرۇ قاشتاشنى قولىغا ئېلىپ ئارقىغا چېكىنىپ، بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن...»

جاۋاب: بۇ جۈملىدە كونكرېت، جانلىق ھەرىكەت تەسۋىرى ئارقىلىق لىن شياڭرۇنىڭ دانا، باتۇرلۇقى، دۆلەت مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەنگەن.

2) «لىن شياڭرۇ قاشتاشنى تۇتقان ھالدا تۈۋرۈككە قارىدى ـ دە، ئۇنى تۈۋرۈككە ئۇرماقچى بولدى. چىن بېگى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قاشتاشنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ، قەتئىيلىك بىلەن لىن شياڭرۇدىن قاشتاشنى چېقىۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندى. ئاندىن مەخسۇس ئەمەلدارغا چىن بەگلىكى خەرىتىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارىغان ھالدا، قايسى جايدىن قايسى جايغىچە بولغان 15 شەھەرنىڭ جاۋ بەگلىكىگە بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.»

جاۋاب: بۇنىڭدا چىن بېگىنىڭ ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتىگە تەمەننا قويغان بولسىمۇ، بىسىم بىلەن قاشتېشىنى قولغا چۈشۈرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ھىيلە ئىشلەتمەكچى بولغانلىقى، لىن شياڭرۇ تەدبىرلىك ھەم قورقماس بولغىنى ئۈچۈن بۇ ھىيلىگىمۇ تەمتىرىمەستىن تاقابىل تۇرغانلىقى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

3) «چىن بېگى بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى بۇنىڭغا ھەيران قالدى. ئەتراپىدىكىلەردىن بەزىلىرى لىن شياڭرۇنى سۆرەپ چىقىپ...»

جاۋاب: بۇنىڭدا لىن شياڭرۇنىڭ قورقماس، باتۇرلۇقى، دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىماسلىقتەك ۋەتەنپەرۋەرلىكى يارقىن ئىپادىلەنگەن.

4 ) «چىن بېگى ئاچچىقلىنىپ ، بۇنىڭغا ماقۇل بولمىدى . شۇنىڭ بىلەن لىن شياڭرۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر شاراب خۇمرىسىنى ئېلىپ ، چىن بېگى ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ چېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى . چىن بېگى ئۇنىمىدى . لىن شياڭرۇ شۇندا :

— ئۇنداق بولسا ، مۇشۇ بەش قەدەم ئارىلىقتا بوينۇمدىن ئاققان قان بىلەن ئۈستىڭىزگە قان چاچرىتىمەن ! — دېدى . بۇ چاغدا چىن بېگىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر لىن شياڭرۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى . لېكىن ، لىن شياڭرۇ غەزەپ بىلەن ھومايغانىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ، چىن بېگى ئىلاجسىز خاپا ھالدا ، خۇمرىغا بىرنى ئۇرۇپ قويدى .»

جاۋاب : بۇنىڭدا يەنىلا لىن شياڭرۇنىڭ ئىنتايىن باتۇر ، قورقماس ، دانالىقى جانلىق ئىپادىلەنگەن .

3 . سىز ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، ليەن پو ۋە لىن شياڭرۇلارنىڭ قايسىسىغا بەكرەك قايىل بولدىڭىز ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

جاۋاب : بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ ليەن پوغا قارىغاندا لىن شياڭرۇغا بەكرەك قايىل بولغۇسى كېلىدۇ . چۈنكى ، لىن شياڭرۇنىڭ قىممەتلىك قاشتاشنى جاۋ بەگلىكىگە قايتۇرۇپ كېتىشى ، جاۋۋاڭنىڭ ميەنچىگە بېرىپ چىن ۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈشى جەريانىدىكى جاۋۋاڭنىڭ ھەمدە بەگلىكنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تەدبىرى ، ئاخىردا يەنە يىراقنى كۆرەرلىكى ، ئاق كۆڭۈللىكى ، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان خاراكتېرى بىلەن ليەن پونى قايىل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىشى كىشىنى ھەقىقىي قايىل قىلىدۇ .

## 15 . «ئوغلانغا تۇتۇلغان گۈلدەستە» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت سالىھ مەتروزى . ژانىرى ئەدەبىي تەرجىمىھال . 2007 ـ يىلى 2 ـ ئايدا يېزىلغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئادەتتە كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ماتېماتىكا پېنىنى قىيىن ، نەتىجە قازىنىش تەس دەپ قاراپ ، ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتىدۇ . سىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ماتېماتىكىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە نىسبەتەن قانداق ئىلھام ئالدىڭىز ؟

جاۋاب : قىزىقىش — بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئاساسى . ماتېماتىكا پېنى گەرچە قىيىن پەن بولسىمۇ ، پەقەت شۇ پەنگە قىزىقىپ ، جاپاغا چىداپ ئۇنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلا بولساق ، چوقۇم ئۇنى ياخشى ئۆگەنگىلى ، ھەتتا ئۇنى تەتقىق قىلىپ ، يېڭىدىن ـ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشكىلىمۇ بولىدۇ . بۇ نۇقتىدا ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلىنىڭ بوشاشماي ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش روھى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان . ئۇنىڭ بۇ خىل روھىدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالغىلى بولىدۇ .

2 . ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى تېكىستتىكى قايسى تەپسىلاتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ؟

جاۋاب : ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنى تېكىستتىكى مۇنۇ تەپسىلاتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ :

«ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مۇرەككەپ دىففېرېنسىيال تەڭلىمىلەرنى يېشىشنىڭ يېڭىچە بىر خىل ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتى (قىسمەن C—N ئۇسۇلى) ياپونىيەدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، ياپونىيە ماتېماتىكا ساھەسىدىكى 1940 - يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى نەتىجە ھېسابلىنىپ ، ‹ياپونىيە ماتېماتىكا قامۇسى›غا كىرگۈزۈلدى ۋە بۇ قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن بىردىنبىر چەت ئەللىك ماتېماتىكا ئالىمى بولۇپ قالدى . ئۇ 1992 - يىلى 3 - ئايدا ‹پارابولالىق دىففېرېنسىيال تەڭلىمىلەر سىستېمىسىنى سانلىق يېشىش توغرىسىدىكى تەتقىقات› ناملىق ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇققا ئېرىشكەندىمۇ شىنجاڭدىن تۇنجى بولۇپ مۇشۇ ساھەدە يۇقىرى تەتقىقات نەتىجىسىگە ئېرىشكەن بىردىنبىر ماتېماتىكچى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ياپون تىلىدىكى ‹پارابولالىق تەڭلىمىلەرنى سانلىق يېشىش توغرىسىدا› ناملىق كىتابى ياپونىيەدە نەشر قىلىنىپ ، ماتېماتىكا ساھەسىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى .»

«ئۇ ياپونىيەدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىدىغان ۋاقىتتا ، ياپونىيەنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى خەلقئارا ئېتىراپ قىلىدىغان ئالىم ، ئوكاياما تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى نىكى خىروشى ئەپەندىنىڭ ئۇنى ئايرودۇرۇمغا ئۇزىتىپ چىققىنى نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى . چۈنكى ، يېشى 60 لارغا يېقىنلىشىپ قالغان بۇ پېشقەدەم ئالىم ئۆمرىدە ئۆزى يېتەكلىگەن نۇرغۇن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلىنىلا ئايرودۇرۇمغا چىقىپ ئۇزىتىپ قويغانىدى .»

«ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى نىكى خىروشى ئەپەندى 2003 - يىلى 10 - ئايدا ئاتايىتەن ئۇنى ياپونىيەگە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن شاڭخەيگە كەلدى . ئەمما ، ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلى بۇ ۋاقىتتا ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈۋاتقان بولغاچقا ، دەرسنى كېچىكتۈرۈش ھېسابىغا شاڭخەيگە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىغا كۆرۈشۈشكە بېرىشقا بەكلا تەڭلىكتە قالدى . بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خىروشى ئەپەندى شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە كەلدى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن قۇرغان يېڭى پەن - تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى .»

«ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك ھېسابلاش ماتېماتىكىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھېسابلاش ماتېماتىكىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە .»

3 . ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلى ياپونىيەدىكى ئەۋزەل شارائىت ، يۇقىرى تەمىناتنى رەت قىلىپ ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى . بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ؟

**جاۋاب :** ئابدۇرېشىت ئابدۇۋەلىنىڭ ياپونىيەدىكى ئەۋزەل شارائىت ، يۇقىرى تەمىناتنى رەت قىلىپ ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ۋەتەندە ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشكە ۋە يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىشقا سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىگە جاۋاب قايتۇرۇش روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇنداق روھ ئەلۋەتتە تولىمۇ قىممەتلىك .

# ئۇيغۇر تىلى

1 . تەقلىد سۆز دېگەن نېمە؟

كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمگە تەقلىد قىلىنغان سۆز — تەقلىد سۆز دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

«ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، گۈلدۈر ـ گۈلدۈر ، تىرىق ـ تىرىق ، پىر ، جىر ، پىل ـ پىل ، سىم ـ سىم ، لەپ ـ لەپ ، غۇر ـ غۇر ، يالت ـ يۇلت . . . » دېگەندەك سۆزلەر تەقلىد سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

تەقلىد سۆزلەر ھەر خىل ئاۋاز ۋە ھالەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان ياكى ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاۋازى ۋە ھالەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر بولۇپ ، بۇ خىل سۆزلەر ئەسلىدىكى ئاۋاز ، كۆرۈنۈش ۋە سېزىمنىڭ ئەينەن ئۆزى بولماستىن ، بەلكى ئۇلارغا تەقلىد قىلىش ، ئۇلارنى نىسپىي دوراش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن سۆزلەردۇر . مەسىلەن :

دېرىزە ئەينەكلىرى جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىپ چېقىلدى .

بېشى پىر قىلىپ قېيىپ كەتتى .

تەكچىدىكى شام پىل ـ پىل قىلىپ كۆيۈۋاتىدۇ .

سىرتتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئەمدى بېسىقتى .

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا ، شەبنەم چۈشتى نېمىشقا ؟ !

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «جاراڭ ـ جۇرۇڭ ، پىر ، پىل ـ پىل ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، شىلدىر ـ شىلدىر » دېگەن سۆزلەر ئەنە شۇنداق ئاۋازغا ، ھالەتكە تەقلىد قىلىنغان ياكى ئۇلارنى دورىغان سۆزلەر ، يەنى تەقلىد سۆزلەردۇر .

2 . تەقلىد سۆزلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

تىلىمىزدىكى تەقلىد سۆزلەر مەنىسىگە ئاساسەن ئاۋاز تەقلىدلىرى ، ھالەت تەقلىدلىرى ۋە ھېسسىيات تەقلىدلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) ئاۋاز تەقلىدلىرى : ھەرخىل ئاۋازلارغا تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ئاۋاز تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ئاۋاز تەقلىدلىرى ئاڭلاش ئورگانلىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق مېڭىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر . مەسىلەن :

شار ـ شار ، جىرىڭ ـ جىرىڭ ، شار ـ شۇر ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، تاراق ـ تۇرۇق ، تىرىق ـ تىرىق ، شىپ ـ شىپ ، پۇش ـ پۇش ، ۋىژ ـ ۋىژ ، تاڭ ـ تۇڭ ، ئىڭە ـ ئىڭە ، غاق ـ غاق ، مە ـ مە ، مۆ ـ مۆ ، ھاۋ ـ ھاۋ . .

2 ) ھالەت تەقلىدلىرى : ھەرخىل كۆرۈنۈش ـ ھالەتلەرگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ھالەت تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ھالەت تەقلىدلىرى كۆرۈش ئورگانلىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تەبىئەت ھادىسىلە-

رىنىڭ مېڭىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر . مەسىلەن :
ۋال - ۋۇل ، پار - پۇر ، يالت - يۇلت ، غال - غال ، پىل - پىل ، ئىمىر - چىمىر ، پىر - پىر ، لەپ - لەپ ، غىپ - غىپ ، لۆم - لۆم . . .

3 ) ھېسسىيات تەقلىدلىرى : كىشىلەرنىڭ ھېسسىي سېزىمگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر ھېسسىيات تەقلىدلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .

ھېسسىيات تەقلىدلىرى سېزىش ئورگانلىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق مېڭىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر . مەسىلەن :
لوق - لوق ، سىر - سىر ، زىڭ - زىڭ ، چىم - چىم ، جىغ - جىغ ، شۇر - شۇر . . .

1 - كۆنۈكمە : تەقلىد سۆزلەرنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ .

1 ) ئاۋاز تەقلىدلىرى ئۈچۈن : ① يامغۇر شار - شۇر قىلىپ قاتتىق ياغدى . ② كىچىك بالا پۇش - پۇش تىنىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . ③ يىراقتىن ئىتلارنىڭ ھاۋ - ھاۋ قىلىپ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى .

2 ) ھالەت تەقلىدلىرى ئۈچۈن : ① يىراقتا پىل - پىل يانغان بىر يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك بولدۇم . ② ئۇ قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتكەنىدى . ③ ئايدىڭدا ئېرىقتىكى سۇ جىمىر - جىمىر ئاقماقتا ئىدى .

3 ) ھېسسىيات تەقلىدلىرى ئۈچۈن : ① ئۇ ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئاكىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى شۇر قىلىپ ئېرىپ كەتكەندەك بولدى . ② قېرىغاچقىمىكىن ، ئۇ ئازراق يول ماڭسىلا پۇتلىرى سىر - سىر سىرقىراپ كېتەتتى . ③ بېشىم لوق - لوق قىلىپ ئاغرىپ كەتتى .

3 . تەقلىد سۆزلەر قانداق گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ؟

تەقلىد سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە :

1 ) بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر ئىسىم ، سۈپەت ۋە رەۋىشنىڭ رولىدا كېلىپ ، جۈملىدە شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش ۋەزىپىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :
ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئەمدى بېسىلدى . (ئىگە)
قىيا - چىيا پۇتۇن مەھەللىنى بىر ئالدى . (ئىگە)
تاراق - تۇرۇقنى توختىتىڭلار . (تولدۇرغۇچى)
تۆيۈقسىز چىققان جىرىڭ - جىرىڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم . (تولدۇرغۇچى)
يامغۇر شار قىلىپ قۇيۇۋەتتى . (ھالەت)
ماشىنا گۇر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . (ھالەت)
غۇر - غۇر شامال كىشىنى ھوزۇرلاندۇراتتى . (ئېنىقلىغۇچى)
سىم - سىم يامغۇر كېچىچە ياغدى . (ئېنىقلىغۇچى)

2 ) تەقلىد سۆزلەر «قىل» پېئىلى بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىل ھاسىل قىلىدۇ . مەسىلەن :
تارس قىلغان ، شىر - شىر قىلىپ ، چىك - چىك قىلغان ، غاراس - غۇرۇس قىلىپ ، غىچ قىلىپ ، چىم قىلىپ . . .

3 ) بىر قىسىم تاق تەقلىد سۆزلەرگە پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالما پېئىل ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

جاراڭ + لا = جاراڭلا؛ پار + قىرا = پارقىرا؛ گۈلدۈر + لە = گۈلدۈرلە ...

4 ) بىر قىسىم تاق تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاپ «ئىدە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق رەۋىش ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

پاق + (ق) + ئىدە = پاققىدە؛ شارت + (ت) + ىدە = شارتتىدە؛ ۋىل + (ل) + ىدە = ۋىللىدە؛ گۈپ + (پ) + (ىدە) = گۈپپىدە...

5 ) بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئىسىم ۋە سۈپەت ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

تاك ـ تاك + چى = تاكتاكچى

جاراڭ + لىق = جاراڭلىق

6 ) تەقلىد سۆزلەر ياسالمايدۇ، يەنى باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن تەقلىد سۆزلەرنى ياساشقا بولمايدۇ.

2 ـ كۆنۈكمە: تەقلىد سۆزلەرنى ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشنىڭ رولىدا كەلتۈرۈپ بىردىن جۈملە تۈزۈڭ.

1 ) بۇ تاراق ـ تۇرۇق بىزنى تولىمۇ بىزار قىلدى. [بۇ جۈملىدە تەقلىد سۆز ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىپ، ئىگە بولغان]

2 ) سىم ـ سىم يامغۇر كېچىچە ياغدى. [بۇ جۈملىدە تەقلىد سۆز سۈپەتنىڭ رولىدا كېلىپ، ئېنىقلىغۇچى بولغان]

3 ) ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا، گۈپ ـ گۈپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. [بۇ جۈملىدە تەقلىد سۆز رەۋىشنىڭ رولىدا كېلىپ، ھالەت بولغان]

### 4. ئىملىق سۆز دېگەن نېمە؟

ھېس ـ تۇيغۇ، خاھىش، بۇيرۇق، چاقىرىق قاتارلىقلارغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىملىق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇھ، ئەجەب ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئالايلى. (ھېرىش)

بەللى ـ بەللى، تولىمۇ ياخشى قىپسىلەر. (رازىمەنلىك)

ئېھ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىم! (سۆيۈنۈش)

ھوي، سەن قاسىمجان ئىكەنسەنغۇ؟ (ھەيران قېلىش)

ۋاي ـ ۋۇي، نېمانداق تۈگىمەيدىغان گەپ بۇ؟! (زېرىكىش)

ئىملىق سۆزلەر مەنىسى ۋە رولى جەھەتتىن مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ، ياردەمچى سۆزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

ئىملىق سۆزلەر بىرەر شەيئى، ئىش ـ ھەرىكەت ياكى بەلگە ـ خۇسۇسىيەت، سان ـ سۈپەت، ھەرىكەت ـ ھالەت توغرىسىدا ھېچقانداق ئېنىق بىر مەنە ياكى چۈشەنچە ئىپادىلىمەيدۇ. پەقەت كىشىلەرنىڭ شەيئى ـ ھادىسە ۋە ئىش ـ ھەرىكەتكە نىسبەتەن تۈرلۈك ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، خاھىشلىرىنى بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ھايۋانلارنى چاقىرىش،

ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

گەرچە ئىملىق سۆزلەر مۇستەقىل ياكى ياردەمچى سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولمىغان، ئۆز ئالدىغا ئايرىم لېكسىكىلىق مەنىمۇ ئىپادىلىمەيدىغان ئالاھىدە بىر سۆز تۈركۈمى بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتە ئاغزاكى تىلىمىزدا ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتتا كۆپ قوللىنىلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھېس - تۇيغۇنىڭ يارقىن ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

5. ئىملىق سۆزلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

تىلىمىزدىكى ئىملىق سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇقتۇرىدىغان مەنىلىرىگە، يەنى نېمىگە ئىما قىلغانلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى: كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەر — ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق، خاپىلىق، قورقۇش، تەنە، مەنستىمەسلىك، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش، پۇشايمان، ئېچىنىش، ھەيران قېلىش، رازىمەنلىك، چارچاش، زوقلىنىش، زېرىكىش، ئەجەبلىنىش قاتارلىقلىرى ھەققىدىكى نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇنداق ئىملىقلاردىكى ئاساسىي ھېس - تۇيغۇ ۋە مەنە كۆپىنچە ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىملىق سۆزلەر تەركىبىدىكى ئايرىم تاۋۇشلارنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ، ھەر خىل پاۋزا بىلەن ئېيتىلىشىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يەنى جۈملىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا قاراپ، مەلۇم بىر ئىملىق سۆزنى بەزىدە ھەيران قېلىش، خۇشاللىق، بەزىدە خاپىلىق، قورقۇش دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن:

ئېھ سۆيۈملۈك دىيار، گۈزەل ئانا ۋەتىنىم! (سۆيۈنۈش)

پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە بۇ! (ھەيران قېلىش)

ۋىيەي، بۇ نېمە ۋەقە، ئەمدى قانداق قىلاي؟! (قورقۇش)

ۋىيەي، مېنى تونۇيالماي قېلىۋاتامسىز؟! (نازلىنىش)

ئاھ، جېنىم بالام، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئىدىڭ ئەمەسمۇ؟! (قايغۇ - ھەسرەت)

ئاپلا، مەن كەلمىسەم بوپتىكەن ئەمەسمۇ. (پۇشايمان)

ۋاي - ۋۇي، ساڭا نەچچە قېتىم دېيمەن، مەندە پۇل يوق دەپ! (ئاچچىقلىنىش)

ئىسىت، بىر يىل تارتقان جاپايىم بىكارغا كەتتى. (ئېچىنىش)

2) قاراتما ئىملىقلىرى: كىشىلەرنى قارىتىش، دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىملىقلار قاراتما ئىملىقلار دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قاراتما ئىملىقلار «ھاي، ھەي، ئەي، ھوي، ھۇي» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار باشقىلارنىڭ دىققىتىنى سۆزلىگۈچىگە قارىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

هاي ، خالايىق ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار !
هەي ، مەن بۇ يەردە .
ئەي ، مېنىڭ جانجان ئانا ۋەتىنىم .
هوي قىزچاق ، بىرسىنى ئىزدەمسىز؟
ناخشا ئېيتسام يىغلايسەن ، هوي بالا ، / سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ ؟
3 ) بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى : ئادەملەرنىڭ ئادەملەرگە ، ئادەملەرنىڭ هايۋانلارغا قىلغان تۈرلۈك بۇيرۇق ـ چاقىرىقلىرىغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .
بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئادەملەرنىڭ هايۋانلارنى چاقىرىش ، هەيدەش ، قوغلاش ، ئۈركۈتۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت .
تۇ ـ تۇ (توخۇنى چاقىرىش)
مە ـ مە (قوينى چاقىرىش)
پۇش ـ پۇش (مۇشۇكنى چاقىرىش )
مەھ ـ مەھ (ئىتنى چاقىرىش)
تاخ ! (توخۇنى هەيدەش)
دۇۋ ! (قوينى هەيدەش)
پەش ! (مۇشۇكنى هەيدەش )
چاغ ! (ئىتنى هەيدەش)
3 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى ئىملىقلارنىڭ مەنىسىنى ئىزاهلاڭ .
هەي ، پا ، ۋىيەي ، ئېھ ، پاھ ، بەللى ، هەببەللى ، ئىسىت ، جىم ، تىنچ ، چۇھ ، تاخ ، پەش ، يەھ ـ يەھ ، كەھ ـ كەھ
جاۋاب : هەي (قاراتما ئىملىق ، چاقىرىش مەنىسىدە)
پا (هېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى ، زوقلىنىش مەنىسىدە)
ۋىيەي (هېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى ، نازلىنىش مەنىسىدە)
ئېھ (هېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى ، هاياجان مەنىسىدە)
پاھ (هېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى ، زوقلىنىش مەنىسىدە)
بەللى (هېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى ، رازىمەنلىك مەنىسىدە)
هەببەللى (هېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى ، رازىمەنلىك مەنىسىدە)
ئىسىت (هېس ـ تۇيغۇ ئىملىقى ، پۇشايمان مەنىسىدە)
جىم (قاراتما ئىملىقى ، جىملىقنى ساقلاش مەنىسىدە)
تىنچ (قاراتما ئىملىقى ، تىنچلىقنى ساقلاش مەنىسىدە)
چۇھ (بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقى ، هەيدەش مەنىسىدە)
تاخ (بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقى ، هەيدەش مەنىسىدە)
پەش (بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقى ، هەيدەش مەنىسىدە)
يەھ ـ يەھ (بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقى ، چاقىرىش مەنىسىدە)
كەھ ـ كەھ (بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقى ، چاقىرىش مەنىسىدە)

6 . ئىملىق سۆزلەر قانداق گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟

ئىملىق سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە :

1 ) ئىملىق سۆزلەر جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ ، ئۆزىگە خاس ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ ، قىسمەن ئىملىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. كۆپىنچىسى جۈملىدە جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ئىچىدىكى ئۇندەش سۆزلۈك سالاھىيەت بىلەن جۈملىگە قاتنىشىدۇ . مەسىلەن :

ئاھ ئۇرارمەن ، ئاھ ئۇرارمەن ، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى .

2 ) بەزى ئىملىقلارنى ، يەنى ئاچچىقلىنىش تۈيغۇسىنى ، سوغۇقتىن شۈركىنىش تۈيغۇسىنى ، بەزى قۇشلارنى قارىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئىملىقلارنى ئۆز تەلەپپۇزى بويىچە يېزىقتا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ .

3 ) ئىملىق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان تېكىستلەردە ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيەدە تەلەپپۇز قىلىنىپ ، بىرنەچچە خىل ئىملىق سۆزنىڭ ئورنىدا كېلەلەيدۇ . مەسىلەن :

ۋاي - ۋۈي ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە - ھە ؟ ! (زوقلىنىش )

ۋاي - ۋۈي ، بۇنى مەنمۇ بىلمەن . (مەنسىتمەسلىك )

4 ) ئىملىق سۆزلەر ئاساسەن تۈرلەنمەيدۇ .

7 . ياردەمچى سۆزلەر دېگەن نېمە ؟

ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدىغان ، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالماي- دىغان ، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ گىراماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان ، سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

مۇئەللىم مەن بىلەن سىنىپ تازىلىقى توغرۇلۇق سۆزلەشتى .

ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىش لازىم .

ئاكام كومپيۇتېر ئارقىلىق تىل ئۆگىنىدۇ .

بىز دەرسكە قاتناشماي قالىمدۇ قىقۇ؟

بۇ جۈملىلەردىكى «بىلەن» ، «توغرۇلۇق» ، «ئۈچۈن» ، «ئارقىلىق» ، «قۇ» قاتار- لىق سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ ، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ ، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈ- رىدۇ . سۆز ۋە جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ . شۇڭا ، بۇ سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

8 . ياردەمچى سۆزلەرنىڭ رولى نېمىدىن ئىبارەت ؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر سۆز بىلەن سۆزنى ، سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسىنى ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش ، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى خەۋەر بۆلەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى روشەنلەشتۈرۈش ، بىر پۈتۈن جۈملىگە قوشۇمچە مەنە يۈكلەش رولىنى ئوينايدۇ . گەرچە ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمىسىمۇ ، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمىسىمۇ ، ئەمما جۈملىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ ، گىرام-

ماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا گەرچە ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملىدە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى چوڭ.

9. ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟

تىلىمىزدىكى ياردەمچى سۆزلەر رولىغا ئاساسەن تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىسى)، باغلىغۇچىلار ۋە يۈكلىمىلەر (ئۇلانمىلار) دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى)

ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەر: «بىلەن، ئۈچۈن، دائىر، قارىتا، كۆرە، نىسبەتەن، باشقا، ئىبارەت، ئوخشاش، كېيىن، قەتئىينەزەر، ئارقىلىق، ھەققىدە، توغرۇلۇق، قاتارلىق، كەبى، ئائىت، قەدەر، ئېتىبارەن، تارتىپ، قارىغاندا...» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن:

مەن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئايروپىلان بىلەن كەلدىم.

مۇئەللىمىمىز بىزگە ئالىملار توغرۇلۇق ھېكايە سۆزلەپ بەردى.

ئۇيغۇر تىلىغا دائىر كىتابلار مەندە كۆپ.

ھاۋا رايى مەلۇماتىغا قارىغاندا ئەتە يامغۇر ياغىدۇ.

پەردە، مۇنبەر قاتارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىشى بەك ياخشى.

يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «بىلەن، توغرۇلۇق، دائىر، قارىغاندا، قاتارلىق» دېگەن سۆزلەر تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى) بولۇپ، بۇ سۆزلەر «ئايروپىلان، ئالىملار، ئۇيغۇر تىلىغا، ھاۋا رايى، مەلۇماتىغا، پەردە، مۇنبەر» قاتارلىق ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە تىركىلىپ كېلىپ، جۈملىدە مۇھىم ياردەمچى رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارتىپ، قارىغاندا، باشلىق، كۆرە، تەرىپىدىن» قاتارلىق بىر قىسىم سۆزلەر بەزىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ، بەزىدە مۇستەقىل سۆز رولىدا كېلىدۇ. ئۇ سۆزلەرنىڭ قانداق رولدا كەلگەنلىكى، قانداق مەنە ئىپادىلەۋاتقانلىقى ئەمەلىي تېكىست ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن:

تىراكتور ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن ھارۋىنى تارتىپ چىقاردى. (مۇستەقىل سۆز)

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ ئەتىگەن سائەت 7:30 دا ئىشقا چىقىمىز. (ياردەمچى سۆز)

ئاغدۇرۇلغان ماشىنىنىڭ ئاستىدىن ئەكرەمنى تارتىپ چىقاردۇق. (مۇستەقىل سۆز)

بۇ دوقمۇشتا ئەتىگەندىن تارتىپ يېرىم كېچىگىچە ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ. (ياردەمچى سۆز)

بۈگۈنكى يىغىنغا بىزنىڭ باشلىق ئۆزى كېلىپ قاتناشتى. (مۇستەقىل سۆز)

بۈگۈنكى يىغىندا ئەخمەت باشلىق ئون نەچچە ساۋاقداش مۇكاپاتلاندى. (ياردەمچى

سۆز )

ماشىنا ئەخمەتجاننىڭ يان تەرىپىدىن ئۆتۈپ كەتتى . (مۇستەقىل سۆز )

بۇ ئىش باشقىلار تەرىپىدىن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن . (ياردەمچى سۆز )

2 ) باغلىغۇچىلار : سۆزلەرنى ، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچىلار دەپ ئاتىلىدۇ .

باغلىغۇچىلار سۆز ، سۆز بىرىكمىلىرى ۋە ئاددىي جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . بەزى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردا باغلىغۇچىلارنىڭ رولى شۇقەدەر مۇھىمكى ، باغلىغۇچىسىز ئۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

تىلىمىزدىكى باغلىغۇچىلار رولىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

(1 ) بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار : «ۋە ، ھەم ، ھەمدە ، يەنە» ، بۇ باغلىغۇچىلار سۆزلەرنى ، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلايدۇ . «بىلەن» باغلىغۇچىسى سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىلا باغلايدۇ . مەسىلەن :

تۇرسۇن خەتنى چىرايلىق يازىدۇ ھەمدە رەسىمنىمۇ ياخشى سىزىدۇ .

بىزدە دەرسلىك كىتابلار ۋە پايدىلىنىش كىتابلىرى بار .

تىلىمىزدىكى «بىلەن» ياردەمچى سۆزى بەزىدە تىركەلمە رولىدا كېلىدۇ ، بەزىدە باغلىغۇچى رولىدا كېلىدۇ . «بىلەن» سۆزى تىركەلمە رولىدا كەلگەندە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ، پېئىلغا بېقىنىپ كېلىدۇ ؛ باغلىغۇچىلار رولىدا كەلگەندە ئىككى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

مۇئەللىم ياسىن بىلەن سۆھبەتلەشتى . (تىركەلمە )

مۇھەممەتتۇرسۇن بىلەن ئابلىز بىر ئورۇندا ئىشلەيدۇ . (باغلىغۇچى )

مەن قەلەم بىلەن خەت يازدىم . (تىركەلمە )

مەن قەلەم بىلەن دەپتەر ئېلىۋالدىم . (باغلىغۇچى )

(2 ) قارىمۇقارشى باغلىغۇچىلار : «ئەمما ، لېكىن ، بىراق ، ئەكسىچە ، دېگەنبىلەن ، ۋەھالەنكى ، ئەپسۇسكى ، ئۇ ، يۇ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مەسىلەن :

ئۇ دەرسنى بېرىلىپ ئاڭلىدى ، ئەمما خاتىرە يازمىدى .

ئۇ كېلىشكە ۋەدە قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن كېلەلمىدى .

ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا ئۇچقۇچى بولغۇسى بار ئىدى ، ئەپسۇسكى شارائىت يار بەرمىدى .

(3 ) كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار : «ھەتتا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بەلكى ، بولۇپمۇ ، خۇسۇسەن» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىلار دەرسنىلا ئۆگىنىپ قالماي ، بەلكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك .

ئۇ شۇنداق ئۇنتۇغاقكى ، ھەتتا چۈشتە نېمە تاماق يېدىڭ دەپ سورىسا ، شۇنىمۇ دەپ بېرەلمەيدۇ .

ئۇنىڭ ھەرقايسى دەرسلەردىكى نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات دەرسىدىكى نەتىجىسى يىلدىن بويىچمۇ ئەڭ ئالدىدا .

(4) تاللاش ـ ئايرىش باغلىغۇچىلىرى : «يا ، ياكى ، گاھى ، خا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مەسىلەن :

يىغىنغا يا سەن بار ، يا مەن باراي .

دادىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئۇ خا كېچە ، خا كۈندۈز كىرپىك قاقماي ئۆتمەكتە ئىدى .

بۇ ياخشى ئىشنى ياكى سەمەتجان قىلدى ، ياكى بولمىسا ئەخمەتجان قىلدى .

(5) سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچىلىرى : «چۈنكى ، شۇڭا ، سەۋەبى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، شۇڭلاشقا» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مەسىلەن :

قىزىم ، بۇ ئىشنى سىز قىلالمايسىز ، چۈنكى بۇ ئىشنى قىلىشقا ئوغۇللار مۇۋاپىق كېلىدۇ .

ئۇ ناھايىتى تىرىشچان ، شۇڭا ھەرقايسى دەرسلەردىكى نەتىجىسى ئەنە شۇنداق يۇقىرى .

تەن ساقلىقى ئىنساننىڭ زور بايلىقى ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەن ساغلاملىقىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇر تىلىدا «يەنى ، جۈملىدىن ، دېمەك ، قىسقىسى ، شۇنىڭدەك ، شۇنداقلا» قاتارلىق سۆزلەرمۇ جۈملىدە باغلىغۇچى رولىدا كېلىپ ، ھەر خىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ .

3 ) يۈكلىمىلەر : سۆزلەرگە ، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمە دەپ ئاتىلىدۇ .

يۈكلىمىلەر سۆزنىڭ ھەر خىل گىراماتىكىلىق شەكىللىرىگە ۋە جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ، شۇ سۆز ياكى جۈملىگە مەنىۋى تۈس بېرىدۇ . ئايرىم يۈكلىمىلەر سۆزنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنىمۇ ياسايدۇ . يۈكلىمىلەر تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ :

(1) «ـ دۇ ، ـ غۇ ، ـ چۇ ، ـ ما ، ـ مۇ» يۈكلىمىلىرى سوراق مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن:

بۇ خەتنى كىم يازغاندۇ ؟

ئەمدى كەلدىڭىزما ؟

سىز ئىشچىمۇ ؟

باشقىلار تاپشۇرۇپ بولدى ، سىزچۇ ؟

مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ ؟

(2) «ـ غۇ ، ـ قۇ ، ـ لا» يۈكلىمىلىرى كۈچەيتىش ، تەكىتلەش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئاۋۇ كېتىۋاتقان ئايشەمغۇ ؟

بۇ ھەممەيلەنگە تونۇشلۇقمۇ ؟

ھەممە چاتاقنى سەنلا تېرىۋاتىسەن .

سەن ھازىرلا يولغا چىق .

(3) «ـ زە» يۈكلىمىسى تەنە ، نارازىلىقنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

مېنىڭزە ھېچ ئىشنى ئۇقمايدۇ دەيدىكەنسەن ـ ھە ! ؟

سەنزە مېنى بىر ئەخمەق قىلاي دەپتىكەنسەن ـ دە ؟ !

(4) «ـ ئا ، ـ ئە ، ـ چۇ» يۈكلىمىلىرى ئۆتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بېرىڭا .

سىز سۆزلەپ بېرىڭە .

پاراڭ سالمىساڭلارچۇ ؟

مېنى خىجىل قىلمىسىڭىزچۇ ؟

(5) «ـ دە ، ـ ھە» يۈكلىمىلىرى ئەجەبلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئەسلىي گەپ مۇنداق ئىكەن ـ دە ! ؟

بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك ـ ھە ؟ !

كىتابىمنى تونختى ئاپتىكەن ـ دە ! ؟

**10 . ياردەمچى سۆزلەر قانداق گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟**

ياردەمچى سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە :

1) ياردەمچى سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ ، گىراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدۇ ، جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ . ياردەمچى سۆزلەرنىڭ مەنىسى كونكرېت تىل شارائىتىدا روشەنلىشىدۇ . مەسىلەن :

مەن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئالغا باستىم .

ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياخشى ئارام ئېلىش كېرەك .

بۈگۈندىن باشلاپ تەتىل بولدى .

بۇ جۈملىلەردىكى «ئارقىلىق» ، «ئۈچۈن» ، «باشلاپ» دېگەن سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلاتمايدۇ ھەم گىراماتىكىلىق مەنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ . ئەمما ، جۈملىدە كەم بولسا بولمايدۇ ، پەقەت جۈملە شارائىتىدىلا گىراماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدۇ .

2) ياردەمچى سۆزلەر تۈرلەنمەيدۇ .

3) بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەر شەكىل جەھەتتىن قوشۇمچىغا ئوخشايدۇ . ئەمما ، تەلەپپۇزدا ئۇرغۇ ئارقىلىق ، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق قوشۇمچىلاردىن پەرقلىنىدۇ .

4) «دە ، تە ، ھە» يۈكلىمىلىرى ئالدىدىكى سۆزدىن سىزىقچە (ـ) بىلەن ئايرىلىپ يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ مانا مۇشۇنداق ئالدىراش ـ دە .

بۇنى بىز چوقۇم بىلىشىمىز كېرەك ـ تە .

نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە ـ ھە ؟ !

4 ـ كۆنۈكمە : «ـ ما ، ـ لا ، غۇ ، ـ ئا» يۈكلىمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت جۈملە تۈزۈڭ .

1) سىز مېنى بۇرۇن زادىلا كۆرمىگەنما ؟

2) ئۇ ماڭا سالام بېرىپلا چىقىپ كەتتى .
3) بۇ سوئالغا مەن ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولغانغۇ؟!
4) سەن ماڭا ئەجەب قاتتىق گەپ قىلدىڭا؟!

5 ـ كۆنۈكمە: «- ما، - لا، - غۇ، - ئا»لارنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كەلتۈرۈپ سەككىز ياسالما سۆز ياساڭ.

ما: ئۈيۈش + ما = ئۈيۈشما؛ باشقارما

لا: مۇز + لا = مۇزلا؛ داۋا + لا = داۋالا

غۇ: ئىل + غۇ = ئىلغۇ؛ چالغۇ

ئا: ساز + ا = سانا؛ ئويۇز+ا = ئوينا

## 11. سىنتاكسىس دېگەن نېمە؟

ھەرقانداق بىر تىل فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەزمۇندىن تەشكىل تاپىدۇ، ئۇيغۇر تىلىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. فونېتىكا — تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدىكى پەن بولۇپ، تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىدۇ. لېكسىكا — سۆز ھەققىدىكى پەن بولۇپ، بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى لۇغەت تەركىبى (لېكسىكا)نى تەشكىل قىلىدۇ، ئەنە شۇ لۇغەت تەركىبىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن لېكسىكولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ. گىراماتىكا بولسا تىلنىڭ قۇرۇلما قائىدىسى بولۇپ، سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈنۈش قائىدىسى بىلەن سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىسىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مورفولوگىيە — سۆز تۈركۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ سىنتاكسىس بولسا سۆز بىرىكمىسى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىپى، تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنى قوللىنىشنىڭ قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

سىنتاكسىس — تىل ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ سۆزلەرنى تەشكىللەپ سۆز بىرىكمىسى، جۈملىدىن تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى، ئاددىي جۈملىنىڭ مەنىسىگە ۋە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشىنى، جۈملىنىڭ بۆلەكلىرىنى، مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى، شۇنداقلا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

سىنتاكسىس جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى، مۇناسىۋىتى، جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملىنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى؛ جۈملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل ۋە سىنتاكسىسلىق ئۇسۇللارنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىنى تۈرگە بۆلۈشنىڭ ئۆلچىمى ھەم جۈملە تۈرى ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. سىنتاكسىسنى ياخشى ئۆگىنىش ئارقىلىق جۈملىگە دائىر ئاساسىي

قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ .

بىز بۇ يەردە ئالدى بىلەن سىنتاكسىسنىڭ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىگە دائىر مەزمۇنلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆتىمىز .

12 . جۈملە دېگەن نېمە؟

سۆزلىگۈچىنىڭ تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان تىل بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، تولۇق ئاياغلاشقان بىر سۆز ياكى بىرقانچە سۆزنىڭ ئۆزئارا بىرىكمىسى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن :

قوڭغۇراق چېلىندى .

مۇئەللىم سىنىپقا كىردى .

بىز مۇئەللىمگە ھۆرمەت بىلدۈردۇق .

ئۇ دەرسنى ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى .

جۈملە كىشىلەرنىڭ تىل ئارقىلىق ئالاقىلىشىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تىل بىرلىكى بولۇپ ، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى مەلۇم جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ . جۈملە ئادەتتە سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ ، ئادەتتە بىرنەچچە سۆزدىن تەشكىل تاپىدۇ . ئەمما ، ئالاھىدە تىل مۇھىتىدا بىر سۆزنىڭ ئۆزى بىر مۇستەقىل جۈملە بولالايدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ ، يەنى بۇنداق جۈملىلەر ئالاھىدە تىل شارائىتىدا ، ئالدى ـ كەينىدىكى جۈملە بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەن ھالدا ئاندىن جۈملە بولالايدۇ . مەسىلەن :

— كىم ؟

— مەن .

— مەن دېگەن كىم ؟

— تۇردى .

— كىرىڭ .

بۇ مىسال ئەمەلىيەتتە ئىككى ئادەمنىڭ دىيالوگى بولۇپ ، مانا مۇشۇنداق تىل مۇھىتىدا «كىم» ، «مەن» ، «تۇردى» دېگەن سۆزلەر مۇستەقىل مەنە ئاڭلىتىدىغان جۈملە بولالىغان . ئەمما ، بۇنداق ئەھۋاللار ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ ئۇچرىمايدۇ . كۆپىنچە جۈملىلەر ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلۈپ ، ئاندىن مۇستەقىل بىر ئوي ـ پىكىر ياكى مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

جۈملە ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

1 ) جۈملە خەۋەر بىلەن ئىگىنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بايانىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ . (مەسىلەن : مەن ئوقۇغۇچى ) ، بۇنداق بايانىي مۇناسىۋەت جەريانىدا بەزى ھاللاردا جۈملىنىڭ گىرامماتىكىلىق ئىگىسى چۈشۈپ قېلىشى ، ھەتتا گىرامماتىكىلىق ئىگىسى يوق بولۇشى مۇمكىن (مەسىلەن : دەرس قالدۇرۇشقا بولمايدۇ ) . ئەمما ، ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىدە خەۋەر بولمىسا بولمايدۇ ، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەرسىز جۈملە

تۈزۈلمەيدۇ .

2 ) جۈملە ئۆزىنىڭ مەزمۇنىغا خاس ئىنتوناتسىيە (ئاھاڭ ) بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . ھەربىر جۈملە ئاياغلاشقاندا ، بىر ئاز توختايمىز ، ئاندىن ئىككىنچى جۈملىنى باشلايمىز .

3 ) يېزىقتا ھەربىر جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ چېكىت ( . ) ، پەش ( ، ) ، سوئال ( ؟ ) ياكى ئۈندەش بەلگىسى ( ! ) قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

بىز بۈگۈن بەش سائەت دەرس ئوقۇدۇق .

بۈگۈنكى يىغىنغا تۇرسۇن كەلدى ، ئەخمەت كەلمىدى .

سىنتاكسىس دېگەن نېمە ؟

ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى !

**13 . جۈملە مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ ؟ ئۇلار قايسىلار ؟**

سۆزلىگۈچىنىڭ پىكىر قىلىشتىكى مەقسىتى ۋە پوزىتسىيەسى داۋاملىق ئوخشاش بولمايدۇ ، بۇنداق ئەھۋال جۈملە مەزمۇنىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

جۈملىلەر مەزمۇنى ۋە ئىپتىلىش ئاھاڭىغا ئاساسەن بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) بايان جۈملە : پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، مەلۇم شەيئى ، ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىرنى خەۋەر ياكى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە — بايان جۈملە (خەۋەر جۈملە ) دەپ ئاتىلىدۇ .

بايان جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا خەۋەر ياكى بايان قىلماقچى بولغان پىكرىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى قىلىدۇ . بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋەر بۆلىكى كۆپ ھاللاردا پېئىللارنىڭ خەۋەر رايىدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يىغىلدى .

مېھرىگۈل ماقالە يازدى .

تاجىگۈل بىلەن پاتىگۈل تام گېزىتى ئىشلەۋاتىدۇ .

مەن ئەتە شەھەرگە بارماقچىمەن .

**6 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ بايان جۈملە تۈزۈڭ :**

كەلدى ، يېزىۋاتىدۇ ، بارماقچى ، كۆزلىگەنىدى ، بارغانىكەن ، ئالالمىدى ، كېلىپ تۇرىدۇ ، سۆزلەپ بەردى ، تەييارلىنىۋاتىمىز ، كۆزەتتىم ، قارىدۇق

دەرسلىك كىتابلار بۈگۈن يېتىپ كەلدى .

پەرىدە سالام خەت يېزىۋاتىدۇ .

مەن يازلىق تەتىلدە ئۈرۈمچىگە بارماقچى .

ئۇ بۇ مەۋسۇمدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇشنى كۆزلىگەنىدى .

بوۋام ياش ۋاقتىدا خوتەنگە بارغانىكەن .

بىزنىڭ سىنىپنىڭ پۇتبول ئەترىتى شۆنچە تىرىشىپمۇ چېمپىيونلۇقنى ئالالمىدى .

چوڭ دادام بىزنىڭ ئۆيگە دائىم كېلىپ تۇرىدۇ .

مۇئەللىم بىزگە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.
بىز يازلىق لاگېرغا مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتىمىز.
مەن ئۇرۇقنىڭ قانداق بىخلىنىدىغانلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتىم.
بىز كېسەل بولۇپ قالغان ساۋاقداشلىرىمىزغا نۆۋەتلىشىپ قارىدۇق.

2) سوئال جۈملە: سوئال مەنىسىدىكى پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەلۇم نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ياكى بىرەر ئىش - ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرنى سوئال (سوراق) مەنىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە سوئال جۈملە (سوراق جۈملە) دەپ ئاتىلىدۇ.

سوئال جۈملىلەر تەركىبىدىكى سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر شۇ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەرگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. يېزىشتا سوئال جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

سىز كىم؟

ئەخمەت؟

سەن گەپ قىلمايسەنغۇ؟

بولمىسا سىز بارامسىز - يە؟

سوئال جۈملىلەر تۆۋەندىكىچە تۈزۈلىدۇ:

(1) سوئال ئالماشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاچان قۇرۇلغان؟

سىز بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار قەيەردە؟

«ئىز» رومانىنىڭ ئاپتورى كىم؟

سېنىڭ مەقسىتىڭ نېمە؟

(2) جۈملە ئاخىرىغا «ما، دۇ، غۇ، قۇ، چۇ، دە، تە، مە» قاتارلىق سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن كىنو قويۇلامدۇ؟

سوئالغا تولۇق جاۋاب بېرەلمىدىڭىزغۇ؟

ئالىم ئەلاچى بوپتۇ - ھە؟

ھازىر كەلدىڭىزما؟

(3) جۈملە ئاخىرىدىكى سۆزنىڭ تەكرارلىنىپ، سوئال ئاھاڭدا ئېيتىلىشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

— ھەمدۇللا، ئۈنۈگۈن مۇسابىقىگە باردىڭىزمۇ؟

— بارمىدىم.

— بارمىدىم؟

— ھەئە.

— زادى بارمىدىڭىز؟

سوئال جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى مەنە جەھەتتىن ئېنىق سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىز تاماق ئېتەلەمسىز ؟

ئۆيىڭىز قايسى ناھىيەدە ؟

سوئال جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى گۇمانىي سوئالنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

بۇگۈن يەنە كېچىكىپ قالماسمىز ـ ھە ؟

ئۇ مەندىن رەنجىپ قالدىمۇ نېمە ؟

يەنە بەزى سوئال جۈملىلەر قايتۇرما (قارشىلىق) سوراقنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

— سەن ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن باردىڭ ؟

— سەن بارساڭ بولىدىكەن ، مەن بارسام بولمامدىكەن ؟

— مېنىڭ بېرىشىم بىلەن سېنىڭ بېرىشىڭ ئوخشىمامتى ؟

— ئوخشىمامدۇ ؟

3) ئۈندەش جۈملە : سۆزلىگۈچىنىڭ خىلمۇخىل تۇيغۇ ۋە ھاياجانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۈندەش جۈملىلەر كۆپ ھاللاردا ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ . ئۈندەش جۈملىلەر كۈچلۈكرەك ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىدۇ . ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى ( ! ) قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

پاھ ، بۈگۈنكى ھاۋا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە !

كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما !

ياشىسۇن ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز !

ھەممىڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن !

ئۈندەش جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ :

(1) سۆزلىگۈچىنىڭ خۇشال بولۇش ، قانائەتلىنىش ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

بەللى ـ بەللى ، تازا ئوبدان ئىش بوپتۇ .

دىلنار ئۇسسۇلنى ئەجەب ياخشى ئوينىدى ـ ھە !

خەلقىمىزنىڭ تۆھپىكار باغۋەنلىرى ، سىلەرگە ئاپىرىن !

(2) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر ئارزۇ ـ ئارماننى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە بارالىسام ، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !

بۇنداق خۇشاللىق كۈنلەردە سەن يېنىمدا بولغان بولساڭ بەك ياخشى بولاتتى !

بىرەر پارچە شېئىرىمنى گېزىتتە ئېلان قىلىۋالالىغان بولسام ـ ھە !

(3) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ ئەجەبلىنىش ۋە زوقلىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

نېمىدېگەن ئوماق بالىلار بۇ !

ھوي ، سەن چوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپسەنغۇ !

مېنىڭ مۇنداقمۇ كارامەتلىرىم بار دېگىن !

(4) بەزى ئۈندەش جۈملىلەر سۆزلىگۈچىنىڭ پۇشايمان ، غەزەپ ۋە خاپا بولۇش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

هەي . . . ، بىر كۈن بۇرۇن كەلسەم بوپتىكەن !

بۇ يەردىن دەرھال يوقال !

خەپ توختا ، كۆرگۈلۈكۈڭنى بىر كۆرسەتمەيدىغان بولسام !

بەزى جۈملىلەردە سوئال مەنىسىمۇ ، ئۈندەش مەنىسىمۇ بولىدۇ . بۇنداق جۈملىلەرگە سوئال بەلگىسىمۇ ، ئۈندەش بەلگىسىمۇ قويۇلىدۇ . ئۇنداق جۈملىلەردە سوئال مەنىسى كۈچلۈك بولسا ، سوئال بەلگىسى ئالدىغا قويۇلىدۇ؛ ئۈندەش مەنىسى كۈچلۈك بولسا ، ئۈندەش بەلگىسى ئالدىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

هەي ئىست ، نېمىشقا بالدۇرراق دېمىگەنسەن ! ؟

ئۇ ئىش بۇرۇنلا توگىگەنىدىغۇ ؟ !

سەن مېنى قەستەن ئەخمەق قىلماقچىمىدىڭ ـ ھە ؟ !

4 ) بۇيرۇق جۈملە : سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق ، تىلەك ، شوئار ، چاقىرىق ، ئۆتۈنۈش ، ئۈمىد ، مەسلىھەت مەنىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى ( ! ) قويۇلىدۇ . تىلەك ، مەسلىھەت ، ئۆتۈنۈش ، ئۈمىد مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۇيرۇق جۈملىلەر پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ . يېزىقتا بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ .

بۇيرۇق جۈملىلەردە بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار جۈملىنىڭ خەۋەر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

دەرھال قايتىپ كەل .

گېپىمنى ئاڭلا .

مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەيلى !

بۈگۈنكى كۈننىڭ خاتىرە كۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالما !

7 ـ كۆنۈكمە : جۈملىنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئۈچتىن جۈملە تۈزۈڭ .

خەۋەر جۈملە ئۈچۈن ئۈلگە :

1 ) بىز ھازىر ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتىمىز .

2 ) نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ مەكتەپكە كەلمىدى .

3 ) زوردۇن سابىر — داڭلىق يازغۇچى .

سوئال جۈملە ئۈچۈن ئۈلگە :

1 ) سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە ؟

2 ) سۇلايمان تېخىچە قايتىپ كەلمىدىمۇ ؟

3 ) سىزنىڭچە ، سۇلايمان ئەتىگىچە كېلەرمۇ ؟

ئۈندەش جۈملە ئۈچۈن ئۈلگە :

1 ) ئالىي مەكتەپكە ئىككىلىمىز بىللە بارغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !

2 ) پاھ ـ پاھ ، بۇ بالا ئەجەب ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ !

3 ) خەپ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم !

بۇيرۇق جۈملە ئۈچۈن ئۈلگە :

1 ) قاسىم ، سەن تاپشۇرۇقلارنى ھازىرلا ئىشلىۋەت !
2 ) مۇسابىقىگە سەن قاتناشمىساڭ بولمايدۇ .
3 ) سىز بۇ ئىشنى مۇئەللىمدىن سوراپ بېقىڭ .

**14 . جۈملە تۈزۈلۈشىگە قاراپ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

تىلىمىزدىكى جۈملىلەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن ئاددىي جۈملە ۋە مۇرەككەپ جۈملە دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) ئاددىي جۈملە : ئاياغلاشقان بىرلا ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم قائىدە-قانۇنىيەت بويىچە ئۆزئارا باغلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ ، تولۇق ئاياغلاشقان بىر يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

كۈز كەلدى .

يوپۇرماقلار سارغىيىشقا باشلىدى .

خۇسۇسىي كارخانىچى ھەسەنجان ئانا مەكتىپى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى .

ئاددىي جۈملە نۇتۇقنىڭ ئەڭ كىچىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولغان پىكىر شەكىللىرىنى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش ئارقىلىق ، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشىدە ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىدا ۋە ئۆزئارا ئالاقە باغلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ ، شۇنداقلا قوشما جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە بىردىنبىر ئاساس بولىدۇ .

2 ) مۇرەككەپ جۈملە : ئۇيغۇر تىلىدا پىكىرلەر بەزىدە ئاددىي جۈملە شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بەزىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم گرامماتىكىلىق قائىدە بويىچە بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ .

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ ، مۇرەككەپ بولغان (قوشما ) ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان جۈملە مۇرەككەپ جۈملە (قوشما جۈملە ) دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

مەن بۇ ئىشنى قوللايمەن ، شۇنداقلا ئۆزۈممۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىمەن .

بۇ يىل 2 - يىللىقتا ئوقۇۋاتقان بولسام كېلەر يىلى 3 - يىللىقتا ئوقۇيمەنغۇ ؟ !

خوراز نېمە ئۈچۈن سەھەر چىللايدۇ ؟ چۈنكى ، ئۇ كەچتە بالدۇر ئۇخلايدۇ . ئەتە كەچتە ئۇخلىماي قاۋايدۇ ، شۇڭلاشقا سەھەردە ئورنىدىن تۇرالمايدۇ .

**15 . جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى قانداق بولىدۇ؟**

ھەرقانداق بىر ئاددىي جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

باھار كەلدى .

باھار يۇرتىمىزغا ئىللىقلىق ، يېشىللىق ، خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى .

باھارنىڭ كېلىشى بىلەن بىللە يەنە قارلىغاچلارمۇ كەلدى .

يۇقىرىقى جۈملىلەرنى تەشكىل قىلغان سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ . تۆۋەندە مانا مۇشۇ باغلىنىشنى ئۆگىنىمىز .

جۈملىنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈشى سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈش دەپ ئاتىلىدۇ . ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن بەلگىلىك قائىدىلەر بويىچە باغلىنىپ كېلىدۇ . مانا بۇ سىنتاكسىسلىق باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ . ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى ھەربىر سۆز بىرىكمىسى بەلگىلىك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ . مانا بۇ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە دەپ ئاتىلىدۇ .

جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئۆزئارا چىڭ باغلىنىپ كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ . ئەگەر جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بەلگىلىك گىراماتىكىلىق قانۇنىيەت بويىچە باغلانمىغان بولسا ، پىكىرنىڭ توغرا ، ئىنچام ، چۈشىنىشلىك ئىپادىلىنىشىگە دەخلى يېتىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەردە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى تەڭداش باغلىنىش ۋە بېقىندى باغلىنىش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) تەڭداش باغلىنىش : جۈملىدە ئوخشاش ۋەزىپىدە كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمە-لىرىنىڭ باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ياكى باغلىغۇچىلارسىزلا باغلىنىپ كېلىشى تەڭداش باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن :

خالمۇرات ، ئادىل ، ئابدۇشۈكۈرلەر بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىزدۇر .

ئەھمەد زىيائى ، تېيىپجان ئېلىيېف ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەر كەينى - كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى .

تىل - ئەدەبىيات ئادەمنىڭ ئوقۇش ، يېزىش ۋە سۆزلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرى-دۇ .

يۇقىرىقى جۈملىلەردە ئاستى سىزىلغان سۆزلەر تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن.

تەڭداش باغلىنىشتا باغلىنىپ كەلگەن سۆزلەر ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ :

(1 ) تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىر - بىرىنى ئېنىقلىمايدۇ ، بىر - بىرىنى تولدۇرمايدۇ . ئۇلار ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە بولۇپ ، ئوخشاش سوئالغا جاۋاب بولىدۇ ، ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدۇ .

(2 ) تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ئوخشاش قوشۇمچە بىلەن (ئاساسلىقى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ) تۈرلىنىپ ، ئوخشاش بىر سۆزگە باغلىنىدۇ .

(3 ) تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ئوخشاش سۆز تۈركۈمىدىن كېلىدۇ (مەسى-لەن : ئەخمەت بىلەن سەمەت ، ئىشچان ۋە ئەدەپلىك دېگەندەك ) .

(4 ) تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى ياكى بىرىك-تۈرگۈچى ، ئايرىغۇچى باغلىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ .

(5 ) تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا ھەربىرىگە ئايرىم-ئايرىم ئۇلىنىشىمۇ ، ئەڭ ئاخىرقى بىرسىگىلا ئۇلىنىپ ھەممىسىگە ئورتاق ئىشلىتىلىشىمۇ مۇمكىن .

(6 ) تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر ئوخشاش بىر سۆزنى ئېنىقلاپ كېلىشىمۇ ياكى بىر ئورتاق ئېنىقلىغۇچى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن .

(7) تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا جۈملە مەزمۇنى ھەم قۇرۇلمىسىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بۇ تەڭداش باغلىنىشتا كەلگەن سۆزلەر بىلەن بېقىندى باغلىنىشتىكى سۆزلەرنى ئايرىشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر.

2) بېقىندىلىق باغلىنىش: جۈملىدىكى بىر سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر سۆزگە بېقىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولغان باغلىنىش بېقىندىلىق باغلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدىكى سۆزلەر بېقىندىلىق باغلىنىشتا كەلگەندە، تەڭسىز (بېقىندىلىق) مۇناسىۋەت ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن تەتىللىك تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلىدىم.

بۇ مىسالدا «مەن» دېگەن ئىگە «ئىشلىدىم» دېگەن خەۋەرگە بېقىنغان، «تەتىللىك» دېگەن سۆز «تاپشۇرۇق» دېگەن سۆزگە بېقىنىپ ئۇنى ئېنىقلىغان، «مۇستەقىل» دېگەن سۆز «ئىشلىدىم» دېگەن سۆزگە بېقىنىپ، ئىشلەش ھەرىكىتىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرگەن، «تەتىللىك تاپشۇرۇق» دېگەن بىرىكمە «مۇستەقىل ئىشلىدىم» دېگەن بىرىكمىگە بېقىنىپ، جۈملە مەزمۇنىنى تولدۇرۇپ كەلگەن.

جۈملىدىكى سۆزلەر بېقىندى باغلىنىشتا كەلگەندە ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلاردىكى تەركىبلەر بىر - بىرىنى ئېنىقلاپ، تولدۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىرى باش سۆز (بېقىندۇرغۇچى)، يەنە بىرى بېقىندى سۆز (بېقىنغۇچى) ھالىتىدە بولىدۇ.

بېقىندىلىق باغلىنىشنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى جۈملىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

باللىق دەۋر كىشىلىك ھاياتىكى ئەڭ بەختلىك مەزگىل.

قانداق مەزگىل؟ بەختلىك مەزگىل؛ قانداق بەختلىك مەزگىل؟ ئەڭ بەختلىك؛ نېمىدىكى بەختلىك مەزگىل؟ كىشىلىك ھاياتىكى؛ قايسى چاغ بەختلىك مەزگىل؟ باللىق دەۋر. دېمەك، بۇ جۈملىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر بىر - بىرى بىلەن مانا مۇشۇنداق بېقىنىپ، بىر - بىرىنى مانا مۇشۇنداق بېقىندۇرۇپ كەلگەن.

8 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىنى ئىسترېلكا بىلەن كۆرسىتىڭ. (تەڭداش باغلىنىشنى ⌴ بىلەن، بېقىندى باغلىنىشنى ⌴' بىلەن كۆرسىتىڭ)

ئۇ ھازىر خەتلەرنى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن يازغاندەك توغرا ھەم چىرايلىق يازالايدۇ. پۈتۈن تاپشۇرۇقلارنى ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدۇ. ئابدۇشۇكۇر پەقەت ئىككى پۇتىغىلا تايىنىپ كىيىم كىيىش، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇش، سەي ئوتاش، يەر سۇغىرىش، پۇتى بىلەن يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ تۈگمە قاداش، كىيىم ياماش، ئارغامچا ئېشىش، زەنجىر ياساش، مال بېقىش ۋە ئۇنى باغلاش، كىر يۇيۇش، سۇ ئۈزۈش، سەي توغراش، ئات مىنىش، ھارۋا ھەيدەش، ھەتتا تىراكتور ھەيدەش قاتارلىق ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ئىشلارنى قىلالايدۇ.
















**16 . بېقىندىلىق باغلىنىشتىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولىدۇ؟**

ئۇيغۇر تىلىدا بېقىندىلىق باغلىنىشتىكى سۆزلەردە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل مۇناسىۋەت بولىدۇ :

1 ) ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتى : جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن خەۋىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ . ئىگە ـ خەۋەر قۇرۇلمىلىرىدا خەۋەر بېقىندۇرغۇچى ئورۇندا ، ئىگە بېقىنغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ ، ئىگە خەۋەرگە بېقىنىدۇ . ئىگە بىلەن خەۋەر شەخس ۋە سان (بىرلىك ياكى كۆپلۈك ) جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ماسلىشىدۇ .

ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلاردا بايانىي خۇسۇسىيەت بار (ئۇلارنى

«سۆز بىرىكمىسى» دەپ قاراشقا بولمايدۇ ) ، ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى قۇرۇلمىلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان جۈملە تەركىبىدىن ئايرىپ چىقىلسا ، بىر يىغىق ئاددىي جۈملە بولالايدۇ . مەسىلەن :

(1) مەن دەم ئېلىش كۈنى موماملىرنىڭ ئۆيىگە باردىم .

(2) سىز ھۆسنخەت يازالامسىز ؟

(3) بىز خەلق مەيدانىغا باردۇق .

(4) سىلەر ئۆيۈڭلەرگە دەرھال قايتىڭلار .

(5) ئۇ تەتىلدە ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا قاتنىشىپتۇ .

يۇقىرىقى جۈملىلەرنىڭ يىغىق جۈملىسى مۇنداق :

(1) مەن باردىم . (2) سىز يازالامسىز ؟ (3) بىز باردۇق . (4) سىلەر قايتىڭلار . (5) ئۇ قاتنىشىپتۇ .

2) چىرمىشىش مۇناسىۋىتى : جۈملىنىڭ ئىگىلىك كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچىسى بىلەن ، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چىرمىشىش مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

رابىيەنىڭ ئۆيى يېڭى مەركىزگە يىراق .

(رابىيەنىڭ ئۆيى ) ، (يېڭى مەركىزى )

مېنىڭ قىزىم خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . (مېنىڭ قىزىم )

سىزنىڭ مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟ (سىزنىڭ مىجەزىڭىز )

ئۇلارنىڭ تەلىپى يوللۇق ئىكەن . (ئۇلارنىڭ تەلىپى )

بىزنىڭ ناخشىمىز مەڭگۈ ياڭرايدۇ . (بىزنىڭ ناخشىمىز )

بەزى ھاللاردا بېقىنغۇچى سۆزگە ئۇلىنىدىغان ئىگىلىك كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى «نىڭ» چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن . بۇنداق ئەھۋالدا چۈشۈپ قالغان «نىڭ»نى ئېنىقلانغۇ-چىغا ئۇلانغان تەۋەلىك قوشۇمچىسىدىن تېپىشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

دەرس ۋاقتى     ئىش ھەققى     كىتاب باھاسى

3) باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى : چۈشۈم كېلىش ، يۆنىلىش كېلىش ، چىقىش كېلىش ، ئورۇن ـ پەيت كېلىشلەرنىڭ بىرىدە كەلگەن ياكى تىركەلمىلەر بىلەن كەلگەن سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى پېئىلدىن بولغان خەۋەر بۆلەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقۇرۇش مۇناسىۋ-تى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

بىز ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇق .

سىز ئۆيگە قايتامسىز ؟

ئۇلار قەشقەردىن كەپتۇ .

بۇ قۇرۇلمىلاردىكى خەۋەر بۆلەك بېقىندۇرغۇچى ھېسابلىنىدۇ .

4) ياندىشىش مۇناسىۋىتى : جۈملىدىكى بېقىنغۇچى سۆزنىڭ بېقىندۇرغۇچى سۆزگە شۇ تىل شارائىتىدىكى ئورۇن ، تەرتىپ بويىچە باغلىنىپ كېلىشى ياندىشىش مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ . مەسىلەن :

دادام ياغاچ قوشۇق ياسايدۇ .

قۇربانىنسا قىزىل ئالما ئۈزدى .

ئېرىقتا لاي سۇ ئېقىۋاتىدۇ .

تاراققىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى .

گۈللەنگەن دىيارىمىزنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى ، جۈملىدىكى سۆز بىلەن سۆز ۋە سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىلىرى تەڭداش مۇناسىۋەتتە ياكى بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىدۇ («مۇناسىۋەت» «باغلىنىش»نىڭ ئېچىدە بولىدۇ) . جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتىدە باغلىنىشىدا ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ شەخس ھەم سان جەھەتتىن ماسلىششى ئۆلچەم قىلىنىدۇ . چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ تولىمۇ زىچ مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكى ، شەكىل جەھەتتىن «نىڭ» بىلەن باغلىنىشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ . باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ بېقىنغۇچى سۆزنى ، باش كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا (تۆت خىل) كېلىشنى ياكى مەلۇم بىر تىركەلمە بىلەن بىللە كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ . ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە جۈملىدىكى ئىككى سۆزنىڭ ئورۇن تەرتىپى بويىچىلا باغلىنىپ كېلىدىغانلىقى ، يەنى مەلۇم ئىككى سۆزنىڭ شۇ جۈملىدىكى ئورنىنى ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىدۇ .

9 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، سۆزلەرنىڭ قانداق باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ :

نۇسرەت قىزىل ياغلىقنى ياخشى كۆرىدۇ . (ياندىشىش باغلىنىش)

دادام ماڭا يېڭى دوپپا ئېلىپ بەردى . (ياندىشىش باغلىنىش)

بىزنىڭ ئۆي چوڭ يولنىڭ بويىدا . (چىرمىشىش مۇناسىۋىتى)

مەن 50 جىڭ ئۈنىنى كۆتۈرەلمەيمەن . (باشقۇرۇش باغلىنىش)

غۇر ـ غۇر شامال كىشىنى تولىمۇ ھوزۇرلاندۇراتتى . (باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى)

تاراقلىغان ئاۋاز مېنى ئويغىتىۋەتتى . (ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)

يېڭى قوشنىمىز بىلەن ئىناق ئۆتۈۋاتىمىز . (باشقۇرۇش باغلىنىش)

بىزنىڭ سىنىپتا 21 نەپەر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بار . (باشقۇرۇش باغلىنىش)

ئەركىن چىمەن دوپپا كىيىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ . (ياندىشىش مۇناسىۋىتى)

ھەددەم تور رومال زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ . (باشقۇرۇش باغلىنىش)

**17 . تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى دېگەن نېمە؟ ئۇلار قايسىلار؟**

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ .

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى ، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى خەلق ئارىسىدا ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ ، تىل ئادىتىگە ئايلىنىپ ، تەركىبلىرىنى ئايرىۋالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە جىپسىلىشىپ كەتكەن سۆز بىرىكمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن : «بېشى قايغان ، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرىدىغان ئادەم ئۇ» دېگەن جۈملىدىكى «بېشى قايغان» ، «پۇتى تايغان» دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش . تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى مەلۇم

تىل شارائىتىدا ئەركىن بىرىككەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «مەن توپا يولدا كېتىۋاتماقتىمەن» دېگەن جۈملىدىكى «توپا يول» دېگەن سۆز بىرىكمىسىگە ئوخشاش.

جۈملىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ساقلىغان هالدا جۈملىگە قاتنىشىدۇ هەم مۇستەقىل بۆلەك بولىدۇ. تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنى قۇرۇلما ۋە مەنە جەھەتتىن پارچىلاشقا بولىدۇ.

تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈرلىرى: ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ۋە مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئاددىي سۆز بىرىكمىسى: ئىككىلا مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتى.

يىغىن چوڭ زالدا ئېچىلىدىكەن.

تاشيۈستەڭدە ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدا بېلىقچانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

توپا يولدا غىچىلداپ كېلىۋاتقان كالا هارۋىسىدا بىر بالا ئۇخلاپ ياتاتتى.

2) مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى: ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

قاپاقتېرەك تۈۋىدە ئېگىز بويلۇق بىر كىشى تۇراتتى.

قارشى ئېلىشقا چىققان يۇرتداشلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن يەنە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

3) ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى: بېقىندۇرغۇچى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەردىن بولغان تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو كومپارتىيەسى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىك يادروسىدۇر.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئاخىرلاشتى.

ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىگە رىئايە قىلىشىمىز لازىم.

4) پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى: بېقىندۇرغۇچىسى پېئىل بولغان تۇراقسىز سۆز بىرىكمىلىرى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆزىچىلا قايناپ كەتتى.

بىز ئىپادە بىلدۈرمەي ئاڭلاپ ئولتۇردۇق.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدى.

ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قالدى.

**10** - كۆنۈكمە: تەركىبىدە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولغان ئالتە جۈملە، پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولغان تۆت جۈملە تۈزۈڭ.

تەركىبىدە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولغان جۈملىلەر:

1 ) سىنىپ باشلىقى ھەم تىرىشچان ، ھەم ئىشچان .
2 ) سىزدە ھېكايە كىتاب بارمۇ ؟
3 ) ياخشى بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ .
4 ) دېرىزە پەردىسى ھەقىقەتەن بەك يارىشىپتۇ .
5 ) ئېگىز بىنا پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ كېتىپتۇ .
6 ) مەن خەلق ناخشىسى ئاڭلاشقا ئامراق .
تەركىبىدە پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولغان جۈملىلەر :
1 ) ئالدىنقى ھەپتە شەھەرگە بېرىپ ، پۇتبول مۇسابىقىسى كۆرۈپ كەلدىم .
2 ) مۇئەللىم مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ يېزىپ قويدى .
3 ) ئۇنىڭ قىلمىشلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ كەتتىم .
4 ) 20 يىلدىن كېيىن قايتا ئۇچراشقان ساۋاقداشلار جەم بولۇپ ، ئولتۇرۇش قىلدۇق .

# ئىزدىنىشلىك ئۆگىنىش

## مەدداھلىق

1 . مەدداھلىقنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا قانداق شەكىللەنگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىغا دائىر چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ .

1 ) مەدداھلىق — ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ماھارىتى ھەرىكەت ۋە مۇزىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق ھېكايە سۆزلىنىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتى شەكلى ۋە ئادىتى بولۇپ ، ئۇ ئۇزۇن تارىخقا ، شۇنداقلا ئۆزگىچە مەزمۇن ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە .

2 ) مەدداھلىق پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغۇچى ئادەم «مەدداھ» (ۋائىز ) دەپ ئاتىلىدۇ . مەدداھ ئادەتتە ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ، جەڭنامە ـ قىسسەلەرنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان ، سۆزمەن ، ھەرىكىتى جانلىق ، راۋاب چالالايدىغان ئادەم بولىدۇ . مەدداھلىقنى ئادەتتە بىر مەدداھ ئېلىپ بېرىشىمۇ ، بىرقانچە مەدداھ بىرلىكتە ، بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ھەم مۇناسىپ روللارنى ئورۇنداپ ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن .

3 ) مەدداھلىقتا مەدداھلار ئاساسەن قەدىمكى تارىخىي قىسسەلەر ، جەڭنامىلەر ، خەلق داستانلىرى ، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ، قىزىقارلىق ھېكايە ـ چۆچەكلەر ۋە بەزى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى . . . قاتارلىقلارنى سۆزلەيدۇ .

4 ) مەدداھلار مەدداھلىقنى سورۇن تۈزۈپ ئېلىپ بارىدۇ ، بۇ پائالىيەت كۆپىنچە بازار كۈنلىرى ، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى دېگەندەك ئادەملەر كۆپ يىغىلىدىغان كۈنلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ ، پائالىيەتنىڭ تاماشىبىنلىرى كەڭ ئامما بولىدۇ ، خەلق مەدداھنى چۆرىدەپ ، چەمبەر شەكلىدە توپلىشىپ ئويۇن كۆرىدۇ . يەنە بەزى ھاللاردا (بەزى رايونلاردا ) نىسبەتەن تار دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار .

5 ) مەدداھلار مەدداھلىق قىلغاندا ، بەزىلىرىنىڭ قولىدا ساپايى ، يەنە بەزىلىرىنىڭ قوللىرىدا راۋاب بولىدۇ . سۆزلەپ مۇناسىپ جايلارغا كەلگەندە ، ساپايى ياكى راۋاب چېلىپ كەيپىياتنى جانلاندۇرىدۇ . مەدداھلار بەزىدە خۇددى دىراما ئارتىسلىرىدەك ئۆزى بىرقانچە ئادەمنىڭ رولىنى ئېلىپ ئوينايدۇ .

6 ) مەدداھلىق — تىل ماھارىتىنى ئاساس قىلغان بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇپ ، ئۇ سەنئەتنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن ، كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ بارغانسېرى پىششىپ مۇكەممەللەشكەن ھەم ئالاھىدە بىر خىل سەنئەتكارلار — مەدداھلار مەيدانغا كەلگەن ، ئۇلار شاگىرت يېتىشتۈرۈپ بۇ سەنئەتنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ سەنئەت شەكلى خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان سەيلە ـ ساياھەت ئىشلىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن . مانا مۇشۇنداق قىلىپ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن .

2 . بۇگۈنكى كۈندە مەدداھلىقنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرۈڭ .

مەدداھلىق سەنئىتى بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان سەنئەتكە ئايلىنىپ قالدى . بۇنىڭ سەۋەبلىرى گەرچە كۆپ بولسىمۇ ، ئەمما ئاساس-لىق سەۋەبلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت : 1 ) زامانىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە كەڭ تۈردە ئومۇملىشىشىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە داۋاملىشىشىغا بولغان پاسسىپ تەسىرى ؛ 2 ) تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە بۇنىڭ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ، بۇ ئارقىلىق ئامما-ۋى كۆڭۈل ئېچىشقا بولغان تەلەپنىڭ ئاجىزلىشىشى ؛ 3 ) مەدداھلىق بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەملەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ، شۇنداقلا مەدداھلىقنى ئۆگىنىدىغان ياشلارنىڭ بولماس-لىقى . . .

# 5 ـ قىسىم

## بىرىنچى بۆلەك

### 1 . «ھۇجۇم» ھەققىدە

بۇ ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق رومانىنىڭ 17 ـ بابىدىن ئېلىنغان پارچە . بۇ پارچە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ، تەرتىپلىك بايان شەكلىدە ، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان .

ئاپتور ھەققىدە :ئابدۇراخمان قاھار — رومان ئىجادىيىتىدىكى گەۋدىلىك نەتىجىلىرى بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلە- رىمىزنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ 1936 ـ يىلى 1 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان . 1953 ـ يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1956 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى ، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن . 1978 ـ يىلدىن تارتىپ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئىشلىگەن . 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئابدۇراخمان قاھار 1953 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «بەختىمىز كۆلدى» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن ، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن «نىزامىدىن ھەققىدە ھېكايە» ، «ھەسرەت» ، «ئانا ۋەسىيىتى» ، «ئەمەت ھاجى» ، «مۇنار» ، «سازەندە دېھقان» ، «نەۋايى ھەيكىلى ئالدىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى ، «كەچۈر مېنى نازاكەت» ، «ئاھ ، ياشلىقىم» ، «بەخت» ، «ھەقىقىي ئىشلار يېزىلغان خاتىرە» ، «ئادەم- لەر ماڭا رەھىم قىلماڭلار» قاتارلىق پوۋېستلارنى ، شۇنداقلا «ئىلى دولقۇنلىرى» ، «كۆ- ڭۈل» ، «ھايات سىرى» ، «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» ، «يىراقتىكى كىشىلەر» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى ھوسۇللۇق ، شۇنداقلا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە يازغۇچىلىرىمىزدىن بولۇپ قالدى .

ئەسەردە يېزىلغان دەۋر ـ شارائىت :روماندا تەسۋىرلەنگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش كونكرېت ۋە ئېنىق بولۇپ ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى يەرلىك بەگ ، تۆرىلەر بىلەن بىرلىشىپ خەلقنىڭ بېشىغا ھەددى ـ ھېسابسىز بالا ـ قازالارنى ياغدۇرۇۋاتقان ، خەلقنىڭ ئاھۇزارى پەلەككە يەتكەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى رومانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ، شۇنداقلا ئىنقىلابنىڭ پارتلاش سەۋەبىدۇر . شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن جوڭگودا خانلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شىنجاڭ- نىڭ ئۆز ئالدىغا سوراپ كەلگەندى . ئۇلارنىڭ ئىزىدىن كەلگەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىمۇ

خەلقنى مەڭگۈ قۇل ئورنىدا تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى كۆزلىگەنىدى. ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ سايىسىدا ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇپ، يانچۇقىنى تولدۇرۇپ كەلگەن باي - غوجاملارنىڭ زۇلمىمۇ چېكىگە يەتكەنىدى. ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك سىنىپىي زىددىيەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، ۋەزىيەت تېگىپلا كەتسە پارتلايدىغان دەرىجىدە جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

روماندا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆزنىكىدۇر.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. «ئىلى دولقۇنلىرى» رومانىدىن ئېلىنغان بۇ پارچىدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر قېتىملىق غەلبىلىك ئۇرۇشى تەسۋىرلىنىدۇ. سىز تېكىستنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈچ، قورال جەھەتتىن ئۆزىدىن ئاجىز بولغان مىللىي ئارمىيەگە يېڭىلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىپ بايان قىلىڭ.

جاۋاب: نەدە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىقمۇ بولىدۇ. ئەسىرلەردىن بېرى ئات - ئېشەكنىڭ ئورنىدا خورلىنىپ ئېزىلىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە يەرلىك زومىگەرلەرنىڭ زۇلمىغا سۈكۈت قىلىپ كەلگەن ئەمەس، ئۇلار تالاي قېتىم ئىستىخيەلىك ھالدا قوزغىلىپ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن قان تۆكۈپ كۈرەش قىلغانىدى. 1944 - يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەنە شۇنداق كۈرەشلەنىڭ بىرى. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئىدىيەدىكى ئىلغار زاتلارنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولغانلىقى، مەقسەت - نىشانىنىڭ ئېنىقلىقى، تەشكىللىكلىكى، ھەققانىيلىقى قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن ئۆزىدىن كۈچ، قورال جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يېڭىدۇ.

2. تۆۋەندىكى پارچىلاردا پېرسوناژلارنىڭ قانداق خاراكتېرىنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

1) «پارتىزانلار ئانچە قېلىن بولمىغان كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن قاردا قىمىرلىماستىن يېتىپ ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قوراللىرىنى بەتلەپ، كۆرۈش تۆشۈكلىرىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇشاتتى.»

جاۋاب: بۇ پارچىدا خۇددى تاغ جىرالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن تارام - تارام سۇلار قوشۇلۇپ ھەيۋەتلىك دەريانى ھاسىل قىلغاندەك، ئۇزۇندىن بېرى ئىنتىقام ئېلىش ئوتىدا كۆيگەن، زۇلۇمدىن پۇچۇلىنىپ قارشى تۇرۇشقا يول ئىزدەۋاتقان مىڭلىغان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلارنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنغا ئايلىنىپ، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك خاراكتېرى گەۋدىلەنگەن.

2) «غەزەپتىن كۆزلىرىدە ئوت يانغان نادەم چاققانلىق بىلەن رەيھاننىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى. رەيھان مىلتىقىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاشنىڭ يېنىدىن تۇيۇقسىزلا بىر گومىنداڭ ئەسكىرى پەيدا بولغان ۋە رەيھانغا قارىتىپ ئېتىشكە تەمشىلىۋاتقان

ندى . گومىنداڭ ئىشتىكى قىزغا ئۇرۇلۇش ئالدىدا نادەم ئىشتىكنى قېقىۋەتتى . »

جاۋاب : بۇ پارچىدا ئاددىي تۇرمۇش چۈشەنچىسىگە ئىگە ، دادىسىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئالغان نادەمدىن ئىبارەت دېھقان يىگىتنىڭ ئەمدىلىكتە قەلبىگە مىليونلىغان ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىشنى پۈككەن ، بۇ يولدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ، يىراقنى كۆرىدىغان سىياسىي ئاڭغا ئىگە ، قەھرىمان ، ئۈمىدۋار ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى ، مۇھەببەت ـ نەپرىتىنىڭ ئېنىق ، جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە بولغانلىقىدەك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرگەن ، يەنى نادەمنىڭ باتۇر ، چەبدەس ، جەڭگە ماھىر ، سەپداشلىرىغا مەسئۇلىيەتچان خاراكتېرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

## 2 . «ئۇۋچى ئەسلىمىلىرى» ھەققىدە

بۇ توختى ئايۇپ تەرىپىدىن يېزىلغان ھېكايە . بۇ ھېكايە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ، تەرتىپلىك بايان شەكلىدە ، بىرىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان .

**ئاپتور ھەققىدە :** توختى ئايۇپ — يېڭى دەۋردىكى پىروزىچىلىقىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ، كۆرۈنەرلىك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ 1945 ـ يىلى كۇچا ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان . ئوقۇش پۈتكۈزۈپ 1979 ـ يىلىغىچە «سولچىل» ئىدىيەنىڭ ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۈرمىدە ياتقان ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئىشلىگەن ، جەمئىيەتتە ئىشسىز سەرسان بولۇپ يۈرگەن . 1979 ـ يىلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن 1981 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن . 1981 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن . 1988 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئەدەبىياتقا كىچىكىدىن تارتىپلا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغان توختى ئايۇپ دەسلەپ شېئىر يازغان . 1960 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن . كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 1965 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» («تارىم»)دا «ماخوچىننىڭ قەلبى» ناملىق تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇرغان ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي پىروزا ئىجادىيىتى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ باشلانغان . شۇنىڭدىن بۇيان «بەخت يېشى» ، «ئانا» ، «قاراۋۇل» ، «بوشۇك» ، «مۇڭگۈز» ، «پۇقرانىڭ قېنى» ، «غۇر ـ غۇر شامال» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ؛ «مارجان بۇلاق» ، «ئارمان» ، «تاشلاندۇق كەپىدە» ، «ئوت ئىچىدىكى ئادەم» ، «قۇم باسقان دېڭىز» ، «ئاھ ، يەر» قاتارلىق پوۋېستلارنى ؛ «تەڭرىنىڭ ھۆكمى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق رومان

ۋە «بۆرە ئانا» قاتارلىق رومانلارنى يازغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

ھېكايىدە پېشقەدەم ئوۋچى باۋۇدۇنئاخۇننىڭ زىددىيەتلىك خاراكتېرى بىلەن تولغان ئوۋچىلىق سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان . سىز ھېكايىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى نۇقتىلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىڭ :

1 ) «مەن» نېمە ئۈچۈن ئوۋ خۇشاللىقىغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاللىقانداق كۆڭۈلسىز ، غەش تۇيغۇلارغا چۆمىدۇ ؟ بۇ «مەن»نىڭ قانداق خاراكتېر توقۇنۇشىنى ئاشكارىلايدۇ ؟

جاۋاب : «مەن» بىر كەسپىي ئوۋچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرەر ھايۋاننى ئۆلتۈرگەندە ، ئۇنى ئەمگەك مېۋىسى ، ھوسۇلى ، ئوۋ نەتىجىسى دەپ قاراپ خۇشاللىققا چۆمىدۇ . ئەمما ، كەسپىي مىزانى ، كەسپىي ئەخلاقى ، ئەڭ مۇھىمى ئادىمىيلىكى نۇقتىسىدىن ، ئۇ بىلىپ ـ بىلمەي ، بوغاز ياكى بالا ئېمىتىۋاتقان جانىۋارلارنى ئېتىپ قويغاندا ، ئوۋچىغا خاس سەزگۈرلۈكى ئارقىلىق ھايۋانلارنىڭ كۆزلىرىدىكى تۈرلۈك ھېسسىياتلارنى بايقىغاندا ، ئۇلارنىڭ بىچارىلىكىنى كۆرگەندە ، ئۇلارنىڭمۇ بالىلىرى بار ئانا ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە ، يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئازابلىنىدۇ ، كۆڭۈلسىزلىك ۋە غەشلىك ھېس قىلىدۇ . دېمەك ، بۇ «مەن»دىن ئىبارەت ئوۋچىدا ، گەرچە ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئوۋچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ، قولى جانلىقلارنىڭ قېنى بىلەن بويىلىۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇت بولسىمۇ ، ئۇ يەنىلا ئىنسانىي قارانىيەت ، شەخسىيەتچى ، ئاچ كۆز ئەمەس ، ئۇنىڭدا يەنىلا ئادىمىيلىك خىسلەت مەۋجۇت .

2 ) «مەن» ھەر قېتىم ئوۋ ئوۋلىغاندا ، ئۆلجىنىڭ كۆزلىرىدىن بىچارىلىكنى ئەمەس ، ئۆچمەنلىكنى كۆرگىنىدە قەلبى غالىبلىق بىلەن ئەمەس ، بەلكى پۇشايمان بىلەن تولىدۇ . سىز مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇھاكىمىنى تېپىپ چىقىپ ، ھايۋانلار نىداسىنى ئاڭلاپ بېقىڭ ھەمدە ھايۋانلار بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىڭ .

جاۋاب : دەرسلىك كىتابنىڭ 13 ـ بەت يۇقىرىدىكى بىر ئابزاس مۇھاكىمىگە تەۋە . يەنى «مەن شۇ چاغدا قالجاقنىڭ ياش قۇيۇلۇۋاتقان ھەسرەتلىك ، مۆڭلۈق كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىل بولغان بالىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن مېھرىبان ئانىنىڭ كۆزلىرىدەك ، بەخت ، خاتىرجەملىك ۋە چەكسىز شادىيانىلىكىنىڭ يارقىن نۇرىنى كۆرۈپ قالدىم . ئۇ تۇيۇقسىز مېنى كۆرۈپ قېلىپ ، چەكچىيىپ قارىدى . لېكىن ، ئۇ ئورنىدىن مىت قىلىپ تەۋرەپمۇ قويمىدى . قورقۇش ئەمدى ئۇنىڭغا ئەبەدىي يات بولۇپ كەتكەندەك ، كۆزىنىڭ ماڭا خاتىرجەم ، مەسخىرىلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئىچىدە تىكىلىپ قاراشلىرى بىلەن ئۇلۇۋاتقان ۋۇجۇدىدىكى ئۆلمەس غالىبلىقنى نامايان قىلماقتا ئىدى . مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مېھىر ۋە قىساسكارانە نۇرنىڭ ئاشۇ ئۆتكۈر چاقنىشى بىلەن يۈرىكىمگە خەنجەردەك سانجىلغان چاغدىكى دەھشەتلىك ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم ـ دە ، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم .

— ھەي . . . ئانا . . . »

ھايۋانلارنىڭ نىداسىنى ئوقۇغۇچىلار تەسەۋۋۇر قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، ئوقۇتقۇچى

باهالايدۇ . ئوقۇغۇچىلار هايۋانلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش جەھەتتە ، ئىنسانلارنىڭ هايات چەمبىرىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ ، هايۋانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنى ساقلىماي ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارغا رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى چۈشىنىپ قىلسا بولىدۇ .

3 ) تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئىناق ئۆتۈش دۇنياۋى زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە ، هايۋانات دۇنياسى بىلەن ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە سىز قانداق چۈشەنچىدە ؟ سىز ھېكايە ۋەقەلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت بىلەن هايۋانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىڭ .

جاۋاب : بۇ سوئالغا ئوقۇغۇچىلار ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئىجادىي جاۋاب بەرسە ، ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىك قىلسا بولىدۇ .

4 ) ھېكايىدە بىردە ئىمامنىڭ «مۇشۇ باۋۇدۇن پولگاننىڭ دەستىدىن خۇدانىڭ بۇ جانىۋارلىرىغا ئامانلىق يوق ، بۇغا ، مارال دەمدۇ ، جەرەن ، ئارقار دەمدۇ . . . بىردەم مىلتىقىدا ئوۋلاۋاتقان ، بىردەم بۆركۈتكە ئالدۇرۇۋاتقان . . . نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك بۇ ، خۇداۋەندە كەرەم بۇنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىدۇ . . . » دېگەن تەنبىھلىرىنى ئوقۇساق ، بىردە «يەر - زېمىن ، دەل - دەرەخ ، جان - جانىۋار ، ئۇچار قۇش . . . ھەممىسىنى خۇداۋەندە كەرەم ئىنساننىڭ هاجىتى ئۈچۈن يارانقان » دېگەن پەتىۋاسىنى ئوقۇيمىز . ئىمام بۇ پەتىۋانى قايسى مەقسەتتە ئېيتقان ؟ مۇنداق پەتىۋالارنى ئاڭلىغاندا ئىجتىمائىي ئەخلاق ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق ؟ ئىمامنىڭ ئۈۋچى ئالدىدىكى ئىككى خىل ئوبرازى ئاشۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ؟

جاۋاب : ئىمام «مەن »نى جەرەن ئوۋلاتقۇزۇپ ، جەرەن ئۆتى ئارقىلىق كۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش مەقسىتىگە يېتىش ھەمدە ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىك ، ئاچ كۆزلۈك ، رەھىمسىزلىك خاراكتېرىنى نىقابلاش قاتارلىق مەقسەتلەر سەۋەبىدىن ئېيتقان . جەمئىيىتىمىزدىكى دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان بىر قىسىم قارانىيەت ، نەپسانىيەتچى كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل خەلقنى ئالداپ ، ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق - مىزانلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم . ئىمامنىڭ بۇ ئىككى خىل سۆزى ، ئىككى خىل ئوبرازى ئۇنىڭ قارانىيەت ، ئىككى يۈزلىمىچى ، نەپسانىيەتچى ، ئاچ كۆزلۈكتىن ئىبارەت ناچار خاراكتېرىنى مەسخىرە قىلىش ، پاش قىلىش رولىنى ئوينىغان .

## 3 . «ئالائىت قىياسى» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى چىڭغىز ئايتماتوف . ژانىرى پوۋېست ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا ، تەرتىپلىك باياندا ، ئۈچىنچى شەخس تىلىدا يېزىلغان .

ئاپتور ھەققىدە : 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياۋروپا ئاسمىنىدا چولپاندەك چاقنىغان بۈگۈنكى دەۋر دۇنياۋى يازغۇچى ، قىرغىز خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى چىڭ-

غىز ئايتماتوف 1928 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالاس ۋادىسى، ھازىرقى كىروپ رايونىغا قاراشلىق شېكەر كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. چىڭغىزنىڭ چوڭ ئاتىسى ئۆز زامانىسىدا ھېكايە، چۆچەك، ئەپسانە، رىۋايەت ۋە خەلق قوشاقلىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى، ئېيتىپ تارقاتقۇچى ئۇستا ماھىرلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ ھال چىڭغىزغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. چىڭغىز دەسلەپ قىرغىز مەكتىپىدە، كېيىن رۇس مەكتىپىدە ئوقۇغان.

چىڭغىز ئايتماتوف 1958 ـ يىلى «جەمىلە» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم»، «بوتا كۆز»، «بىرىنچى مۇئەللىم»، «يەر ئانا»، «ئەلۋىدا، گۈلسارى»، «قىزىل ئالما»، «بالدۇر كەلگەن تۇرنىلار»، «ئالائىت قىياسى»، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «چىڭگىزخانىنىڭ ئاق بۇلۇتى»، «قىيامەت» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنى يازغان.

چىڭغىز ئايتماتوف بەدىئىي قىممىتى، تەسىرى، مەنىۋى زوقى، ئېستېتىك لەززىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان تۆت رومان، ئون بەش پوۋېست ھەم ھېكايە، نەسىر، ئەدەبىي ئوچېرك، ئىلمىي ماقالىلەردىن بولۇپ بىر يۈز ئوتتۇز پارچە ئەسەر يازغان. ئۇ ئۆز نامىدا خەلقئارا ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلغان.

ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى بىر يۈز يەتمىش خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، 20 ـ ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى چوڭ تەسىرگە ئىگە ئۈچ يازغۇچىنىڭ بىرى بولدى. ئۇدا يىگىرمە يىل نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدى.

چىڭغىز ئايتماتوف ھاياتىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «قىرغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، «پراۋدا» گېزىتىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى، قىرغىزىستان كىنوچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، موسكۋادا نەشر قىلىنىغان «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، زۇڭتۇڭ كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ليۇكسېمبۇرگتىكى باش كونسۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ يەنە نۇرغۇن جەمئىيەت، كومىتېت ۋە ئاكادېمىيەلەردە رەئىس، سېكرېتار ۋە ئاكادېمىك قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. بۇ دۇنياۋى ئۇلۇغ يازغۇچى، بۈيۈك سىياسىيون 2008 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن گېرمانىيەنىڭ نيۇرېنبېرگ شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. بۇ ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭ:

1) ئورگان بوۋاي، مېلگۈن ۋە ئەمرايىنلارنىڭ قايسى ئىشلىرىدىن ئۇلاردىكى قانداق ئالىيجانابلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: ئورگان بوۋاينىڭ دېڭىزنى تۇمان قاپلىغان ۋاقىتتىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ تۇمانلىق دېڭىزدىن چىقىپ كېتىشىگە بىرقانچە كۈن كېتىدىغانلىقى، ئوزۇق ـ تۈلۈك جەھەتتە قىيىنچىلىق يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئالدىن ھېس قىلىپ، سۇنى تېجەپ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئەۋلادلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا

ئۇرۇنغانلىقىدەك ئىشلىرىدىن ئۇنىڭ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مېلگۇننىڭ ئەمراينى بىلەن قىرسىق ئاتا ـ بالىنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئاغزىنى بىر تېمىم سۇدا بولسىمۇ نەمدەشنى رەت قىلىپ، تۇزلۇق دېڭىز سۈيىنى ئىچكەنلىكى ۋە قىرسىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئەمراينىغا قىرسىق ئۈچۈن بولسىمۇ بەرداشلىق بېرىش لازىملىقىنى جېكىلەپ ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقىدەك ئىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمراينىنىڭ ئۇسسۇزلۇق دەردىدە شۇنچە قىينالسىمۇ، قىرسىقنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن سۈنى ئىچمىگەنلىكى، ئوغلىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئوغلىغا جىگەرلىك بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، ئوغلى ئۇخلاپ قالغاندا ھاياتىدىن ئايرىلىشى، ئۇنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئورگان بوۋاي، مېلگۇن ۋە ئەمراينىلارنىڭ بۇنداق قۇربانلىق بېرىشى ئاددىيلا قۇربان بېرىش بولماستىن، ئەجدادلارنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختىيار ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) بۇ ئەسەر ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق ئەسىرى بىلەن مۇھىت جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە. ئەمما، شۇ ئوخشاشلىق ئىچىدە پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مۇشۇ توغرۇلۇق ھېس قىلغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

جاۋاب: ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق ئەسىرىدە بوۋاي ۋە بوۋايغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قامداش ـ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن مۇھىم ھېسابلانغان بېلىقلارنى كۆپ تۇتۇش ۋە شۇ بېلىقلارنى لەھەڭلەرگە يەم قىلماي ساق ئېلىپ كېلىش، شۇنداقلا ھەر ۋاقىت ھاياتىغا كېلىدىغان خەۋپتىن ئامان قېلىش، توغرىسى ھايات ياشاش ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش ئىدىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، «ئالائىت قىياسى» ناملىق بۇ ئەسەردە ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، بەختىيار تۇرمۇشى، خۇشاللىقلىرى ئۈچۈن ئەجدادلارنىڭ ئۆز ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرۇشىدەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

3) ئەسەردىكى «ئەگەر كېچىدە تۇيۇقسىز شامال چىقىپ قالسا، مەيلى ئۇ بوران ياكى باشقا نېمە بولسۇن، ئىشقىلىپ ھاۋا ئېچىلىپ يۇلتۇز كۆرۈنسىلا بولاتتى!» دېگەن جۈملىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ كۆرۈنۈشى قانداقلارچە چىقىش يولى بولالايدىغانلىقىنى جۇغراپىيە ئىلمى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

جاۋاب: شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى بىر قەدەر نۇرلۇق بولغاچقا، شامال چىقىپ تۇمان تارقالسا، يۇلتۇز ئارقىلىق تەرەپلەرنى بەلگىلەپ، چىقىش يولى تاپقىلى بولىدۇ.

2. قىرسىقنىڭ يۇلتۇزغا، شامالغا ۋە دولقۇنغا ئايرىم ـ ئايرىم ئىسىم قويۇشى قىرسىقنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىشىمىزگە يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا سىزنىڭچە، قىرسىق نېمە ئۈچۈن شامالغا دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويماي بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان؟ شامال بىلەن ئۇنىڭ بوۋىسى ئوتتۇرىسىدا قانداق ئىچكى باغلىنىش بار؟

ئەگەر ۋاقىت يار بەرسە، يۇلتۇز ۋە دولقۇن بىلەن مېلگۇن ۋە دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى

ئېچكى باغلىنىشىنىمۇ تەھلىل قىلىپ كۆرۈڭ.

جاۋاب: دېڭىز يۈزىنى تۇمان قاپلاپ كېچىككىنە كېمە ئۈستىدىكى ئادەملەر بىر-بىرىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئاشۇنداق بىر پەيتتە، يۇلتۇزنى كۆرۈپ يولنى پەرقلەندۈرۈشتىنمۇ مۇھىم بولغىنى، دەل ئاشۇ يۇلتۇزلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان شامالنىڭ چىقىشى، شامال چىققاندىلا تۇمان تارقاپ، چىقىش يولىنى تېپىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. ئورگان بوۋاي ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. قىرسىق مانا بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن شامالغا بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قويغان. دېمەك، شامال بىلەن ئورگان بوۋاينىڭ خاراكتېرىدە مانا مۇشۇنداق ئىچكى باغلىنىش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

يۇلتۇز ۋە دولقۇن بىلەن مېلگۇن ۋە دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنىمۇ مانا مۇشۇ ئۇسۇلدا تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

3. بۇ ئەسەر پوۋېستتىن پارچە بولۇپ، قىرسىقنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگە ئائىت ئۇچۇر بېرىلمىگەن. سىز ئەسەردىكى مەلۇم بايان ۋە تەسۋىرلەرگە ئاساسلىنىپ قىرسىقنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى قانداق بولغانلىقى ھەققىدە قىياسىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭ.

جاۋاب: «قىرسىق ھەيرانۇ ھەس قالدى. يۇلتۇز، ئاي، شامال، دولقۇن، دېمەك بۇلار ھاياتلىقنىڭ، ھەرىكەتنىڭ بېشارىتى ئىدى!»

«كېمە دولقۇنلار بىلەن تەڭ كېتىپ باراتتى. شامال گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيەتتى. تۇمان تاراپ شالاڭلاشماقتا، ئۇپۇقتىن بىلىنەر-بىلىنمەس سۇبھى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ دەل ئۇدۇلىدىكى قاراڭغۇ ئاسماندا نۇرلۇق بىر يۇلتۇز چاقناپ تۇراتتى.»

ئاپتور يۇقىرىقى بايانلاردا سىمۋوللۇق ۋاستە يەنى نۇرلۇق يۇلتۇز ۋە كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇبھى ئارقىلىق بىزگە قىرسىقنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن. مانا مۇشۇ سىمۋوللۇق مەنىلەردىن بىز قىرسىقنىڭ گۈزەل، بەختىيار ھاياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

## ئىككىنچى بۆلەك

### ئەدەبىي ئوبزور توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

1. ئەدەبىي ئوبزورنى نېمە ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى دەيمىز؟ ئۇ قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئەدەبىيات ئىلمى (ئەدەبىياتشۇناسلىق) ئۆزىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدى (ئەدەبىي ئوبزور) قاتارلىق ئۈچ تەركىبىي قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق — بىر خىل ئىجادىي پائالىيەت. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بەدىئىي ئەسەرلەرنى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تارىخىي ھەم ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەكشۈرۈش ۋە باھالاشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئەدەبىي ئوبزور (ئەدەبىي تەنقىد) ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش، شەرھلەش، باھالاش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئەدەبىي تەقرىزلەرنى، ئىلمىي ماقالىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئەدەبىي ئوبزورنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟

ئەدەبىي ئوبزور ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە ئىجادىيەت قائىدىلىرى ئارقىلىق بەدىئىي ئەسەر ھەم ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىدىغان ئىلمىي تەھلىل ۋە پەلسەپىۋى مۇھاكىمە بولۇپ، ئۇ مەنتىقلىق تەپەككۇر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئوبزورچىلىق پائالىيىتىدە پاكىت، ئىلمىيلىك ئاساس قىلىنىدۇ. توقۇلمىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئېسىل ئەدەبىي ئوبزور ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.

ئەدەبىي ئوبزورنىڭ تەييار قېلىپى بولمايدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ھەجمى، ئۇسلۇبى كۆپ خىللىقنى، رەڭدارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بىر پارچە ئەدەبىي ئوبزوردا مەلۇم بەدىئىي ئەسەرگە ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىشكىمۇ؛ بۇ بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىلى، قۇرۇلمىسى، سۇژىتى ياكى ئۇنىڭدا سۈرەتلەنگەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئۈستىدىن ئايرىم تەھلىل يۈرگۈزۈشكىمۇ؛ ئەدەبىياتىمىزدىكى مەلۇم ژانىرنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە كەڭ توختىلىشقىمۇ؛ مەلۇم ئەدىبنىڭ جاپالىق ئىجادىيەت مۇساپىسىنى يورۇتۇپ بېرىشكىمۇ؛ بىرەر ئەدەبىيات ھادىسىسى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولىدۇ. قىسقىسى، ئوبزورچىلىقنىڭ يولى ناھايىتى كەڭ.

ئەدەبىي ئوبزورنىڭ مۇھاكىمە خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئوبزورچى مۇھاكىمە ۋاستىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى، ئەدىب يەتكەن بەدىئىي پەللىنى ۋە ئۇ ياراتقان بەدىئىي ئۇسلۇبنى روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بۇنداق ئوبزورلار ئاپتورلارغىمۇ ، كىتابخانلارغىمۇ زوق ، بىلىم ، تەربىيە ھەم ئىلھام بېرەلەيدۇ .

3 . ئەدەبىي ئوبزور قايسى ئىككى خىل ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئەدەبىي ئوبزور ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۆلچەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

4 . ئەدەبىي ئوبزور يازغاندا نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؟

ئەدەبىي ئوبزور يازغاندا تۆۋەندىكىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم :

ئەدەبىي ئوبزور ماۋزۇسىنىڭ يېڭى ، قىزىقارلىق ، چوڭقۇر مەنىلىك ، ئوبرازلىق ، مېغىزلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم .

ئەدەبىي ئوبزوردا تاللانغان ئوبيېكت توغرا ، ئەھمىيەتلىك ؛ مۇھىم نۇقتا ئېنىق ، گەۋدىلىك ؛ بايان ، مۇھاكىمىلەر تەرتىپلىك ، قايىل قىلارلىق ؛ نەزەرىيەۋى ئاساسلار كۈچلۈك ، باھالار ئىلمىي ، مۇۋاپىق ، دەل بولغاندىلا ، كىتابخانلارنىمۇ رازى قىلغىلى ، ئىجادىيەتچىلەرگىمۇ ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ .

ئوبزور يازغاندا ، سۆز ـ جۈملىلەرنى توغرا تاللاش ۋە پىششىق تاۋلاش زۆرۈر . ئىقتىدارلىق ئوبزورچىلار ئۆزىگە خاس تىل ئۇسلۇبى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ .

ئەدەبىي ئوبزور يازغاندا ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئاپتورلارنى بىھۇدە كۆككە كۆتۈرۈشتىنمۇ ، ئورۇنسىز ئەيىبلەشتىنمۇ ساقلىنىپ ، بەدىئىي ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن نۇقسانلىرىنى ئادىللىق بىلەن باھالاشقا توغرا كېلىدۇ .

ئەدەبىي ئوبزور — ئوبزورچىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى . ئەدەبىي ئوبزورنىڭ سۈپىتى ئوبزورچىنىڭ ساپاسىغا باغلىق ، ماھارەت بىلەن ئەخلاق — ئوبزورچىنىڭ ئىككى قانىتى . بۇ قاناتنىڭ بىرى كەم ياكى ئاجىز بولسا ، ئوبزورچى ئۆزىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرالمايدۇ . شۇڭا ئوبزورچىلىق ساھەسىدە ماھارەت بىلەن ئەخلاقنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ ئوبزورچىلىقنى تېز ھەم ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى .

## 4 . «زۇلمەتلىك يىللاردىكى ئوت يۈرەك شائىر» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت پولات بولۇپ ، ژانىرى ئەدەبىي ئوبزور . 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىلغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئوبزورنى ئوقۇپ ئاپتورنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قايسى جەھەتتىن قانداق باھا بەرگەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىڭ .

جاۋاب : ئاپتور ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا خەلقنى ئويغىتىش ئارقىلىق ھەر خىل فېئو-

دال ، دىنىي خۇراپاتلىقلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، خەلقنى ئىلغارلىق ۋە يېڭىلىققا جەلپ قىلىشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ قارىغانلىقىدەك مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيە- سىنىڭ باي ۋە جەڭگىۋار شېئىر ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتكەنلىكى ، بۇ ئىدىيەنىڭ ئادەتتىكىچە ئىلىم - پەنگە بېرىلىش ، يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتىلىش ، خەلققە ئاز - تولا ئارام بېرىدىغان ئاددىي ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن ، ئەكسىچە ، بۇ ئىدىيەنى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرىنى چۈشىنىش ، تۇرمۇش- نىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتىنى بىلىش ، ئىنقىلابىي كۈرەش ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەر- تىپ ، ئازاد ۋە بەختىيار يېڭى ھايات قۇرۇشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب مەقسەت يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ھادىسىلىرىنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ ، خەلقنى ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە دەۋەت قىلىش ، جاپاكەش خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ، گۈزەل كېلەچەك ، بەختىيار ھاياتقا بولغان سېغىنىش ۋە ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغانلىقى ، شېئىرلىرى- نىڭ پىكرىنىڭ چوڭقۇر ، لىرىك ئىپادىلىرىنىڭ يارقىن ، تىلىنىڭ ئېنىق ۋە ئوبرازلىقلى- قى ، تەسۋىرلىرىنىڭ رەڭدارلىقى ، بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى مەسىلى- سىدە پۈتۈنلەي يېڭى ، ئۆزگىچە يول تۇتقانلىقى ، ئۆز ھاياتىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن بېغىشلىغانلىقىدەك ئىنقىلابىي روھ ئىگىسى ئىكەنلىكى جەھەتلەردىن باھا بەرگەن .

2 . شائىر شېئىرىي ماھارەت جەھەتتە ئاچچىق تەنە ، ئۇدۇل قامچىلاشتىن باشقا ، ئاۋام تىلىدىكى ئىككى بىسلىق ئۇقۇملاردىن پايدىلىنىپ ، شېئىرىي پىكرىنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋى- تىنى ئاشۇرغانلىقىنى ئەسەردىكى كونكرېت مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ ، ئاپتورنىڭ پىكىر يۈنىلىشىگە ئەگىشىپ ، يۇقىرىقى نۇقتىلارنى شېئىرىيەت بىلىمى سۈپىتىدە ئۆزلەش- تۈرۈۋېلىڭ .

**جاۋاب :** شائىر بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئۆتكۈر ھەجۋىي ۋە ئىككى بىسلىق تىل ، جانلىق تۇرمۇش پاكىتلىرى ، كۈچلۈك دارتىملاش ، تىپىك ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە روشەن سېلىشتۇرمىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكلەرنى كۈچلۈك قامچىلا- پ ، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار تەرىپىدىن خەلق تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈلگەن يامان ئادەت ، ناچار ئەخلاق ھادىسىلىرىنى ھەممە ئىجتىمائىي پالاكەتچىلىكلەرنىڭ يىلتىزى سۈپىتىدە قاتتىق تەنقىدلىگەن ، شۇنداقلا جاھالەت ۋە نادانلىقنى ساتىرىك تىل ئارقىلىق ئەيىبلىگەن . بۇ دەل ساتىرىك شېئىرلارغا خاس خۇسۇسىيەتلەردۇر .

## 5 . «ھەۋزىخان خاراكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم . ژانىرى ئەدەبىي ئوبزور . 1990 - يىلى 4 - ئايدا يېزىلغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ ئوبزور بىر قاتار سوئاللارنى قويۇش ئارقىلىق باشلانغان . بۇنداق باشلىنىش ئوبزوردا مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشتا قانداق ئەۋزەللىككە ئىگە ؟

جاۋاب : بۇ سوئاللار ئەسەردىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ نېمىلىكى ، پەيدا بولۇشى ، تەرەققىي قىلىشى ھەمدە ئاقىۋىتى ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى زىددىيەتلىك ، قارىمۇ-قارشى ، مۇرەككەپ تەرەپلەرنى ، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — توقۇنۇشلار ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مۇھاكىمە قىلىدىغان تېمىنى كۆرسىتىپ بې-رىش ، ئايدىڭلاشتۇرۇش ، چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەمدە مۇھاكىمە ۋە تەھلىلنى كۆچەيتىش ، ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىش ، ئەسەردىكى رېئالىزملىق روھنى تەھلىل قىلىپ ، باھا بېرىشكە يول ئېچىش قاتارلىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

2 . ئاپتورنىڭ تۆۋەندىكى مۇھاكىمىلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى بىلىۋېلىڭ :

1 ) «بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۆزىگە خاس بىر مۇرەككەپ دۇنيا . بۇ ھال ئىنسان خاراكتېرىنى بىر — بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ، تەكرارلانمايدى-غان خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان . »

جاۋاب : دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنىڭ مىجەز — خۇلقى ، خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىر — بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا كۆپ خىل ، ئۆزگىچە ، ئويلاپ يەتكىلى ، ئالدىن سەزگىلى بولمىغان ھالدا سىرلىق ، مۇرەككەپ بولغاچقا ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئادەمدىنمۇ مۇرەك-كەپ ، ئۆزگىرىشچان ، چۈشىنىكسىز خاراكتېرگە ئىگە يەنە بىر شەيئى تېپىلمايدۇ . شۇڭا ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى ، ھاياتى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ، ئىنتى-ۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ .

2 ) «پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ كەسكىن توقۇنۇشىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن يازغۇچىلار ئېرىشكەن بەدىئىي ئۇتۇق رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلدى . »

جاۋاب : خۇددى خالىدە ئىسرائىلغا ئوخشاش پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يورۇتۇشتا رېئاللىقتا ، قايناق تۇرمۇشتا ۋە جانلىق ئادەملەرگە يۈزلىنىپ ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى-دىكى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ، ئاكتىپلىق بىلەن پەسكەشلىك ، باتۇرلۇق بىلەن چۈشكۈنلۈك ، كۈچ — قۇدرەت بىلەن ئاجىزلىق ، ئۇلۇغۋارلىق بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ كەس-كىن توقۇنۇشىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ، ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنى ئەكس ئەتتۈرە-لەيدىغان ، «ھەۋزىخان»دەك رېئالىستىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئوبرازلارنى يارىتالايدىغان يازغۇچىلار ئېرىشكەن بەدىئىي ئۇتۇق ئارقىلىق رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ .

3 . خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دېگەن پوۋېستىنى ئوقۇپ چىقىڭ ۋە پوۋېست ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىڭ .

جاۋاب : بۇ سوئالغا ئوقۇغۇچىلار مەۋسۇم بېشىدىلا تەييارلىق قىلىشى كېرەك . مەۋ-سۇم باشلىنىپ ، كىتاب قولغا تەگكەندە ، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» دېگەن پوۋېستىنى ئوقۇپ ، پوۋېستنىڭ قانداق ژانىر ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ باشقا ئېپىك ئەسەرلەردىن

قانداق پەرقلىنىدىغانلىقى ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئالدىن كۆرۈشى ، ھېس قىلىشى ، پوۋېستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ساۋاقداشلىرىغا سۆزلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم .

## 6 . «مۇھەممەت باغراش ئىزدەنمە ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى كېرىمجان ئابدۇرېھىم . ژانىرى ئەدەبىي ئوبزور . 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزىلغان .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ ئوبزوردا ئاپتور مۇھەممەت باغراشنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدىكى قايسى خىل خاسلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە بۇ ئوبزور ئارقىلىق نۆۋەتتىكى پىروزا ئىجادىيىتىگە قانداق سوئاللارنى قويغان ؟

جاۋاب : مەزكۇر ئوبزوردا باغراش ئىجادىيىتىدىكى ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولۇش ، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىش ، ئەسەر ئىدىيەسىنىڭ ئابستراكتلىقى ، سىمۋول ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ، ئەسەردە غەلىتە تەركىب ـ تەپسىلاتلار بولۇش ، ئەسەرنى ۋەقەسىزلەندۈرۈش قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر كۆرسىتىپ بېرىلگەن . بۇ ئوبزوردا ئاپتور نۆۋەتتىكى پىروزا ئىجادىيىتىگە قارىتا يازغۇچىلارغا ئىزدىنىش روھىغا باي بولۇشى كېرەكلىكى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆكۈپ ، تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىشقا ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشقا يۈزلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان .

2 . ئاپتور ئوبزوردا «ئىزدەنمە ھېكايە» دېگەن ئۇقۇمنى تىلغا ئالىدۇ ھەمدە پىكىرىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى «ئىزدەنمە ھېكايە»گە باغلايدۇ . سىز ئىزدەنمە ھېكايىلەرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قانداق خاسلىق ۋە كەمچىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈڭ ھەمدە بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزغا بولغان تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى تەلىپىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

جاۋاب : باغراش ئىزدەنمە ھېكايىلىرىدە نوقۇل ھالدا بەدىئىي ئامىللار ئۈستىدىلا ئىزدىنىپ قالماي ، ئەڭ مۇھىمى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشى ، ياشاش مۇھىتى ، روھىي دۇنياسى ، ئېتىقاد ـ ئېڭى ، پېرسوناژلارنىڭ قەلب دۇنياسى ، پسىخىكىسى ، ھاياتنىڭ ، مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرلىرى ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئۈچۈن ئىزدىنىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ، ئەسەر ئىدىيەسىنى ئابستراكت ئىپادىلەش ، سىمۋوللاشتۇرۇش ، ۋەقەسىزلەندۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئىپادىلەنگەن .

ئىزدەنمە ھېكايىنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزغا بولغان تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى تەلىپىنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسا بولىدۇ .

3 . ئادەتتە «ۋەقەلىك بولمىسا ھېكايە بولمايدۇ» دەپ قارىلىدۇ ، ئەمما ئاپتور بۇ ئوبزوردا «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ۋەقەلىك مۇھىم ، ئاچقۇچلۇق ئامىل بولماي قالدى» دەيدۇ . ئۇنداقتا ، ھازىرقى پىروزىچىلىقتا ۋەقەلىكنىڭ ئورنىنى قايسى ئامىللار ئىگىلەۋاتىدۇ ؟ مۇلاھىزە قىلىڭ .

**جاۋاب :** بۇ سوئالغا ئوبزوردىكى ۋەقەلىكنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن باشقا ئامىللار دەپ باغراشنىڭ «يېڭى قەبرە» ھېكايىسىدىكى ئىزچىل ۋەقەلىك بولماسلىق ، بىرقانچە كۆرۈنۈش يېزىلىش ، بايانچى تەسۋىرلەۋاتقان ئەسەر رېئاللىقى بىلەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى ، ئاڭ پائالىيىتى ئۆزئارا ئۆتۈشمە ھەم مۇستەقىل ھالدا ئىپادىلەنگەنلىكىنى ، كۆرۈنۈشتە ئۆزئارا ئالاقىسى يوق پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ھەرىكەتلىرى ئىپادىلەنگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتىن باشقا ، نۆۋەتتىكى بىر قىسىم ھېكايىلەردىكى ۋەقەلىكنىڭ ئورنىنى كەسمە كۆرۈنۈشلەر ، دىيالوگلار ، پىسخىك تەسۋىرلەر ، رىتورىك خىتاب ۋە رىتورىك سوئاللار ، ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە سىمۋول قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئىگىلەۋاتقانلىقىنى ، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «باھار» قاتارلىق بىر قىسىم ھېكايىلىرى ، «ساراڭ» تېمىسىدىكى ئىزدەنمە ھېكايىلىرىدىن مىسال ئېلىپ مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ .

4 . ئاپتورنىڭ قارىشىچە ، «ئەكس ئەتتۈرۈش» بىلەن «ئىپادىلەش» ئەنئەنىۋى پىروزىچىلىق بىلەن ئىزدەنمە پىروزىچىلىقنىڭ روشەن بەلگىسى . ئوبزوردىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنغا بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرىقى ئىككى ئالاھىدىلىكنى تەھلىل قىلىپ ، ئىجادىي قاراشلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

**جاۋاب :** ئوبزوردىكى «ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى رېئاللىقنى ، تۇرمۇشنى ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە قايتىدىن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن رېئالىزملىق ، جۈملىدىن تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولۇپ كەلگەن ھەمدە ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ ، ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇپ ، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرغانىدى . كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ، جۈملىدىن ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ تەسىرىدە ‹ئىپادىلەش ›مۇ ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە تونۇلدى ھەمدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى . يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادچانلىقىنى چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئىپادىلەشكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان ، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق يېڭى بىر بەدىئىي دۇنيا ياراتقىلى بولىدىغان بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدىغان ھەتتا بەزىدە ئۇستۇن تۇرىدىغان بەدىئىي ئۈنۈم ياراتتى . مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە يېڭىلىنىش پەيدا قىلدى» دېگەن مۇھاكىمىگە ئاساسەن ، ئوقۇغۇچىلار تەھلىل يۈرگۈزۈپ ، ئىجادىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ .

## ئۈچىنچى بۆلەك

## ئەدەبىي ئاخبارات ھەققىدە

**1 . ئەدەبىي ئاخبارات دېگەن نېمە؟**

ئەدەبىي ئاخبارات رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق جانلىق، تەسىرلىك ھەم تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئەدەبىيلىككە، ئاخباراتچىلىققا، دەۋرچانلىققا ئىگە بىر خىل مۇستەقىل ژانىردۇر.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەدەبىيات بىلەن ئاخباراتنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىدىن، ئاخباراتچىلىق بىلەن ئەدەبىيلىكنىڭ ۋە دەۋرچانلىقنىڭ مۇكەممەل بىرلىكى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. بۇ ژانىر بىزدە «ئوچېرك»، «دوكلات ئەدەبىياتى»، «ئاخبارات ئەدەبىياتى» دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىلناملار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلگەن.

**2 . ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى نېمە؟**

1 ) چىنلىق — ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ جېنى، شۇنداقلا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساس. ئەدەبىي ئاخبارات ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلارنى يازىدۇ. ئۇنىڭدا شەخسلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، خىزمەت ئورنى، ۋەقەلەرنىڭ ئېنىق ۋاقتى ۋە ئورنى يېزىلغان بولىدۇ. باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ئەدەبىياتقا خاس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە چىنلىققا تايىنىپ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، چىنلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

2 ) ئەدەبىي ئاخباراتتا مۇھاكىمە تۈسى بولغان بولىدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ۋەزىپىسى «ئاخبارات» يېزىش بولۇپ، ئۇ كىتابخانلارغا پاكىتنى، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ناھايىتى روشەن ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «ئاخبارات»تىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتتىكى مۇھاكىمىلەر پەلسەپىۋى خاراكتېرلىك، سىياسىي ئوبزور خاراكتېرلىك ياكى لىرىكا خاراكتېرلىك بولىدۇ.

**3 . ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئەدەبىي خەۋەرنىڭ قانداق ئوخشاشلىققا ۋە قانداق پەرقلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.**

ئوخشاشلىقى : ئەدەبىي ئاخباراتمۇ، ئەدەبىي خەۋەرمۇ ئوخشاشلا كۈچلۈك خەۋەرلىك خۇسۇسىيەتكە، ئەدەبىيلىككە ئىگە ھەمدە ھەر ئىككىلىسىدە چىنلىق ئاساس قىلىنىدۇ. پەرقى : بەدىئىي خەۋەر باياننى ئاساس قىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيەسىنى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالاھىدە بايان قىلىدۇ. ئەمما ئەدەبىي ئاخباراتتا تەسۋىر بايانىدىن كۆپ بولۇپ، تۈرلۈك تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ چىن ئوبرازى سۈرەتلىنىدۇ ۋە خاراكتېر يارىتىلىدۇ. بەزىدە بايان ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بەدىئىي خەۋەر ئادەتتە ھېكايە تۈسىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ نىسبەتەن ئاددىي بولىدۇ. ئەمما، ئەدەبىي ئاخبارات ھېكايە

تۇسى بولۇشنى ، روشەن بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ، تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ .
شۇنداقلا باش ـ ئاخىرى بىر دەك بولۇشنى ، كىتابخانلارنى قىزىقتۇرالايدىغان بولۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ .

4 . ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ھېكايىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

ئەدەبىي ئاخبارات ۋەقەلىكلەرنى تەسۋىرلەش ۋە پېرسوناژلارنى سۈرەتلەپ بېرىش
قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى جەھەتتە ھېكايىگە ئوخشاپ كېتىدۇ ، يەنى ئۇنىڭدا بەلگە-
لىك دەرىجىدىكى بەدىئىي پىششىقلاشقا يول قويۇلىدۇ . ئەمما ھېكايە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ،
ئەدەبىي ئاخبارات رېئال تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي ئادەم ، راست ئىشلارنى ئۆزىنىڭ تەسۋىرلەش
ئوبيېكتى قىلىشتا چىنلىق پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇنىڭدا
شەخسلەرنى ۋە ۋەقەلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشقا ، بارلىق بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋە پىش-
شىقلاپ ئىشلەشتە چىنلىق پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ .

## 7 . «ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى 〈دۇنيا مۇزىكا قامۇسى〉غا كىرگۈزۈلدى» ھەققىدە

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

بۇ خەۋەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھەققىدە پىكىر بايان قىلىڭ .

جاۋاب : خەۋەر قۇرۇلما جەھەتتىن تۆۋەندىكى قىسىملاردىن تۈزۈلگەن :

1 ) ماۋزۇ : «ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى 〈 دۇنيا مۇزىكا
قامۇسى〉 غا كىرگۈزۈلدى» . بۇ ماۋزۇدا خەۋەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىخچام يىغىنچاقلاز-
غان .

2 ) مۇقەددىمە (كىرىش سۆز ) : «ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ
تارىخى ‹دۇنيا مۇزىكا قامۇسى ›دىن ئورۇن ئالدى» يەنى خەۋەرنىڭ 1 ـ ئابزاسىدىكى بىر
جۈملە . بۇنىڭدا خەۋەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى قىسقا ، جانلىق ئومۇملاشتۇرۇلغان ،
خەۋەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن .

3 ) ئاساسىي قىسىم : «2 ـ ئابزاستىن باشلاپ . . . دۇنيا مۇزىكا قامۇسى〉 غا كىرگۈ-
زۈلۈشكە تاللانغان» دېگەن يەرگىچە ، بۇ مەزكۇر خەۋەرنىڭ مەركىزىي قىسمى بولۇپ ،
مۇقەددىمىگە باغلانغان ، باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەزمۇننى ئەتراپلىق بايان قىلغان ،
تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇلغان .

4 ) خاتىمە (ئاخىرلاشتۇرۇش سۆزى ) : 2 ـ ئابزاسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى «ئۇ ئۇيغۇر
مۇزىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ‹دۇنيا مۇزىكا قامۇسى ›غا كىرگۈزۈلگەن شەخس بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ» دېگەن جۈملە . بۇ جۈملە ئوقۇرمەننى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۇرى-
دىغان خۇلاسە بولۇپ ، خەۋەر مەزمۇننى تولۇقلىغان ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۇردى ئاخۇن
ئاكىغا بولغان قايىللىق ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى
ئوينىغان .

ئادەتتە قىسقا خەۋەرلەرگە چىن بولۇش تەلىپى قويۇلىدۇ ، ئۇنىڭدا ئادەتتە بىرلا ئىش ئىخچام خەۋەر قىلىنىدۇ . قىسقا خەۋەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى «ئىخچام بولۇش ، تېز بولۇش ، يېڭى بولۇش ، ئەمەلىي بولۇش» دەپ تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ ، مەزكۇر قىسقا خەۋەردە قىسقا خەۋەرلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ئىپادىسىنى تاپقان .

## 8 . «كېلەچەككە تۇتاشقان رىشتە» ھەققىدە

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . بۇ تەپسىلىي خەۋەردە كىمنىڭ قانداق ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان؟ سىز تەپسىلىي خەۋەر بىلەن ھېكايىنىڭ قايسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ .

جاۋاب : بۇ تەپسىلىي خەۋەردە داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ «خاماندا» ، «جىنايى ھۆكۈم» ، «مۇقام» قاتارلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان ماي بوياق رەسىملىرىنىڭ تەسىرى ، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت مائارىپى ۋە رەسساملىق سەنئىتى ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت دەرىجىلىك سەنئەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى بەجاندىل ئىشلىگەنلىكى ، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكى ، ماي بوياق رەسىمدىن باشقا ، جۇڭگوچە رەسىم ، ھۆسنخەت ، ھەيكەلتىراشلىق ، نەققاشلىق ، مىنياتورا قاتارلىق كەسىپلەردىمۇ زور تۆھپە ياراتقانلىقى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى بېزەش خىزمىتىدە گۈزەل سەنئەت باش لايىھەلىگۈچى ۋەزىپىسىنى ناھايىتى سۈپەتلىك تاماملاپ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى قاتارلىق ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان .

بۇ ئەسەر تەپسىلىي خەۋەر بولۇپ ، بۇنى ھېكايىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ، ئەسەردە ھەقىقىي ئادەم (غازى ئەھمەد)نىڭ ھەقىقىي ، راست ئىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئوبيېكت قىلىنغان ، يەنى چىنلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنغان .

2 . سىز بۇ ئەسەردىن رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ قانداق ئىجادىيەت ئىستىلىنى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلدىڭىز ؟

جاۋاب : بۇ ئەسەردىن رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ تۇرمۇشقا سادىق ، ئىرادىسى مۇستەھكەم ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ، ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان ، تۇرمۇش چىنلىقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ، ئىجادىيەت جەريانىدا ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان ، تۇرمۇشنى ئىجادىيەتنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس بۇلىقى دەپ بىلىپ ، تۇرمۇشقا ، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكىدىغان ، ئۆز - ئۆزىدىن ، باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ، تۇرمۇشنى ، خەلق ئاممىسىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئىجادىيەت ئىستىلى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ .

## 9 . «ئوسۋىتسىمدا خەۋەر قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق» ھەققىدە

بۇ ئاخبارات ئەسرى 1984 - يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە «غەرب ئاخبارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما ئوقۇشلۇق» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىپ ئېلىندى . ئەسلي ئەسەر 1958 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى «نيويورك ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان . دەرسلىككە ئۆزگەرتىپ كىرگۈزۈلگەن .

**ئاپتور ھەققىدە :** «ئوسۋىتسىمدا خەۋەر قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى M. A روسسېنتال «نيويورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ داڭلىق مۇخبىرى . ھازىر «نيويورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى .

بۇ ئەسەر ئامېرىكا «پۇلتېزىر» ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . ئەسەردە تىلغا ئېلىنـ-غان ئوسۋىتسىم لاگېرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا فاشىست گېرمانىيەسى قۇرغان كۆلـ-مى ئەڭ چوڭ بولغان ئادەم ئۆلتۈرۈش زاۋۇتى ، خەۋەرلەرگە قارىغاندا 4 مىليوندىن 6 مىليونغىچە ئادەم مۇشۇ لاگېردا زەھەرلىك گاز بىلەن ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوسۋىتسىم لاگېرى توغرىسىدىكى ئىشلار كۆپ خەۋەر قىلىندى . روسسېنتالنىڭ خەۋىرىدە «ئوسۋىتسىمدا خەۋەر قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق» دېيىلگەن بىلەن ، ئۇ ئاخبارات تارىخىدىكى داڭلىق ئەسەر بولۇپ قالغان . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ ئۇنىڭ سىز ئادەتتە كۆرگەن خەۋەر بىلەن قانداق ئوخشىماسلىقى بار ؟ كۆز قارىشىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ .

**جاۋاب :** بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇب قوللىنىپ ، «ئوبيېكـ-تىپ خەۋەر قىلىش» ، ئۆز قارىشىنى ، باھاسىنى سىڭدۈرمەسلىك دېگەندەك رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقا زىيارەتچىلەرنىڭ ئوسۋىتسىمنى زىيارەت قىلغان چاغدىكى تەسىراتىنى ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلغانلىقى ، ھەربىر جۈملىدە سۇبيېكتىپ تەسىـ-راتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت . ئاپتور بىرەر جۈملىدىمۇ ئوچۇق - ئاشكارا يازمايدۇ . ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلەپ ئوقۇرمەننىڭ قەلب تارىنى چېكىدۇ .

ئادەتتە مۇخبىر خەۋەر يازغاندا ، بىرىنچىدىن ، ياندىن كۆزەتكۈچى سالاھىيىتى بىلەن پاكىتنى ئوبيېكتىپ ھالدا خاتىرىلەيدۇ ، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە قارىشىنى قوشمايدۇ . ئىككىنچىدىن ، ياندىن كۆزەتكۈچى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ، ئەمما پاكىتنى بايان قىلغاندا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ۋە ھېسسىياتىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ . ئۈچىنچىدىن ، ۋەقەگە قاتناشقۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئەسەردە ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى ، تەسىراتلىرىنى بىۋاسىتە يازىدۇ . بىز ئادەتتە كۆرگەن خەۋەرلەردە بىرىنچى ، ئىككىنچى خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ . ئاساسلىقى ئوبيېكتىپ بايان قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ ، ئەمما بۇ ئەسەر ئۇلارغا ئانچە ئوخشىمايدۇ . يەنى ئاپتور لاگېرنى ئۆزى بىۋاسىتە زىيارەت قىلغاندا ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ ، سۇبيېكتىپ خەۋەر تۈرىگە كىرىدۇ .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەردە قانداق ئىچكى مەنە ئىپادىلەنگەنلىكىنى بايان قىلىپ بې-قىڭ .

1 ) «مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇكى ، بىزنىڭكىدا قۇياش نۇرى جىلۋە قىلماقتا ، قاتىر ىسىغا كەتكەن تېرەكلەر لەرزان ئۇسسۇل ئوينىماقتا ، دەرۋازىغا يېقىنلا يەردىكى چىملىقتا باللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويۇن ئوينىماقتا . »

**جاۋاب :** بىزنىڭكىدا ئەسلىدە «ئىنسانلار دۇنياسىدىكى دوزاخ ئىدى . » بۇ يەردە قۇياش نۇرى جىلۋە قىلمىسا ، يورۇقلۇق بولمىسا ، باللارنىڭ ئويۇن - كۈلكىلىرى ئاڭلانمىسا ، ھەر خىل گۈل - چېچەكلەر توزۇپ كەتكەن جاي بولسا ئاندىن بىزنىڭكىنىڭ تارىخىغا ماس كەلگەن بولاتتى . ھالبۇكى ئاپتور جازا مەيدانىغا قەدەم بېسىپلا بۇ يەرنىڭ قاباھەتلىك ئۆتمۈشىگە ماس كەلمەيدىغان مەنزىرىنى كۆرىدۇ - دە ، «قورقۇنچلۇق» ھېس قىلىدۇ . ئاپتور بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى قورقۇنچلۇق ، ۋەھىمىلىك ئىشلارغا ، ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلارغا كىنايە قىلغان ھەمدە قۇياش نۇرى ، باللار ، گۈل - گىياھ قاتارلىقلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى بۇ جايغا ھېچقانداق نارازى بولمايۋاتقانلىقىدىن قاتتىق سەسكەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن .

2 ) «ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئادەملەر مۇنداق بىر پاكىتنى ئۇمۇرۋايەت ئۇنتۇيالمايدۇ : نېمىسلار چېكىنگەندە پارتلىتىپ بۇزۇۋەتكەن بىزنىڭكىدا زەھەرلىك گاز ئۆيى ۋە جەسەت كۆيدۈرۈش ئوچاقلىرىنىڭ خارابىسىدە بۈگۈنكى كۈندە بەلىز گۈلى پورەكلەپ ئېچىلغان . »

**جاۋاب :** بىر ياقتا زەھەرلىك گاز ئۆيى بىلەن جەسەت كۆيدۈرۈش ئوچىقى ، بىر ياقتا ھاياتي كۈچكە تولغان گۈل ، بۇنداق مەنزىرىنى ئادەم مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ . بۇ بەلكىم ناتسىستلارنىڭ جازاسىنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ، ئەمما ھايات مۇساپىسىنى توختاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن . بەلكىم ھاياتلىققا بولغان زىيانكەشلىك-نىڭ ئەڭ رەزىل جىنايەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر .

## 10 . «بېقىندى ئىشچىلار» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە :** شيا يەن (1900 — 1995 ) ، ئەسلىي ئىسمى شېن دۇەنشيەن ، جېجياڭلىق . باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بوياقچىلىق دۇكىنىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن ، 1914 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى سانائەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن . 1919 - يىلى «4 - ماي ھەرىكىتى»گە قاتناشقان ، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ياپونىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ ، ئىلگىرى - كېيىن مىجى سانائەت كەسپىي مەكتىپىدە ، جيۇجۇ ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا سانائەت پەنلىرىنى ئۆگەنگەن ، ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغان . 1923 - يىلى ماركسىزمنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ياپونىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ۋە سولقانات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىگە قاتناشقان . 1927 - يىلى قوغلىنىپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ،

شۇ يىلى 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1930 ـ يىلى «سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى»نىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشقان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە «قۇتۇلدۇرۇش» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان، 1941 ـ يىلى شياڭگاڭغا بېرىپ «جۇڭخۇا سودا ـ سانائەت گېزىتى»نى چىقارغان. كېيىن چۇڭچىڭغا بېرىپ «شىنخۇا كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 1946 ـ يىلى نەنجىڭ ـ بېيپىڭ ـ يەنئەندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو كىنوچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شيا يەن ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەر يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان، كىنو، تىياتىر، فېلىيەتون، كىنو ئوبزورچىلىقى، ئەدەبىي ئاخبارات قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ يازغان ۋە سېنارىيىلەشتۈرگەن مۇھىم ئەسەرلەردىن «جىددىي ئېقىم»، «فاشىست باكتېرىيەسى»، «بەخت تىلەش»، «لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى»، «ئىنقىلابىي ئائىلە»، «يالقۇن ئىچىدىكى ھايات» قاتارلىقلار بار.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. قانداق ئىشچىلار «بېقىندى ئىشچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ؟ ئاپتور ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىشچىلارنىڭ «بېقىندى»لىقىنى قايسى جەھەتلەردىن كۆرسىتىپ بەرگەن؟

جاۋاب: ياتاق، تاماق، كىيىم ـ كېچەك جەھەتلەردە ئىنسانغا خاس شارائىتقا ئېرىشەلمىگەن، فابرىكا خوجايىنلىرى ۋە سەركارلار تەرىپىدىن خورلانغان، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان، ئەمگەك مېۋىسى تالان ـ تاراج قىلىنغان، قان ـ تەرى شىلىۋېلىنغان، ئىشلەش ـ ئىشلىمەسلىك ئەركىنلىكى بولمىغان ئىشچىلار «بېقىندى ئىشچىلار» دېيىلىدۇ. ئەسەردە بۇنداق «بېقىندى ئىشچىلار»نىڭ «بېقىندى»لىقى ئۇلارنىڭ سەركارلارنىڭ ياغلىما گەپلىرى بىلەن يېزىلاردىن ئالداپ ئەكېلىنگەنلىكى، ئەمما ئۇلار ئېيتقاندەك ياخشى تۇرمۇش، خىزمەت، تەمىنات شارائىتىدىن بەھرىمەن بولالماي، «سېسىق، زەي» كاتەكلەردە يېتىپ، ئۇماچ ئىچىپ، كۈنىگە 12 سائەت ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنغانلىقى، خىزمەتتە «ئۈچ چوڭ خەۋپ» ۋە «ئۈچ چوڭ تەھدىت» ئاستىدا ھايۋان كەبى خارلىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنغانلىقى، ئىنسانىيلىقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولالمىغانلىقى، ئىشلەش ـ ئىشلىمەسلىك ئەركىنلىكى ئەسلا يوقلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

2. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا بۇ «بېقىندى ئىشچىلار»نى تەسۋىرلىگەندە «چوشقا كۈچۈكلىرى»، «ھارام تاماق»، «قوناق شېخى» دەپ قوش تىرناق ئىچىگە ئالغان. ئاپتورنىڭ بۇنداق تەسۋىرلىشىدىكى مۇددىئاسى نېمە؟

جاۋاب: يېزىلاردىن ئالداپ ئەكېلىنگەن بۇ بەختسىز ئىشچىلارنىڭ رەسمىي نامى «بېقىندى ئىشچى» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن، ئىش بېشى خوجايىنلار ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا

كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرمايدۇ، ھەتتا ئەسلىي ئىسىملىرىنىمۇ ئانچە بىلىپ كېتىشمەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ رەھىمسىز ئىش باشلىرى ئۇلارنى «چوشقا كۈچۈكلىرى»، «ھارام تاماق»، «قوناق شېخى» دەپ چاقىرىدۇ. بۇ ئىش بېشىلىرىنىڭ رەھىمسىز، قوپال، ئىشچىلارنى ھايۋان ئورنىدا كۆرىدىغان خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇلارنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىشى، بىر تەرەپتىن، ئىش بېشىلىرىنىڭ رەھىمسىز، قوپاللىقىنى، بېقىندى ئىشچىلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيلىقى ئېغىر ھاقارەتلەنگەن بېقىندى ئىشچىلارنىڭ «چوشقا كۈچۈكى»، «ھارام تاماق»، «قوناق شېخى» ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى، ئېچىنىشىنى ئىپادىلىگەن.

3. ئاپتور نېمە ئۈچۈن «مەن قىزلارنى ئاسراش يولى بىلەن پايدا تاپىدىغان بۇ تۈزۈمنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز بالىلىق چاغلىرىمدا كۆرگەن بىر ئىش — كېمىچىلەرنىڭ بېلىقچى قۇشلارنى بېقىپ بېلىق تۇتىدىغانلىقى»نى ئېسىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: ئاپتور بۇنداق يېزىش ئارقىلىق كېمىچىلەرنىڭ بېلىق تۇتۇشنى جاھانگىرلار ۋە ساتقۇنلارنىڭ بېقىندى ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا ئوخشاتقان. بۇنداق ئوخشىتىش ئارقىلىق بېقىندى ئىشچىلارنىڭ قان - تەرىنىڭ شىلىۋېلىنىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. كاپىتالىست ۋە خوجايىنلارنىڭ ئۇلارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە بېيىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئادەمخور بېقىندى ئىشچىلىق تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان.

4. ئاپتور نېمە ئۈچۈن ئەسەردە «بۇ تۈمەنلىگەن بېلىقئالغۇچلار ئىچىدە يورۇقلۇق يوق، ئىسسىقلىق يوق، ئۈمىد يوق، قانۇن يوق، ئادەمگەرچىلىك يوق، بۇ يەردە بارى 20 - ئەسىرنىڭ پىشىپ يېتىلگەن تېخنىكىسى، ماشىنىسى، تۈزۈمى ۋە بۇ تۈزۈمگە سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدىغان 15 -، 16 - ئەسىرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى ئاستىدىكى قۇللار!» دەيدۇ؟

جاۋاب: بۇ ئاپتورنىڭ بېقىندى ئىشچىلىق تۈزۈمىگە بولغان كۈچلۈك شىكايىتى، ئاپتور بۇ جۈملىلەر ئارقىلىق بېقىندى ئىشچىلىق تۈزۈمىنىڭ رەزىللىكىنى پاش قىلغان. «20 - ئەسىرنىڭ پىشىپ يېتىلگەن تېخنىكىسى، ماشىنىسى، تۈزۈمى» ئىنسانىيەتنىڭ تېخنىكا، مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسەتسە، «15 -، 16 - ئەسىرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى ئاستىدىكى قۇللار» بىلەن روشەن سېلىشتۇرما قىلىنغان. بۇ ئىككى شەيئى بېقىندى ئىشچىلاردا جەملەنگەن، بۇ ئارقىلىق بېقىندى ئىشچىلار دۇچ كەلگەن ئېكسپىلاتاتسىيەنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسەتكەن.

## تۆتىنچى بۆلەك

## 11 . «جانلىقلار جەمئىيىتى» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە :** دوكتور لۇئىس توماس (Lewis Thomas) 1913 - يىلى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە تۇغۇلغان . پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە خارۋارد تېبىبىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ، مىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلۋيۇ تېببىي داۋالاش مەركىزى پاتولوگىيە فاكۇلتېتى ۋە ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىي فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ، يېرو تېببىي ئىنستىتۇتى پاتولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ، نيۇيورك شەھەرلىك سلون - كېتلىن راك كېسەللىكى خاتىرە مەركىزىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن ھەمدە شەرەپلىك ھالدا ئامېرىكا پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1 . ئەسەردە بايان قىلىنغان بەزى جانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي توپى بىلەن ئىنسانلار قانداق ئوخشاشلىققا ئىگە ؟

**جاۋاب :** ئەسەردە بايان قىلىنغان بەزى جانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي توپى بىلەن ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىقى بار ، مەسىلەن ، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ، كوللېكتىپ ھەمكارلىق شەكلىدە ئەمگەك قىلىش ، مەقسەتلىك ھەرىكەت قىلىش ، ئۆزئارا ئۇچۇر يەتكۈزۈش ۋە ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار .

2 . ئاپتور ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى ئۈستىدە توختالغاندا ، نېمە ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا يەككە بىلەن كوللېكتىپ ئىككى تەرەپنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىدۇ ؟ ئاپتورنىڭ بايانىغا بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈڭ .

**جاۋاب :** ئاپتور جانلىقلار ۋە ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ئۈستىدە توختالغاندا ، كۆپ ھاللاردا يەككە بىلەن كوللېكتىپ ئىككى تەرەپنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىدۇ ، چۈنكى ، كوللېكتىپ بىلەن يەككە بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ . جانلىقلارغا نىسبەتەن يەككە كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . شۇڭا ، مەيلى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ئۈستىدە توختالسۇن ، مەيلى جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتى ئۈستىدە توختالسۇن ، كۆپىنچە يەككە بىلەن كوللېكتىپنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىدۇ . چۈمۈلىلەر توپى بولمىسا ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستى چەكلىك بولاتتى ، ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ، جەمئىيەت قوبۇل قىلمىغان ، ئىشلەتمىگەن پەن تەتقىقات نەتىجىسى ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ . ئىنسانلارنىڭ يەككىلىكى نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە ، ئەمما تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، يەككە شەخس كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ .

3 . ئەسەرگە بىرلەشتۈرۈپ ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئۇنىۋېرسال مەنىسىنى سۆزلەپ بېقىڭ .

1 ) «ئۇلارنى ياسلىشى ئەپچىل ، ئەمما سېھرىي كۈچكە ئىگە ماشىنىغا ئوخشىتىشقا

بولىدۇ .»

جاۋاب : كىشىلەرنىڭ ھاشاراتلارنى تاشقى پىلانېتادىن كېلىپ قالغان مېھمانلار، ئىنسانلارغا تامامەن ئوخشاشمايدۇ، ھەتتا ئۇلار «جانلىقلار» ئەمەس، بەلكى «ماشىنا» دەپ قارايدىغانلىقىنى ھەجۋىي قىلغان .

2 ) «ئۇلار ھەممىنى قىلالايدۇ، تاس قالدۇ تېلېۋىزور كۆرگىلى .»

جاۋاب : مۇبالىغە ئارقىلىق چۈمۈلىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگە بەك ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن .

3 ) «ئۇ پەقەت يوشۇرۇن پۈتى بار نېرۋا بوغۇمىدىن ئىبارەت، خالاس .»

جاۋاب : «يالغۇز چۈمۈلە»گە «كەمسىتىش» تەلەپپۇزىدا باھا بېرىپ، ئۇلارنىڭ يەككە ھالەتتىكى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن .

4 ) «بىز ھامان بىر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، بىر تەرەپتىن بىر - بىرىمىزنى چاقىرىمىز، ئۈچۈر ئالماشتۇرىمىز، ماقالە ئېلان قىلىمىز، مۇھەررىرگە خەت يازىمىز، ئىلمىي ماقالە تاپشۇرىمىز، بىرەر نەرسىنى بايقاپ قالدۇقمۇ، خۇشلۇقىمىزدىن ۋارقىراپ، سەكرەپ كېتىمىز .»

جاۋاب : بۇ جۈملىلەردە مۇبالىغە ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى «ئىپتىدائىيلاشتۇرۇلغان»، ئاستىرىتتىن بولسا ھايۋانلار ھەرىكىتىگە ئوخشىتىلىپ، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئوخشاشلىقلارنى چۈشەندۈرگەن .

## 12 . «ئادەم بەدىنىنىڭ قورغىنى — تېرە» ھەققىدە

**ئاپتور ھەققىدە :**

پەرىدە ئابلىز 1965 - يىلى 1 - ئايدا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ پىچان ناھىيەسىدە تۇغۇلغان . 1988 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىنىڭ تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان . 1996 - يىلى 3 - ئايدىن 1997 - يىلى 3 - ئايغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىدا بىلىم ئاشۇرغان . 1999 - يىلى 8 - ئايدىن 2000 - يىلى 3 - ئايغىچە ياپونىيە چىبا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدا تەكلىپلىك تەتقىقاتچى سالاھىيىتى بىلەن زەمبۇرۇغلۇق تېرە كېسەللىكلىرى تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولغان . ئۇ 2000 - يىلى 4 - ئايدىن 2004 - يىلى 3 - ئايغىچە مەزكۇر ئىنستىتۇتتا زەمبۇرۇغ ئىلمى ۋە تېرە كېسەللىكلىرى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن دوكتورلۇقنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ داۋالاش، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان .

2005 - يىلى 6 - ئايدا ئۇ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پوسدوكتورلۇق مەركىزىگە قوبۇل قىلىنغان . 2006 - يىلى 2 - ئايدىن 5 - ئايغىچە گوللاندىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى زەمبۇرۇغ تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن گوللاندىيەدە تەتقىقات ھەمكارلىقىدا تۇرغان . ھازىر ئۇ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى

1 ـ دوختۇرخانا تېرە كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ماگىستىر يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ ھازىرغىچە ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تېببىي ئىلمىي ژۇرناللاردا يەتتە پارچە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى. مەملىكەت ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا 13 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى.

ئۇ ياپونىيە ۋە گوللاندىيەدىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭدىكى قۇملۇق رايونلاردا كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى تەتقىقاتى»، «شىنجاڭدىكى كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغلارنىڭ يوقۇملىنىش ئالاھىدىلىكى تەتقىقاتى» ۋە «قارا زەمبۇرۇغلارنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىش مېخانىزمى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ خەلقئارالىق تەتقىقات تېمىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى. ئۆزى مۇستەقىل مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «شىنجاڭدىكى تەسۋىسمان زەمبۇرۇغلارنىڭ DNA (گېنى)» دېگەن تۈرنى ئىشلىدى.

پەرىدە ئابلىز ھازىرغىچە ئامېرىكا، ياۋروپا، ياپونىيە ۋە مەملىكەت ئىچىدە 25 قېتىم خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ، خەلقئارادىكى كەسپداشلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى ياپونىيەدە مۇنەۋۋەر تەتقىقات مۇكاپاتىغا، يەنە بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى مەملىكەت ئىچىدە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**

1. ئەسەردە نېمە ئۈچۈن «ئادەم بەدىنىنىڭ قورغىنى — تېرە» دېيىلگەن؟

جاۋاب: چۈنكى، ئادەم بەدىنىدىكى تېرە ئىچكى ئەزالارنى ھەر خىل باكتېرىيە ۋە زەمبۇرۇغلاردىن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغاندىن باشقا، يەنە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ئاجرىتىپ چىقىرىش، ئۆزلەشتۈرۈش، سېزىش، ماددا ئالماشتۇرۇش ۋە ئىممۇنىتېت رولىغا ئىگە. ھەتتا «تېرە قوشۇمچە ئەزالىرى» دەپ ئاتىلىدىغان تەر بەزلىرى، ماي بەزلىرى، تىرناق، چاچ ۋە بەدەندىكى تۈكچىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس رولى بار، مۇبادا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى تېرە زەخىملەنسە، باكتېرىيە، ۋىرۇس ۋە زەمبۇرۇغ قاتارلىق مىكرو ئورگانىزملار بەدەنگە تېخىمۇ ئاسان كىرىپ يەرلىك ئورۇندا يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك تېرە كېسەللىكلىرى پەيدا قىلىدۇ. بۇ گاھىدا پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ياللۇغلىنىشنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇلاردىن تېرىنىڭ ئادەم بەدىنىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، «ئادەم بەدىنىنىڭ قورغىنى — تېرە» دېيىلگەن.

2. ئەسەردىن تېرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىچكى ئەزالاردىكى كېسەللىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭىز؟ چۈشەنچىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

جاۋاب: ئەسەردىن ئادەم بەدىنىدىكى تېرىدە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ بەزى ئىچكى كېسەللىكلەرنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى، يەنى تېرىنىڭ سىرتقى تەسىرگە نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تېرە رەڭگىگە قاراپ بەزى كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. تېرە سارغىيىپ كەتسە جىگەر كېسىلى،

تېرىگە قىزىل داغلار ئۆرلەپ كەتسە قاندا كېسەللىك بارلىقىنىڭ ئالامىتى بولىدۇ ، ياشانغانلارنىڭ تېرىدىكى قېرىلىق دېغى تېرە ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا ، قېرىلىق دېغىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى ئاشقازان ، ئۈچەي يوللىرىدىكى راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر . تېرە رەڭگى سۇپسۇزۇك بولۇپ كەتسە بۆرەك زەئىپلىكى ۋە سۇيدۇكتىن زەھەرلەنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى . قاپاقتا سېرىق سۆگەل چىقسا قاندىكى ماي تەركىبى ئېشىپ كەتكەنلىكى ، پاچاق تېرىسىدە كىراخمالسىمان ئۆزگىرىش بولسا بەدەندىكى ئاقسىل ئالمىشىشىنىڭ بىنورماللىقىنى بىلدۈرىدۇ . تېرىگە سوزۇلما خاراكتېرلىك يەلتاشما چىقسا ، جىگەر كېسەللىكلىرىنىڭ بېشارىتى ، كۈز ۋە ئەتىيازدا باللارنىڭ يۈزىگە ئاق توپان ئەسۋىسى چىقسا ، ئۈچەي يوللىرىدا پارازىت قۇرتى پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . تىرناقنىڭ قورۇلۇپ قېلىشى ئۆپكە كېسەللىكلىرىنىڭ روشەن ئالامىتى . ئۆسمۈر باللارنىڭ يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپى ، بىلىكىنىڭ يۇقىرى قىسمى ۋە پۇتىغا يىرىك ئەسۋە چىقسا ، بەدىنىدە ۋىتامىن H نىڭ كەملىكىنى بىلدۈرىدۇ . . . دېمەك ، ئادەم بەدىنىدىكى نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى تېرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە تېرە رەڭگىگە قاراپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، تېرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ۋە بەزى كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن بىر ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

3 . تېرە بىلەن سىرتقى گۈزەللىكنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قانداق چۈشەنچىگە كەلدىڭىز ؟

جاۋاب : تېرە «ئادەم بەدىنىنىڭ قورغىنى» بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئەڭ ئېنىق گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم ئەزادۇر . تېرە ئادەتتە بىۋاسىتە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا ، تېرىدىكى ھەر خىل كېسەللىكلەر كىشىلەرگە ناھايىتى زور روھىي ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ . تېرە ئادەمنىڭ روھىي كەيپىياتى ، ئوزۇقلىنىش ئەھۋالى ۋە سالامەتلىكىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ . ئادەم زىيادە چارچاپ كەتسە ، ئېغىر روھىي ئازاب چەكسە كۆز ئەتراپىدىكى پىگمېنتلار چۆكىدۇ ، چاچ چۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ . يەنە نۇرغۇن تېرە كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئومۇمەن ، تېرە ئادەمنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆزنەك .

## 13 . «يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى» ھەققىدە

ئاپتور ھەققىدە : ئۇمىد خالىق 1966 - يىلى 2 - ئايدا ئاۋات ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1982 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان . 1987 - يىلى ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تۇنجى بولۇپ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ھەم 1990 - يىلى 7- ئايغىچە داڭلىق ئۆسۈملۈكلەر تەتقىقاتچىسى ، پىروفېسسور مىجىت خۇدابەردىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «قۇرغاق

رايونلار مۇھىتى ۋە جانلىقلار بايلىقى» يۆنىلىشى بويىچە شىنجاڭدىن تۇنجى بولۇپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. «شىنجاڭ ھەسەل مەنبەسى ئۆسۈملۈكلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» نامىدىكى ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسى ئەلا باھالىنىپ، 1993 - ۋە 1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان. 1990 - يىلى 7 - ئايدىن 1997 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تەربىيەلەش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىنىپ، 1995 - يىلى 1 - ئايدىن 1996 - يىلى 1 - ئايغىچە شاڭخەي تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل نېمىس تىلى ئۆگەنگەن. 1997 - يىلى جۇڭگو دۆلەتلىك چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، گېرمانىيەنىڭ بېرلىن پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. بۇ جەرياندىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى بولۇپ گېرمانىيە خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش مەركىزى (DAAD) نىڭ تۆت يىللىق يۇقىرى سومملىق ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، بېرلىن پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نوپۇزلۇق پىروفېسسورى، گېرمانىيەلىك داڭلىق جۇڭگوشۇناس، قۇرغاق رايونلار مۇھىت ئىلمى مۇتەخەسسىسى يوخاننىس كۈشلەر (Prof. Dr. Johnnes Kuechler) ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2002 - يىلى 8 - ئايدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 2003 - يىلى 12 - ئايغىچە شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلغان. 2004 - يىلى 1 - ئايدىن 2006 - يىلى 9 - ئايغىچە بىرلا ۋاقىتتا بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېكولوگىيە ئىلمى ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا دوكتور ئاشتى (پوستدوكتور) تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، گېرمانىيە ۋە جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەردىن تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەخسۇس «تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى بۇزۇلغان ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى تۈزەش ۋە قايتا قۇرۇپ چىقىش» تەتقىقات تۈرىنى نەتىجىلىك تاماملىغان.

يۇقىرىقىدەك ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گېرمانىيە ۋە جۇڭگونىڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللىرىدا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. تۆت پارچە ئىلمىي ئەسىرى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى ئاساسىدا يېزىپ پۈتكۈزگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرغاق رايونلىرىدىكى بوستانلىق شەھەرلىرىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىدىكى ئېكولوگىيەلىك ئاساسلار تەتقىقاتى — تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق شەھەرلەر مىسالىدا» ناملىق 350 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى 2003 - يىلى گېرمانىيەدە نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنىپ، بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ئۇ ھازىرغىچە جۇڭگو، گېرمانىيە، شۋېيتسارىيە، ئاۋستىرىيە، ھىندونېزىيە، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ كۆلەملىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا كۆپ قېتىم ئىلمىي دوكلات بېرىپ، رايونىمىز شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مەسىلىلىرىنى خەلقئارالىق كەسپداشلارغا تونۇشتۇرغان.

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1. ئەسەردە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى قايسى نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈلگەن؟

جاۋاب: ئەسەردە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى يەر ئاستى سۈيىنىڭ يەر ئۈستى سۇلىرىنى تولۇقلاپ تۇرۇشى، دەريا - كۆللەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى، تۇپراقنىڭ سازلىقلىشىشى، شورلىشىشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نورمال ئۆسۈشى ھەمدە يەر يۈزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئۆلتۈرۈشۈشى قاتارلىق جەھەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشى قاتارلىق نۇقتىلاردىن كونكرېت چۈشەندۈرۈلگەن.

2. يەر ئاستى سۈيىنىڭ دەريا ئېقىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: دەريالار ئاساسەن قار - مۇزلارنىڭ ئېرىگەن سۇلىرىدىن، يامغۇر سۇلىرىدىن ھەمدە يەر ئاستى سۈيىدىن تەمىنلىنىدۇ. بىر دەريا ئۇچۇن ئېيتقاندا، كۆپىنچە يەر ئاستى سۇلىرى بىلەن دەريا سۇلىرى بىر - بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىدىغان دەريالارنىڭ سۈيى يىل بويى نورمال بولۇپ، دەريالارنىڭ قۇرۇپ قالماي، تاشقىنداپ كەتمەي داۋاملىق ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. شۇڭا، يەر ئاستى سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدىغان دەريالارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سۇ رايى ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بۇنداق دەريالاردا سۇ بولغان بولىدۇ.

3. يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆللەر، سازلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ كۆل ۋە سازلىقلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە پايدىسى، رولى قايسىلار؟

جاۋاب: يەر ئاستى سۈيى كۆل ۋە سازلىقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. كۆللەر گېئولوگىيەلىك ئىچكى -تاشقى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە، بەلگىلىك چوڭقۇرلۇققا ئىگە ئۆزۈلمە كارىزلىرىغا سۇ يىغىلىش ئارقىسىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن سۇ قاتلىمى ۋە بېسىملىق سۇ قاتلىمىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان مەنبەگە ئىگە بولىدۇ.

كۆللەر چېكىنىپ، يوقىلىش جەريانىدا سازلىققا ئايلانسا، بىر قىسىم سازلىقلار يەر شەكلى مۇۋاپىق بولسىلا كۆللەرگە ئايلىنىدۇ. كۆللەر كۆپ خىل ئىقتىسادىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، سۇ بايلىقى، جانلىقلار بايلىقى ۋە ساياھەت بايلىقى قاتارلىقلارنى زاپاس ساقلايدۇ. ئۇنىڭدا كىلىماتنى تەڭشەش، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش كەسپى ئاساس قىلىنغان كۆل ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىك مەيدانى بىلەن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشقا قولايلىق شارائىت يارىتىدۇ.

لايداڭ سازلىقلار ۋە نەم يەرلەرمۇ بىر خىل تەبىئىي بايلىق. بولۇپمۇ ئۇ بىر قىسىم ئاز ئۇچرايدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ياخشى يېتىلەيدىغان ماكان ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشتا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، سازلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە ئاسراش نۇرغۇن دۆلەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

4. شىنجاڭدا تۇپراقنىڭ شورلىشىش ئەھۋالى قانداق؟ يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۇپراقنىڭ شورلىشىشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

جاۋاب : شىنجاڭدا شورلۇق تۇپراقلارنىڭ مەيدانى ئىنتايىن كەڭ ، شورلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى ، شورلۇق تۇپراقلارنىڭ مەيدانى پۈتۈن شىنجاڭدىكى بوز يەر ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلىدۇ . يەنە 10 مىليون مو ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەر شورلىشىشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا .

جاۋاب : تۇپراقنىڭ شورلىشىشىنى ئاساسەن تۇپراق كاپىليار نەيچىلىرىدىكى سۇلارنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەش رولى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئومۇمەن ، يەر ئاستى سۈيى تېيىز ، پارلىنىش ھۆل ـ يېغىنغا قارىغاندا كۆپ بولغان قۇرغاق كىلىماتلىق رايونلاردا شورلىشىش ئاسان يۈز بېرىدۇ . يەر ئاستى سۈيى تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ، كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى مىقدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ۋە سۇ ھەرىكىتىنىڭ ئاستا بولۇشى قاتارلىق ئامىللار تۇپراقنىڭ شورلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللاردۇر .

5 . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قانداق رولى بار ؟

جاۋاب : بىرىنچى ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى يەر ئاستى سۈيىنى ئىزدەش ۋە يەر ئاستى سۇ سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچى قىلىشقا بولىدۇ .

ئىككىنچى ، قۇم ـ بورانغا قارشى تۇرالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، قۇم ـ بوراننى تىزگىنلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ .

ئۈچىنچى ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاپ ، يەرلەرنىڭ قۇملىشىشىنى قوغدايدۇ .

6 . قانداق قىلغاندا يەرنىڭ قۇملىشىشى ۋە قۇرغاقلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە تىزگىنلىگىلى بولىدۇ ؟

جاۋاب : تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ، مۇۋاپىق مىقداردا قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ، ئىھاتە ئورمىنى بىنا قىلىش ، ھۆل ـ يېغىنى ئاز رايونلاردا يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى ۋە سۇ ئورنىنىڭ مۇۋاپىق ھالەتنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ، قۇملۇقلارنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يەرنىڭ قۇملىشىشى ۋە قۇرغاقلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ .

7 . يەر يۈزى ئولتۇرۇشۇپ كەتسە قانداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ؟

جاۋاب : يەر يۈزى ئولتۇرۇشۇپ كەتسە ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ، ھەتتا ئېغىر ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن . بۇ ھەقتە ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل قاراش ، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ .

## 14 . «ئالەمنىڭ كەلگۈسى» ھەققىدە

ئاپتور ھەققىدە : ستېفىن خاۋكىڭ ئېينىشتېيندىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ فىزىكا ئالىمى . خاۋكىڭ 1942 ـ يىلى ئەنگلىيەدىكى ئوكسفوردتا تۇغۇلغان ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماتېماتىكا ، فىزىكا ۋە

كوسمولوگىيە پەنلىرىدە ئوقۇغان . 1963 - يىلى خاۋكىڭغا مۇسكۇل يىگىلەش سەۋەبىدىن قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان دەپ دىياگنوز قويۇلغان . بۇ خىل كېسەللىك مۇسكۇللارنىڭ يىگىلىشىنى پەيدا قىلىپ ، پالەچلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى ؛ گەپ قىلىش قىيىنلىشىپ ، ئاخىر تىل ئىقتىدارى پۈتۈنلەي يوقىلاتتى . بىمار ئادەتتە ئەگەشمە كېسەللىك بولغان ئۆپكە ياللۇغى ياكى نەپىسى بوغۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتەتتى ، بىراق ، بىمارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەپەككۇر قابىلىيىتى تەسىرگە ئۇچرىمايتتى . دوختۇر خاۋكىڭغا ئەڭ ئۇزاق بولغاندا ئىككى يىل ياشىيالايدۇ دېگەن . بىر مەزگىل قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن ، خاۋكىڭ يەنىلا كوسمولوگىيە تەتقىقاتىنى باشلايدۇ . خاۋكىڭ كېيىن نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ، «چوڭ پارتلاش» ۋە «قارا ئۆڭكۈر» قاتارلىق ساھالەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ . خاۋ-كىڭ 1988 - يىلى كوسمولوگىيە تەتقىقاتىغا ئائىت «ۋاقىتنىڭ تارىخى : چوڭ پارتلاشتىن قارا ئۆڭكۈرگىچە» ناملىق ئابىدە خاراكتېرلىك بازارلىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرىدۇ . خاۋكىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا قىلچە بوشاشماي ئالەمنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بۈيۈك بىرلىشىش نەزەرىيەسى ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزماقتا . خاۋكىڭ ھازىر كامبرىچ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور .

مۇھاكىمە ۋە مەشىق

1 . ئاپتور سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ تېمىسى «ئالەمنىڭ كەلگۈسى» بولسىمۇ ، لېكىن ئاۋۋال نۇرغۇن تارىخىي ھېكايىلەرنى سۆزلىگەن . بۇنىڭ قانداق رولى بار؟ سىزچە ، بۇ باش تېمىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكمۇ ياكى باش تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

جاۋاب : نۇتۇقنى بۇنداق باشلاش جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدىكى مەدداھلارنىڭ ئاۋۋال باشقا بىر ھېكايىنى سۆزلەپ ، شۇ ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى نەق سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا باشلاپ كىرگىنىگە ئوخشايدۇ . مەزكۇر نۇتۇقتا ، ئالدى بىلەن قەدىمكى زاماندىكى پەيغەمبەر ۋە ئايال داخانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر سۆزلىنىپ ، بۇ ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ ، نۇتۇق تېمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان . ئاپتور قەدىم-كى زاماندىكى ئاشۇ بېشارەتچىلەرنى مەسخىرە قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ ، ئىلىم - پەن ساھەسىگە ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئىسپاتلىغان ، چۈنكى ئىلمىي بېشارەت ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ . ئۇنى ئىلمىي قائىدىلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ . شۇڭا ، «تارىخىي ھېكايىلەرنى سۆزلەش» «بۈگۈنكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش» ئۈچۈن بولۇپ ، باش تېمىدىن يىراقلاپ كەتمىگەن ، ئەكسىچە ، باش تېما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

2 . ئەسەردىن تىلى يۇمۇرلۇق ۋە قىزىقارلىق مىساللارنى تېپىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئالىم خاۋكىڭنىڭ نۇتۇق ئۇسلۇبىنى بىلىپ بېقىڭ .

جاۋاب : «مەسىلە قويۇپ تەھلىل قىلىش» قىسمىدا تىلغا ئالغان مىساللاردىن باشقا ، ئەسەردە يەنە نۇرغۇن قىزىقارلىق ، يۇمۇرلۇق جۈملىلەر بار ، مەسىلەن ، قەدىمكى دەۋرلەر-

دىكى ئايال داخانلار «ئادەتتە ئوغا ياكى يانار تاغ يېرىقچىلىرىدىن چىققان گاز تۈپەيلىدىن روھىي گاراڭلىققا مۇپتىلا بولغان ئاياللاردۇر» دەپ يېزىلغان، بۇ بايانلار جانلىق، مۇبالىغە تۈسىنى ئالغان، يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق. يېقىنقى زاماندىكى دىنىي بېشارەتچىلەرنى ھەجۋي قىلغاندا: «ئىشىنىڭ ئوڭ كەلگەن يېرى شۇكى، ئادەملەرنى ساناپ تىزىملىك تۇرغۇزۇشقا ئىنتايىن ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىكەن» دەپ يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئامالسىز ۋە گاڭگىراپ قالغانلىقىنى سىلىق مەسخىرە قىلغان. زامان ئاخىر توغرىسىدا توختالغاندا: «ناۋادا شۇنداق چېسلا بېكىتىلىپلا قالسا، پاي چېكى بازىرىدا باھا چۇشۇپ كېتىدۇ، ناۋادا زامان ئاخىر بولۇپ، ھېچنېمىڭىزنى ئېلىپ كېتەلمەيدىغان ھالغا چۇشۇپ قالسىڭىز، يەنە زامان ئاخىر بولىدىغان چاغدا قولىڭىزدىكى پاي چېكىنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ بۇنى ھەرقانچە ئويلىغان بىلەنمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ يېزىپ، زامان ئاخىر ھەققىدىكى بېشارەتنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان روھىي جەھەتتىكى ساراسىمىنى كۆچلۈك مەسخىرە قىلغان. «باشقا زامان ئاخىر بېشارەتچىلىرىگە قارىغاندا، مېنىڭ ئىشىم تېخىمۇ ئوڭغا تارتتى. ئالەم تارىيىدىغان ئىش بولسا، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئالدىن بېشارەت بەرسەم بولاتتى، شۇغىنىسى ئالەم كەم دېگەندە 10 مىليارد يىلغىچە كېڭىيىشتىن توختىمايدۇ. مېنىڭچە، ئۇ چاغ كەلگىچە، مەنمۇ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىمەن – دە، خاتا قىلغانلىقىمنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنىمۇ كۆرەلمەيمەن.» بۇ جۈملىلەردە ئۆز – ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش شەكلى ئارقىلىق «ئالەم كەم دېگەندە 10 مىليارد يىلغىچە كېڭىيىشتىن توختىمايدۇ» دېگەن مۇھىم ئۇچۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

# ئۇيغۇر تىلى

## جۈملە بۆلەكلىرى توغرىسىدا ئۇمۇمىي چۈشەنچە

جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىپ، بىر تۇتاش جۈملىنى شەكىللەندۈ-رىدىغان ھەم مەلۇم سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان ھەربىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلار ئايرىم ھالدا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جۈملىدە مۇستەقىل ھالدا بىرەر سوئالغا جاۋاب بولالمايدۇ ۋە مۇستەقىل مەنە ئاڭلاتمايدۇ، جۈملىدە بىرەر ۋەزىپىدىمۇ كېلەلمەيدۇ.

جۈملىنى شەكىللەندۈرىدىغان بۆلەكلەرنىڭ بەزىلىرى جۈملە تۈزۈلۈشىدە مۇھىم (باش) رول ئوينىسا، بەزىلىرى قوشۇمچە (ئەگەشمە) رول ئوينايدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى-نىڭ جۈملىدە ئوينايدىغان ئەنە شۇنداق رولىغا قاراپ، ئۇلارنى باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتتىن ئىبارەت بەش بۆلەك بار. ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى-نىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان، جۈملىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىككى مەنە مەركىزى ھېسابلىنىدۇ.

**1. ئىگە دېگەن نېمە؟**

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە ئاساس بولىدىغان، خەۋەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان ئىش - ھەرىكەت ياكى باشقا بەلگىلەرنىڭ كىم ۋە نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىگە جۈملىدىكى بايان قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت. ئىگە جۈملىدە باش كېلىشتە كېلىپ جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن تەۋەلىك (شەخس) ۋە سان (بىرلىك ياكى كۆپلۈك) جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن: مەن كەلدىم. سەن يازدىڭ. ئۇ باردى. ئۇلار باردى.

**2. ئاددىي ئىگە ۋە مۇرەككەپ ئىگە دېگەن نېمە؟**

جۈملىدىكى ئىگە بىرلا سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ، سۆز بىرىكمىلىرى بىلەنمۇ ئىپادى-لىنىدۇ.

بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىگە ئاددىي ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىگە مۇرەككەپ ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

**3. قانداق سۆزلەر جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ؟**

1) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر جۈملىدە ئىگە ۋەزىپە-

سىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :
ئابدۇۋەلى ئەلاچى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ . (ئاددىي ئىگە)
مائارىپ خىزمەتچىلىرى مۇكاپاتلاندى . (مۇرەككەپ ئىگە)
گۈلىيار ئاپىسىغا ياردەملەشتى .
يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سورىدى .
2 ) ئىسىملار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :
گۈلنار ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ .
ئەخلاق ئادەم زىننىتى .
بۇۋىھەجەر ، گۈزەلنۇر ، ئايىمنىسالار پەيزاۋاتتا ئىشلەيدۇ .
3 ) سۈپەتلەر جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :
ياخشى ئىشى بىلەن ياخشى .
— كۆك يېقىملىق رەڭ .
مېنىڭ يۈزۈمدە قارا بارمۇ ؟
4 ) سان جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :
يىغىنغا قاتنىشىدىغانلاردىن ئۈچەيلەن ھازىرغىچە كەلمەيۋاتىدۇ .
5 ) ئالماش جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :
مەن دائىم ئوقۇغۇچىلىرىمنى ئەسلەيمەن .
سىز بالدۇرراق قايتىڭ .
يىغىنغا ئۇلار قاتناشمايدىغان ئوخشايدۇ .
6 ) تەقلىد سۆزلەر جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :
ۋاراڭ - چۇرۇڭ بارغانسېرى كۈچەيدى .
تاراق - تۇرۇق يېرىم كېچىگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى .
7 ) سان - مىقدار بىرىكمىسى جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :
ئامۇتنىڭ بىر جىڭى قانچە پۇل ؟
گۆشنىڭ بىر كىلوسى 16 يۈەن ئىكەن .
8 ) ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :
ئالماقنىڭ بەرمىكى بار .
ئۇرۇش كىشىلەرگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ .
تاماكا چېكىش زىيانلىق .
9 ) سۈپەتداشلار جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ .
سورىغان بىلىم ئالىدۇ ، ئويىلىغان كېيىن قالىدۇ .
كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار ، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار .
يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئايرىم رەۋىش ۋە ئىملىقلارمۇ بەزىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .

مەسىلەن :
ھورۇننىڭ ئەتىسى توگىمەيدۇ .
جاھاننى قاپلىسۇن ئاھىم مېنىڭ .
1 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئىگىسىنى تېپىڭ ۋە ئۇ ئىگىنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ :
ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . ئەجىرنىڭ تېگى ئالتۇن . پارىخور ئەمەلدارلار جازالاندى . ئىشچان ئېشىنى يەيدۇ ، ھورۇن بېشىنى (يەيدۇ) . يىگىرمە بىرنىڭ ئىچىدە يەتتىدىن ئۈچى بار . بۇ رەختىنىڭ مېترى 12 يۈەن ئىكەن . تازىلىقتا ھەممەيلەن قاتناشتى . تادان تۈلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنىدۇ . بۇ كۆنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر . سەن كىشىلەرگە قولۇڭ-دىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل . تازىلىق ئادەم بىلەن ھايۋاننى پەرقلەندۈرىدۇ . ھەسەتخور-لۇق ناچار ئادەتتۇر . تىرىشچان ئادەم باي بولىدۇ .
1 ـ جۈملىدىكى ئىگە : كۆز (ئىسىمدىن كەلگەن)
2 ـ جۈملىدىكى ئىگە : تېگى (رەۋىش)
3 ـ جۈملىدىكى ئىگە : ئەمەلدارلار (ئىسىم)
4 ـ جۈملىدىكى ئىگە : ئىشچان ، ھورۇن (سۈپەتتىن كەلگەن)
5 ـ جۈملىدىكى ئىگە : ئۈچى (ساندىن كەلگەن)
6 ـ جۈملىدىكى ئىگە : مېترى (مىقداردىن كەلگەن)
7 ـ جۈملىدىكى ئىگە : ھەممەيلەن (ئالماشتىن كەلگەن)
8 ـ جۈملىدىكى ئىگە : كۆنلەرمۇ (ئىسىمدىن كەلگەن)
10 ـ جۈملىدىكى ئىگە : سەن (ئالماش)
11 ـ جۈملىدىكى ئىگە : تازىلىق (ئىسىم)
12 ـ جۈملىدىكى ئىگە : ھەسەتخورلۇق (ئىسىمدىن كەلگەن سۈپەت)
13 ـ جۈملىدىكى ئىگە : ئادەم (ئىسىم)
2 ـ كۆنۈكمە : ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، ئالماش ، سان ـ مىقدار ، ئىسىمداش ۋە سۈپەتداش سۆزلەر ئىگە بولغان يەتتە جۈملە تۈزۈڭ .
ئىسىم (ئۆلگە) : بىزنىڭ قەھرىمان خەلقىمىز ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن .
سۈپەت (ئۆلگە) : گول قازانغا قارايدۇ ، تادان ئوچاققا قارايدۇ .
سان (ئۆلگە) : ئوقۇغۇچىلاردىن تۆتى كەلمىدى .
ئالماش (ئۆلگە) : بىز تىرىشىپ ئۆگىنىمىز .
سان ـ مىقدار (ئۆلگە) : گازىنىڭ بىر لىتىرى قانچە پۇل ؟
ئىسىمداش (ئۆلگە) : ئەختەمنىڭ ئوقۇشى پۈتتى .
سۈپەتداش (ئۆلگە) : ئىشلىگەن چىشلەيدۇ .
4 . خەۋەر دېگەن نېمە؟
جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى بايان قىلىش رولىدا كېلىدىغان باش بۆلەك خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ .

خەۋەر بىر پۈتۈن جۈملىنى تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بولمىسىمۇ، جۈملىگە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن، خەۋەر بولمىسا، جۈملە تەشكىللەنمەيدۇ، يەنى خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار ئاساسەن خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خەۋەر بولۇپ كېلىشى شەرتلىك هالدا بولىدۇ. پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرى خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ.

**5. ئاددىي خەۋەر ۋە مۇرەككەپ خەۋەر دېگەن نېمە؟ مىسال.**

جۈملىدە بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەر ئاددىي خەۋەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن: دەرس باشلاندى. خوراز چىللىدى. كۈن چىقتى.

سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن خەۋەر مۇرەككەپ خەۋەر ياكى قوشما خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

پائالىيەت تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. ئۇ بىزنى ئۆيىدە كۈتۈپ تۇرماقچى ئىدى.

**6. جۈملىدە قانداق سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ؟ مىسال.**

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

1) پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

دادام ئىشقا ماڭدى. ئۇ توسقان ماشىنىلارنىڭ بىرىمۇ توختىمىدى.

2) ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەرمۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، بىرىككەن ياردەمچى پېئىللار بەزى هاللاردا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىدا ھۆكۈم ئىنتوناتسىيەسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئاكام دوختۇر بولدى. ئۇ تولىمۇ ياخشى ئادەم ئىكەن. مەكتەپ بىلىم بۇلىقىدۇر. ناسىرجاننىڭ پەرىزى توغرا چىقتى. ئاسمىگۈلنىڭ پىكرى يوللۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئەلپازى يامان تۇرىدۇ. سەككىزنى بەشكە كۆپەيتسەك قىرىق بولىدۇ. كېلىدىغانلارنىڭ سانى يىگىرمە ئىكەن. مېنىڭ رەت نومۇرۇم 35. بۇ قوغۇن بەش كىلوگىرام كەلدى.

3) ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ھەر ئىككىسى باش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەردىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق (—) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئادىل — دارۋاز. ئاۋۇ ئۆرە تۇرغان كىشى — دادام. بۇ — مەكتەپ. ئوقۇتقۇچىلىق — بىر خىل سەنئەت. بۇ گەپنى تاپقان — سەن! تۇرمۇشنىڭ ئۆزى — كۆرەش. تۆت — جۈپ سان.

3 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ:

دۇنياغا كەلگەنىكەن. قەد كۆتۈردى. ياردەم بەرمەكچى بولدى. يىگىرمە بەشىنچى. ئەمگەكچىلەردىن بولۇشىمىز لازىم. تۈگىتىشكىلار كېرەك. بولغان ئەمەس. قەدىرلىشىمىز

كېرەك . 365 كۈن بولىدۇ . ياخشى ئادەت ئەمەس .

ئۆلگە :

ئۇ نۇرغۇن جاپادا دۇنياغا كەلگەنىكەن .

بۇ شەھەردە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئىمارەتلەر قەد كۆتۈردى .

مۇئەللىم بىزگە ياردەم بەرمەكچى بولدى .

ئۇنىڭ نۆۋىتى يىگىرمە بەشىنچى .

بىز ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار ئەمگەكچىلەردىن بولۇشىمىز لازىم .

بۇ ئىشنى تېزرەك تۈگىتىشىڭلار كېرەك .

بۇ يەردە ئۇنداق ئىش بولغان ئەمەس .

ھەممىمىز ۋاقىتنى قەدىرلىشىمىز كېرەك .

بىر يىل 365 كۈن بولىدۇ .

ئاممىۋى سورۇندا نەرسىلەرنى قالايمىقان تاشلاش ياخشى ئادەت ئەمەس .

**7 . ئەگەشمە بۆلەك دېگەن نېمە؟ قانچىگە بۆلۈنىدۇ؟**

باش بۆلەكلەرگە ئەگىشىپ ، جۈملە مەزمۇنىنى كېڭەيتىدىغان ، روشەنلەشتۈرىدىغان بۆلەكلەر ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ .

ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملىدىكى رولىغا قاراپ ئېنىقلىغۇچى ، تولدۇرغۇچى ، ھالەت دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**8 . ئېنىقلىغۇچى دېگەن نېمە؟**

جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە بېقىنىپ ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى ، دەپ ئاتىلىدۇ .

ئېنىقلىغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى — «نىڭ» (تىلىمىزدا يەنە «ـ دىكى ، ـ تىكى ، ـ دەك ، ـ تەك» قوشۇلغان قۇرۇلمىلارمۇ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ) . ئېنىقلىغۇچى شەكىل جەھەتتىن بەزىلىرى بىر سۆزدىن ، بەزىلىرى بىرنەچچە سۆزدىن تۈزۈلىدۇ .

**9 . قانداق سۆزلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ؟ مىسال .**

جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر باش كېلىش ياكى ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە كېلىپ ، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ .

1 ) ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ .مەسىلەن :

پاتىگۈلنىڭ خېتى چىرايلىق .

2 ) سۈپەتلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ .مەسىلەن :

بىر تاتلىق قوغۇن يېدۇق . نىلۇپەر قىزىل ياغلىق سېتىۋالدى . يېزىمىزدا چوڭ ئۆستەڭ چېپىلدى .

3 ) سان جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ .مەسىلەن :

غاپپارنىڭ 30 كەپتىرى بار ئىكەن .

4 ) سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

بۈگۈن تىراكتور 30 مو يەر ھەيدىدى . تۆت دۆۋە ساختا مال كۆيدۈرۈلدى . تۇرسۇن بەش يەشىك ئالمىنى ئاتمىش يۈەنگە ساتتى . 200 جىڭ بۇغداي بىر تاغارغا سىغىدۇ .

5 ) ئالماشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

بۇ كىشى دائىم بولىدۇ . ئۇ ئادەم كىم ؟ قايسى يول يېقىنراق ؟ بىزنىڭ ئۆي ئوي مەھەللىدە .

6 ) سۈپەتداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۆلگەن چارۋىلارنى كۆمۈۋەتتۇق . بۈگۈن تىككەن كۆچەت قانچە تۈپ ؟ سۇنغان ئەينەكلەر ئالماشتۇرۇلدى . كۆپ سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق .

7) ئىسىمداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار ، چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار . ئۇرۇشنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ .

8 ) تەقلىد سۆزلەر جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار ئۇزاقتىچە بېسىلمىدى . مەن غۇر - غۇر شامالدا لەگلەك ئۇچۇردۇم .

4 - كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىنى تېپىڭ ۋە قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ :

پىلانسىز ئىش — قېلىپسىز خىش . ئەتىيازنىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . سېۋەتتىكى ئالمىلار لايغا چۈشۈپ كەتتى . زىرائەتلەر كۈچلۈك بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى . ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تاڭ ئاتقاندا نەگە كېتىدۇ ؟ ئۇ تېخى چۈشلۈك تاماق يېمەپتۇ . 18 - چېسلا قۇربان ھېيت بولىدۇ . ئۇ بىر خالتا ئوغۇتنى يۈدۈپ ئۆيىگە ماڭدى . موزايلارنىڭ مۆرەشلىرى تۇغۇلغان يېزامنى ئەسلەتتى .

1 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : پىلانسىز ، قېلىپسىز (سۈپەت)

2 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : ئەتىيازنىڭ (ئىسىم)

3 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : سېۋەتتىكى (ئىسىم)

4 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : كۈچلۈك بوراننىڭ (سۈپەت ، ئىسىم)

5 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : ئاسماندىكى (ئىسىم)

6 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : چۈشلۈك (سۈپەت)

7 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : قۇربان (ئىسىم)

8 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : بىر خالتا (سان - مىقدار)

9 - جۈملىدىكى ئېنىقلىغۇچى : موزايلارنىڭ (ئىسىم) ، تۇغۇلغان (سۈپەتداش)

**10 . تولدۇرغۇچى دېگەن نېمە؟ قانداق سۆزلەر تولدۇرغۇچى بولالايدۇ؟ مىسال .**

جۈملىدە پېئىل ۋە پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ .

تولدۇرغۇچىلار باش ۋە ئىگىلىك كېلىشلەردىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ . تولدۇرغۇچىنىڭ گىرامماتىكىلىق بەلگىسى «نى» بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى

ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . جۈملىدە تۆۋەندىكى سۆز تۈركۈملىرى تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ :

1 ) ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

بىز ئوقۇتقۇچىمىزنى ھـۆرمـەتلەيـمـىز . مەن موماممنىڭ ئوتۇنلىرىنى يېرىپ بەر- دىم .

2 ) سۈپەتلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم .

3 ) سان جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلـەن :

ئـەيسا بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى . سىز ماشا ماركىدىن تۆتنى ئالغاچ كېلىڭ .

4 ) سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

كۆمۈرنىڭ ئىككى تونىسىنى مەن ئالاي . تېرەكلەرنىڭ تۆت تۈپىنى بۇ يىل كېسەيلى .

5 ) ئالماشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

مەن بۈگۈن سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىم . بىز ئۇلارنى ياخشى كۆتىمىز . سەن ئۇنى تونۇمسەن ؟

6 ) تەقلىد سۆزلەر جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

تـاراق ـ تـۇرۇقنى توختاتساڭلارچۇ ؟ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ، ئەلۋەتتە ، ھېچقايسىمىز خالىمايمىز .

7 ) سۈپەتداشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

يېڭى كەلگەنلەرنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردۇق . ئۆيگە كەتكەنلەرنى يەنە بىردەم ساقلايلى .

8 ) ئىسىمداشلار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئېرشات پۇتبول ئوييناشنى ياخشى كۆرىدۇ . سىز سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز ؟ مەن ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلىۋاتىمەن .

**11 . ئاددىي تولدۇرغۇچى ۋە مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى دېگەن نېمە؟ مىسال .**

جۈملىدىكى تولدۇرغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ . بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن تولدۇرغۇچى ئاددىي تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ . بەزى تولدۇرغۇچىلار سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە بولىدۇ . ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن تولدۇرغۇچى مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ .مەسىلەن :

سىز خەتنى چىرايلىق يېزىپسىز . (ئاددىي )

ئابدۇنەبىجان ئۈنئالغۇ رېمونت قىلىشنى بىلىدۇ . (مۇرەككەپ )

5 ـ كۆنۈكمە : ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرىدىن بولغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى تولدۇرغۇچى رولىدا كەلتۈرۈپ ئون جۈملە تۈزۈڭ .

ئۈلگە :

1 ) ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت باشقىلارنىڭ ئالدىدا قۇل مىللەتتۇر . (ئىـ- سىم )

2 ) بىز چوڭلارنى ھۆرمەتلەيمىز ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەيمىز . (سۈپەت )
3 ) گۈلسۈم بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى . (سان )
4 ) ماقالە ئۆرگىنالىنىڭ بىر پارچىسىنى مەن كۆچۈرەي . (سان ـ مىقدار )
5 ) مەن ھېچكىمنى ئاۋارە قىلمايمەن . (ئالماش )
6 ) ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ھېچقايسىمىز خالىمايمىز . (تەقلىد سۆز )
7 ) ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغىتىڭ . (سۈپەتداش )
8 ) ھەممىمىز خىنزۇچە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتايلى . (ئىسىمداش )
9 ) ئېرشات پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ . (ئىسىمداش )
10 ) ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەق بىلەن ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك . (سۈپەت )

6 ـ كۆنۈكمە : تەركىبىدە «نى » قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان تولدۇرغۇچىلارنى كەلتۈرۈپ ئون جۈملە تۈزۈڭ .

ئۈلگە :

1 ) سىز تۈنۈگۈن تاپشۇرۇق ئىشلىمەپسىزغۇ ؟
2 ) ئۇلار ئالما ئۈزدى .
3 ) ئۇلار ئالما ئالدى .
4 ) مەن كىتاب ئوقۇدۇم .
5 ) ئۇ دەپتەر سېتىۋالدى .
6 ) بىز تازىلىق قىلدۇق .
7 ) ئۇ خەت يازدى .
8 ) ئۇ گەپ قىلدى .
9 ) بىز كىنو كۆرۈشكە باردۇق .
10 ) مەن كېسەل يوقلاپ كەلدىم .

**12 . ھالەت دېگەن نېمە؟**

جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ .

ھەرىكەتنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ ھالەتلىرى دېگەندە ، جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئورنى ، ۋاقتى ، ئۇسۇلى ، دەرىجىسى ، چېكى ، سەۋەبى ياكى مەقسىتى ، نىشان ـ يۆنىلىشى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ . جۈملىدىكى ھالەتنىڭ گىرامماتىكىلىق مەزمۇن دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ ، ئۇ باش كېلىش ، ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە كەلگەن سۆزلەردىن تۈزۈلۈپ ، ئۆزى بېقىنغان بۆلەكنى جۈملىدە خەۋەرنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەرەپلەردىن ئېنىقلايدۇ .

جۈملىنىڭ ھالەت بۆلىكى شەكىل جەھەتتىن بەزىدە بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ ، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە بولىدۇ .مەسىلەن :

مەن ئاتا ـ ئانامنى كۆرگىلى بارىمەن . بىز سىلەر بىلەن دوست بولۇش ئۈچۈن كەلدۇق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ . بىز ئەھۋالىنى تېزدىن ياخشىلاشقا تىرىشىمىز .

13 . قانداق سۆزلەر ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ؟ مىسال .

1 ) رەۋىشلەر جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . مەسىلەن : ماشىنا ئاستا ـ ئاستا قوزغالدى . مەن ئالدىدا ماڭدىم . مەريەم دەرھال قايتىپ كەلسۇن .

2 ) رەۋىشداشلار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :

ئۆزلىرى ئولتۇرۇپ سۆزلىسىلە . بىز پاراڭلاشقاچ ماڭدۇق .

3 ) سۈپەتلەر جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . مەسىلەن : بىز رەتلىك كىيىنىشىمىز كېرەك . سىز بۇ گەپنى ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ .

4 ) سۈپەتداشلار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :

ئۇلار يامغۇر يېغىۋاتقاندا يېتىپ كەلدى .

5 ) ئىسىملار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :

بىز كوچىدىن كەلدۇق . ئۇلار مەكتەپتىن قايتىپ كەلدى . ئەنۋەر ئاقسۇ پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ .

6 ) ئىسىمداشلار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

مەھەللىمىزدىن بەشەيلەن ئۆگىنىشكە قاتناشتى . جەڭچىلەر ئۇرۇشقا ماڭدى .

7 ) سانلار جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئابدۇشۇكۇر بوكس مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى . مېھمانلار ئىككىدىن ـ ئۈچتىن كېلىشكە باشلىدى .

8 ) سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ كىشى سىزنى ئىزدەپ ئۈچ قېتىم كەلدى . مەن گۆشتىن بىر كىلوگىرام ئالىمەن . پويىز بىر سائەتتە 70 كىلومېتىر ماڭىدۇ .

7 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ : قاتتىق ، ئۇرغۇن ، سەھەر ، زورمۇزور ، بىر سائەت ، بىرى ، يىراقتىن ، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن

ئۈلگە : دادام قىلغان ئىشلىرىمنى ئاڭلاپ ، مېنى قاتتىق ئۇردى .

14 . ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەتلەر نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەتلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇن دائىرىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

1 ) سۈپەت ھالىتى : سۈپەت ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش ئۇسۇلى ۋە دەرىجىسى جەھەتتىكى ھالەتلەرنى بىلدۈرىدۇ . سۈپەت ھالىتى سۈپەت سۆزلىرى ، دەرىجە رەۋىشلىرى ۋە ھالەت رەۋىشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .

سۈپەت ھالەت رولىدا كەلگەندە ، شەيئىنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرمەي ، ھەرىكەتنىڭ

بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ . دەرىجە رەۋىشلىرى ھالەت رولىدا كەلگەندە ، بەلگىنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى پەرقىنى بىلدۈرىدۇ ياكى سۈپەتنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىدۇ . مەسىلەن :

غالىب رەسىمنى چىرايلىق سىزىپتۇ . نۇر دۇتارنى قەۋەتلا ئوبدان چالدى . بوران بەك قاتتىق چىقىۋاتىدۇ .

2 ) ۋاقىت ھالىتى : ۋاقىت ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ . ۋاقىت رەۋىشلىرى ۋە ۋاقىت ، پەسىلنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ۋاقىت ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :

مەن بۈگۈن نۆۋەتچىلىك قىلىمەن . پاتىگۈل بايا كېتىپ قالدى . تاجىگۈل چۈشتە دەم ئالمىدى .

3 ) ئورۇن ھالىتى : ئورۇن ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدۇ . ئورۇن رەۋىشلىرى ئورۇن ـ پەيت كېلىش ، چىقىش كېلىش ، يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىملار ، «غىچە ، ـ قىچە ، ـ گىچە ، ـ كىچە» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنـ گەن ئورۇن ـ تەرەپ ئىسىملىرى ۋە «ياقىا قاراپ ، تەرەپكە قاراپ» سۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن ئورۇن ـ تەرەپ ئىسىملىرى جۈملىدە ئورۇن ھالىتى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ .مەسىلەن :

پەستە قوشنىلارنىڭ بالىلىرى ئويناۋاتقانىكەن . قىزىل قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلدى . مەن ئۇنىڭ بېيىدىن نېرى كەتتىم . زۆھرەگۈل ھەدەم تاشقورغاندا ئىشلەيدۇ .

4 ) سەۋەب ھالىتى : سەۋەب ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنىڭ شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە :

(1) «ـ لىق ، ـ لىك» بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتداشلار ئۈچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ى» بىلەن تۈرلىنىپ ، يەنە «ئۈچۈن» سۆزى بىلەن بىرىكىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .مەسىلەن :

مۇنىرە تىرىشىپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى . مۇيەسسەر سىنىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇكاپاتلاندى .

(2) «ـ لىق ، ـ لىك» بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتداشلارغا يەنە «ـ دىن ، ـ تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .مەسىلەن :

ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكتىن شۇنداق دەيدۇ . پەرۋىش ياخشى بولغانلىقتىن ، مول ھوسۇل ئېلىندى .

5 ) مەقسەت ھالىتى : مەقسەت ھالىتى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىـ دۇ . مەقسەت رەۋىشلىرى ، «دەپ» شەكلىدە ئاخىرلاشقان رەۋىشداشلار ۋە «ئۈچۈن» تىركەلمىسى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىمداشلار جۈملىدە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم . ئۇ چېچىنى ياساتقىلى كېتىپتۇ . بىز سىلەردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدۇق . مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەي دەپ كېتىۋاتىمەن .

8 ـ كۆنۈكمە : تەركىبىدە سۈپەت ھالىتى بولغان ئون جۈملە تۈزۈڭ :

ئۈلگە : ئۇ كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى .

9 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭ .

ھامان ، بايا ، ئىلگىرى ، كۈندۈزدە ، گاھىدا ، كېلەر يىلى ، بەزىدە ، كەچقۇرۇن ، باھاردا ، ھېلى ، بۈگۈندىن تارتىپ ، ئەمدىلا

ئۈلگە : بۈگۈندىن تارتىپ نۆۋەتچىلىكنى مەنلا قىلىمەن .

10 ـ كۆنۈكمە : تەركىبىدە ھەر خىل شەكىلدىكى ئورۇن ھالىتى بولغان ئون جۈملە تۈزۈڭ .

ئۈلگە : بۇ قېتىملىق يىغىن قەشقەردە ئېچىلىدۇ .

11 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى سەۋەب ھالىتى قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ :

تىرىشمىغانلىقى ئۈچۈن ، ياخشىلىغانلىقتىن ، چارە تاپالمىغانلىقىمىزدىن ، ئۆسكەنلىكـتىن ، ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ئىشلىمىگەنلىكتىن

ئۈلگە : ئۇ تىرىشمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىمتىھان نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قالدى .

12 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى مەقسەت ھالىتى قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ :

خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ، مەسلىھەت بېرەر دەپ ، قاتناشقىلى ، كەلمەي قالمىسۇن دەپ ، سۆزلىشىش ئۈچۈن ، ئوينىغىلى

ئۈلگە : مەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا مەسلىھەت بېرەرمىكىن دەپ كەلدىم .

13 ـ كۆنۈكمە : ھالەتنىڭ ھەربىر تۈرى ئۈچۈن ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭ .

ئۈلگە : مەن ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن .

**15 . جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

جۈملىدە بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدىغان ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كەلگەن بۆلەكلەر جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ .مەسىلەن :

مېنى تۇغقانلىرىم ، دوستلىرىم ۋە قوشنىلىرىم ئۇزىتىپ چىقتى .

جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

1 ) جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى بىر ـ بىرىگە بېقىنمايدۇ ، ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ ، ئورتاق ھالدا باشقا بىر بۆلەك بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ھەم بىر خىللا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ .

2 ) جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە ، يېزىقتا باغلىغۇچىلار ۋە تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ .

3 ) جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىگە قوشۇمچە قوشۇشتا ، بەزىدە ھەربىر بۆلەككە ئايرىم ـ ئايرىم قوشۇلىدۇ ، بەزىدە ئەڭ ئاخىرقى بۆلەككىلا قوشۇلىدۇ .مەسىلەن :

بىز بۈگۈن زال ، يول ۋە مەيداننى تازىلىدۇق .

مەن جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرى بولغان بېيجىڭغا ، شاڭخەيگە ، تيەنجىنگە بارغان .

تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى جۈملە مەزمۇنىغا قاراپ ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . تىلـ

ىمىزدىكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسى تەڭداش بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

14 ـ كۆنۈكمە: ھەر خىل ۋەزىيەتتىكى تەڭداش بۆلەكلەر بولغان بەش جۈملە تۈزۈڭ.

ئۆلگە: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەتتىن ئىبارەت بەش خىل جۈملە بۆلىكى بار.

16. كېڭەيگەن بۆلەك دېگەن نېمە؟ قانداق ۋەزىيەتتە كېلىدۇ؟

ئەسلىدە بىر ئاددىي جۈملە بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىر ئاددىي جۈملىنىڭ تەركىبىدە كېلىپ، مەلۇم بىر ئەگەشمە بۆلەكلىك ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قۇرۇلما (جۈملە شەكلى) كېڭەيگەن بۆلەك دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملىدە كېڭەيگەن بۆلەك بولۇپ كېلىدىغان ئاددىي جۈملە ئەسلىدىكى جۈملىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ (ئۇ شۇ جۈملە تەركىبىدە تۇرغاندا ئايرىم جۈملە ھېسابلانمايدۇ)، ئۇ خىل قۇرۇلما جۈملىنىڭ مەلۇم بىر ئەگەشمە بۆلىكىنىڭ رولىدا كېلىدۇ.

ئاپتور سۆزىنىڭ تەركىبىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملىلەر كېڭەيگەن بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. كېڭەيگەن بۆلەكلەر ئېنىقلىغۇچى، تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھۈرۈننىڭ ھۈنىرى ئۇيقۇ دېگەندەك ئۇ تېخى ئۇخلاپ يېتىپتۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

سۇ كەلگىچە تۇغان سال دېگەننى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن پۇختا تەييارلىق قىلىش كېرەك دەپ چۈشىنىمىز. (تولدۇرغۇچى)

غۇنچەم سانىماي سەككىز دېمەڭلار دەپ ھەممىمىزنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. (ھالەت)

15 ـ كۆنۈكمە: تەركىبىدە ھەر خىل ۋەزىيەتتىكى كېڭەيگەن بۆلەك كەلگەن ئالتە جۈملە تۈزۈڭ.

ئۆلگە: مەن مۇئەللىمگە، تاپشۇرۇقلارنى ۋاقتىدا ئىشلەيمەن دەپ ۋەدە بەردىم.

17. جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيىتى بار؟

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەر تەركىبىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ، بەلگىلىك سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان سۆز ۋە بىرىكمىلەردىن باشقا، جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولمايدىغان، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدىغان سۆز ۋە بىرىكمىلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق سۆز ۋە بىرىكمىنىڭ بەزىلىرى سۆز شەكلىدە، بەزىلىرى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە، ھەتتا بەزىلىرى جۈملە شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنداق بىرىكمىلەر جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيەسى، ھېس ـ تۇيغۇسى، پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ياكى جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلايدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدىغان، جۈملە بۆلەكلىرىدىن ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ۋە تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان تەركىبلەر جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر تۆۋەندىكىدەك

خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ :

1 ) جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر جۈملىدە بىرەر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتىمەيدۇ ، ئۇلار جۈملە تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىلسىمۇ ، جۈملىنىڭ مەنىسى ۋە تۈزۈلۈشىگە ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدۇ .مەسىلەن :

بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىمىز ، ئەۋلەتتە .

2 ) جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز ۋە بىرىكمىلەر ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ، ئەدەبىي يېزىق تىلىدا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئۆزى تۇرۇۋاتقان جۈملىدىكى بۆلەكلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن :

دوستۇم ، مەن سېنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەيمەن .

مېنىڭچە ، ئابدۇللانىڭ پىكرى توغرا بولمىدى .

بەللى ، ئەمدى تازا بەلەن بولدى .

**18 . جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ قايسىلار؟**

جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن قاراتما سۆز ، قىستۇرما سۆز ، ئىملىق سۆز ۋە ئىزاھلىغۇچى سۆز دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**19 . قاراتما سۆز دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟**

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ كىمگە ، نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىش ياكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز قاراتما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ .

قاراتما سۆزلەر تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن بەزىدە بىر سۆز شەكلىدە ، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئاسىمگۈل ، نەگە ماڭدىڭىز ؟ ساۋاقداشلار ، دوسكىغا قاراڭلار . ئىنىم ئابلىز ، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن ؟

قاراتما سۆزلەر كۆپ ھاللاردا جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىدۇ ، قىسمەن ھاللاردا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن . قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە ، قاراتما سۆزدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ . قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە ، قاراتما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ . قاراتما سۆزلەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە ، قاراتما سۆزدىن بۇرۇن پەش قويۇلىدۇ .مەسىلەن :

قىزىم ، قاتناش بېكىتىگە قانداق ماڭىدۇ ؟ ساڭا ئۆزۈن ئۆمۈر تىلەيمەن ، ئانا . تاللاپ ئال ، خېرىدار ، دانىسى بىر يۈەن !

**20 . قىستۇرما سۆز دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟**

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرىدىغان ، جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر قىستۇرما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ .

قىستۇرما سۆزلەر بەزىدە بىر سۆز شەكلىدە، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە، ئايرىم ئەھۋالدا جۈملە شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. قىستۇرما سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدىمۇ، ئوتتۇرىسىدىمۇ ۋە ئاخىرىدىمۇ كېلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ ئوتتۇرىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ. قىستۇرما سۆز جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، قىستۇرما سۆزدىن ئاۋۋال پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭچە، ئاينۇرنىڭ پىكرى توغرا بولمىدى. ھەر ھالدا، ئىشنى پۈتتۈرۈۋالدۇق. مەن سېنى، ئاللاھازەل، بىر سائەت ساقلىدىم. مەنمۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرمەكچى ئىدىم، جۈمۇ. بىز دەرۋەقە، توغرا قىلماپتۇق.

ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىلەر كۆپىنچە قىستۇرما سۆز ياكى قىستۇرما بىرىكمە رولىدا كېلىدۇ:

ئەمىسە، مەيلى، تېخى، قېنى، ئېھتىمال، ھەرھالدا، جۈمۇ، خۇددى، ھېلى بىكار، زادى، خالاس، ھېلىمۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا، مېنىڭچە، خەيرىيەت، ئەلۋەتتە، بەختىمىزگە يارىشا، سۆزسىز، ھېچبولمىغاندا، بەختىمىزگە قارشى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دەرۋەقە، نەزەرىمدە، شۈبھىسىز، بىر تەرەپتىن، يەنە بىر تەرەپتىن، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، بەرىبىر، شۇنداق قىلىپ دېگەنبىلەن، نېمىلا قىلغان بىلەن، ئىشقىلىپ، نېمە بولسا ـ بولسۇن، قانداقلا بولمىسۇن...

21. ئىملىق سۆز دېگەن نېمە؟ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە؟ مىسال.

جۈملىدىكى پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان سۆزلەر ئىملىق سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىملىق سۆزلەر جۈملىگە خۇشاللىق، ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش، ماختاش... تۇيغۇلىرىنى قوشۇپ، پىكىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كەلسە، ئۇنىڭدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئىملىق سۆزنىڭ ئىككى تەرىپىگە پەش قويۇلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر ھاياجانلىق ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەستا، ئۇنىڭ مۇشۇ ۋاقىتچە كەلمىگىنىنى. ئاپلا، يەنە ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۈگۈن، ئەلۋەتتە، سىلەرنىڭ ئۆيگە بارىمەن. مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى ئەستە چىڭ تۇت، جۈمۇ، بالام. تۇۋا، قىپقىزىل سارائكەنغۇ بۇ!

22. ئىزاھلىغۇچى سۆز دېگەن نېمە؟ خۇسۇسىيىتى نېمە؟ مىسال.

جۈملىدىكى مەلۇم بىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش ـ روشەنلەشتۈرۈش رولىدا كېلىدىغان جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان سۆز ئىزاھلىغۇچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىزاھلىغۇچى سۆز شەكلى جەھەتتىن بەزىدە بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بەزىدە

سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىزاھلىغۇچى سۆز جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىزاھلايدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز جۈملىدە ئىزاھلانغۇچى سۆزدىن كېيىن كېلىدۇ. ئىزاھلىغۇچى سۆز ئەدەبىي ئېغىز تىلىدا باشقا بۆلەكلەردىن ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ، ئەدەبىي يېزىق تىلىدا تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ ياكى سىزىق ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى (بېيجىڭ) ئىنتايىن گۈزەل شەھەر ئىكەن، (ئىگىنى ئىزاھ- لىدى)

بوران ئاپىتى تۈپەيلىدىن زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچرىدى — قوم بېسىپ كەتتى. (خەۋەر- نى ئىزاھلىدى)

**16 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە قاراتما سۆز قوشۇپ كۆچۈرۈڭ:**

سائىتىڭىز نەچچە بولغاندۇ؟ مەن سىزنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن مەكتەپكە ماڭدىم. بۈگۈن ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس قاتنامدۇ؟ ھەممىڭلار قولۇڭلارغا تازىلىق سايمانلىرىنى ئېلىڭلار. ئۆيگە كىرىڭ. تۈنۈگۈن مېنى ئىزدىگەنمىدىڭ. سىز دوسكىغا چىقىڭ. مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلمايمەن. بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ.

ئۈلگە: قىزچاق، سائىتىڭىز نەچچە بولغاندۇ؟ ئوغلۇم، مەن سىزنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن مەكتەپكە ماڭدىم، ئانا. ئەپەندىم، بۈگۈن ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس قاتنامدۇ؟ ساۋاقداشلار، ھەممىڭلار قولۇڭلارغا تازىلىق سايمانلىرىنى ئېلىڭلار. تاغا، ئۆيگە كىرىڭ. تۈنۈگۈن مېنى ئىزدىگەنمىدىڭ، ئانا. رۇقىيە، سىز دوسكىغا چىقىڭ. كۆپچى- لىك، مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارغا قوشۇلمايمەن. ئوغلۇم، بۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ.

**17 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى قىستۇرما سۆز رولىدا كەلتۈرۈپ جۈملە تۈزۈڭ:**

سىزنىڭچە، نېمىلا دېگەنبىلەن، مەن ئىشىنىمەن، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن، ئاڭ- لىشىمچە، ئېھتىمال، بەلكىم

ئۈلگە: سىزنىڭ بۈگۈنكى قىلغىنىڭىز، ئوچۇقىنى دېسەم، تولىمۇ سەت بولدى.

**18 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە تۈزۈڭ:**

خەپ، يائاللا، ئىسىت، ۋايىيەي، ھىم، ۋىيەي، ياپىر، ئەستا

ئۈلگە: يائاللا، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟

**23. ئاددىي جۈملە نېمىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەنلىكى ياكى باش بۆلەك- لەر بىلەن ئەگەشمە بۆلەكلەر ئارىلىشىپ تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن يىغىق ئاددىي جۈملە ۋە يېيىق ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئىگىسى بار ياكى يوقلۇقىغا ئاساسەن ئىگىلىك ئاددىي جۈملە ۋە ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەرنىڭ تولۇق ئېيتىلغان ياكى ئېيتىلمىغانلىقىغا ئاساسەن تولۇق ئاددىي جۈملە ۋە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**24. يىغىق ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال.**

باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملە يىغىق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقىت توشتى . يامغۇر ياغدى . قوڭغۇراق چېلىندى . بىلىم — كۈچ . تىل — ئاچقۇچ .

**25 . يېيىق ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟**

تەركىبىدە باش بۆلەكمۇ ، ئەگەشمە بۆلەكمۇ بولغان ئاددىي جۈملە يېيىق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

بوران گۈركىرەپ چىقىۋاتىدۇ . بىز ئىشىمىزنى تۈگەتتۇق . ئۇلار بۇگۈن دەم ئالدى . بىزنىڭ مۇئەللىم دەرسنى ياخشى سۆزلەيدۇ . ئابدۇرازاق مۇسابىقىدە بىرىنچى بولدى .

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى يېيىق ئاددىي جۈملىلەردە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن بىرىلا بولۇشى مۇمكىن ، بەزىلىرىدە ئىككىسى بولۇشى مۇمكىن ؛ بەزى يېيىق ئاددىي جۈملىلەردە باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق بولۇشى مۇمكىن . مەسىلەن :

دادام قوينى سويدى . (ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر )

مېنىڭ دادام قوينى سويدى . (ئېنىقلىغۇچى — ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر )

**26 . ئىگىلىك ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟**

ئىگىسى بار ياكى ئىگىسى ئېنىق ئېيتىلمىسىمۇ ، خەۋىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملە ئىگىلىك ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

تىل كىشىلەرنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەن كۈچلەر-نىڭ بىرىدۇر . خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىنىڭ . ئانا تىلىمىزنى قەدىرلىشىمىز لازىم . ئۆزىڭىز ياخشى ئويلىنىڭ .

ئىگە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ :

1 ) ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئاددىي جۈملە قاتار كەلگەندە ، ئىگە باشتىكى ئاددىي جۈملىدە ئېنىق ئېيتىلىپ ، كېيىنكى ئاددىي جۈملىلەردە ئېيتىلمايدۇ . مەسىلەن :

ئوپال مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانا يۇرتى ، شانلىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى ، مەڭگۈ قەدىر-لىنىدىغان مۇقەددەس دىياردۇر .

2 ) ئىگىسى خەۋەردىكى تەۋەلىك قوشۇمچىسىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان جۈملىلەردە ئىگە ئېنىق ئېيتىلمايدۇ . مەسىلەن :

ئۇنى ئىشلەتتۇق . ياخشى ئاسرىمىدۇق . تەتىلدە مومامنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم .

**27 . ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟**

گىرامماتىكىلىق ئىگىسى يوق ئاددىي جۈملە ئىگىسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگىلى بولمىدى . بۇ مەسىلىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

**28 . تولۇق ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟**

شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلغان ئاددىي جۈملە تولۇق ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .مەسىلەن :

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 1995 ـ يىل 25 ـ ئۆكتەبىردە ئالەمدىن ئۆتتى . قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشى كېرەك .

**29 . تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دېگەن نېمە؟**

شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلمىغان ئاددىي جۈملە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

تولۇقسىز ئاددىي جۈملىلەر بەدىئىي ئەسەرلەردە، ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىمىزدىكى دىيالوگلاردا كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— ئەتە ئۆيگە بارامسىز؟

— بارمايمەن.

**19 - كۆنۈكمە: تۆۋەندىكى قېلىپ بويىچە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭ:**

1) ئېنىقلىغۇچى — ئىگە — تولدۇرغۇچى — ھالەت — خەۋەر.

2) ئىگە — تولدۇرغۇچى — خەۋەر.

3) ئېنىقلىغۇچى — ئىگە — ھالەت — خەۋەر.

ئۈلگە: 1) لىڭشىتماقتا كۈچلۈك شامال دەرەخلەرنى توختاۋسىز.

2) بىز كىتاب ئوقۇدۇق.

3) غەيرەتنىڭ دادىسى ئۈرۈمچىدىن كەپتۇ.

**30 . مۇرەككەپ جۈملە دېگەن نېمە؟ قانداق تۈزۈلىدۇ؟**

بىز پىكىرلىرىمىزنى ئاددىي جۈملە شەكلى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەيمىز، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ جۈملىلەر ئارقىلىقمۇ بىرقەدەر كەڭ مەنىدىكى مۇرەككەپ پىكىرلەرنى ئىپادىلەيمىز. بىر جۈملىنىڭ ئاددىي جۈملە ياكى مۇرەككەپ جۈملە ئىكەنلىكى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ بىر ياكى بىردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

مەنە جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇرەككەپ جۈملە مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەڭ چوڭ تىل بىرلىكى بولۇپ، ئۇ سىنتاكسىسنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. مۇرەككەپ جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر توختىدى، بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا تارقىدى؛ غۇر - غۇر شامال چىقتى، يوللار قۇرۇشقا باشلىدى.

**31 . مۇرەككەپ جۈملىلەر قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟**

جاۋاب: مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ:

1) مۇرەككەپ جۈملىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ مەنتىققە ئۇيغۇن ھالدا بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، مۇرەككەپ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

2) مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتە ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

3 ) مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ .

4 ) مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىگىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى بىر ئىگە بىرقانچە ئاددىي جۈملىگە ئورتاق بولۇشىمۇ مۇمكىن .

5 ) بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ ، بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ ؛ يەنە بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە (ئىككى خىل مۇناسىۋەتتە ) باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلىدۇ .مەسىلەن :

يېڭى ئۆي پۈتتى ، بىز يېڭى ئۆيگە كۆچتۇق . ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان . قانۇن بولمىسا ، تەرتىپ بۇزۇلىدۇ ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىدۇ .

**32 . مۇرەككەپ جۈملە قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە باغلانغانلىقى ئۆلچەم قىلىنىپ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . ئاشۇ ئۆلچەم بويىچە تىلىمىزدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەر تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

**33 . تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن نېمە؟ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ جۈملە تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

1 ) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بىر - بىرىگە بېقىنمايدۇ ، مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇستەقىللىقنى ساقلايدۇ (زۆرۈر تېپىلغاندا ، ئايرىپ قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ ) .

2 ) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ، يېزىقتا باغلىغۇچىلار ۋە تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ .

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ئۆز تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ باغلىنىش شەكلىگە ئاساسەن باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ۋە باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

34 . باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن نېمە؟

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .مەسىلەن :

ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ .

بەزىلەر ئۆزى باشقىلارغا ياردەم قىلمايدۇ ، ئەكسىچە باشقىلارغا ياردەم قىلغانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ .

20 ـ كۆنۈكمە : تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ ، باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان ئالتە تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تۈزۈڭ .

ۋە ، ھەمدە ، بىراق ، ئەكسىچە ، بولۇپمۇ ، شۇڭلاشقا ، چۈنكى ، شۇنداقلا ، ياكى ، ۋەھالەنكى ، ئۇ ، يۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۈلگە : مەن باردىم ، بىراق ئۇنى تاپالمىدىم .

35 . باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن نېمە؟ نېمىلەرنى بىلدۈرىدۇ؟

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز (مەزمۇن ۋە ئورۇن تەرتىپى بويىچىلا ) باغلانغان مۇرەككەپ جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۈرىدۇ :

1 ) ئىش ۋە ھەرىكەتنىڭ بىر مەزگىلدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .مەسىلەن :

مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن ، مۇنىرە رەسىم سىزىۋاتىدۇ .

2 ) ئىش ۋە ھەرىكەتنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .مەسىلەن :

قوڭغۇراق چېلىندى ، ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى ، دەرس باشلاندى .

3 ) قارىمۇقارشى مەنىدىكى ۋە بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق مەنىسىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ .مەسىلەن :

ئاسماننى بۇلۇت قاپلىدى ، يامغۇر ياغمىدى .

21 ـ كۆنۈكمە : باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە شەكلىدىكى ماقال ـ تەمسىلدىن ئوننى تېپىپ كېلىڭ .

ئۈلگە : ئىشلىگەننىڭ يۈزى چورۇق ، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى يورۇق . سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ ، ئويلا ـ ئويلا كېيىن قاپتۇ . ياخشىلىق قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ ، مىننەت قىلدىڭ يوق قىلدىڭ .

36 . بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە دېگەن نېمە؟ نېمىدىن تۈزۈلىدۇ؟

تىلىمىزدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ ، بۇ تۈردىكى جۈملىنىڭ مەنىسى ، تۈزۈلۈشى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەرگە نىسبەتەن مۇرەككەپرەك بولىدۇ .

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا باغلە-

نىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .
بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە ۋە بېقىنغۇچى تارماق جۈملىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ .
بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم تارماق جۈملە باشقا بىر تارماق جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ ۋە شۇ مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ .
بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئىككىنچى بىر ئاددىي جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كەلگەن جۈملە باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .مەسىلەن :
مەن ساڭا شۇنى دەپ قويايكى ، ئەمدى ھەرگىز يۈز ـ خاتىر قىلمايمەن . (ئاستى سىزىلغىنى بېقىندى جۈملە )
بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئورنى مۇقىم بولماي-دۇ . كۆپ ھاللاردا بېقىندى جۈملە ئاۋۋال ، باش جۈملە كېيىن كېلىدۇ .مەسىلەن :
زىرائەتلەر دان سۈيىگە قانمىسا (بېقىندى جۈملە ) ، ھوسۇل يۇقىرى بولمايدۇ . (باش جۈملە )
بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر «كى ، سەۋەبى ، چۈنكى» قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باغلىنىپ كەلگەندە ، باش جۈملە ئاۋۋال ، بېقىندى جۈملە كېيىن كېلىدۇ .

**37 . بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟**

ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :
1 ) قوشۇمچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە
بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى جۈملىلەر پېئىللارنىڭ شەرت رايى قوشۇمچى-لىرى ۋە بىر قىسىم رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ ، بېقىندى جۈملىسى ئاۋۋال ، باش جۈملىسى كېيىن كېلىدۇ .مەسىلەن :
سەركە ھوشيار بولسا ، پادا ئاداشمايدۇ .
خوتەن ئاسمىنىنى تۇمان قاپلاپ كېتىپ ، ئايروپىلان ئۇچالمىدى .
2 ) «كى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە
بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر «كى» باغلىغۇچىسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ ، بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتى مەزمۇن جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ . باش جۈملە ئاۋۋال ، بېقىندى جۈملە ئاخىرىدا كېلىدۇ . بېقىندى جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتە پىكىر تولۇق ئاياغلاشقان شەكىلدە بولىدۇ . مەسىلەن :
مەن ئۇ كىشىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەنكى ، ئۇ مېنىڭ مەنىۋى يولەنچۈكۈم .
3 ) قوشۇمچە ، ياردەمچى پېئىل ، يۈكلىمە ۋە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان بېقىندى-لىق مۇرەككەپ جۈملە
يۇرتىمىزدا توك بولسا ئىدى ، ئىشلىرىمىز بۇنچە قىيىنلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى .
يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق .

سىز ياردەملەشمىسىڭىزمۇ ، ئۆزۈم تۈگىتەلەيمەن .

تىل تاۋۇشلىرى بىلەن ھەرپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس .

يۇقىرىقى مىساللار تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىلەر شەرت رايى قوشۇمچىسى ، ياردەمچى پېئىل ، يۈكلىمە ۋە باغلىغۇچى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلانغان .

22 ـ كۆنۈكمە : قوشۇمچە بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئۈچنى ، قوشۇمچە ۋە ياردەمچى پېئىل بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئىككىنى ، «كى» بىلەن باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئۈچنى ، قوشۇمچە ، يۈكلىمە ۋە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىدىن ئىككىنى (جەمئىي 10 جۈملە ) تۈزۈپ كېلىڭ . (ئىجادىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ . )

ئۈلگە : سەن جاپادىن قورققاچقا ، بىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن . كىم جاپا چەكسە ، شۇ ھالاۋەت كۆرىدۇ . تۆگە قانچە چوڭ بولسا ، يۈكىرى شۇنچە بولىدۇ . مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولساڭ ئىدىڭ ، بۈنچىلىك ئازاب ۋە خورلۇق كۆرمىگەن بولاتتىڭ . يانچۇقتا پۇل بولغان بولسا ئىدى ، كۆپرەك بىلىم ئېلىش پۇرسىتى يارىتىلاتتى . ئۇ شۇنداق ھېسسىياتلىق سۆزلەيدۇكى ، ئاڭلىغان كىشىنى پۈتۈنلەي مەھلىيا قىلىدۇ . شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھەممىسىلا ئىنسانىيەتكە زىيانلىق ئەمەس . شۇنى بىلىش كېرەككى ، ئىرادىلىكلەر ھامان غەلىبە قىلىدۇ . بىلىم بىلەن قابىلىيەت ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ ، ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس . قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمى بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇ يەنىلا جاھىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋەردى .

38 . ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دېگەن نېمە؟

تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئۆزئارا تەڭداشلىق ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىلەر ئىككىدىن ئارتۇق (ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ ) ئاددىي جۈملىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ .مەسىلەن :

سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىڭلار بار ، كۆرسەتكەن ناھايىتى چوڭ خىزمىتىڭلار بار ، لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىمكى ، مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ .

بۇ مىسالدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئاددىي جۈملىلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە ، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئاددىي جۈملىلەر بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ ، ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ھاسىل قىلغان .

بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ ، نامى تىرىك بولىدۇ ؛ بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ .

بۇ مىسالدا ئىككى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەڭداش مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ ، ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ھاسىل قىلغان .

23 ـ كۆنۈكمە : ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدىن بەشنى تۈزۈڭ .

ئۈلگە : بىز ياخشى ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىمىز ، يېڭىلىقنىمۇ قوبۇل قىلىمىز ،

شۇنى ئەستىن چىقىرىشقا بولمايدۇكى، خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇش ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

**39. كۆچۈرمە جۈملە دېگەن نېمە؟ شەكلى، ئىشلىتىلىشى قانداق؟**

ئاپتور ئۆز گېپى ئىچىدە ئەينەن ئىشلەتكەن باشقا كىشىلەرنىڭ گەپلىرى كۆچۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن كېيىن كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ، كۆچۈرمە جۈملە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

نەۋايى مۇنداق دېگەنىدى: «ئىنسانىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى — ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلىش.»

2) بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا كېلىپ، «دەپ، دېدى، دېگەن» قاتارلىق تەركىبلەر قوش تىرناق يېپىلغاندىن كېيىن كەلسە، بۇ تەركىبلەردىن كېيىن ھېچقانداق تىنىش بەلگىسى قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

«ئۇستازلارنى ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك» دەيدۇ بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز.

«ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ كونكرېت تەلىپى نېمىكەن؟» دەپ سورىدى مۇدىر.

3) بەزىدە كۆچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئالدىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

گوركىي: «تىل — ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى» دېگەنىدى.

خەلق ئىچىدە: «سوئال — بىلىمنىڭ ئاچقۇچى» دەيدىغان گەپ بار.

4) قىسمەن ئەھۋالدا ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا تىنىش بەلگىلىرى بولسا، كۆچۈرمە جۈملە-دىن كېيىن شۇ خىل بەلگە قويۇلۇپ ئاندىن كېيىن سىزىق قويۇلىدۇ؛ ئاپتور سۆزىدىن كېيىن پەش، سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

«سىز ئۆمۈرنى قەدىرلەمسىز؟ — دېگەنىكەن فرانكلىن، — ئۇنداقتا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ.»

ئەگەر كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدا تىنىش بەلگىلىرى بولمىسا، ئاپتور سۆزى ھەر ئىككى تەرەپتىن پەش ۋە سىزىق ئارقىلىق ئاجرىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«— بۇ جاپانى مەنلا تارتاي، — دېدى ئۇ قولۇمدىن ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، — سەن ئوقۇغىن، ئوغلۇم.»

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

1) كۆچۈرمە جۈملىلەر ئاپتور تەرىپىدىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپ ھاللاردا ئۇ دىيالوگ شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

2) كۆچۈرمە جۈملىلەر ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا مۇناسىپ تىنىش بەلگىلىرى

ئارقىلىق ئاپتور سۆزىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ .

3 ) ئاپتور سۆزى (جۈملىسى ) ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن كۆچۈرمە جۈملىلەر مەيلى ئۇ ئاددىي جۈملە بولسۇن ياكى مۇرەككەپ جۈملە بولسۇن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى جۈملىلىك سالاھىيىتىنى يوقىتىپ ، جۈملىنىڭ مەلۇم بىرلا بۆلىكى (كېڭەيگەن بۆلەك ) سۈپىتىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ .

24 ـ كۆنۈكمە : كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ھەر خىل ئورۇندا كەلتۈرۈپ تۆت جۈملە تۈزۈڭ .

ئۈلگە : خەلق ئىچىدە : «ياخشى ئىشى بىلەن ياخشى» دەيدىغان گەپ بار .

**40 . ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دېگەن نېمە؟**

شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ، مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان باشقىلار-نىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەردە ئاپتور باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۆز گېپى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ ئىشلىتىدۇ . يېزىقتا ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىدىن مەلۇم بەلگە ئارقىلىق ئايرىلماي-دۇ ، نۇتۇقتا ئاپتور سۆزى بىلەن بىرتۇتاش ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىدۇ .مەسىلەن :

پلاتون : «ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىك قوش بىلىمسىزلىكتۇر» دېگەنىدى . (كۆچۈرمە جۈملە )

پلاتون ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىكنىڭ قوش بىلىمسىزلىك بولىدىغانلىقى-نى ئېيتقانىكەن . (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە )

«ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر » دېگەنىدى گېرتسىن . (كۆچۈرمە جۈملە )

پەيلاسوپ گېرتسىن ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىشتىكى بىرىنچى قەدەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىكەن . (ئۆزلەشتۈرمە جۈملە )

25 ـ كۆنۈكمە : بىلىم توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىلدىن بەشنى تېپىڭ ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە شەكلىدە ئىپادىلەڭ .

ئۈلگە : ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ۋە قەدرى بىلىم بىلەن .

بىز ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ۋە قەدرى بىلىم بىلەن ئۆلچىنىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم .

بىلىمسىز ياش — تام تۈۋىدىكى تاش .

مەن بىلىمسىز ياشنىڭ تام تۈۋىدىكى تاشتەك كېرەكسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدىم .

## فولكلور ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

1 . فولكلور دېگەن نېمە؟ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

«فولكلور» (Folklore) ئەسلىدە «Folk» (خەلق، خەلق ئارىسىدىكى) ۋە «lore» (ئىلىم، پەن) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، «خەلق ئارىسىدىكى بىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «فولكلور» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار. بىرى، ئۇ خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، ئەنە شۇ خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇنى بىرىنچى مەنىسىدە ئىشلىتىمىز.

فولكلور — بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىكى كەڭ ئامما تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ئىشلىتىلگەن ۋە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىنگەن تۇرمۇش مەدەنىيىتىدۇر. فولكلور ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ مەلۇم مىللەت ئىچىدە، مەلۇم زامان ۋە ماكاندا شەكىللىنىپ، تارقىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ، ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. فولكلور كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى، سۆزى ۋە پسىخىكىسىنى ئۆلچەملەشتۈرىدىغان بىر خىل ئەندىزە، شۇنداقلا مەدەنىيەت. فولكلور خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇزاق تارىختا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تەۋە. بىراق، ئۇنىڭ قان تومۇرى باشتىن - ئاخىر بۈگۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تۇتاشقان. ئۇ مىللەت كوللېكتىپىنىڭ تۇرمۇشىغا ئەگىشىپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. فولكلورنى ماددىي فولكلور، ئىجتىمائىي فولكلور، مەنىۋى فولكلور، ئەدەبىيات - سەنئەت فولكلورىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

2 . ماددىي فولكلور دېگەن نېمە؟

بۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي بايلىقنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەكرارلايدىغان ۋە قېلىپلاشقان پائالىيىتىنى، شۇنداقلا بۇ خىل پائالىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈركۈملەشكەن مەھسۇلات شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، كىيىم - كېچەك ئادىتى، ئولتۇراقلىشىش ئادىتى، قاتناش - تىرانسپورت ئادىتى، كېسەل داۋالاش ئادىتى (كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى داۋالاش ئادىتى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3 . ئىجتىمائىي فولكلور دېگەن نېمە؟

بۇ ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە قائىدە - تۈزۈم ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي فولكلور كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئادىتىدۇر. ئۇ ئائىلە، جەمەت، قەبىلە، مىللەت، دۆلەت ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىشى ۋە ئالاقىسى جەريانىدا قوللىنىلىدىغان كوللېكتىپ ھەرىكەت ئۇسۇلىنى كۆر-
سىتىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئادىتى (قانداشلىق تەشكىلى، يۇرتداشلىق تەشكى-

لى ۋە كەسپداشلىق تەشكىللىنىڭ ئادەتلىرى ) ، ئىجتىمائىي قائىدە - يوسۇن ، ئۆمۈر مۇراسىمى (تۇغۇلۇش مۇراسىمى ، بالاغەتكە يېتىش مۇراسىمى ، نىكاھ - توي مۇراسىمى ، دەپنە مۇراسىمى قاتارلىقلار ) ۋە ھەر خىل ھېيت - بايرام ئادەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

4 . مەنىۋى فولكلور دېگەن نېمە؟

بۇ ماددىي فولكلور ۋە ئىجتىمائىي فولكلور ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر قىسىم ئاڭ فورمىسى جەھەتتىكى ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا شەكىللەندۇرگەن پىسخىك تەجرىبىسى بولۇپ ، بۇ خىل تەجرىبە پەيدا بولۇش بىلەنلا كوللېكتىپ پىسخىك ئادەت سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ ، ئالاھىدە ھەرىكەت شەكلىدە ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كېلىش جەريانىدا ئىپادىلەنگەن . ئۇ ئېتىقاد ئادەتلىرى (تەبىئەتكە چوقۇنۇش ، ئەجدادقا چوقۇنۇش ، توتېمغا چوقۇنۇش ۋە بۇ خىل ئېتىقادلار ئاساسىدا كېلىپ چىققان پالچىلىق ، سېھىرگەرلىك ، پەرھىزچىلىك ، بېشارەتچىلىك ئادەتلىرى ) ، خەلق پەلسەپىسى ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

5 . ئەدەبىيات - سەنئەت فولكلورى دېگەن نېمە؟

ئۇ ئېغىز تىلى ، مۇزىكا تىلى ۋە بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان ، كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان سەنئەت شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ، خەلقنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇللىرى ، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى ۋە ئويۇن خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ .

مەلۇمكى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىر پۈتۈن گەۋدە ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا خىزمەت قىلىدىغان فولكلور مەدەنىيىتىمۇ بىر پۈتۈنلۈككە ۋە سىستېمىلىقلىققا ئىگە . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماددىي فولكلور ، ئىجتىمائىي فولكلور ، مەنىۋى فولكلور ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت فولكلورىدىن ئىبارەت تۆت قىسىم ئۆزئارا بىر - بىرىگە باغلانغان ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورگانىك بىرىكمە .

## ئېتىمولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

«ئېتىمولوگىيە» (سۆز تېگى، سۆز كۆكى ئىلمى) ئەسلى قەدىمكى گىرېكچە سۆز بولۇپ، سۆزلەرنىڭ ئېتىنىك مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. تىلشۇناسلىقتا سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنبەسى، مىللەت تەۋەلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان خاس ساھە ئېتىمولوگىيە دېيىلىدۇ.

«ئېتىمولوگىيە» دېگەن ئاتالما ئەسلىي گىرېكچىدىكى «etymon» (ئەسلىي، ھەققىي) بىلەن logos (بىلىم، چۈشەنچە) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغاندۇر. تىلشۇناسلىق بۇ پەننى «لېكسىكولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى» دېسە، تارىخىي تىلشۇناسلىق بۇنى «سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسى خاتا ئەمەس. يىغىپ ئېيتقاندا، ئېتىمولوگىيە سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىلىم بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدىكى بىز دەپ ئۆتكەندەك سۆز مەنبەسى، مىللەت تەۋەلىكى قاتارلىقلارنى ئاساسىي تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغاندىن سىرت، يەنە سۆزلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. ئېتىمولوگىيە گەرچە سېمانتىكا بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئەمما ئىككىسى بىر نەرسە ئەمەس. سېمانتىكا تىلدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەققىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ تىلدىكى ھەربىر سۆزنى كونكرېت تەتقىق قىلمايدۇ. ئېتىمولوگىيە كونكرېت تىلدىكى ھەربىر كونكرېت سۆزنىڭ ئۆزىنى، يەنى ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «佛» ۋە «佛陀» دېگەن سۆزلەر ئەنەتكەكچىدىكى «Buddha» (بىلمەك، تونۇماق) دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

ئېتىمولوگىيە ئىلمى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ~ 5 - ئەسىرلەردىلا قەدىمكى گىرېتسىيەدە بارلىققا كەلگەنىدى. قەدىمكى گىرېك ئالىملىرىدىن ھېراكلىت (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540 - يىلىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 480 - يىلىغىچە ياشىغان) ۋە دېموكرىت (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 460 ~ 370)لار مەزكۇر پەنگە ئاساس سالغۇچىلاردۇر. كېيىن 18 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەنگلىيە تىلشۇناسى ۋ.جونېس، دانىيە تىلشۇناسى ر.ك.لارىسك ۋە گېرمانىيە تىلشۇناسى ف.پوپېن قاتارلىق ئالىملار مەزكۇر پەننى قايتا تىرىلدۈردى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىمۇ بىر تىلدىكى ھەممىلا سۆزنىڭ تېگىنى تېپىپ چىقالمايدۇ. چۈنكى، ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور بولۇپ كېتىپ، ئۇنى تەتقىق قىلماق قىيىنغا توختايدۇ.

ئېتىمولوگىيە ئىلمىي ئېتىمولوگىيە ۋە خەلق ئېتىمولوگىيەسى دەپ ئىككىگە بۆلۈند-

دۇ. ئىلمىي ئېتىمولوگىيە بىر تىل سىستېمىسىدىكى تۇغقان تىللارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلىنى تاپىدۇ ياكى يازما تارىخىي مەنبەلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ ئەسلىي شەكلىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرىدۇ. خەلق ئېتىمولوگىيەسى بولسا، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ دەۋردىن - دەۋرگە، ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رىۋايەت تۈسىدىكى ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ، سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىزدەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلى سۆز ياساش ۋە سۆز تۈرلەشكە ئىنتايىن باي تىل. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىزدىكى سېمانتىكىلىق («سېمانتىكا» سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن) ھادىسىلەرنى چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم. ئېتىمولوگىيە دەل شۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى، سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم ئېنىقلىقىنى، سۆزلەرنىڭ تەركىبىنى، سېمانتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى، يەر - جاي ناملىرىنى ۋە كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنىلىرىنى بىلىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىلىمدۇر.

# «سىلىشتۇرۇشتىن سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقىچە» ھەققىدە

بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەكبەر قادىر ، ژانىرى مۇھاكىمە ماقالىسى .

**مۇھاكىمە ۋە مەشىق**1 . سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپىنى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ .

**جاۋاب :** سىلىشتۇرۇش ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر خىل ئۇسۇل ، كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا سىلىشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ . مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالەتتە بولسۇن سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى دائىم قوللىنىپ تۇرىدۇ . راستچىللىق بىلەن ساختىلىقنى ، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ، چىنلىق بىلەن ياسالمىلىقنى ، ئەخلاقلىق بىلەن ئەخلاقسىزلىقنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ . دېمەك ، سىلىشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ھادىسىلەر ، شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى ئىگىلەش جەريانلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر خىل ئۇسۇل .

ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، ئىپتىدائىي سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى دائىرە ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كېڭەيتىلدى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى ، نەتىجىدە دۇنيانى ئىگىلەش ۋە بىلىشتىكى نۇرغۇن ئۇسۇللار قاتارىدا سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۇسۇل نەزەرىيەسى ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلاندى . ھازىر سىلىشتۇرۇش بىر خىل ئۇسۇل سۈپىتىدە ھەرقايسى پەنلەردە ئوخشاشلا قوللىنىلىپ كەلمەكتە . ئەدەبىيات پېنىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مەيلى ئەدەبىيات نەزەرىيەسى بولسۇن ياكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بولسۇن ۋە ياكى ئەدەبىيات تارىخى بولسۇن ھەممىسىدە سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . دېمەك ، سىلىشتۇرۇش ھەممە پەنگە ئورتاق بولغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ھەربىر پەننىڭ تەتقىقات دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە شۇ ھەقتىكى ئۇسۇللارنىڭ كۆپىيىشى شۇ خىل پەننىڭ يېڭىدىن تەتقىقات بوشلۇقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . نەتىجىدە ، يېڭىدىن تارماق پەنلەر ھاسىل بولدى . سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئومۇمىي ئەدەبىيات پېنى گەۋدىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماق پەن بولۇپ ، ئۇ سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆز دۆلىتى ۋە ئۆز ئەدەبىياتى دائىرىسىدىن ھالقىپ ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى سىلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقىچە كېڭەيتىلىشىنىڭ ، تەتبىقلىنىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر .

سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا دەسلەپ قوللىنىلغان ۋاقتى دۇنيادا تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىگە ، يەنى قەدىمكى رىم دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ . قەدىمكى رىم دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەچىلىرى يازغۇچى ، شائىرلارنى باشقا دۆلەتتىكى يازغۇچى ، شائىرلار بىلەن سىلىشتۇرۇپ باھا بېرىدىغان تەتقىقاتلارنى ئېلىپ

بارغان . ئېلىمىزدە بولسا ، تاڭ سۇلالىسى ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە رەسمىي قوللى-
نىلغان . شۇنىڭدىن كېيىن مەيلى دۇنيا ئەدەبىياتىدا بولسۇن ياكى ئېلىمىز ئەدەبىياتىدا
بولسۇن سېلىشتۇرۇش يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىر خىل
ئۆزگە خاس يول سۈپىتىدە ئومۇملاشتى ھەم داۋاملاشتى . تەتقىقاتچىلار ھەرقايسى دەۋرلەر-
دىكى شائىر ، يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ،
ئوخشاشلىقلارنى ، بىر - بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى ، پەرقلىرىنى تېپىپ چىقتى .
شۇنداق قىلىپ ، سېلىشتۇرۇش ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى
بولۇپ قالدى . لېكىن ، شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇ يەردىكى سېلىشتۇرۇش پەقەت بىر خىل
ئۇسۇل بولۇپ ، ئۇ ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پېنىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن
دېرەك بەرمەيتتى . چۈنكى ، بۇنداق سېلىشتۇرۇشلار ياكى بىر مىللەت ، بىر دۆلەت ئىچىدى-
كى ئەدەبىيات بىلەن چەكلەنگەن ياكى ئاددىي ھالدىكى سېلىشتۇرۇپ قويۇش بىلەنلا تامام-
لانغان . ئوخشىمىغان ئەدەبىياتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەن-
مىگەنىدى .

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىككىسى ئوخشىمايدىغان ئىككى
ئۇقۇم . سېلىشتۇرۇش قەدىمدىن بار بولغان بىر خىل ئۇسۇلنى كۆرسەتسە ، سېلىشتۇرما
ئەدەبىيات يېقىنقى زاماندا پەيدا بولغان بىر خىل مۇستەقىل پەننى كۆرسىتىدۇ . سېلىشتۇ-
رۇشنىڭ ھېچقانداق مۇستەقىل تەتقىقات كاتېگورىيەسى بولمايدۇ ، ئۇ بارلىق پەنلەرگە
ئورتاق بولۇپ ، پەقەت ئىنسانلارنىڭ بىلىش جەريانىدىكى بىر تۈرلۈك قورالدۇر . سېلىش-
تۇرما ئەدەبىيات بولسا ، ئۆز ئالدىغا شەكىللەنگەن تارىخى ، تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە كاتېگورى-
يەسى بار بولغان بىر پەن . ئۇ سېلىشتۇرۇشنى ۋاستە قىلىپ ، دۆلەت ، مىللەت چېگراسى-
نى بۇزۇپ تاشلايدۇ ، نەزەرىنى دۇنياۋى مەدەنىيەت تارىخى بوشلۇقىغا قويۇپ تۇرۇپ
ھەرقايسى ئەدەبىياتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ . شۇنداق بولغاچقا
تىل چېگراسى بولمىغان ، بىر مىللەت ئەدەبىياتى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇ-
رۇشلار سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھېسابلانمايدۇ . مەسىلەن ، پىروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇ-
ھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئىككى بۈيۈك ئالىمى» ، «يۈسۈپ
خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار تەلىماتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى» قاتارلىق ماقالىلىرى سې-
لىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان ۋەكىللىك ماقالىلەر ھېسابلانسىمۇ ، ئۇ بىر مىللەت
ئەدەبىياتى دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرۇش بولغاچقا ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات
كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدۇ . ئەگەر ئېلىمىز شائىرى دۇفۇ بىلەن گېرمانىيە شائىرى گيوتى
سېلىشتۇرۇلسا ، ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن قازاق شائىرى ئاگجارىق ئۆزئارا
سېلىشتۇرۇلسا ، بۇ تەتقىقات سېلىشتۇرما ئەدەبىيات كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولىدۇ .

سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشىدە ياۋروپا قىتئە-
سى دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك تەرەققىياتىدا
مەۋجۇت بولغان تۈزۈم ، تىل ۋە تۈرلۈك ھەرىكەتلەر جەھەتتىكى بىردەكلىكلەر تارىخىي
ئارقا كۆرۈنۈشلۈك رول ئوينىغان . ئەينى دەۋردە پۈتكۈل ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە

فېئودالىلىق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ،
مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتى دېگەن ھەرىكەتلەر مەيلى قايسى دۆلەتتە پەيدا بولمىسۇن
ئۇلارنىڭ كۈرەش نىشانى فېئودالىلىق تۈزۈم ۋە زوراۋان ھاكىمىيەت بولغاچقا ، ھەرقايسى
دۆلەتلەر ئارا بىر - بىرىگە تېز سۈرئەتتە تەسىر كۆرسىتىپ ، «بىردەكلىك» شەكىللەندۈر-
گەن . مەدەنىيەت ئېڭى جەھەتتىكى ئېنىق بولغان دۆلەت چېگراسى بۇزۇپ تاشلىنىپ ،
كىشىلەرنىڭ دۆلەت ئېڭى ۋە مەدەنىيەت ئايرىمىسى ئېڭىدا سۇسلىشىش ھادىسىسى كېلىپ
چىققان . ئەدەبىيات تەتقىقاتلىرىدا بولسا كىشىلەر ئەگەر نەزەرىيەنى ئۆز مىللىي ئەدەبىياتى
دائىرىسى بىلەنلا چەكلەپ قويسا ، رېئاللىقتا ئانچە ئۈنۈم كەلمەيدىغانلىقىنى ، ئۆز ئەدەبىيا-
تىنى پۈتكۈل ياۋروپادىكى باشقا ئەدەبىياتلار قاتارىغا قويۇپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندا
ئاندىن دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى . دېمەك ، پەۋقۇلئاددە
شارائىتتا پەيدا بولغان بۇنداق «سېلىشتۇرۇش قىزغىنلىقى» سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى
بارلىققا كەلتۈردى .
سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەڭ بالدۇر فىرانسىيەدە بارلىققا كەلدى ، سېلىشتۇرما ئەدەبى-
يات دېگەن بۇ ئاتالغۇنى فىرانسىيەلىك ۋىرمان دېگەن كىشى تۇنجى بولۇپ 1827 - يىلى
ئىشلەتكەن ۋە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەن .
شۇنىڭدىن كېيىن ، ئەنىر ، تېگىست قاتارلىقلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئالىي مەكتەپلەردە
لېكسىيە سۆزلەپ ھەم سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ ، بۇ
پەننى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلىدى .
سېلىشتۇرما ئەدەبىيات فىرانسىيەدە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ، ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ،
گېرمانىيە ، ئىتالىيە ، ۋېنگىرىيە ، ياپونىيە ، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقال-
دى . ئېلىمىزگە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىردى . لۇشۈن ، گومورو ، خۇشى ، ماۋدۈن ،
چيەن جۇڭشۇ قاتارلىق يازغۇچىلار ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئىلىم ئەھلىلىرى سېلىشتۇرما ئەدەبى-
ياتنى ئېلىمىزگە تونۇشتۇرۇشتا باشلامچى بولدى . 1981 - يىلىدىن باشلاپ سېلىشتۇرما
ئەدەبىيات ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قا-
تارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مەخسۇس دەرس قىلىپ ئۆتۈلۈشكە باشلىدى .
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دەرسى 1984 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتۈ-
لۈشكە باشلىدى . بۇ دەرس تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدا دەرسلىك
ماتېرىياللىرى يوق بولۇپ ، ئاساسەن خەنزۇ تىلىدىكى دەرسلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ
ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن . كېيىن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ، شىنجاڭ پېداگوگىكا
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخماننىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن
مەخسۇس دەرسلىك قىلىشقا بولىدىغان «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى» ناملىق كىتا-
بى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇ كىتاب سېلىشتۇرما
ئەدەبىيات پېنىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تونۇشتۇرۇشتىكى تۇنجى قورال كىتاب بولدى .
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئابدۇكېرىم راخمان يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى-

دا سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا » قاتارلىق ماقالىلەر بولسا سېلىش-
تۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى .
نۆۋەتتە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى مۇنتىزىم تەتقىقات تۈرى
سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ .

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پېنى ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىرى ، بۇ پەننىڭ تەبىرى ، خاراكتېرى ، بارلىققا كېلىش تارىخى ، تەتقىقات ئۇسۇلى قاتارلىق ئاساسىي نەزەرىيەۋى قىسمى . يەنە بىرى ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ تەتبىقلىنىش جەريانى . دېمەك ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىككى ياكى ئىككى خىلدىن ئارتۇق دۆلەت ياكى مىللەت ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى ، پەرقنى ، ئۆزئارا بىر - بىرىگە بولغان تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ، ھەرقايسى دۆلەت ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۇنيا ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئورتاق ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل مۇستەقىل پەن بولغاچقا ، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئوخشىمىغان ئەدەبىياتلارنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇش ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە رولى ئالاھىدە بولغان .

2 . تېكىستتىكى «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئېچىۋېتىلگەن ، بېكىنمىلىكتىن خالىي ئەدەبىياتتۇر » دېگەننى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ ؟

**جاۋاب :** 1 ) سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئېچىۋېتىلگەن ، بېكىنمىلىكتىن خالىي ئەدەبىيات-تۇر .

2 ) سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دېگەن ئۇقۇم مىللەت ئەدەبىياتى دېگەن ئۇقۇمدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن . سېلىشتۇرما ئەدەبىيات مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىغان ئەدەبىياتنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ .

3 ) سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئۆز ئالدىغا تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا ھەم ئېقىملىرىغا ئىگە بولغان مۇستەقىل بىر پەن . ھازىر بۇ پەننىڭ ئوخشىمىغان ئىككى ئىلمىي ئېقىمى بار . بىرى ، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا فىرانسىيەنى مەركەز قىلىپ بارلىققا كەلگەن تەسىر تەتقىقات ئېقىمى . يەنە بىرى ، 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىنى مەركەز قىلىپ بارلىققا كەلگەن پاراللېل تەتقىقات ئېقىمى .

4 ) سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات تارىخىغا ئوخشىمايدۇ . گەرچە بۇ پەن ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۆلۈنۈپ چىققان بولسىمۇ . لېكىن بۇ پەننىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە تەتقىقات ئوبيېكتى ، تەتقىقات دائىرىسى ، تەتقىقات مەقسىتى ، شۇنىڭدەك تەتقىقات ئۇسۇلى بار . ئۇ ئەدەبىياتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىمۇ . ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بارلىق ئىجادىيەت تەجرىبىلە-رىنى ، ئەدەبىي ھېكمەتلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن خۇلاسىلەيدىغان ئەدەبىيات نەزەرىيەسى پېنىڭمۇ [illegible] ئۆلچەم ھەم بەدىئىي ئۆلچەم بىلەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرى-گە [illegible] - باھا بېرىدىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىلمىمۇ

ئوخشمايدۇ.

3 . سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ رولى قانداق؟

جاۋاب: سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. ئۇنى تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەردىن مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىن:

1) سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، بىلىمىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بىز سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتىن ئوخشىمىغان دۆلەت، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز، شۇنداقلا بۇ ئەدەبىياتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز. ھەرقايسى ئەدەبىياتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك ئورتاقلىقلارنى چۈشىنەلەيمىز.

2) سېلىشتۇرما ئەدەبىيات باشقا دۆلەت ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىمىزنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشىمىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

3) سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كېڭەيتىشتە پايدىلىق شەرت-شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنى بىر خىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ باشقا يانداش پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. باشقا يانداش پەنلەر سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆز مەزمۇنلىرىغا تولۇقلاش ئېلىپ بارالايدۇ.

4 . سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

جاۋاب: سېلىشتۇرما ئەدەبىيات شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتلىككى، ئۇ ئەدەبىيات تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، يەنە ئۆز دۆلىتىمىز، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بۇرۇندىن قېلىپلىشىپ قالغان تەزكىرە شەكلىدىكى تونۇشتۇرۇش ھەم رەتكە تىزىشتەك كونا تەتقىقات ئۇسۇللىرىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ، بىزنى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئوخشىمىغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە دىققەت قىلدۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەتقىقات سەۋىيەسىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

5 . سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئاساسلىق تەتقىقات تۈرى قانچە؟ قايسىلار؟

جاۋاب: ئىككى، بىرى، تەسىر تەتقىقاتى، يەنە بىرى، پاراللېل تەتقىقات. تەسىر تەتقىقاتى تەسىرگە ئۇچرىغۇچى، قوبۇل قىلغۇچى ئەدىب ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى، شۇنىڭدەك تەسىرگە ئۇچراش شەكلى ھەم جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئوبيېكتى قىلىدۇ. پاراللېل تەتقىقات ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردىكى، ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولغان ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ پىسخىك ئالامەتلىرىنى ھەم ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇش ئىنتايىن كونكرېت ھەم ئەمەلىي بولۇشى كېرەك . مەسىلەن ، ئەسەرلەرنىڭ باش تېما ئىدىيەسى ، تېمىسى ، خام ماتېرىيالى ، تەپسىلاتلىرى ، پېرسوناژلىرى ، ژانىرى ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، ئۇسلۇبى دېگەن-لەرگىچە سېلىشتۇرۇلىدۇ . يازغۇچىلار سېلىشتۇرۇلغاندا ، بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىك-لىرى ، ئىدىيەسى ، تەجرىبە ۋە تەربىيەلىنىش جەھەتتىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقلىرى ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىي ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى مىراسلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سېلىشتۇرۇش دائىرىسىگە كىرىدۇ .

مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە
دەرسلىكى ئۈچۈن ئۆگىنىش يېتەكچىسى

# تىل ـ ئەدەبىيات

(زۆرۈر دەرسلىك ئۈچۈن كۆنۈكمىلەر مۇلاھىزىسى)

باش تۈزگۈچى: تىلىۋالدى ياقۇپ

تۈزگۈچىلەر: گۈلبوستان تۇردى
دىلمۇرات تۇرسۇن
ساجىدەم ئابدۇغوپۇر
تۇرسۇنئاي ياقۇپ

---

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى گۇاڭدا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
1092×787مم، 1/16 فورمات، 21.25 باسما تاۋاق
2010 ـ يىل 11 ـ ئاي تۇنجى نەشرى، 2010 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

---

ISBN 978 — 7 — 5372 — 3655 — 3
ئومۇمىي باھاسى: 112.00 يۈەن (ئۈچ قىسىم)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : نۇرمۇھەممەت ئۆمەر

32.00

ISBN 978-7-5372-3655-3

9 787537 236555 >

总定价(上、中、下册):112.00元